# خىزمەت دوكلاتى

## 6 ـ نۆۋەتلىك دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىينىڭ ئومۇمىي خىزمەت دوكلاتى

2021

2021 - يىلى 12 - 14 - نويابىر كۈنلىرى | پىراگا - چېخىيە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

6 ـ نۆۋەتلىك دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ئومۇمىي خىزمەت دوكلاتى
2021 ـ يىلى 12 ـ 14 ـ نويابىر

# مۇندەرىجە

## بىرىنچى بۆلۈم

## دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى دولقۇن ئەيسا ئەپەندىمنىڭ خىزمەت دوكلاتى


**مۇقەددىمە** ..... 7

**ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتى ۋە خەلقئارا ۋەزىيەتتىكى ئورنى** ..... 9

1. ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتەن ئىچىدىكى ۋەزىيىتى ..... 11
2. مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەزىيىتى ..... 14
3. ئۇيغۇر مەسىلىسىنىڭ خەلقئارا ۋەزىيەتتىكى ئورنى ..... 15
4. خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە يۆنىلىشى ..... 16
5. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ شەرقىي تۈركىستان مىللىي كۈرىشىدىكى رولى ۋە ئەھمىيىتىلىك ئورنى ..... 18

**دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ تۆت يىللىق خىزمەتلىرىنىڭ قىسقىچە خۇلاسىسى** ..... 22

1. ب د ت دا ئېلىپ بېرىلغان پائالىيەتلەر ..... 22
2. ياۋروپا پارلامېنتى ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقىدىكى پائالىيەتلەر ..... 26
3. ھۆكۈمەت ۋە مىللىي پارلامېنتلاردىكى لوبى پائالىيەتلىرى ..... 29
4. خەلقئارا تەشكىلاتلار بىلەن بولغان ھەمكارلىقلار ..... 35
5. بايانات، مەتبۇئات - تەشۋىقات خىزمەتلىرى ..... 38
6. دوكلاتلار ۋە تەتقىقات خىزمەتلىرى ..... 40
7. ئۇيغۇر رەھبەرلەرنى دېموكراتىيە ۋە كىشىلىك ھوقۇق بويىچە تەربىيەلەش پىروگراممىسى ..... 41

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



8. مۇھاجىرلار ۋە ئىنسانىي ياردەم خىزمەتلىرى ساھەسىدە 42
9. مەدەنىيەت، مائارىپ ۋە ئىجتىمائىي ساھەدىكى خىزمەتلەر 44
10. دىنىي خىزمەتلەر ساھەسىدە 48
11. خەلقئارا قانۇنلار دائىرىسىدە ئېلىپ بېرىلغان، قانۇنى كۆرەشلەر 49
ئۇيغۇر سوت مەھكىمىسى 52
12. دەۋايىمىزنى كەسپىيلەشتۈرۈش ۋە تەشكىلىي قۇرۇلمىنى كۈچلەندۈرۈش خىزمەتلىرى 57
13. ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى كۈچلەندۈرۈش جەھەتىكى پائالىيەتلەر 59
ئۆزىمىزنى تەكشۈرۈش ۋە ۋەزىپىلەر 60
1. قۇرۇلتاي خىزمىتىدە نۆۋەتتە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ۋە قىيىنچىلىقلار 60
2. جىددىي ئېھتىياجلىق خىزمەتلەر 64
ئىچكى خىزمەتلەردە ساھەسىدە 64
3. قۇرۇلتاي خىزمەتلىرىدە نۆۋەتتە ئۇچراۋاتقان قىيىنچىلىقلار 66
4. قۇرۇلتاي ھازىر موھتاج بولغان ئەمەلىي ياردەملەر 67
خاتىمە 70

## ئىككىنچى بۆلۈم

# دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئىجرائىيە كومىتېتى رەئىس ئۆمەر قانات ئەپەندىنىڭ خىزمەت دوكلاتى

1. قۇرۇلتاي ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى 74
1. ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدىكى پائالىيەتلەر 74
2. ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىدىكى ئۇچرىشىشلار ۋە ئېلىپ بېرىلغان پائالىيەتلەر 76
3. ئاقسارايدا ئېلىپ بېرىلغان پائالىيەتلەر 77
4. ھەرقايسى دىنىي گۇرۇپپىلار بىلەن ئېلىپ بېرىلغان پائالىيەتلەر/ ھىندونېزىيە،

مالايشىيا ۋە تۈركىيەدە ئېلىپ بېرىلغان پائالىيەتلەر 78

5. ئۇيغۇر مۇھاجىرلار ۋە مۇساپىرلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان پائالىيەتلەر 79

6. ئامېرىكادىكى ھەرقايسى ئۇنىۋېرسىتېت ۋە ئىنستىتۇتلاردا ئېلىپ بارغان پائالىيەتلەر 80

7. دۇنيانىڭ چوڭ تېلېۋىزىيە - رادىيولىرى ۋە گېزىت - ژۇرناللىرى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەتلەر، ئېلان قىلغان باش ماقالىلەر 80

2. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئىجرائىيە كومىتېتى ھەرقايسى كومىتېت ۋە مەركەزلەرنىڭ خىزمەتلىرى 80

1. قۇرۇلتاي ئۇچۇر تەشۋىقات مەركىزىنىڭ قىلغان خىزمەتلىرى 80

2. قۇرۇلتاي تەتقىقات مەركىزىنىڭ قىلغان خىزمەتلىرى 82

3. قۇرۇلتاي ياشلار كومىتېتىنىڭ قىلغان خىزمەتلىرى 83

4. قۇرۇلتاي ئىچكى ئىشلار كومىتېتىنىڭ قىلغان خىزمەتلىرى 84

5. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئاياللار كومىتېتىنىڭ قىلغان خىزمەتلىرى 85

6. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى مۇھاجىرلار كومىتېتىنىڭ قىلغان خىزمەتلىرى 86

7. قۇرۇلتاي مائارىپ كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى 90

8. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى باياناتچىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى 91

9. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى فوندى خىزمىتى دوكلاتى 92

10. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتى خىزمەت دوكلاتى 94

11. قۇرۇلتاي مەدەنىيەت كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى. 95

12. قۇرۇلتاي دىنىي كومىتېتىنىڭ قىلغان خىزمەتلىرى. 95

13. قۇرۇلتاي خىتاي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى 100

14. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى نەشرىيات مەركىزى خىزمەت دوكلاتى 101

15. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ئالىي مەسلىھەتچىسى در. ئەركىن سىدىق ئەپەندىنىڭ پائالىيەتلىرى ھەققىدە 103

16. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ئالىي مەسلىھەتچىسى در. رىشات ئاباس ئەپەندىنىڭ پائالىيەتلىرى ھەققىدە 105

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com


17. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ئاسىيا ۋە تىنچ ئوكيان رايونىدىكى خىزمەتلىرىگە مەسئۇل ئالاھىدە ۋەكىلى ئىلھام مەھمۇت ئەپەندىنىڭ ئېلىپ بارغان خىزمەتلىرى ھەققىدە 112

خاتىمە 113

## ئۈچىنچى بۆلۈم

## دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى مۇئاۋىن رەئىسى پەرھات يورۇڭقاش ئەپەندىنىڭ خىزمەت دوكلاتى

4. قۇرۇلتاينىڭ تەشكىلي جەھەتتە ئېلىپ بارغان خىزمەتلىرى ھەققىدە 116

قۇرۇلتاي تەركىبىدىكى قېرىنداش تەشكىلاتلىرىمىزنىڭ پائالىيەتلىرى ھەققىدە 119

1. ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكىنىڭ پائالىيەتلىرى 119

2. ئەنگلىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ پائالىيەتلىرى ھەققىدە 122

3. كانادا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكىنىڭ پائالىيەتلىرى ھەققىدە 123

4. كانادا ئالبېرتا ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ پائالىيەتلىرى ھەققىدە 125

5. ئاۋستىرالىيە ۋىكتورىئا ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ پائالىيەتلىرى ھەققىدە 127

6. ئاۋستىرالىيە شەرقىي تۈركىستان جەمئىيىتىنىڭ پائالىيەتلىرى ھەققىدە 129

7. ئاۋستىرالىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتى (سىدنېي)نىڭ پائالىيەتلىرى ھەققىدە 131

8. ئاۋستىرالىيە ئەترىتاغ ئۇيغۇر خانىم - قىزلار ئۇيۇشمىسىنىڭ پائالىيەتلىرى ھەققىدە 133

9. ياپونىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ پائالىيەتلىرى ھەققىدە 136

10. قىرغىزىستان ئۇيغۇر ئىتتىپاقىنىڭ ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى ھەققىدە 139

11. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ قازاقىستاندىكى ۋەكىللىرى ۋە قازاقىستاندىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان پائالىيەتلەر 141

12. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تۈركىيە ۋەكىللىرى ۋە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەخپىنىڭ پائالىيەتلىرى 143

13.تۈركىيەدىكى شەرقىي تۈركىستان فوندى، ئەيسا يۇسۇپ ئالپتېكىن فوندى ۋە

شەرقىي تۈركىستان ياشلار ـ مەدەنىيەت جەمئىيىتىنىڭ پائالىيەتلىرى 146

14. ئامېرىكا ئۇيغۇر جەمئىيىتى (UAA)نىڭ پائالىيەتلىرى 149

15.ئۇيغۇر ھەرىكىتى تەشكىلاتىنىڭ (UHT) پائالىيەتلىرى 153

16. ئامېرىكا ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق پىروگراممىسىنىڭ (UPF) پائالىيەتلىرى 157

17. نورۋېگىيە ئۇيغۇر كومىتېتىنىڭ پائالىيەتلىرى 160

• نورۋېگىيە ئۇيغۇر ئارخىپ ئامبىرى 163

18. گوللاندىيە ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق فوندىنىڭ پائالىيەتلىرى 165

19. بېلگىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ پائالىيەتلىرى 168

20. شۋېتسارىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ پائالىيەتلىرى 170

## تۆتىنچى بۆلۈم

## دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى پائالىيەتلىرىنىڭ كونكرېتنى بايانى

2017 – يىلى 11 – ئايدىن 2020 – يىلى 8 – ئايغىچە بولغان پائالىيەتلەر تىزىملىكى 173

## بەشىنچى بۆلۈم

## د ئۇ ق نىڭ 7 – نۆۋەتلىك دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ھەققىدە ئېلان قىلغان باياناتلىرى

1. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ 7 – نۆۋەتلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنى چاقىرىش ھەققىدە باياناتى 335

2. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ 7 – نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىغا ۋەكىل نامزاتلىرى ھەققىدە بايانات 337

3. 7 ـ نۆۋەتلىك دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەھبەرلىك ئورگانلىرى، سايلىنىدىغان ئورۇن ـ ۋەزىپىلەر ۋە نامزاتلىق شەرتلىرى 340

بىرىنچى بۆلۈم

# دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى دولقۇن ئەيسا ئەپەندىمنىڭ خىزمەت دوكلاتى

## دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى 6 ـ نۆۋەتلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ خىزمەت خۇلاسە دوكلاتى

ۋاقتى: 2021 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى
ئورنى : چېخىيە، پىراگا
دوكلات بەرگۈچى: دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى دولقۇن ئەيسا

## مۇقەددىمە

ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئەزىز ۋەتەنداشلىرىم، خانىملار، ئەپەندىلەر، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى 7 ـ نۆۋەتلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى، كاندىدات ۋەكىللەر، شەرەپ مېھمانلار، كۆزەتكۈچى مېھمانلار، شەرقىي تۈركىستان دوستلىرى، چەت ئەللىك مېھمانلار، مىللىي ھەرىكىتىمىزنىڭ پىداكار خىزمەتچىلىرى، مەتبۇئات خادىملىرى يىغىنىمىزغا خۇش كەلدىڭلار.

مەن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى 6 ـ نۆۋەتلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى رەھبەرلىك ھەيئىتىگە ۋاكالىتەن سىزلەرگە سالام بىرىمەن ۋە سەممىمىي ھال سورايمەن. 4 يىلدىن بۇيان دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا، ھەر ساھە، ھەر سەپلەردە مىللىي ھەرىكىتىمىز ئۈچۈن، خالىسانە، پىداكارلىق بىلەن جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرگەن ھەر بىر شەرقىي تۈركىستانلىق ۋەتەنداشلارغا چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن! جاپا چەكتىڭلار! ۋەتەن، خەلق سىلەرنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايدۇ!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



شەرقىي تۈركىستان مىللىي دەۋاسىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ئېھتىياجى، مۇھاجىرەتتىكى خەلقىمىزنىڭ كۈچلۈك ئارزۇ - تەلەپلىرىگە ئاساسەن، تەشكىلاتلىرىمىز ئوتتۇرىسىدىكى ئىش بىرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، مىللىي ھەرىكىتىمىزنىڭ سالاھىيەتلىك مەركىزى ئاپپاراتىنى مەيدانغا چىقىرىش، ئۇيغۇر دەۋاسىنى خەلقئارالاشتۇرۇش ئۈچۈن، شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ ئىككى چوڭ ۋەكىللىك ئورگىنى بولغان شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللىي قۇرۇلتىيى بىلەن دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى، 2004 - يىلى ئاپرېلدا، گېرمانىيەنىڭ ميۇنخېن شەھرىدە 4 - نۆۋەتلىك بىرلەشمە قۇرۇلتىيىنى چاقىرىپ، شەرقىي تۈركىستان مىللىي ھەرىكىتىنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق مەركىزى ئورگىنى بولغان، مىللىي مۇستەقىللىقنى ئاساس نىشان قىلغان، ئەركىنلىك، دېموكراتىيە، ئىنسان ھەقلىرى ۋە ئادالەتنى ئاساسى قىممەت قارىشى قىلغان «دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى»نى قۇرۇپ چىققان ئىدى. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋۇجۇدقا چىققاندىن بۇيان جەمئىي 6 قېتىم ئومۇمىي ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنى ئۆتكۈزدى.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى 6 - نۆۋەتلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى 2017 - يىلى 12 - ئايدا گېرمانىيەنىڭ ميۇنخېن شەھرىدە، شىمالى ئامېرىكا، ئاسىيا - تىنچ ئوكيان، ياۋروپا، ئوتتۇرا شەرق، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدىكى 20 دىن ئارتۇق دۆلەتتىن كەلگەن 120 رەسمىي ۋەكىل ۋە 30 دىن ئارتۇق پارلامېنت ئەزالىرى، سابىق مىنىستىرلار، خەلقئارا تەشكىلاتلارنىڭ مەسئۇللىرى ۋە چەت ئەللىك كۆزەتكۈچىلەرنىڭ ئىشتىراك قىلىشى بىلەن غەلىبىلىك ئۆتكۈزۈلگەن ئىدى.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ يېڭى رەھبەرلىك ھەيئىتى ۋەزىپە مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىمىزگە تاپشۇرۇپ ئالغان ۋاقتىمىز دەل تەشكىلاتىمىز ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئىنتايىن ئاجىز، كەسپىي خادىملىرىمىز بەك ئاز، بىراق تەشكىلاتنىڭ يۈكى ۋە مەسئۇلىيىتى ھەددىدىن زىيادە ئېغىرلاشقان بىر ۋەزىيەتكە توغرا كەلگەن ئىدى.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى رەھبەرلىرى ۋە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تەركىبىدىكى تەشكىلاتلار، 6 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتايدىن كېيىن، ئىنتايىن چەكلىك ئىمكانلار ئىچىدە، زور پىداكارلىقلار بىلەن پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىشقا، قۇرۇلتايدا ئېلىنغان قارارلارنى ئىجرا قىلىشقا غەيرەت كۆرسەتتى ھەم كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. مەيلى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ تاشقى دىپلوماتىيە پائالىيەتلىرى بولسۇن، مەيلى مۇھاجىرەتتىكى ئومۇمىي مىللىي سىياسىي ھەرىكىتىمىز بولسۇن، كۈرەش نىشانىمىز ئاساسەن ۋەتىنىمىزدە يۈز بېرىۋاتقان 21 - ئەسىر جازا لاگېرىنى، ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى دۇنياغا پاش قىلىش، خەلقئارانىڭ دىققىتىنى، ھېسداشلىقىنى ۋە ئەمەلىي ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈش، جازا لاگېرلىرىدىكى

نەچچە مىليونلىغان ئىنسانلىرىمىزنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قېلىش نۇقتىسىغا مەركەزلەشكەن بولدى.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى باشلىق پۈتۈن دۇنيادىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ، سىياسىي پائالىيەتچىلەرنىڭ، كەڭ ئاۋام خەلقنىڭ دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئېلىپ بارغان مەردانە قارشىلىق كۆرەشلىرى بىلەن، ئۇيغۇر دەۋاسى خەلقئارادا ئۆزگىچە زور تەرەپدار توپلاش، ھەتتا خەلقئارا ئورگانلارنىڭ، دۆلەتلەرنىڭ سىياسەتلىرىگە تەسىر كۆرسىتىش سەۋىيەسىگە ئۇلاشتى.

نىزامنامە بويىچە 7 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىمىزنى 2020 - يىلى 11 - ئايدا چاقىرىشىمىز كېرەك ئىدى. ئەپسۇسكى خىتايدىن تارقالغان ۋابا سەۋەبىدىن، ساياھەت چەكلىمىلىرى ۋە چېگرالارنىڭ تاقىلىشى بىلەن قۇرۇلتاينى ۋاقتىدا ئېچىشقا مۇمكىن بولمىدى. بۇ نۇقتىدا مەن پۈتۈن خەلقىمىزدىن، ۋەكىللىرىمىزدىن سەممىي كەچۈرۈم سورايمەن.

مەن بۈگۈن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى 6 - نۆۋەتلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋە ھەيئىتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن، ئۆتكەن بىر قارار بېسىپ ئۆتكەن يولىمىزدىن ئومۇمىي خىزمەت خۇلاسە دوكلاتى بېرىش بىلەن بىرگە، داۋام قىلىۋاتقان مۇھىم پىروگراممىلار ۋە كېلەچەك پىلانلىرىمىز ھەققىدىكى مۇھىم مەلۇماتلارنى دىققىتىڭلارغا تەقدىم قىلىمەن.

بۈگۈنكى يىغىنىمىز سىلەرگە ۋە سىلەر ئارقىلىق ئەزىز مىللىتىمىزگە ئۆتكەن 4 يىللىق خىزمەتلىرىمىزدىن، مەجبۇرىيەتلىرىمىزدىن ھېساب بېرىش، كەمچىلىك، يېتەرسىزلىكلىرىمىز ھەققىدە تەنقىدىي پىكىرلىرىڭلارنى قوبۇل قىلىش ۋە كېلەچەك خىزمەتلىرىمىز ئۈچۈن قىممەتلىك تەكلىپ - پىكىرىڭلارنى ئېلىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

يىغىن جەريانىدا ۋەكىللەرنىڭ بۇ قېتىملىق ئومۇمىي خىزمەت دوكلاتىنى ئەتراپلىق، قىزغىن، ئىنچىكە مۇزاكىرە قىلىشىڭلارنى سورايمەن. ھەمدە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ خىزمەتلىرىنى ياخشىلاش ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى ئىدىيە ۋە پىلانلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بىز بىلەن ئورتاقلىششىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

## ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتى ۋە خەلقئارا ۋەزىيەتتىكى ئورنى

خىتاينىڭ 2014 - يىلى 5 - ئايدىكى ئاتالمىش 2 - قېتىملىق شىنجاڭ خىزمەت يىغىنىدا شى جىنپىڭ، لى كېچياڭ، يۈ زېڭشېڭلارنىڭ 96 بەتلىك دوكلاتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بىلەن، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بېرىۋاتقان قىرغىنچىلىقى ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدى.

ھەممىمىز نيۇ - يورك ۋاقىت گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان شى جىنپىڭنىڭ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدە «ئۇيغۇرلارنى باي قىلىپ ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئالالمايسەن، ئىشەنمىسەڭ يۇگوسلاۋىيە، سابىق سوۋېت جۇمھۇرىيەتلىرىگە قارا، بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە بىرىنچى بولۇپ ساڭا مۇشت ئاتىدىغىنى شۇ بايلىرى، قانچە كەمبەغەل، قالاق، ياۋاش، بىلىمسىز، دۇنيا كۆرمىگەن بولسا، ساڭا شۇنچىلىك سادىق بولۇپ، مەڭگۈ سەندىن ئايرىلالمايدۇ، ساڭا مەڭگۈ تايىنىپ، ئۆتكەن كۈنىگە رازى بولۇپ، تەقدىرىگە باش ئېگىدۇ» دېگەن سەپسەتىسى بىلەن باشلانغان ئىستراتېگىيەسىنى ئاززاق بىلگەن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى، بۇ 96 بەتلىك پۈتۈن دوكلاتنىڭ بىرىنچى ۋارىقى ئىدى، ھالبۇكى بۈگۈنگە قەدەر قالغان 95 بېتى تېخى ئېلان قىلىنمىدى.

بۇ 96 بەتلەرنىڭ ھەر بىر ۋارىقى، ھەر بىر قۇرى، قەبىھلىك ۋە ۋەھشىيلىك بىلەن يۇغۇرۇلغان بولۇپ، قانداق قىلىپ ۋەتەندىكى ئۇيغۇر، قازاق ۋە باشقا تۈركىي خەلقلىرىنى ئوتتۇرا ئەسىردىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ھالىتىگە قايتۇرۇشنىڭ يول خەرىتىسىنى ئېنىق سىزىپ بەرگەن ئىدى. ئۆتمۈش ۋە نۆۋەتتە سادىر بولۇۋاتقان ھەر بىر پاجىئە بۇ دوكلاتتا ئالدىن تەييارلانغان بولۇپ، جاللات شى جىنپىڭ تەرىپىدىن دۆلەت ئىستراتېگىيەسى قىلىپ بەلگىلىنىپ، ئېنىق ئىش قىلىش ئۆلچىمى، باستۇرۇش پىلانى، قىلماقچى بولغان ئىشلىرىنىڭ تەپسىلاتى، مەقسەت مۇددىئاسى، ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي مىللەتلىرىنى يىلتىزىدىن قۇرۇتۇش تاكتىكىلىرى، پۈتۈن مىللەت بويىچە يوق قىلىش چارىلىرى، مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارغا قارشى تۇرۇش تەدبىرلىرى، پۈتۈن دۆلەت بويىچە قوللاش دەرىجىسى، ئەگەر بۇ ئىشلارنى قىلمىسا كېلىپ چىقىدىغان ئاقىۋەتىدىن ئىبارەت نۇرغۇن تەپسىلاتلار بىرمۇ بىر خۇددى يەسلى بالىلىرىغا سىڭدۈرگەندەك يېزىلىپ، قەتئىي مەخپىي ھۆججەت شەكلىدە نازىر دەرىجىسىدىن يۇقىرى ئەمەلدارلارغا ئاغزاكى ئۇقتۇرۇش شەكلىدە ئورۇنلاشتۇرۇپ، شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي مىللەتلەرگە قاراتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى باشلىدى. ئالدىنقى ۋاقىتلاردا قورچاق رەئىس شۆھرەت زاكىرنىڭ پۈتۈن ۋەتىنىمىزنى تۆمۈر سىم بىلەن قورشاپ چىقىمىز دېگەن ئىرادىسى پەقەت بۇ 96 بەتلىك ھۆججەتنىڭ بىر قۇرىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ھەرگىزمۇ بۇ قورچاق رەئىسنىڭ چۈشى بۇزۇلۇپ جۆيلۈگەن سۆزى ئەمەس! بۇ دوكلات ئاخىرىدا ھۆكۈمەتتىن لى كېچياڭ، سىياسىي كېڭەشتىن يۈ زېڭشېڭلارنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللىشىدا ئومۇمىيۈزلۈك روياپقا چىقىپ، تېررورىست شى جىنپىڭنىڭ قانلىق چۈشى ئەمەلىيلىشىشكە باشلىدى.

## 1. ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتەن ئىچىدىكى ۋەزىيىتى



2016 - يىلى 8 - ئايدا جاللات چېن چۇەنگو شەرقىي تۈركىستاندا خىتاي كوممۇنىست پارتىيەنىڭ باش سېكرېتارلىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلىنىپ، شى جىنپىڭنىڭ مەخسۇس يوليورۇقىنى قايتا - قايتا ئوقۇپ، بەت سانى ئۆچۈپ كەتكىچە يادلاپ ئۆگىنىپ، شۇ مەخپىي ئىرقىي قىرغىنچىلىق پىلانى بويىچە قانخورلۇق قىلىچىنى ئېگىز كۆتۈردى. ئۇيغۇرلارنى تېررورغا مىخلاپ تۇرۇپ يوقىتىش، دۇنيانىڭ تېررورىزمغا قارشى كۈرىشىدىن پايدىلىنىپ ئۇيغۇرلارنى مىللەت سۈپىتىدە زاۋاللىققا سۆرەش، قەستەن ئىغۋا تېرىپ ئۇيغۇرلارنى تېررورچى كۆرسىتىپ كەڭ كۆلەمدە باستۇرۇش، پارتكوم بىرلىكسەپ مەسئۇل بولۇپ تەرجىمە قىلغان قۇرئاننىڭ 2 - تەرجىمىسىنى پۈتۈنلەي كۆيدۈرۈپ، قۇرئاننى خىتاينىڭ ئۆزگەرتكەن پاكىتىنى تامامەن يوق قىلىش، ئۇيغۇرلارنى مەدەنىي، پاكىز، باي، تەرەققىي قىلغان ھالەتتىن پۈتۈنلەي خالىي قىلىپ، ئۇيغۇرلارنى ئومۇمىيۈزلۈك قالاق، تەربىيەسىز، بۇزغۇنچى، بۆلگۈنچى ۋە تېررورچى قىلىپ كۆرسىتىپ، ئەزىز ۋەتىنىمىزدە مىسلى كۆرۈلمىگەن ئېغىر پاجىئەلەرنى پەيدا قىلىشقا تولۇق تەييارلىق قىلغان ئىدى. 2017 - يىلىنىڭ كىرىشى بىلەن دائىرىسى تېخىمۇ كەڭ، ئۇسۇلى ناھايىتى قەبىھ شەكىلدە، ئاشكارا ھالدا ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىشقا باشلاندى. ۋەتەن تۇپراقلىرىدىن كىشىنى چۆچۈتىدىغان قورقۇنچلۇق خەۋەرلەر ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىشكە باشلىدى. مەسچىتلەر چېقىلىپ، ئەرلەر تۇتقۇن قىلىنىشقا؛ ئىتتىپاقلىقنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



باھانە قىلىپ، خىتاي ئەرلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيىگە تۇغقان بولۇپ كىرىشكە؛ ئانىلار نەزەر بەند قىلىنىپ، باللار ئۆيدىن مەجبۇرى ئايرىۋېتىشكە؛ ئاياللار خورلىنىپ، كوللېكتىپ باسقۇنچىلىققا ئۇچراشقا؛ ئوغۇللىرىمىز مەجرۇھ قىلىنىپ، قىزلىرىمىز تۇغماس قىلىۋېتىشكە، ئالىم زىيالىيلىرىمىز تۇتقۇن قىلىنىپ، سەرخىللىرىمىز كوللېكتىپ يوقىتىلىشقا، دىنىمىز خورلۇققا ئۇچراپ، مەسچىتلىرىمىز چېقىلىشقا، قۇرئانلار كۆيدۈرۈلۈشكە، خەلقىمىز چوشقا گۆشى يېيىشكە، تىجارەتچىلىرىمىز تۇتۇلۇپ، بايلىقلىرىمىز سورۇلۇشقا، ئۇيغۇر مەكتەپلىرىمىز تاقىلىپ، تىلىمىز يوقىتىلىشقا، كىتابلىرىمىز كۆيدۈرۈلۈپ، تارىخىمىز ئۆچۈرۈلۈشكە، قىران ياشلىرىمىز قۇل قىلىنىپ، ئەزالىرى ھالال تىرىك ئورگان بولۇپ دۇنياغا سېتىلىشقا، مەدەنىيىتىمىز يىلتىزىدىن يۇلۇنۇپ، ئۆي - ماكانلىرىمىز تېگىدىن قومۇرۇلۇپ يوقىتىلىشقا باشلىدى.

ئۆتكەن 4 يىللىق قىرغىنچىلىقتا، ئون مىڭلىغان ئالىم، زىيالىي، ئۆلىما، تۆھپىكارلىرىمىز، بىرقانچە مىليون گۇناھسىز خەلقىمىز تۇتقۇن قىلىنىپ، لاگېر ۋە تۈرمىلەرگە سولاندى. خىتايلار بىگۇناھ خەلقىمىزنى پۇل تېپىش ماشىنىسى قىلىۋالدى. 16 ياشتىن 40 ياشقىچە بولغان ياشلىرىمىزنىڭ دىنا ئۇچۇرلىرى ئارخىپلاشتۇرۇلۇپ ئورگان ئەتكەسچىلىكىنىڭ قۇربانى قىلىۋاتىدۇ. مۇشۇ ۋەجىدىن مىليونلارچە ئۇيغۇر ياشلىرىمىز ئىز - دېرەكسىز يوقىلىۋاتىدۇ. جازا لاگېرلىرىدا مەجبۇرى ئەمگەككە سېلىنىپ، 21 - ئەسىردىكى قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ قۇربانى بولۇۋاتىدۇ.

نورمال دىنىي ئېتىقاد ۋە ئۆرپ - ئادەتلەرمۇ ئېغىر گۇناھ ھېسابلىنىپ، مىليونلارچە خەلقىمىز جىنايەتچى بولۇپ قالدى. مەسچىتلەر پاھىشىخانىغا، ھاراق سورۇنلىرىغا، مېھمانخانىلارغا، ئېغىللارغا ئايلاندى. تىلىمىز - يېزىقىمىز چەكلىنىپ، مەدەنىيەت - مىراسلىرىمىز يوق قىلىندى. يۇقىرى تېخنىكىلىق نازارەت سىستېمىلىرى ئارقىلىق خەلقىمىز 24 سائەت نازارەت قىلىنىپ، ئىنسانىي ئەركىنلىكى مەھرۇم قىلىندى. ئانىلىرىمىز ھەر خىل خورلۇققا دۇچار بولۇپ، ئەرلىرىمىزنىڭ غورۇرى دەپسەندە قىلىنماقتا. قىزلىرىمىزنى خىتاي ئەرلىرى بىلەن توي قىلىشقا، ئەر - ئاياللارنى ئۇلۇغ رامىزاندا ھاراق ئىچىشكە، چوشقا بېقىشقا زورلاپ بېسىم قىلىنماقتا. يېڭى مەھەللە بەرپا قىلىش، زامانىۋى شەھەر قۇرۇش نامىدا خەلقىمىزنى ئۆي - ماكانىدىن، يەر سۈيىدىن، ئىقتىسادى كىرىم مەنبەسىدىن ئايرىماقتا، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش نامىدا خىتاي ئۆلكىلىرىگە سۈرگۈن قىلىنىپ، جىسمانىي، روھى ۋە جىنسىيەت جەھەتتىن قۇل قىلىنماقتا. مىليوندەك نارەسىدە ئۆسمۈرنى ئۆز ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىپ، يەسلى نامىدا خىتايلارنىڭ تەربىيەلىشىگە تاپشۇرۇلۇپ ئاسسىمىلىياتسىيە

قىلىنماقتا. يەسلى يېشىغا توشمىغانلىرىنى خىتاينىڭ بېقىشىغا سېتىلىپ، باللىرىمىزنى قۇل قىلماقتا. خىتايلار ئۇيغۇر ئائىلىلىرىنى ۋەيران قىلىش ۋە ياش ئاياللارنى تۇغماس قىلىش ئارقىلىق مۇشۇ بىرنەچچە يىلدىلا ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپىيىش نىسبىتىنى 40% ـ 85% گىچە تۆۋەنلىتىۋەتتى.

مۇتەخەسسىسلەرنىڭ سۈنئىي ھەمراھ تېخنىكىلىرى ۋە باشقا ھەر خىل تەتقىقات ئۇسۇللىرى بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇشىغا ئاساسلانغاندا، شەرقىي تۈركىستاندىكى لاگېرلار سانىنى 1200 ـ 1500 گىچە لاگېردىكى تۇتقۇنلارنىڭ سانى ئۈچ مىليوندىن كۆپ، خىتاينىڭ ھەرقايسى ئۆلكىلىرىدىكى تۈرمىلەرگە قامالغان ئۇيغۇر تۇتقۇن سانى بىر مىليوندىن كۆپ دەپ تەخمىن قىلىمىز. سۈنئىي ھەمراھ سۈرەتلىرىدىن پاش بولۇشىچە گەنسۇنىڭ چۆللىرىدە قۇرۇلغان تۈرمىلەرگىلا 500 مىڭدىن ـ بىر مىليونغىچە ئادەم سىغدۇغانلىقى مەلۇم.

خىتاي ئۆلكىلىرىگە قۇل ئىشچى قىلىپ يۆتكەلگەنلەرنىڭ سانى 500 مىڭدىن بىر مىليونغىچە بولۇشى مۇمكىن. ئاتا ـ ئانىلىرىدىن ئايرىۋېتىلگەن نارەسىدە باللارنىڭ سانى بىر مىليوندىن ئاشقان. ئاۋستىرالىيە ئىستراتېگىيەلىك تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ دوكلاتىغا ئاساسلانغاندا ھازىرغىچە تامامەن يوقىتىۋېتىلگەن ۋە چېقىپ، بۇزۇۋېتىلگەن مەسچىتنىڭ سانى 16 مىڭدىن ئارتۇق.

ئەركىن دۇنيا بىلەن ئالاقىلەر ئۈزۈلگەن، نەچچە مىليونلىغان ئىنساننىڭ تۇتقۇن قىلىنىپ «قايتا تەربىيەلەش مەركىزى» نامىدىكى جازا لاگېرلىرىغا بەند قىلىنىۋاتقانلىقى، مىليونلىغان پەرزەنتلىرىمىز خىتاينىڭ بېشىنى كېسىپ، يىلتىزىنى قۇرۇتۇش سىياسىتىنىڭ قۇربانى بولۇۋاتقانلىقى، ئايال ـ قىزلىرىمىزنىڭ غۇرۇرى ئاياق ئاستى قىلىنىپ، ئانىلىق ھايا ھۆرمەت غۇرۇرىدىن مەھرۇم قىلىنىۋاتقانلىقى، ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى خەلقىمىز ساراسىمىگە سېلىنىپ، تارىختىكى بېشىمىزغا كەلگەن ئەڭ چوڭ مىللىي يوقىلىش خەۋپى، ئەمەلىيەت بولۇپ ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ ئالدىغا قويۇلدى.

قىسقىسى، شەرقىي تۈركىستاننى ئوتتۇرا ئەسىردىكى قۇللۇق زامانىغا قايتۇرۇشنى مەقسەت قىلغان، ئۇيغۇرلارنىڭ پۈتۈن مەدەنىيەت، تىل، تارىخ، مائارىپ، دىن، بايلىق، ئۆرپ ـ ئادەت، مىللەت مەۋجۇدىيىتىنى يىلتىزىدىن يوقىتىشنى نىشان قىلغان، قاراتمىلىقى ئېنىق بولغان خىتاينىڭ قىزىل تېررورى ۋەتىنىمىزنىڭ ھەممە يېرىنى قاپلىدى. خەلقىمىز خورلۇق ۋە مۇسىبەت ئىچىدىكى قورقۇنچلۇق ۋەزىيەتتە ياشاشقا مەجبۇر بولماقتا. تارىختىكى بېشىمىزغا كەلگەن ئەڭ چوڭ مىللىي يوقىلىش خەۋپى، ئەمەلىيەت بولۇپ ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ ئالدىغا قويۇلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## 2. مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەزىيىتى




دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ياشاۋاتقان مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىز تارىختىكى ئەڭ قاباھەتلىك مىنۇتلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. ئوقۇۇشقا چەت ئەلگە چىققان پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ۋەتەنگە قايتىش ئىمكانىيىتى كېسىلدى، پاسپورتلار يىغىۋېلىنىپ ۋەتەن ئىچىدىكىلەرنىڭ سىرتقا چىقىش يولى توسۇلدى، پاسپورت ۋاقتى توشقانلارنىڭ ۋاقتى ئۇزارتىلماي پاسپورتلىرى ئەتكەس قىلىندى، مۇھاجىرەتتىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ۋەتەن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۈزۈلدى، سەرگەردانلىق ھايات ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ بېشىغا كەلدى، نۇرغۇن قېرىنداشلىرىمىز مەجبۇرى بېسىم بىلەن مىسىر قاتارلىق دۆلەتلەردىن ۋەتەنگە ئېلىپ كېتىلىپ زىندانلارغا تاشلاندى، ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار تۇتقۇن قىلىندى، ئۆي - ماكانىدىن ئايرىلغان ئىنسانلىرىمىز جەۋر - جاپالىق تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە يىلىكى قۇرىدى، مال - دۇنياسىدىن ئايرىلغان مۇھاجىرەتتىكى قېرىنداشلىرىمىز دۇنيانىڭ ھەرقايسى بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدا تەمتىرەپ قالدى، دۇنيانىڭ بەزى جايلىرىدا بولۇپمۇ خىتاي بىلەن ئېغىز - بۇرۇن يالىشىپ يۈرگەن دۆلەتلەردە ئۇيغۇر مۇساپىرلىرى تۇتقۇن قىلىندى، ۋەتەندىكى خەلقىمىزنى بەختلىك كۆرسىتىدىغان يالغان تەشۋىقاتلار پۈتۈن تور دۇنياسىنى قاپلىدى، يېڭى ناخشا، ئۇسسۇل، ئېپىزوت، كىنو، مودېرن ھايات، كۈلكە - چاقچاقلار ياغراۋاتقان قايناق بەخت ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ساختا تەشۋىقات فىلىملىرى خەلقىمىزنىڭ كۆزىنى تورلاشتۇرۇپ، دۇنيانى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئالداشقا باشلىدى. خىتاي جاسۇسلىرىنى مۇھاجىرەتتىكى خەلقىمىزنىڭ ئىچىگە سىڭدۈرۈپ كىرگۈزۈپ، ئىغۋاگەرچىلىك، ئىتتىپاقسىزلىق، ۋەھىمە، قورقۇنچ، زىددىيەت، بۆلگۈنچىلىك،

ئايرىمچىلىق سىلىپ، ئەزەلدىنلا ئاجىز خەلقىمىزنى پاتىپاراقچىلىققا سالدى. ئىنسانلىرىمىزنىڭ روھىنى چۈشۈرۈپ؛ ئۈمىدىنى ئۈزۈشكە، ئىرادىسىنى سۇندۇرۇپ؛ كەلگۈسىنى خۇنۇكلەشتۈرۈشكە قوتردى! ۋەتەندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىقتىن كەلگەن ئەجەللىك زەربە يۈرىكىمىزگە نەشتەر بولۇپ سانجىلىپ، مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئېغىر سىناققا دۇچ كەلدى.

### 3. ئۇيغۇر مەسىلىسىنىڭ خەلقئارا ۋەزىيەتتىكى ئورنى




شەرقىي تۈركىستان كىرىزىسى نۆۋەتتە خەلقئارادا ھەرقانداق دۆلەت ئايلىنىپ ئۆتەلمەيدىغان بىر مەسىلىگە ئايلاندى. بۇ مەسىلىدە دۇنيا كۆپ قۇتۇپلاشتى. مەيلى ئۇلار قوللىسۇن، ئارىسالدى بولسۇن، قارشى تۇرسۇن، چوقۇم بىرسىنى تاللاشقا مەجبۇر بولدى.

ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم غەرب دۆلەتلىرى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە قىلغان ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى ئېتىراپ قىلىش، ئەيىبلەش ۋە جازا يۈرگۈزۈشتەك ئەمەلىي ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ باردى. ھازىرغىچە كانادا، گوللاندىيە، ئەنگلىيە، بېلگىيە، چېخ ۋە لىتۋانىيە پارلامېنتلىرىدا ئوخشىمىغان شەكىللەردە خىتاي ھۆكۈمەتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بېرىۋاتقان جىنايىتىنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق ياكى ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت» دېگەن قارارلار قوبۇل قىلىندى. ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىق مۇنازىرىسى ئاۋستىرالىيە، ئىتالىيە، ياپونىيە، فىرانسىيە ۋە گېرمانىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە ئېلىپ بېرىلدى ۋە داۋاملىق ئېلىپ بېرىلماقتا. ياۋروپا ئىتتىپاقىغا

ئەزا 27 دۆلەت ۋە ئەنگلىيە، ئامېرىكا، كانادا بىرلىكتە خىتاينىڭ كوممۇنىست پارتىيەسىنىڭ 4 نەپەر ئەمەلدارىغا، ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنىڭ جاۋابكارلىرى دەپ، جازا ئېلان قىلدى. ياۋروپا پارلامېنتى 2018 - يىلىدىن هازىرغىچە 4 قارار قوبۇل قىلدى. تېخىمۇ كۆپ هۆكۈمەتلەر، پارلامېنت ئەزالىرى، پۇقرالار جەمئىيىتى، خەلقئارا تەشكىلاتلارنىڭ ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىنى تېزدىن بىر تەرەپ قىلىش سادالىرى هەرقانداق ۋاقىتتىكىدىن كۈچلۈك بولماقتا.

ئىرقى قىرغىنچىلىق هۆكۈمىنىڭ دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەھبەرلىكىدىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىمىزنىڭ ئۈزلۈكسىز تىرىشچانلىقى، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى دېموكراتىك ئەللەرنىڭ تۈرتكىسى ئاستىدا، تېز سۈرئەتتە ئۆز قىممەت قارىشىنى قوغدايدىغان دېموكراتىك دۆلەتلەر تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىش ئېھتىماللىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئۇيغۇر مەسىلىسى هازىر تار مەنىدىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىقى ھېسداشلىقىدىن هالقىپ ئۆتۈپ، غەرب ئەللىرى ۋە نۇرغۇن ھەققانىي دۆلەتلەرنىڭ ئۆز قىممەت قارىشىنى قوغداش، دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش، دۇنياۋى سىستېمىلارنى قوغداش، خىتايغا قارشى خەلقئارالىق پىكىر ئېقىمى ۋە خەلقئارالىق كۈچ تەشكىللەشتىكى مۇھىم رول ئوينايدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى.

## 4. خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە يۆنىلىشى

ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى دېموكراتىك دۆلەتلەر بىلەن خىتاي هۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر كۈندىن - كۈنگە مۇرەككەپلىشىۋاتىدۇ ۋە كەسكىنلىشىۋاتىدۇ. ناتو خىتاينى تۈنجى قېتىم تەھدىت دەپ ئېلان قىلدى. ھەربىي توقۇنۇشلارنىڭ يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى كۈچىيىۋاتىدۇ. ئامېرىكا، ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئەزا بىر قىسىم دۆلەتلەر، ئەنگلىيە، ئاۋستىرالىيە قاتارلىق دېموكراتىك دۆلەتلەر خىتاينى ئىستراتېگىيەلىك رىقابەتچى تورچكىسىغا قويۇپ، تىجارەت تەمىنلەش زەنجىرىنى خىتايدىن ئېلىپ چىقىپ كېتىش، يۇقىرى پەن - تېخنىكىدا ھەمكارلىشىشنى توختىتىش، كۆڭزى مەكتەپلىرىنى تاقاش، قىزىل پاچاقلار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىنىڭ غەرب ئەللىرىگە كېلىشىنى چەكلەش، ئورگان ئەتكەسچىلىكىنى توسۇش، قول ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىنى مەنئى قىلىش، خىتاي شىركەتلىرىنىڭ غەرب ئەللىرىدە پاي چەك بازىرىغا كىرىشىنى توسۇش، خىتاي ۋىرۇسىنىڭ مەنبەسىنى تەكشۈرۈش، خىتاي ئىشپىيونلىرىنى تۇتۇش، خىتاينىڭ دۇنيادىكى تېرروزچى تەشكىلاتلارنى داۋاملىق قوللاش يوللىرىغا زەربە بېرىش قاتارلىق بىر قاتار ئۈنۈملۈك تەدبىرلەر قوللىنىشقا باشلاندى.

هازىرقى مۇشۇ جىددىيچىلىكلەرنىڭ باش مەنبەسى تېررورىست خىتاي هۆكۈمىتى

بولىۋاتىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادىي، ھەربىي، تېخنىكا كۈچىدىن پايدىلىنىپ ئەركىن دۇنياغا قارشى كۈچلەرنى يۆلەۋاتىدۇ، خەلقئارا قانۇنلار ۋە دېموكراتىك قىممەت قاراشلىرىنى ئۆزگەرتىشكە تىرىشىۋاتىدۇ. ئۆزىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتىكى كۆلەم ئارتۇقچىلىقىدىن پايدىلىنىپ نۇرغۇن دۆلەتلەرنى بوزەك قىلىۋاتىدۇ، بىر يول بىر بەلباغ ئىستراتېگىيەسى ئارقىلىق 3 - دۇنيا ئەللىرىنى قەرزگە بوغۇۋاتىدۇ، نۇرغۇن قەرز قايتۇرالمىغان دۆلەتلەرنىڭ ئەركىن پورتلىرىغا ھەربىي كۈچىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا تىرىشىۋاتىدۇ، تور ھۇجۇمى قوزغاپ پۈتۈن دۇنيادا ئۇچۇر ۋە تېخنىكا ئوغرىلىقى قىلىۋاتىدۇ، تور دۇنياسىدا يالغان تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، پۈتۈن دۇنيانىڭ كۆزىنى بوياۋاتىدۇ. غەرب ئەللىرى ئارىسىغا زىددىيەت سېلىپ، توپىلاڭدىن توغاچ ئوغرىلاۋاتىدۇ، مۇسۇلمان دۇنياسىدا پارىخورلۇق بىلەن جان كەچۈرۈپ، پۈتۈن مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ كۆزىنى بوياۋاتىدۇ، خەلقئارالىق سودىلاردا خىتاي شىركەتلىرىنى تېخىمۇ پەردازلاپ، يالغان ماركا، يالغان رەسمىيەتلەر بىلەن يالغان ماللىرىنى پۈتۈن دۇنيا بازىرىغا كىرگۈزۈۋاتىدۇ. قانداق قىلسا پۈتۈن دۇنيانىڭ ئىشلەپچىقىرىش سىستېمىسىنى بۇزۇشنىڭ كويىدا يۈرۈيدۇ. پۈتۈن دۇنيادىكى خەلقئارا مۇناسىۋەتلەردە خىتاي ھۆكۈمىتى بارغانسېرى ئۆكتەملىشىپ، خەلقئارا قانۇنلارنى كۆزگە ئىلماي شەرقىي تۈركىستاندا داۋاملىق ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈۋاتىدۇ. جەنۇبىي دېڭىز، تەيۋەن، خوڭكوڭ، تىبەت مەسىلىلىرىدە يولسىز زوراۋان سىياسەتلەرنى يۈرگۈزۈۋاتىدۇ. خەلقئارانىڭ ۋىرۇس مەنبەسىنى تەكشۈرۈش تەلىپىنى رەت قىلىپ، ۋىرۇسقا ئائىت تېخنىكىلىق ماتېرىياللارنى يوشۇرۇپ ۋىرۇسنىڭ ھازىرغىچە ئەركىن تارقىلىپ يۈرۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتىدۇ. ۋىرۇس مەسىلىسى خىتاينىڭ يالغانچىلىق ۋە ئالدامچىلىق ئويۇنلىرى بىلەنلا ئاخىرلىشىدىغان مەسىلە ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش. ئەگەر بۇنىڭدىن تولۇق ھېساب ئېلىنمىسا، چەكلەنمىسە، رەزىل خىتاي ھۆكۈمىتى ئېغىر بېسىمغا دۇچ كەلگەندە دۇنيانى يەنە قالايمىقان قىلىشى مۇقەررەر. بۇ قېتىمقى ۋىرۇس مەسىلىسى خىتاينىڭ بىيولوگىيەلىك قورال تېخنىكىسىدا زور ئىلگىرىلەش بولغانلىقىنى تېخىمۇ ئېنىق ئىسپاتلىدى.

شى جىنپىڭ تەختكە چىققاندىن بۇيان، خىتاي ھاكىمىيىتى يىللاردىن بۇيان داۋام قىلدۇرۇپ كەلگەن ھىيلە - نەيرەڭ ۋە نىقابىنى ئېلىپ تاشلاپ، ئاشكارا ھالدا خىتاينىڭ مەنپەئەتىگە توغرا كەلگەن ھەرقانداق جىنايەت ساۋاب، خىتاينىڭ جانجان مەنپەئەتىگە دەخلى قىلىدىغان ھەرقانداق ياخشىلىق گۇناھ دەيدىغان ئىدىيەنى ئاساس، چوڭ خىتاي مىللەتچىلىك خاھىشىنى ھەر بىر خىتاي پۇقراسىغا يول كۆرسەتكۈچ ئەگۈشتەر قىلىپ بېكىتتى، بىر يول بىر بەلباغ تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنى تۇتقا قىلىپ، ئىنسانىيەت تەقدىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئورتاقلىقىنى يالغان نىشان قىلىپ بېكىتتى. خىتاي ئىدىيەسى، پۇلى، تىلى، مەدەنىيىتىنى پۈتۈن دۇنياغا قوبۇل قىلدۇرۇپ، پۈتۈن دۇنيا تەرتىپ سىستېمىسىنى بۇزۇپ باشقىدىن قۇرۇپ چىقىشنى كۆزلىدى. سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت سەۋىيەسىنى يۈكسەك تەرەققىي قىلدۇرۇپ، خىتاينى دۇنيا مىللەتلىرىنىڭ بېشىغا دەسسىتىشنى غايە قىلغان شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر ئىستراتېگىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، خىتاي ئەركىن دۇنيانىڭ دۈشمىنى بولۇپ، پۈتۈن ئىنسانىيەتكە بالا - قازا ئەكېلىش يولىنى تاللىدى. پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا ئادالەتنى ياقلايدىغان، ئەركىنلىكنى سۆيىدىغان، دېموكراتىيەنى ياقلايدىغان خەلقلەر خىتاي خىرىسىغا دۇچ كەلدى.

ئامېرىكىنى يادرو قىلغان غەرب دېموكراتىيە ئەللىرى ئىستراتېگىيەدە خىتاينى ئىسكەنجىگە ئېلىش، جەنۇبى دېڭىزدا گېلىدىن بوغۇش، شەرقىي تۈركىستان، تىبەت، جەنۇبى موڭغۇلىيە، تەيۋەن، خوڭكوڭ قاتارلىق جايلاردىكى مىللەتلەرنىڭ دېموكراتىك، ھەق - ھوقۇقىنى قوغداش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلماقتا. يۇقىرى پەن - تېخنىكا، تەمىنلەش زەنجىرى، تور، مەبلەغ سېلىش، خام ئەشيا، ھەربىي مۇناسىۋەت قاتارلىق نۇرغۇن تۈرلەردە خىتاينى يالغۇز قالدۇرۇپ، خىتاينىڭ ئىچكى زىددىيىتىنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرۈشتە بىر قاتار ئىلگىرىلەش بولۇۋاتىدۇ. نۆۋەتتە خىتاينىڭ ئۆز ئىچىدىن پارچىلىنىشىغا شارائىت يارىتىدىغان، ئىستراتېگىيەلىك قورشاۋ ۋەزىيىتى شەكىللىنىشكە باشلىدى. دۇنيا ۋەزىيىتىنىڭ چوڭ يۆنىلىشى ئەركىن دۇنيانىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولغان خىتاي ھۆكۈمىتى تەرغىب قىلىۋاتقان دىكتاتور سىستېمىنى مەغلۇپ قىلىپ، مەۋجۇت دۇنيا سىستېمىسىنى، دېموكراتىك قىممەت قارىشىنى ساقلاپ قېلىش ۋە بۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت مۇھىم تارىخىي تىركىشىش باسقۇچىغا قەدەم قويىدى.

**5. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ شەرقىي تۈركىستان مىللىي كۈرىشىدىكى رولى ۋە ئەھمىيەتلىك ئورنى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىزدىنىش، جاپالىق ۋە مۇرەككەپ كۈرەشلەر مۇساپىلىرىنى بېسىش ئارقىلىق دۇنيا سىياسىي سەھنىسىگە چىقتى. پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۈمىدىمۇ، خىتايغا قارشى كۈرەشنىڭ تەلپىمۇ ئىدىيەسى ئىلغار، ھەرىكەتتە بىرلىككە كەلگەن، كۈچلۈك، جەڭگىۋار ساپالىق بىر باشلامچى تەشكىلاتنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئىدى. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ تارىخى ئاساسى، خەلقئارادىكى تەسىرى، خەلقىمىز ئىچىدىكى چاقىرىق كۈچى ۋە تەشكىلات كۆلىمى جەھەتتىكى ئەۋزەللىكى بىلەن دەۋانىڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇرۇۋاتىدۇ. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بۈگۈنكى كۈندە مۇھاجىرەتتىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنى ئەتراپىغا

يىغقان مەركىزى تەشكىلاتقا ئايلاندى. بىزدە دوست - دۈشمەن چۈشەنچىسى ئېنىق بولدى. بىزنى قوللاۋاتقان، ھېسداشلىق قىلىۋاتقان، ياردەم قىلىۋاتقان خەلقئارالىق كۈچلەر، خەلقلەر دوستىمىز بولدى. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى خىزمەتلىرىدە خىتاي ھۆكۈمىتىدىن باشقا دۈشمەن تۇتمىدى. نىشان بۇرالمىدى. خىتاينىڭ قول - چوماقلىرى ۋە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى دۈشمەنلىرىنىڭ بىزنىڭ ھەر بىر ھالقىلىق مۇھىم خىزمەتلىرىمىزگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش، نىشاندىن بۇراش، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىغا زىددىيەت سېلىش، ئىشەنمەسلىك ئۇرۇقى چېچىش، قۇرۇلتاي رەھبەرلىرىنى ئابرۇيسىزلاندۇرۇش قاتارلىق ئويۇنلىرىغا قارىتا قۇرۇلتاي رەھبەرلىكى سەگەك بولۇپ، دۈشمەننىڭ قاپقانلىرىغا دەسسىمەي، بەلگىلىگەن ئىستراتېگىيەلىك نىشان بويىچە مېڭىپ كەلدى. ۋەتەندە داۋام قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى تۆگىتىشتە قولغا كەلگەن نەتىجىلەر ئىنتايىن چەكلىك بولسىمۇ، ئامما داۋام قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى دۇنياغا ئاڭلىتىش، ئۇيغۇر كىرىزىسىنى خەلقئارالاشتۇرۇش، تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتە زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتۇق دېيەلەيمىز.



دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ 6 - نۆۋەتلىك يېڭى رەھبەرلىك ھەيئىتى 2017 - يىلى 11 - ئايدا ۋەزىپە تاپشۇرۇپ ئالغاندىن بۇيانقى بىرنەچچە يىلدا شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەڭ قاباھەتلىك تەقدىرگە گۇۋاھ بولدۇق. نارەسىدە باللىرىمىزدىن ياشىنىپ قالغان بوۋاي - موماينلارغىچە تۆكۈلگەن قان ۋە ياشلىرىغا گۇۋاھ بولدۇق. خىتاينىڭ ئىنسانىيەتكە ۋىرۇس ھۇجۇمى قىلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مىليونلىغان ئادەملەرنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەب بولۇشى، يەر شارى خاراكتېرلىك ئىقتىسادى زىيان سېلىشىغا گۇۋاھ بولدۇق.

ئۇيغۇر مەسىلىسى خىتاينىڭ ساختا نىقابلىرىنى يىرتىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ھەقىقىي ئەپتى - بەشىرىسىنى دۇنياغا تونۇتتى. خىتاي كوممۇنىستلىرى ھاكىمىيەت ئىگىلىگەن 72 يىلدىن بۇيان ئۆزلۈكسىز يۈرگۈزۈپ كەلگەن قىرغىنچىلىقلىرىنى دۆلەت كۈچىدىن پايدىلىنىپ، بارلىق ۋاسىتىلەرنى ئىشقا سېلىپ، دۇنيادىن يوشۇرۇپ، يالغان تەشۋىقاتلار ئارقىلىق خەلقئارانى ئالداپ كەلگەن ئىدى. بۇ قېتىمقى ئىرقىي قىرغىنچىلىقتىمۇ كونا ھۈنىرىنى ئىشلىتىپ، يوتكول ئاخبارات، ئۇچۇر - ئالاقىلەرنى كونترول قىلىپ، ساختا گۇۋاھچىلارنى تەييارلاپ، دۇنياغا توختىماي يالغان تەپسىلاتلارنى تارقىتىپ كېلىۋاتىدۇ.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى مۇشۇنداق قىيىن ۋە مۇرەككەپ شارائىتتا چەكلىك ئۇچۇر مەنبەلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز پائالىيەتلىرىنى بىر كۈنمۇ توختاتمىدى. ھەر قايسى دۆلەت ئورگانلىرىغا، پارلامېنتلىرىغا، ب د ت، ياۋروپا ئىتتىپاقى قاتارلىق خەلقئارا تەشكىلاتلارغا شەرقىي تۈركىستاندىكى زوراۋانلىقنى، ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى ئاڭلاتتى. بۇ ھەرىكەتلەر نۇرغۇن سىياسەتچىلەرنى، دۆلەت ئەربابلىرىنى، پائالىيەتچىلەرنى، تەتقىقاتچىلارنى ۋە ئاخبارات ئورۇنلىرىنى ئويغاتتى، ئۇلارنى تەسىرلەندۈردى. ئۇلار بىزنىڭ تەمىنلىگەن ئىسپاتلىرىمىزدىن گۇمانلىنىشتىن ئىشىنىشكە، ھېسداشلىق قىلىشتىن ھەرىكەتكە ئۆتۈشكە تەرەققىي قىلدى. نۇرغۇن كىشىلەر ۋە ئورگانلار بىزنىڭ سېپىمىزگە قوشۇلدى. بۇ جەرياندا گېرمانىيەلىك تەتقىقاتچى ئادرىئان زېنس ئەپەندى، ئەنگلىيەلىك جوئە فىنلەي خانىم، كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتىدىن سوفى رىچاردسون، مايا ۋاڭ خانىم... قاتارلىق تەتقىقاتچىلارنىڭ ۋە قەھرىمان لاگېر شاھىتلىرىنىڭ ئوينىغان رولى ئالاھىدە بولۇپ، دەۋايىمىز ئۈچۈن تارىخىي تۆھپە قوشتى.

بىز دۇنيانى ئويغىتىش ۋە ھەرىكەتكە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۆتكەن 4 يىلدا (2017 - يىلى 11 - ئايدىن 2021 - يىلى 9 - ئايغىچە)، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى مەركىزى ئورگىنى تەرىپىدىن رەسمىي تىزىملىنىپ ئارخىپلاشتۇرۇلغان پائالىيەتلەردىن:

- پارلامېنت، ھۆكۈمەت، خەلقئارا تەشكىلاتلار ۋە خەلقئارالىق مۇنبەرلەردە ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرىمىز 220 قېتىم.
- مەدەنىيەت، ئىجتىمائىي ۋە ئاممىۋى پائالىيەتلەر 180 قېتىم.

- ئېلان قىلىنغان يازما باياناتلار 145 قېتىم
- ئايلىق خەۋەرنامە (ئىنگلىزچە) 48 پارچە
- ھەپتىلىك خەۋەرنامە 192 پارچە
- ئۈچۈر - تەشۋىقات مەركىزى تەرىپىدىن ئىشلەنگەن ت ۋ پىروگراممىسى 960 قېتىم
- ئېلان قىلىنغان دوكلاتلار 12 پارچە

يۇقىرىقى مەلۇماتلار ئاساسەن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى مەركىزى تەرىپىدىن بىۋاسىتە ئېلىپ بېرىلغان پائالىيەت بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى رەھبەرلىرى ۋە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تەركىبىدىكى تەشكىلاتلارنىڭ پائالىيەتلىرى يوق. (تەشكىلاتنىڭ پائالىيىتى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ تەشكىلى ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىسى پەرھات ئەپەندىنىڭ دوكلاتىدا ئايرىم تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلىدۇ).

بۇ پائالىيەتلەرنىڭ ھەر بىرى بىر پائالىيەتكە ۋەكىللىك قىلىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە كۆپىنچىلىرى بىرنەچچە كۈن داۋاملاشقان پائالىيەتلەر بولۇپ، تېخىمۇ كۆپ مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ پائالىيەتلەر جەريانىدا يۈز تۆرانە رەسمىي سۆھبەتتە بولغان ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى، پارلامېنت ئەزالىرى، خەلقئارا ۋە يەرلىك جەمئىيەت مەسئۇللىرى تەخمىنەن 2000 ئادەم قېتىمدىن ئاشىدۇ. بۇ كۆرۈشۈشلەردە خەلقئاراغا دەردىمىزنى ئاڭلاتتۇق. خەلقئارانى ھەرىكەتكە كېلىشكە چاقىردۇق. خىتاي ھۆكۈمىتىنى جازالاشقا چاقىردۇق. قانۇنى ھەق - ھوقۇقىمىزنى تەلەپ قىلدۇق.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ئازادلىق كۈرىشىدىكى رولى ۋە ئەھمىيەتلىك ئورنى ناھايىتى مۇھىم بولۇپ، خەلقىمىزنى بىر ۋەتەن، بىر بايراق، بىر رەڭ، بىر نىشان، بىر دۈشمەن، بىر جەڭ، بىر جەڭچى، بىر ئۆلۈم، بىر كۆرۈم سېپىگە بىر قوشۇن سۈپىتىدە سەپراس قىلدى! دۇنيادىكى بارلىق شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىشنى ئۆزىنىڭ مەقسىتى قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تېررورىست خىتاي ھاكىمىيىتى بىلەن ئىستىراتېگىيەلىك قارشىلىق كۈرىشى ئېلىپ بېرىپ، پۈتۈن دۇنيادا ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ دېموكراتىيە ئەركىنلىكى، ھۆرلۈكى ۋە قانۇنى ھەق - ھوقۇقىنى قوغداش ئۈچۈن جەڭ قىلىپ، دۇنيادا ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئاۋازى ۋە خەلقئارا دىپلوماتىيە جەڭگاھىدىكى تۇۋرۇكى بولدى!

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ئازادلىق كۈرىشىدىكى رولى ۋە ئەھمىيەتلىك ئورنى دۇنيادىكى ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر ئورۇن ئالدى

www.uyghurkitap.com



ۋە خەلقئارا سىياسىي ۋە دىپلوماتىيە سەھنىسىدە سالاھىيەت قازاندى، شۇنداقلا ختاي ھاكىمىيىتىنىڭ يۈرىكىگە خەنجەر بولۇپ سانجىلدى!

## دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ تۆت يىللىق خىزمەتلىرىنىڭ قىسقىچە خۇلاسىسى

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ئۆتكەن تۆت يىللىق خىزمەتلىرىنى تۆۋەندىكى ئاساسى نۇقتىلار بىلەن دىققىتىڭلارغا تەقدىم قىلىمەن.

### 1. ب د ت دا ئېلىپ بېرىلغان پائالىيەتلەر



بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى (ب د ت) پۈتۈن دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر ۋە خەلقئارا تەشكىلاتلار بىر يەرگە جەم بولۇپ، ئورتاق مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلىدىغان ۋە ھەل قىلىش چارىسى ئۈستىدە ئورتاق ئىزدىنىدىغان، تىنچلىق، ئادالەت، ئىتتىپاقلىق، ئۆزئارا ھۆرمەتنى، كىشىلىك ھوقۇق ۋە كەڭ قورساقلىقنى ئۆزىنىڭ قىممەت قارىشى دەپ بېكىتكەن خەلقئارالىق ئورگاندۇر.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بۇ 4 يىلدىن بۇيان، ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ قانچىلىك ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي يوللار بىلەن ھەر خىل رەزىل ۋاستىلەرنى قوللىنىپ توسۇشىغا قارىماي، بارچە ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىپ ب د ت نىڭ تۈرلۈك

يىغىنلىرىغا پائال قاتنىشىپ كەلدى. بۇ يىغىنلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا تىل، دىنىي ئەركىنلىك، ئادالەتسىزلىككە ئۇچراش مەسىلىلىرىدىن تارتىپ، تاكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش، جىنسىي زوراۋانلىق قىلىش، ئۇيغۇر نوپۇسىنى قەستەن ئازايتىپ ئىرقىي قىرغىنچىلىق قىلىش، لاگېرلارغا سولاش قاتارلىق مەسىلىلەرگىچە بولغان ئۇيغۇرلار ئۇچراۋاتقان بارلىق ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇيغۇر مەسىلىسىنى خەلقئارا سەھنىگە ئېلىپ چىقىپ ھەتتا لاتىن ئامېرىكاسى ۋە كىچىك ئارال دۆلەتلىرىدىمۇ ئۇيغۇر مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان دەرىجىگە ئېلىپ كېلىشكە پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشتى.

خىتاي ھۆكۈمىتى جازا لاگېرىنى 2016 - يىلى رەسمىي يولغا قويغان بولسىمۇ، تاكى 2018 - يىلى ب د ت ئىرقىي ئايرىمچىلىقنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش كومىتېتى خىتاي دوكلاتىنى كۆزدىن كەچۈرۈش يىغىنىدا، ب د ت مۇتەخەسسىسلىرى، جۈملىدىن م ك. دوئۇگلە خانىم باشلىق كومىتېت ئەزالىرىنىڭ ب د ت دا بىر مىليون ئۇيغۇرنىڭ جازا لاگېرلىرىغا قامالغانلىق مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى بىلەن لاگېر مەسىلىسى خەلقئارانىڭ دىققەت نۇقتىسىغا ئايلىنىشقا باشلىدى. 2018 - يىلى 11 - ئاينىڭ 6 - كۈنى يەنە ب د ت كىشىلىك ھوقۇقنى ئومۇمىيۈزلۈك كۆزدىن كەچۈرۈش يىغىنىدا جازا لاگېر مەسىلىسىنىڭ 14 دۆلەت تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى بىلەن ئۇيغۇر جازا لاگېر مەسىلىسى خىتاي يوشۇرۇپ بولالمايدىغان بىر ھەقىقەت بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقتى.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ب د ت دە كۆزەتكۈچى سالاھىيىتىگە ئىگە خەلقئارا تەشكىلاتلار بىلەن يېقىندىن ھەمكارلىشىپ، ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنىڭ بارلىق يىغىنلىرىغا ئىشتىراك قىلىپ، بۇ يىغىنلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتى. ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنىڭ ئومۇمىي يىغىنىدىن باشقا، ب د ت تەن جازاسىغا قارشى تۇرۇش كومىتېتى (كات)، ب د ت مەدەنىيەت، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ھەقلەر كومىتېتى، ئىرقىي ئايرىمچىلىقنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش كومىتېتى، بالىلار ھەقلىرى كومىتېتى ۋە كىشىلىك ھوقۇقنى ئومۇمىيۈزلۈك كۆزدىن كەچۈرۈش يىغىنى، ب د ت ئاز سانلىق مىللەتلەر مۇنبىرى، يەرلىك مىللەتلەر مۇنبىرى، كىشىلىك ھوقۇق ۋە سودا مۇنبىرىنىڭ ئومۇمىي يىغىنىغا قاتنىشىپ دوكلاتلار تەقدىم قىلدى. ب د ت نىڭ ئالاھىدە مۇتەخەسسىسلىرى، ئالاھىدە پۈتۈكچىلىرى ۋە كومىتېت ئەزالىرى بىلەن ئايرىم - ئايرىم يىغىن ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارغا يازما ۋە ئاغزاكى مەلۇمات بەردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ب د ت پائالىيىتىدىكى سانلىق مەلۇماتلار:

1) ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ب د ت ئەلچىلىرى، دىپلوماتلار، ب د ت نىڭ ھەر خىل ئورگانلىرىنىڭ مەسئۇل خادىملىرى بىلەن رەسمىي كۆرۈشۈشى 350 ئادەم قېتىمدىن ئارتۇق.
2) ب د ت دا قاتناشقان رەسمىي يىغىن سانى: 75 قېتىمدىن ئارتۇق.
3) ب د ت مۇنبىرىدە ئېلان قىلىنغان ئوچۇق ئاغزاكى باياناتلار: 36
4) ب د ت ھەرقايسى دۆلەت ۋە ئورگانلىرى تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان باياناتتىغا تۈرتكە بولغان قېتىم سانى: 28
5) ب د ت دا ئېلان قىلىنغان يازما بايانات سانى: 21
6) ب د ت ئورگانلىرىغا بېرىلگەن يازما ماتېرىيال ۋە تەقدىملەر: 22
7) ب د ت نىڭ ھەرقايسى ئورگانلىرىغا سۇنۇلغان دوكلات: 12

دوكلات ۋە تەكلىپ سۇنۇلغان ئورگانلار

1) ب د ت تەن جازاسىغا قارشى تۇرۇش كومىتېتى (كات)،
2) ب د ت ئىقتىساد، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت ھوقۇقى كومىتېتى (كەسكر)
3) ب د ت ھەر خىل ئىرقىي ئايرىمىچىلىقنى يوقىتىش كومىتېتى (كەرد)
4) ب د ت ئاياللارغا قارىتىلغان كەمسىتىشنى تۈگىتىش كومىتېتى (كەداۋ)
5) ب د ت باللار ھەقلىرى كومىتېتى (كرك)
6) ب د ت مەجبۇرى غايىب بولغانلار كومىتېتى (كەد)
7) ب د ت كىشىلىك ھوقۇقنى قەرەللىك كۆزدىن كەچۈرۈش پىروگراممىسى (ئۇپر)
8) ب د ت ئاز سانلىق مىللەتلەر مۇنبىرى
9) ب د ت يەرلىك مىللەتلەر دائىمىي مۇنبىرى
10) ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ۋە سودا مۇنبىرى
11) ب د ت مەجبۇرى تۇتقۇن قىلىنغانلار خىزمەت گۇرۇپپىسى
12) ب د ت مەجبۇرى غايىب قىلىۋېتىلگەنلەر خىزمەت گۇرۇپپىسى
13) ب د ت ئالاھىدە مۇتەخەسسىسلىرى، ئالاھىدە پۇتوكچىلىرى (راپورتۇئەر)

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ سىجىل تىرىشچانلىقى، پىداكارلىقى بىلەن،

تاقاقلىق ئىشىكلەر ئارقا ـ ئارقىدىن ئېچىلىشقا باشلىدى. ب د ت دىكى ئۇيغۇر مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان دۆلەتلەر سانى ئۇزلۇكسىز كۆپەيدى. قۇرۇلتاي رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشۈشنى خالايدىغان ئەربابلارنىڭ سانى ۋە دەرىجىسى ئاشتى. ئامېرىكا، گېرمانىيە، ئەنگلىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ب د ت دا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىلىرى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، خىتايدىن ئۇيغۇرلار ئۇچرىغان دەپسەندىچىلىكنى جىددىي توختىتىشنى ھەمدە ئۇيغۇر رايونىغا بىرىپ تەكشۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.






2018 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى يەنە ب د ت كىشىلىك ھوقۇقنى قەرەللىك كۆزدىن كەچۈرۈش يىغىنىدا جازا لاگېر مەسىلىسىنىڭ 14 دۆلەت تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى بىلەن ئۇيغۇر جازا لاگېر مەسىلىسى خىتاي يوشۇرۇپ بولالمايدىغان بىر ھەقىقەت بولۇپ ئوتتۇرىغا چىققان ئىدى. 2021 ـ يىلى 6 ـ ئايدىكى ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنىڭ 47 ـ قېتىملىق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



يىغىنىدا كانادا باشچىلىقىدىكى 44 دۆلەت، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنى زوراۋانلىق بىلەن باستۇرۇش جىنايىتىنى ئەيىبلەپ، بىرلەشمە ئىمزالىق ئوچۇق خەت ئېلان قىلدى. 2021 - يىلى 10 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ب د ت دا 43 دۆلەت بىرلىكتە بايانات ئېلان قىلىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنى ئەيىبلىدى ۋە ب د ت خادىملىرىنىڭ شەرتسىز تەكشۈرۈشىگە يول قويۇشىنى تەلەپ قىلدى. ئۇيغۇر مەسىلىسى ب د ت مۇنبىرىدىكى ئاساسلىق مەسىلىلەرنىڭ بىرىگە ئايلاندى. ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىتېتى ئىشخانىسى ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى مەخسۇس دوكلاتنى تاپشۇرۇش ئالدىدا تۇرماقتا.

### 2. ياۋروپا پارلامېنتى ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقىدىكى پائالىيەتلەر




دۇنيانىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي سەھنىسىدىكى ئاساسلىق كۈچلەردىن بىرى بولغان ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ ھەرقايسى ئورگانلىرىدا، جۈملىدىن ياۋروپا پارلامېنتىدا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى ئۇلارنىڭ كۈن تەرتىپىگە كىرگۈزۈش دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ يىللاردىن بېرى ئاساسلىق ئىستراتېگىيەلىك پىلانلىرىدىن بىرى بولۇپ كەلدى.

شۇ ۋەجىدىن، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ مەركىزى بىريۇسسېلدا ئىشخانا تەسىس قىلىپ، مۇنتىزىم خىزمەتچى خادىم بەلگىلەپ، ياۋروپا كومىتېتى، ياۋروپا ئەللىرى ئىتتىپاقى ۋە ئۇنىڭ ئەزا دۆلەتلىرى بىلەن يېقىندىن مۇناسىۋەت ئورنىتىلىپ، ئۇلارنىڭ دۇنيا سىياسىي ۋە ئىقتىسادىدىكى مۇھىم ئورنى ۋە رولىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئۇيغۇر دەۋاسىنى خەلقئارالاشتۇرۇشتىكى مۇھىم بىر سىياسىي مەيداننى دۇنياغا كەلتۈردى. 2017 - يىلى قۇرۇلغان ياۋروپا پارلامېنتىدىكى ئۇيغۇر دوستلۇق گۇرۇپپىسى خىزمەتلىرىمىزگە كۆپ ياردەمدە بولدى. 2018 - يىلىدىن 2021 - يىلىغىچە بولغان 3 يىل ئىچىدە ياۋروپا پارلامېنتىدا ئۇيغۇرلار ھەققىدە مەخسۇس 4 قارار ۋە ئۇيغۇر، تىبەت ۋە خوڭكوڭ مەسىلىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قارار بولۇپ، جەمئىي 5 قارار قوبۇل قىلىندى.

ياۋروپا ئىتتىپاقى «يەرشارى كىشىلىك ھوقۇققا زىيانكەشلىك قىلغۇچىلارنى جازالاش قانۇنى» تەستىقلانغاندىن باشلاپ قۇرۇلتاي جىددىي ھەرىكەتكە ئۆتۈپ، جازا تىزىملىكى تۈزۈپ، ياۋروپا ئىتتىپاقىنى تەمىنلىدى. نەتىجىدە، ياۋروپا ئىتتىپاقى ئامېرىكا، كانادا ۋە ئەنگلىيە بىلەن بىرلىكتە ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايەتلىرىنى پىلانلىغان ۋە ئاكتىپ ئىجرا قىلغان 4 خىتاي ئەمەلدارىغا ۋە «شىنجاڭ قۇرۇلۇش ئارمىيەسى» دەپ ئاتىلىدىغان ئورۇنغا جازا ئېلان قىلدى. بۇ جازا ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ ئۇيغۇر كىرىزىسىگە قارىتا تۇنجى ئەمەلىي ھەرىكىتى بولدى. ھازىر قۇرۇلتاي بىر قىسىم تەشكىلاتلار بىلەن بىرلىشىپ چىڭ چوەنگو قاتارلىق باشقا خىتاي ئەمەلدارلىرىغا جازا بېرىش تىزىملىكىنى تەييارلاۋاتىدۇ ۋە ئۇلارغا تېخىمۇ ئېغىر قانۇنىي جازالارنى بېرىشنى داۋاملىق تەلەپ قىلماقتا.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى 2020 - يىلى 12 - ئايدا «ياۋروپا - خىتاي ئۆزئارا مەبلەغ سېلىش كېلىشىمى»نى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ھەرىكىتىنى قوزغاپ، كىشىلىك ھوقۇق ماددىلىرىنى كېلىشىمگە كىرگۈزۈشنى تەلەپ قىلىپ، ياۋروپا پارلامېنتى، ياۋروپا كومىسسىيونى، ياۋروپا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى، ياۋروپا ئىتتىپاقى كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرى ئالاھىدە ۋەكىلى ئەئائلون گىلمورە، ياۋروپا ئىتتىپاقى تاشقى ئىشلار ۋە بىخەتەرلىك ئالاھىدە ۋەكىلى جوسېپ بوررېل ئەپەندىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇنلىغان يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار بىلەن كۆرۈشۈشلەردە بولۇپ، خىتايدىكى ئۇيغۇر خەلقىگە يۈرگۈزۈلۈۋاتقان ئېغىر كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى، ئۇيغۇر مەجبۇرى ئەمگىكىگە ياۋروپا شىركەتلىرىنىڭ شېرىك بولۇشىنى چەكلەش تەلەپلىرى قويۇلدى. خىتاينىڭ ياۋروپا پارلامېنتى ئەزالىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 10 شەخسكە ۋە 4 ئورۇنغا ئۆچ ئېلىش خاراكتېرىدە جازا يۈرگۈزگەندىن كېيىن، ياۋروپا پارلامېنت خىتاي - ياۋروپا ئومۇمىيۈزلۈك مەبلەغ سېلىش كېلىشىمىنى ۋاقىتىنچە توختاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com






ياۋروپا ئىتتىپاقى خىتاينىڭ كېڭەيمىچىلىك پىلانىنىڭ يۈرگۈزۈلۈش ۋاستىسى بولغان «بىر بەلباغ بىر يول» سىياسىتىنىڭ ياۋروپاغا كۆرسىتىۋاتقان تەسىرى ئۈستىدە ئەستايىدىل ئويلىنىشقا باشلىدى.

ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ 80 نەپەر ئەزاسى 7 دۆلەت گۇرۇھىغا (گ 7) بىرلەشمە ئىمزالىق خەت يېزىپ، 7 دۆلەت گۇرۇھىنى ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش جەھەتتە كونكرېت تەدبىر قوللىنىشقا دەۋەت قىلدى.

بۇنىڭدىن سىرت 20 نەپەر ياۋروپا پارلامېنت ئەزاسى ياۋروپا كېڭەشكە بىرلەشمە ئىمزالىق خەت يېزىپ، ياۋروپا ئەللىرى ئىتتىپاقى ۋەكىللىرىنىڭ 2022 ـ يىللىق بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك مۇسابىقىسىگە قاتنىشىش مەسىلىسىنى قايتا ئويلىشىشنى تەلەپ قىلدى.

ياۋروپا پارلامېنتى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك كىشىلىك ھوقۇق مۇكاپاتى بولغان ساخاروف پىكىر ئەركىنلىكى مۇكاپاتى، 2019 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ياۋروپا پارلامېنتىدا 700 گە يېقىن پارلامېنت ئەزاسىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن داغدۇغىلىق مۇراسىم بىلەن خىتاي تۈرمىسىدىكى پىروفېسسور ئىلھام توختىغا بېرىلدى. بۇ مۇكاپاتنىڭ ئىلھام توختىغا بېرىلىشى ئۈچۈن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى، ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتى (UNPO) ۋە ئىلھام توختى گۇرۇپپىسىنىڭ بىرلىكتە ياۋروپا پارلامېنتىدا 2015 ـ يىلىدىن بۇيان ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى زور رول ئوينىدى.

ياۋروپا پارلامېنتى ساخاروف مۇكاپاتى كومىتېتىنىڭ 58 ئەزاسى بىرلەشمە باياناتى ئېلان قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى بارلىق سىياسىي مەھبۇسلارنى قويۇپ بېرىش، جۈملىدىن ئىلھام توختىنى دەرھال قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى (ناتو) باشلىقلار يىغىنىدىن كېيىن خىتاي ھۆكۈمىتىگە بولغان تۈنجى قاتتىق پوزىتسىيەسىدىن كېيىن، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، ناتو بىلەن ئالاقە باغلاپ، مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىشكە تىرىشتى.

### 3. ھۆكۈمەت ۋە مىللىي پارلامېنتلاردىكى لوبى پائالىيەتلىرى



دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى قۇرۇلغاندىن بۇيان ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمەت ۋە پارلامېنتلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە ئىزچىل تۈردە ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن ئىدى. 6 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتايدىن كېيىن، دېموكراتىك دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمەت ۋە پارلامېنتلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە تېخىمۇ كۆپ كۈچ سەرپ قىلىندى. دۆلەتلەرنىڭ مىللىي سىياسەتلىرىگە، ئىستراتېگىيەلىك مەنپەئەتلىرىگە تەسىر قىلىشنىڭ يولى ھەققىدە ئىزدىنىش ئېلىپ باردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەھبەرلىرى ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئەزا ھەر قايسى دۆلەتلەر، ئامېرىكا، كانادا، ئەنگلىيە، ئاۋستىرالىيە، ياپونىيە، تۈركىيە، تەيۋەن، مالايشىيا، ھىندونېزىيە، تايلاند، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى بولۇپ، توپلام 31 دۆلەتتە زىيارەتتە بولۇپ، بۇ دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمەتلىرى، پارلامېنتلىرى ۋە بۇ دۆلەتلەردىكى سىياسىي، ئاممىۋى تەشكىلاتلار بىلەن مەخسۇس ئۇچرىشىشلار ئېلىپ باردى.

ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمەت ۋە پارلامېنتلىرىغا شەرقىي تۈركىستان خەلقى دۇچ كېلىۋاتقان خەتەرلىك ۋەزىيەتلەر، بولۇپمۇ جازا لاگېرى مەسىلىسى ھەققىدە مەلۇمات بېرىش بىلەن بىرگە، ئۇلارغا مەخسۇس دوكلات ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئارزۇ - تەلەپلىرى سۇنۇلدى. ئامېرىكا، ئەنگلىيە، كانادا، ئىتالىيە، بېلگىيە، لىتۋانىيە، گوللاندىيە، ئاۋستىرالىيە، ياپونىيە، گېرمانىيە، ياۋروپا پارلامېنتلىرى تاشقى ئىشلار كومىتېتى ۋە ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتىدا تەكلىپكە بىنائەن گۇۋاھلىقلار بېرىلدى.

كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى (HRW)، ئاۋستىرالىيە ئىستراتېگىيە - سىياسىي ئىنستىتۇتى (ASPI)، نەۋلىنە ئىنستىتۇتى قاتارلىق خەلقئارا تەتقىقات مەركەزلىرى ۋە ئادرىيان زېنز قاتارلىق مۇتەخەسسىسلەر ئاسىيە ئۇيغۇر، ئابدۇۋەلى ئايۇپ قاتارلىق ئۇيغۇر مۇتەخەسسىسلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ دوكلاتلار ئېلان قىلدى، ۋاشىنگتون پوست، نيۇ - يورك تايمىس، ب ب س، س ن ن، سكاينيوز، د ۋ قاتارلىق يۈزلىگەن خەلقئارالىق مەتبۇئاتلاردا مەخسۇس ھۆججەتلىك فىلىملەر، تەكشۈرۈش دوكلاتلىرى كۆرسىتىلدى. بۇلارنىڭ نەتىجىسىدە ئامېرىكا كونگرېسىدىن چىقىرىلغان قانۇنلار، كانادا، گوللاندىيە، بېلگىيە، ئەنگلىيە، لىتۋانىيە، چېخىيە پارلامېنتلىرى ۋە گېرمانىيە پارلامېنتى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنىڭ قارارلىرى مىللىي دەۋايىمىز تارىخىدا بىر دەۋر بۆلگۈچ ھادىسىلەر بولدى.

- دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى، ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇر كىشىلىك پىروگراممىسى، ئۇيغۇر ئامېرىكا جەمئىيىتى ۋە ئۇيغۇر ھەركىتى تەشكىلاتى بىلەن بىرلىكتە، ئامېرىكا كونگرېسى ۋە ھۆكۈمىتىدە ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى، ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق - سىياسىي قانۇنىنى قوبۇل قىلدۇرۇش ئۈچۈن كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. 2020 - يىلى 7 - ئاينىڭ 17 - كۈنى تارىختا تۇنجى قېتىم بىر ئۇيغۇرلار ھەققىدە قانۇن ئامېرىكا پرېزىدېنتىنىڭ قول قويۇشى بىلەن قانۇن بولۇپ ئۆتتى. شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىقى ئەۋجىگە چىققان يىللاردا ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى مايك پومپيو ئەپەندى 2021 - يىلى 19 - يانۋار كۈنى يەنى ئەڭ ئاخىرقى ۋەزىپە كۈنىدە ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن

مەڭگۈ ئۇنتۇلماس بىر باياناتنى ئېلان قىلىپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزۈۋاتقان جىنايەتلىرىنىڭ سەۋىيەسىنىڭ قانداقتۇر غەربتىكى تاراتقۇلار يىللاردىن بېرى تەكرارلاپ كېلىۋاتقان نوقۇل دىنىي زۇلۇم، مىللىي زىيانكەشلىك، ئىرقىي كەمسىتىش، مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقى سەۋىيەسىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان جىنايەتلەر بولماستىن، بەلكى بىر پۈتۈن مىللەتكە قارىتىلىۋاتقان غايەت زور ئىرقىي قىرغىنچىلىق سەۋىيەسىدىكى ئىنسانىيەتكە قارشى ئېغىر جىنايەت ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈردى. مەزكۇر بايانات ۋەتىنىمىزدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن تارىخىي خۇشاللىقتا ئايلاندى. مەزكۇر قانۇن ۋە تارىخىي بايانات نەتىجىسىدە بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى 155 كۈن ئىچىدىلا شىمالىي ئامېرىكا ۋە ياۋروپادىكى دېموكراتىك دۆلەتلەرنىڭ پارلامېنتلىرى بەس - بەستە ئورتاق بايانات ئېلان قىلىشىپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى خەلقىمىزگە قارىتا سادىر قىلىۋاتقان تۆرلۈك جىنايەتلىرىنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ ئېتىراپ قىلدى.




- دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى، كانادا ئۇيغۇر هوقۇقىنى هىمايە قىلىش قۇرۇلۇشى ۋە كانادا شەرقىي تۈركىستان بىرلەشمىسى بىرلىكتە، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان مىللىي قىرغىنچىلىقىنى پاش قىلىش ۋە كانادا پارلامېنتىدا خىتاينىڭ بۇ جىنايەتلىرىنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ ئېتىراپ قىلدۇرۇش ئۈچۈن 2019 -

يىلىدىن باشلاپ نۇقتىلىق ۋە سىستېمىلىق پائالىيەت باشلىدى. 2020 ـ يىلى 12 ـ فېۋرال كۈنى كانادا پارلامېنتىدا ۋەكىلى بار بولغان 5 سىياسىي پارتىيەنىڭ 36 مىللەت ۋەكىلىنىڭ ئەزا بولۇشى بىلەن كانادا پارلامېنتى ئۇيغۇر دوستلۇق گۇرۇپپىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك قۇرۇلۇپ ئىش باشلىغان ئىدى. 2020 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى كانادا پارلامېنتى خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتى تۈنجى بولۇپ خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان جىنايى قىلمىشىنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ دوكلات ئېلان قىلدى. ئۇيغۇر دوستلۇق گۇرۇپپىسىغا ئەزا بولغان پارلامېنت ئەزالىرى ئۆزلىرى تەۋە بولغان سىياسىي پارتىيەلەرنى ھەرىكەتكە ئۆتكۈزۈش نەتىجىسىدە 2021 ـ يىلى 22 ـ فېۋرال كۈنى ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقى مەسىلىسى كانادا پارلامېنتىدا ئاۋازغا قويۇلۇپ ئاۋاز بېرىشكە قاتناشقان 266 مىللەت ۋەكىلىنىڭ تولۇق ئاۋازى بىلەن تەستىقلاندى. كانادا پارلامېنتى ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى رەسمىي ئېتىراپ قىلغان تۈنجى پارلامېنتى بولدى.

ــ دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى، لوندون ئىشخانىسى تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن، ئەنگلىيەدىكى پائالىيەت سالمىقى كۆرۈنەرلىك ئاشۇردى. بۇرۇنقى ئىشلەنگەن تەشۋىقات خىزمەتلىرى ئاساسىدا، لوندون ئىشخانىسى داۋاملىق تۈردە نۇسرەت غەنى، لورد ئالتون، ياسمىن قۇرەشى، چىرس لاۋ، لوفتون، ئافزال خان قاتارلىق مۇھىم پارلامېنت ئەزالىرى بىلەن ئۇچرىشىپ سۆھبەتلەردە بولدى. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ئەنگلىيەدىكى تەشەببۇسلىرى باشقا دىنىي تەشكىلاتلاردا، بولۇپمۇ يەھۇدىي جەمئىيەتلىرىدە مۇۋەپپەقىيەتلىك نەتىجىلەرنى بېرىپ، بۇ كومىتېت ئەزالىرى بىلەن ئىنتايىن ئۈنۈملۈك مۇناسىۋەت ئورناتتى. ئەنگلىيەدىكى يەھۇدىيلار ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنىڭ ئېتىراپ قىلىنىشىغا ئاكتىپ كۈچ چىقاردى. ناتسىستلار چوڭ قىرغىنچىلىقىدىن ئامان قالغان شاھىتلار، مىسلى كۆرۈلمىگەن قەدەملەرنى بېسىپ، سىنلىق كۆرۈنۈش ئارقىلىق ئەنگلىيە باش مىنىستىرى بورىس جونسونغا ئوچۇق خەت يېزىپ، ئۇنىڭدىن سودا قانۇن لايىھەسىدىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق ماددىسىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى بىلەت تاشلاشنى بالدۇرراق كۆرۈشنى خالايدىغانلىقلىرىنى تەلەپ قىلدى. ئۇلارنىڭ چاقىرىقىغا 50 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئىمزا قويدى. يۇقىرىقى تىرىشچانلىقلار نەتىجىسىدە 2021 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئەنگلىيە كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ 2016 ـ يىلدىن 2020 ـ يىلىغىچە بولغان ئېغىر كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى ھەققىدە بايانات ئېلان قىلدى ۋە ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنى خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق كىرىزىسىغا قارشى يەر شارى خاراكتېرلىك ھەرىكەتكە رەھبەرلىك قىلىشقا چاقىردى. ئەڭ مۇھىمى، 2021 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئەنگلىيە ئاۋام پالاتاسى ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى ئېتىراپ قىلدى.



- تۈركىيەدە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى، تۈركىيەدىكى باشقا قېرىنداش تەشكىلاتلار بىلەن ھەمكارلىشىپ داۋاملىق تۈردە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى، سىياسىي پارتىيە رەھبەرلىرى ۋە پارلامېنت ئەزالىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى ئاڭلىتىپ كەلدى. تۈركىيەنىڭ باشقا دۆلەتلەر بىلەن ئوخشىمايدىغان يېرى: تۈركىيەنىڭ ئالاھىدە سەزگۈر سىياسىي مۇھىتى بار. تۈركىيە - خىتاي ئىقتىسادى مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاش ئارقا كۆرۈنۈشىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىقى مۇزاكىرىگە قويۇشى قىيىن بولۇۋاتىدۇ. تۈركىيەدە 50 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر ياشايدۇ. نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قولىدا ھېچقانداق رەسمىي بىر سالاھىيەت كىملىكى يوق، پاسپورتلىرىنىڭ ۋاقتى ئۆتكەن، كېيىنكى يىللاردا تۈركىيەدە تۇغۇلغان مىڭلارچە باللارنىڭ قانۇنى كىملىكى يوق، ئۇلار ئىنتايىن مۇقىمسىز ۋە خەتەرلىك ۋەزىيەتتە تۇرۇۋاتىدۇ. تۈركىيە ھۆكۈمىتى ئىمزالاش ئېھتىمالىدا تۇرغان «تۈركىيە - خىتاي ئۆزئارا ئۆتكۈزۈپ بېرىش كېلىشىمى»نى توختىتىش ئۈچۈن، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى جىددىي يىغىن چاقىرىپ، تۈركىيەدىكى ۋەكىللىرىمىزدىن پارلامېنتتىكى ئوخشىمىغان پارتىيە ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، بۇ كېلىشىمنىڭ تۈركىيە پارلامېنتىدا ئاۋازغا قويۇلماسلىقى ئۈچۈن تىرىشىشنى تەلەپ قىلدۇق. ھازىرچە كۆپلىگەن پارتىيەلەر ئاۋاز قوشتى. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى تۈركىيە تاشقى ئىشلار كومىتېتىغا ۋە ئەدلىيە كومىتېتىنىڭ بارلىق ئەزالىرىغا خەت يېزىپ، ئۆز مەيدانىنى ئىپادە قىلدى. بۇ خەت پارلامېنت ئومۇمىي يىغىنىدا ئوقۇپ ئۆتۈلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



— دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى، لاتۋىيە پارلامېنتىنىڭ ئەزاسى دوۋلە ساكالىئەنە خانىم بىلەن يېقىن ئالاقىدە بولۇپ، ھەمكارلىشىپ كەلدى ۋە ئۇنىڭ لاتۋىيە پارلامېنتىدا ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى مۇنازىرىگە قويۇشى جەريانىدا ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەپ، قىزغىن ياردەمدە بولدى. دوۋلە ساكالىئەنە خانىم، پارلامېنتتا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تەمىنلىگەن ماتېرىياللار بىلەن قوشۇپ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىز - دېرەكسىز يوقاپ كەتكەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىملىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 2021 - يىلى 5 - ئايدا لاتۋىيە پارلامېنتىدا ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى ئېتىراپ قىلىدىغان قارار ماقۇللاندى.

— شۋېيتسارىيە ۋە ئاۋستىرىيە قاتارلىق گېرمان تىللىق دۆلەتلەرنىڭ پارلامېنت ئەزالىرى بىلەن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى مەركىزى ئورگىنى يېقىن ئالاقىدە بولۇپ كەلدى. بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ پارلامېنتلىرىدىكى ھەر قايسى سىياسىي پارتىيە رەھبەرلىرى ۋە پارلامېنت ئەزالىرى بىلەن كۆپ قېتىم تور يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، ئۇلارغا ئۇيغۇر ۋەزىيىتىنى ئاڭلىتىپ، ئۇلارنىڭمۇ ھەرىكەتكە كېلىشى ئۈچۈن كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىلدى. بۇ ئۇچرىشىشلار ھازىرمۇ داۋاملاشماقتا. بۇ پارلامېنتتىمۇ ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقى توغرىسىدا تەكلىپ ۋە مۇنازىرىلەر بولۇۋاتىدۇ.

— دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئايرىم ۋە گوللاندىيەدىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى بىلەن بىرلىكتە، گوللاندىيە پارلامېنت ئەزالىرى بىلەن كۆپ قېتىم تور يىغىنى ئېلىپ باردى. گوللاندىيە پارلامېنت سايلىمى جەريانىدا، خەلقئارا تىبەت ھەرىكىتى ياۋروپا مەركىزى بىلەن مەخسۇس مەتبۇئات يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، ھەر قايسى سىياسىي پارتىيەلەرنىڭ پارلامېنت ئەزالىرىنى تەكلىپ قىلىپ، ئۇيغۇر ۋە تىبەت مەسىلىسىگە بولغان قوللاش پوزىتسىيەسىنى ئىپادىلەشكە ھەيدەكچىلىك قىلدى. بۇ پائالىيەتلەرنىڭ سىياسىي مۇنبەردە بەلگىلىك ئىجابىي تەسىرى بولدى. گوللاندىيە پارلامېنتىنىڭ تۇنجى بولۇپ ياۋروپادا خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزۈۋاتقان جىنايىتىنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ ئېتىراپ قىلىشى ياۋروپا دۆلەتلىرىدە مۇھىم ئۈلگە تىكلەپ بەردى.

— گېرمانىيە ھۆكۈمىتى گەرچە خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق تاجاۋۇزچىلىقىغا، خۇددى ئامېرىكادەك بەك ئاكتىپ پوزىتسىيەدە بولۇپ كەتمىگەن بولسىمۇ، ئا ما ب د ت دا، ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىنى ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيە بىلەن ھەمكارلىق ئاساسىدا كۆپ قېتىم، ئاكتىپ بىر شەكىلدە كۈن تەرتىپكە ئېلىپ كەلدى. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ كۆپ قاتلاملىق ۋە كەڭ دائىرىلىك خىزمەت ئىشلىشى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋە باشقا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى داۋاملىق بېسىم قىلىشى نەتىجىسىدە ئۇيغۇر مەسىلىسى گېرمانىيە تاشقى ئىشلار سىياسىتىدە ئويلاشمىسا بولمايدىغان مۇھىم ئىشلار قاتارىغا كىردى. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى،

گېرمانىيە پارلامېنتىدىكى ھەر قايسى سىياسىي پارتىيەلەر بىلەن كۆپ قېتىم ئۇچرىشىش نەتىجىسىدە، 2019 - يىلىدىن 2021 - يىلىغىچە توپلام 3 قېتىم گېرمانىيە پارلامېنتىدا گۇۋاھلىق يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. گېرمانىيە پارلامېنتى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتى 2021 - يىلى 5 - ئايدا، مەخسۇس بايانات ئېلان قىلىپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بېرىۋاتقان قىرغىنچىلىقىنى «ئىنسانىيەتكە قارشى ئىشلەنگەن جىنايەت» دەپ ئېلان قىلدى.

- گوللاندىيە، ئەنگلىيە، لىتۋانىيە، بېلگىيە ۋە چېخ قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ پارلامېنتلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى رەسمىي ئېتىراپ قىلىشى، ئۇيغۇر دەۋايىمىزنىڭ خەلقئارا سىياسىي سەھنىدىكى ئورنىنى ۋە كىملەرنىڭ بىزگە سەپداش بولۇۋاتقانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى. گېرمانىيە، نورۋېگىيە، شۋېيتسارىيە، فىرانسىيە قاتارلىق ياۋروپا ئەللىرىدە ئۇيغۇر مەسىلىسى ئاللىبۇرۇن ھۆكۈمەت، پارلامېنتلارنىڭ خىزمەت كۈنتەرتىپىدىن ئورۇن ئالدى.

### 4. خەلقئارا تەشكىلاتلار بىلەن بولغان ھەمكارلىقلار




دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى قۇرۇلغاندىن بۇيان خەلقئارا تەشكىلاتلار (NGO) بىلەن بولغان ئالاقە ۋە ھەمكارلىققا ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن ئىدى. ئۆتكەن 4 يىل ئىچىدە بۇ ھەمكارلىقنى ئۈزلۈكسىز داۋام قىلدۇردى ۋە يۇقىرى بىر سەۋىيەگە ئۇلاشتى. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان يېقىن ھەمكارلىقتا بولۇپ كەلگەن تەشكىلاتلاردىن:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



- خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى(AI)،
- كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى (HRW)،
- خەتەر ئاستىدىكى خەلقلەر تەشكىلاتى (گفبۋ)،
- خەلقئارا مۇھاجىرلار تەشكىلاتلىرى،
- ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتى (UNPO)،
- چېگراسىز ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتى (HRWف)،
- چېگراسىز مۇخبىرلار تەشكىلاتى
- رافتو فوئۇندى،
- ھەلسىنكى كومىتېتى
- ئالكاراما فوندى
- ئامېرىكا دېموكراتىيەنى ئىلگىرى سۈرۈش فوندى (NED)،
- دۇنيا دېموكراتىك ھەرىكىتى (WMD)،
- خىتايدا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى (HRIC)،
- كىشىلىك ھوقۇق خەلقئارا فېدېراتسىيەسى،
- ئەركىنلىك ئۆيى،
- كوممۇنىزم قۇربانلىقى خاتىرە فوندى
- ئۇنتەد
- دۇنيا ئۆلۈم جازاسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئىتتىپاقى
- ئادىل سوتلاش
- خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق مەركىزى،
- خەلقئارا ئىسلام تەشكىلاتلىرى،
- خەلقئارا خىرىستىيان تەشكىلاتلىرى،
- تۈرك تەشكىلاتلىرى،
- يەھۇدىي تەشكىلاتلىرى،
- خىتاي مۇستەملىكىسى ئاستىدىكى مىللەتلەردىن تىبەت، جەنۇبىي موڭغۇلىيە، خوڭكوڭ، تەيۋەن ۋە خىتاي دېموكراتىك ھەرىكەتلىرى بىلەنمۇ ھەمكارلىق مۇناسىۋەتلىرىدە بولۇپ كەلدۇق.

2018 - يىلىنىڭ ئاخىرى ۋە 2019 - يىلىدىن باشلاپ يۇقىرىقى تەشكىلاتلار بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى تېخىمۇ كۈچەيتىش بىلەن، خەلقئارادىكى

ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، سودا بىرلەشمىلىرى، ھەرقايسى دىنىي گۇرۇپپىلار ۋە دىنلار ئاراسى دىيالوگنى تەشەببۇس قىلىدىغان تەشكىلاتلار بىلەنمۇ يېقىن ھەمكارلىق شەكىللەندۇردۇق. يەھۇدىي، خرىستىيان، مۇسۇلمان ۋە بۇددىست جامائىتى، ئىبادەت مەركەزلىرى بىلەنمۇ يېقىن ئىش بىرلىكى ئىلىپ بېرىلدى. يەھۇدىي تەشكىلاتلىرىنىڭ بولۇپمۇ ئەنگلىيەنى مەركەز قىلغان يەھۇدىي تەشكىلاتلىرىنىڭ، ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى توختىتىش جەھەتتە ئوينىغان رولىنى ئالاھىدە تىلغا ئىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. 2020 - يىلى 8 - ئايدا، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن 74 دىنىي رەھبەرلەر بىرلەشمە چاقىرىق ئېلان قىلىپ، ئىنسانىيەتنى ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى توختىتىشقا چاقىردى.

خەلقئارا تەشكىلاتلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەر، بىرلىكتە ئەمەلىي ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش، خەلقئارا سەۋىيەدە ۋە دۆلەتلەر، ھۆكۈمەتلەر سەۋىيەسىدە بىرلىكتە ئەمەلىي ئىش قىلىش دەرىجىسىگە يۈكسەلدى. مەسىلەن؛ 2020 - يىلى 5 - ئايدىن باشلاپ دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تەركىبىدىكى تەشكىلاتلاردىن، UHRP، كفۇ، UAA قاتارلىق ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ بىرلىكتە سەپەرۋەر قىلىشى بىلەن مەجبۇرى ئەمگەكنى توختىتىش خەلقئارالىق ھەمكارلىق قۇرۇلۇپ چىقىلىپ، بىرلىكتە ئىش ئىلىپ بېرىلىشقا باشلىدى. بۇ ھەمكارلىقنىڭ ئىچىدە ھازىر 70 ئۇيغۇر تەشكىلاتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان باشقا خەلقئارا تەشكىلاتلار بولۇپ، جەمئىي 380دىن ئارتۇق تەشكىلات بىرلىكتە شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇرى قۇل ئەمگىكىنى ئاخىرلاشتۇرۇش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرماقتا.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى 2019 - يىلدىن باشلاپ ياۋروپا ئالەم بوشلۇق ئىدارىسى بىلەن شەرقىي تۈركىستاندىكى لاگېرلار، تۈرمىلەر، مەجبۇرى ئەمگەك ئورۇنلىرىنى تېپىپ چىقىش ئۈچۈن بىرلىكتە تەتقىقات پىروگراممىلىرى ئىلىپ بارماقتا.

بۇنىڭدىن باشقا خەلقئارا تەشكىلاتلار بىلەن بىرلىكتە مۇھاكىمە يىغىنلىرى ئورۇنلاشتۇرۇش، دوكلات تەييارلاش، بىرلىكتە نامايىش، نارازىلىق پائالىيەتلىرى، مەتبۇئات يىغىنلىرى ئۇيۇشتۇرۇش قاتارلىق كۆپلىگەن پائالىيەتلەر ئىلىپ بېرىلدى. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەھبەرلىرى نۇرغۇنلىغان خەلقئارا تەشكىلاتلار، پارتىيە، تەتقىقات ئورۇنلىرى، ئۇنىۋېرسىتېتلار ۋە پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن يۈزلەرچە خەلقئارا يىغىنغا قاتنىشىپ، شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە ئوخشىمىغان تېمىلار بويىچە دوكلات بەردى. خەلقئارا تەشكىلاتلارنىڭ، تەتقىقات مەركەزلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك دوكلاتلارنى تەييارلىشىغا يېقىندىن ماسلىشىپ، ئۇلارنى ماتېرىيال ۋە پاكىتلار بىلەن تەمىنلەشكە تىرىشىپ كەلدى.

## 5. بايانات، مەتبۇئات - تەشۋىقات خىزمەتلىرى




دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ خەلقئارادىكى ئاۋازى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ھالقىلىق پەيت ۋە مۇھىم ۋەقەلەرگە نىسبەتەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەنپەئەتىنى چىقىش نۇختىسى قىلىپ، ۋاقتىدا بايانات ۋە چاقىرىق ئېلان قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى.

خەلقئارادا يۈز بەرگەن سىياسىي ۋەقەلەر، خىتاي ۋە شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك ھادىسىلەرنى يېقىندىن شۇئۇيېتسارىيە، تەتقىق قىلىپ، دۇنيا ۋە رايون خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلەر، ھادىسىلەر ۋە بۇنىڭ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىگە بولغان تەسىرلىرى، شۇنداقلا جازا لاگېرىغا ۋە ۋەتىنىمىزدە جەريان قىلغان سىياسىي، ئىجتىمائىي، دىنىي، مەدەنىي ۋە ئىقتىسادى ۋەزىيەتلەر ھەققىدە ئەستايىدىل مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىپ، ۋەقەلەرگە قارىتا دەرھال ئىنكاس قايتۇرۇپ، باياناتلار ئېلان قىلىپ، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ مەيدانىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى مۇھىم ۋەزىپە دەپ بىلدى. بولۇپمۇ دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ باياناتلىرىنى خەلقئارا مەتبۇئاتلاردا ھەر كۈنى دېگۈدەك كۆرۈش مۇمكىن.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بايانات ئېلان قىلغاندا رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە، خەلقئاراغا توغرا ۋە ئىشەنچلىك ئۇچۇرلارنى تارقىتىشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىپ كەلدى. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئېلان قىلغان باياناتلار خەلقئارا مەتبۇئاتلارنىڭ،

خەلقئارا تەشكىلاتلارنىڭ، دۆلەتلەرنىڭ دىققەت ئېتىبارىغا ۋە ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ كەلمەكتە. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تارقاتقان ئۇچۇرلار توغرا ئۇچۇرلار دەپ قوبۇل قىلىنماقتا.

2017 - يىلى 11 - ئايدىن 2021 - يىلى 10 - ئايغىچە، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئا ب س خەۋەرلىرى، BBC، CNN، ئەلجەزىرە، گېرمانىيە دولقۇنلىرى، فرانس 24، مۇھاپىزەتچى گېزىتى، ۋاشىنگتون پوست، جەنۇبى گېرمانىيە گېزىتى، دۇنيا گېزىتى، قانىلى قاتارلىق دۇنيادا تەسىر كۈچكە ئىگە تاراتقۇلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، 300 دىن ئارتۇق بايانات ئېلان قىلىپ، خەلقئارا جەمئىيەتنى ئۇيغۇر مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلۈش، ئامېرىكا ۋە ياۋروپا ئەللىرىنى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى ۋەھشىيلەرچە دەپسەندە قىلىشىنى توسۇشقا چاقىردى.

دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەھبەرلىرى ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق دۆلەتلەردىكى گېزىت - ژۇرنال، رادىيو - تې ۋ ئورگانلىرى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت قۇرۇشقا تىرىشىپ، ئۇيغۇر مەسىلىسىنىڭ خەلقئارا مەتبۇئاتلاردا بەلگىلىك تەسىر قوزغىشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىپ كەلمەكتە. بۈگۈن خەلقئارا مەتبۇئاتلاردا ھەر كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى گە ئائىت بىر قانچە خەۋەر، باياناتلار چىقىپ تۇرۇۋاتىدۇ.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەھبەرلىرى دۇنيانىڭ مەشھۇر گېزىت ۋە ژۇرناللىرىدا مەخسۇس ماقالە (ئوبزور) ئېلان قىلىپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئۇيغۇر مەسىلىسىگە بولغان تونۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇردى.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى خەلقئارا مەتبۇئات بىلەن يېقىن ھەمكارلىق ئورنىتىش بىلەن بىرگە، تەشۋىقات خىزمەتلىرىگىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. تەشۋىقات خىزمىتى، ئەمەلىيەتتە زور ئىقتىساد ۋە كەسپىي خادىملارنى تەلەپ قىلىدىغان بىر ساھەدۇر. ئىقتىسادى ۋە ئادەم كۈچى جەھەتتىكى زور قىيىنچىلىق ئىچىدە، خالىسانە خىزمەت قىلىدىغان كەسپىي خادىملارنى سەپەرۋەر قىلىش ئارقىلىق خەلقئارا سەھنىدە ۋە مىللىي تەشۋىقات ساھەسىدە كۆپ خىزمەتلەر ئىشلەندى.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تەشۋىقات ئىشلىرىغا كۆپ كۈچ چىقىرىپ، توختىماي تىرىشچانلىقى ئارقىلىق، ۋەتەندە ئۇنى بوغۇلغان، لاگېر تۈرمىلەردە قىينىلىۋاتقان، خەلقىمىزنىڭ ئاۋازى بولدى. خىتاي يوشۇرۇشقا تىرىشقان ئىنسانىيەت قېلىپىدىن چىققان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى دۇنياغا تونۇتۇشتا ۋاستىلىك رول ئوينىدى. دۇنيا خەلقىنىڭ ئۇيغۇرلارغا بولغان تونۇشى، ئۇيغۇر مەسىلىسىگە بولغان چۈشەنچىسىنى زور دەرىجىدە چوڭقۇرلاشتۇردى ۋە ئۇيغۇر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



مەسىلىسى ھەققىدە مۇنازىرە قوزغىدى. بىزنى چۈشىنىدىغانلارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ سېپىمىز كۈندىن كۈنگە زورايماقتا.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئۇيغۇرچە، ئىنگلىزچە، نېمىسچە، فىرانسۇزچە، تۈركچە، رۇسچە، خىتايچە، ياپونچە ۋە ئەرەبچە بولۇپ، جەمئىي 10 خىل تىلدا تور بېتى يولغا قويۇش بىلەن بىرگە تۇتتېر قاتارلىق ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردىنمۇ ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ كەلمەكتە. 2010 - يىلىدىن باشلاپ ئىنگلىز تىلىدا تارقىتىپ كېلىۋاتقان ئايلىق خەۋەرنامە، ھەر ئاينىڭ بىرىنچى ھەپتىسى قەرەللىك ھالدا ھۆكۈمەت، پارلامېنت، خەلقئارا تەشكىلات، مەتبۇئات ۋە تەتقىقات مەركەزلىرىگە يوللانماقتا. 2018 - يىلى 12 - ئايدىن باشلاپ دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تور تۆسى يولغا قويۇپ، دەسلەپتە ھەپتىلىك خەۋەرلەر شەكلىدە، 2019 - يىلى 8 - ئايدىن باشلاپ كۈندىلىك خەۋەرلەر پىروگراممىسى يولغا قويۇپ كەلدۇق.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تور بېكىتىنى مۇقىم كۆرىدىغانلار 45 مىڭدىن ئاشتى، تور بېكەت ئوتتۇرا ھېساب 330 مىڭدىن ئارتۇق چېكىلدى. ئىجتىمائىي ئالاقە تورلىرى جەھەتتە، فېيسبۇك، تۇتتېر ۋە ئىنستاگرامدىكى ئەگەشكۈچىلەر ئايرىم - ئايرىم ھالدا 18 مىڭ 600، 42 مىڭ 100 ۋە 12 مىڭ 500گە يەتتى. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئايلىق خەۋەرلىرى ۋە ھەپتىلىك خەۋەرلىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن پائالىيەتلەر ھەققىدىكى خەۋەرلەر، يېقىن كەلگۈسىدە ئۆتكۈزۈلمەكچى بولۇنغان پائالىيەتلەر، خۇلاسىلەر، ئىجادىي ۋىدېئو قاتارلىق مەزمۇنلار ئېلان قىلىنىپ، ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر مەسىلىسى ھەققىدىكى ئىشەنچلىك ئۇچۇر مەنبەسىگە ئايلاندى.

### 6. دوكلاتلار ۋە تەتقىقات خىزمەتلىرى




بۈگۈنكىدەك نازۇك ۋە ھالقىلىق بىر مەزگىلدە، دۇنيانى پاكىتلىق، قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە مەلۇماتلار بىلەن تەمىنلەش، خىتاينىڭ يالغان پاكىتلىرىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن پاكىتلارغا ۋە ھۆججەتلەرگە تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بۇ نۇقتىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئىلمىي، تەكشۈرۈش دوكلاتلىرىنى تەييارلاپ، نەشر قىلىپ خەلقئارا تەشكىلاتلارغا، ھۆكۈمەتلەرگە، تەتقىقات مەركەزلىرىگە ۋە مەتبۇئاتلارغا تەقدىم قىلىپ كەلدى. بۇ دوكلاتلار خەلقئارا ئورگانلار ۋە

دۆلەتلەر تەرىپىدىن ئىشەنچلىك ماتېرىيال مەنبەسى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىپ، پايدىلىنىش قىممىتىگە ئېرىشمەكتە.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تەرىپىدىن تەييارلانغان دوكلاتلار، ب د ت نىڭ ھەرقايسى ئورگانلىرى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ، ب د ت، خىتاي ھۆكۈمىتىنى خەلقئارا ئەھدىنامىلەر بويىچە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا، بۇ دوكلاتلارنى پايدىلىنىش ماتېرىيالى ۋە مەنبە قىلىپ ئىشلەتمەكتە. ھازىرغىچە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تەرىپىدىن ب د ت ئەھدى ئورگانلىرىغا يوللانغان 8 پارچە دوكلات ب د ت تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ، ب د ت تور بېتىدە ئېلان قىلىندى.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى 2004 ـ يىلدىن ھازىرغىچە ھەر خىل تېمىلار بويىچە تۇپلام 40 پارچە مەخسۇس دوكلات تەييارلاپ، نەشر قىلدى. (بۇنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تور بەتلىرىدىن كۆرۈۋالالايسىلەر)

### 7. ئۇيغۇر رەھبەرلەرنى دېموكراتىيە ۋە كىشىلىك ھوقۇق بويىچە تەربىيەلەش پىروگراممىسى




دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ 2017 ـ يىلدىن بۇيان ئېلىپ بارغان سىستېمىلىق پائالىيەتلىرىدىن بىرى، ئۇيغۇر رەھبەرلەرنى تەربىيەلەش پىروگراممىسىدىن ئىبارەت. شەرقىي تۈركىستان مىللىي دەۋاسىنى خەلقئارا سەۋىيەدە ئېلىپ بېرىش، تەشكىلات رەھبەرلىرىنىڭ ۋە مىللىي دەۋا سېپىمىزدىكى سىياسىي پائالىيەتچىلىرىمىزنىڭ كەسپىي سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ياشلىرىنى تەربىيەلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلدۇق. ئامېرىكا دېموكراتىيەنى ئىلگىرى سۈرۈش فوندى (NED)نىڭ ماددىي جەھەتتىن قوللىشى

www.uyghurkitap.com



بىلەن ھازىرغىچە، ۋاشىنگتون، توكيو، سىدنېي، ئادىلايدې، مېلبورن، دېنھاك، ئىستوكھولم، ئوسلو، بىريۇسسېل، بېرلىن، مۇيىخەن، جەنۋە، ئىستانبۇل، بىشكەك شەھەرلىرىدە بولۇپ توپلام 16 قېتىم تەربىيەلەش كۇرسى ئۆتكۈزدۇق. بۇنىڭ 6 قېتىملىقى كېيىنكى 2 يىل ئىچىدە ئېلىپ بېرىلدى. تەربىيەلەش پىروگراممىسى ئارقىلىق، ئۇيغۇر سىياسىي پائالىيەتچىلىرىگە خەلقئاراغا «ئۇيغۇر ئاۋازى»نى توغرا ئۇسۇلدا، ئۈنۈملۈك يەتكۈزۈشنى ئۆگەتتى، ئۇيغۇر سىياسىيونلىرىنىڭ ئاخبارات خەۋپىدىن ساقلىنىش ئېڭىنى كۈچەيتتى. كوۋىد سەۋەبلىك، نۇرغۇن چەكلىمىلەرگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن تەربىيەلەش كۇرسىنى توردا ئورۇنلاشتۇرۇپ، 12 مەيداندىن ئارتۇق مۇنازىرە ئۆتكۈزدى.

ھازىر سىياسىي پائالىيەتچىلىرىمىزنىڭ سەۋىيەسىدە زور ئىلگىرىلەشلەر بولدى، بۇرۇنقى دەرس ئاڭلاش شەكلى ھازىرقى خەلقئارادىكى مۇھىم سىياسىيونلار، ئىستراتېگىيە يۆلىنىشىنى بەلگىلىگۈچىلەر، قانۇن چىقارغۇچىلار، ئالىملار، مۇتەخەسسىسلەر بىلەن بىرگە ئۇيغۇر مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىدىغان سەۋىيەگە ئۇلاشتى. (بۇ كۇرسلارغا قاتناشقان بىر قىسىم ياشلىرىمىز بۈگۈن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تەركىبىدىكى تەشكىلاتلار، خەلقئارالىق تەتقىقات مەركەزلىرى، مەتبۇئات ئورۇنلىرىدا تايانچى كۈچ بولۇپ خىزمەت قىلماقتا)

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ئۇيغۇر رەھبەرلىرىنى تەربىيەلەش پىروگراممىسى مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستان مىللىي ھەرىكىتى تارىخىدىكى مۇھىم بېسىلغان قەدەم بولۇپ، مىللىي دەۋا بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى رەھبەرلىرى تۇنجى قېتىم ئۇيغۇر مىللىي ھەرىكىتىنى خەلقئارا قانۇنلارغا ۋە ھوقۇقلارغا تايىنىپ ئېلىپ بېرىشنىڭ سىستېمىلىق نەزەرىيەۋى بىلىملىرىگە ئىگە بولدى.

## 8. مۇھاجىرلار ۋە ئىنسانىي ياردەم خىزمەتلىرى ساھەسىدە

مۇساپىرلار خىزمىتىنى پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا چىڭ تۇتۇپ ئىشلىدۇق. خىتاي زۇلۇمىنىڭ كۈندىن كۈنگە ئېشىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، ۋەتەننى تەرك ئېتىپ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا چېچىلىپ ھاياتلىق يولى ئىزدەپ جاپالىق ياشاپ يۈرگەن ئۇيغۇرلارمۇ، خىتاينىڭ ئۇلارنى قايتۇرۇپ كېتىش، يوقىتىۋېتىش، مەجبۇرى غايىب قىلىۋېتىش، خەۋپى ئاستىدا تۇرماقتا.

بۇ مۇساپىر قېرىنداشلىرىمىزنىڭ تەقدىرى مۇھاجىرەتتىكى ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ يۈرىكىنى تىترەتتى. ئۇلارنىڭ تەقدىرىگە باش قاتۇردى. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئۆلمەس ئۇيۇشقاق روھىنى نامايان قىلىپ، بۇ مۇساپىر قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بىخەتەر



بىر يەرگە ئورۇنلىشىشىغا ئۈچۈن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى قولىدىن كېلىشىچە ماددىي ۋە مەنىۋى ياردەملەردە بولدى.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان مەركىزى تەشكىلات بولۇش سۈپىتى بىلەن، ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداشنى باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچى دەپ تونۇدى. پاناھلانغۇچىلارنىڭ خەۋپىنى ئاڭلىغان ھامان، ئۇلارنىڭ دۇنيانىڭ قانداقلا يېرىدە بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر بىرىنچى ۋاقىتتا شۇ جايدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇن، تەشكىلاتلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇلارغا ياردەم قىلىشقا تىرىشتى.

ب د ت مۇھاجىرلار ئالىي كومىسسارلىقى، ياۋروپا ئىتتىپاقى، جۈملىدىن ئەنگلىيە، گېرمانىيە، بۇلغارىيە، تۈركىيە، تايلاند، مالايشىيا، ئۇكرائىنا قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇيغۇر مۇساپىرلىرى، سىياسىي پاناھلىق تىلىگۈچىلەرنىڭ خىتايغا قايتۇرۇلۇشىنىڭ ئالدىنى ئالدى. ھەتتا جىددىي ئەھۋال ئاستىدا مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇلارنى قۇتقۇزۇشقا ھەمكارلاشتى. ھەمدە قەرەللىك بۇ قېرىنداشلارنى يوقلاپ ھالىدىن خەۋەر ئالدى.

2017 - يىلى 11 - ئاينىڭ ئاخىرىدا تايلاند تۈرمىسىدىن قاچقان 11 نەپەر كىشىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى دەرھال 2 كىشى ئەۋەتىپ، ئۇلارغا ئىنسانىي ياردەم قىلىش ھەركىتى ئېلىپ باردى. نەتىجىدە قۇتقۇزۇش ھەركىتىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلاندى. بۇلغارىيەدىكى 5 ئۇيغۇر، ئۇكرائىنادىكى 4 ئۇيغۇر، شۇنداقلا كۇۋەيت، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى، مىسىر قاتارلىق ۋە باشقا دۆلەتلەردە ھاياتى خەۋپ ئاستىدا قالغان ئۇيغۇرنى قۇتقۇلدۇرۇپ بىخەتەر ھالدا ئۈچىنچى بىر دۆلەتكە ئورۇنلاشتۇرۇشىدا مۇھىم رول ئوينىدى. بۈگۈنكى كۈندە تايلاند تۈرمىسىدە يەنە 54 نەپەر ئۇيغۇر مۇھاجىرلار تۇتۇپ تۇرۇلماقتا. ئۇلارغا ئىنسانىي ياردەم قىلىش ۋە بىخەتەر بىر دۆلەتكە ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى داۋاملىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ كەلمەكتە. مەخسۇس بەلگىلىگەن خادىملار بۇ ھەقتە خىزمەتلىرىنى داۋام قىلىۋاتىدۇ.

تۈركىيەدە قوللىرىدا پاسپورت بولمىغان، كېلەچىكى قاراڭغۇلۇقتا تۇرۇۋاتقان بىر قانچە مىڭ مۇھاجىر قېرىنداشلىرىمىزنىڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش، بىخەتەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



3 ـ دۆلەتكە يۆتكەش ئۈچۈن، ئۆتكەن 2 يىلدىن بۇيان جىددىي كۆرۈشۈشلەر ئېلىپ بېرىلدى ۋە بېرىلىۋاتىدۇ.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى گەرچە ياردەم تەشكىلاتى بولمىسىمۇ، ئەمما مۇھاجىرلار مەسىلىسىدە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى ئېلىپ باردى. خەلقىمىزنىڭ، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بولغان ئىشەنچىسى ۋە ئۈمىدىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى بىلەن، دۇنيانىڭ نەرىدە بولسا ـ بولسۇن قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەن ھەرقانداق بىر شەرقىي تۈركىستانلىق دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ياردىمىگە مۇراجىئەت قىلىشقا باشلىدى. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىمۇ قانچىلىك قىيىن شارائىتتا بولسا ـ بولسۇن، ۋەتەنداشلارغا ئىمكانىيىتىنىڭ يېتىشىچە ياردەم قىلىشقا تىرىشىپ كەلدى. ھەتتا جىددىي ئەھۋاللاردا مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ، بۇ يەرلەردىكى مۇھاجىر يۇرتداشلارنى يوقلاپ، ئۇلارنىڭ مەسىلىلىرىنىڭ ھەل قىلىنىشى ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. ئىقتىسادى قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىشقا تىرىشىپ كەلدى. سىياسىي پانالىق تىلىگۈچىلەرنىڭ مەسىلىسىنىڭ تېزراق ھەل بولۇشى ئۈچۈن ب د ت مۇھاجىرلار ئالىي كومىسسارلىقى، ئۇلار تۇرۇشلۇق دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمەت خادىملىرى، ئەلچىخانىلىرى بىلەن كۆرۈشۈش ئېلىپ باردى. خەلقئارادىكى مۇھاجىرلار تەشكىلاتلىرىنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشتى.

خىتايدىن تارقالغان كوۋىد ـ 19 ۋاباسى، پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ھاياتىنى ئاستى ـ ئۈستۈن قىلىۋەتتى. نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەر مەخسۇس ياردەم پىروگراممىسى يولغا قويۇپ، بۇ كرىزىس ۋاقتىدا ئۆز پۇقرالىرىغا ياردەم قولىنى ئۇزاتتى. ئەپسۇسكى تۈركىيە قاتارلىق بىر قىسىم دۆلەتلەردە تۇرۇۋاتقان كىملىكسىز، باشپاناھسىز شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئىنتايىن قىيىن ئىقتىسادى ئەھۋالدا قالدى. بۇ ئەھۋالدا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى دەرھال ھەرىكەت كېلىپ، تۈركىيەدىكى مائارىپ ـ ھەمكارلىق تەشكىلاتى، ئۆلىمالار بىرلىكى، ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى، شەرقىي تۈركىستان ۋەخپى قاتارلىق تەشكىلاتلار بىلەن مۇزاكىرىلىشىپ، 2020 ـ يىلى 4 ـ ئايدا «شەرقىي تۈركىستان جىددىي ياردەم مەركىزى» نامى ئاستىدا بىر ۋاقىتلىق ياردەم مەركىزىنى قۇرۇپ چىقتى. بۇ مەركەز دۇنيانىڭ ھەر ـ قايسى جايلىرىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ياردەم توپلاش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىپ، بىر ئايغا يەتمىگەن قىسقىغىنا بىر ۋاقىت ئىچىدە 220$ مىڭ ئامېرىكا دوللىرى نەخ پۇل توپلام، ئېغىر ئىقتىسادى ۋەزىيەت ئاستىدا قالغان ۋەتەنداشلىرىمىزنىڭ ھالىغا دەرمان بولدى.

### 9. مەدەنىيەت، مائارىپ ۋە ئىجتىمائىي ساھەدىكى خىزمەتلەر



دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى مەدەنىيەت، مائارىپ ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگىمۇ ئالاھىدە ئېتىبار بېرىپ كەلدۇق. جۇمھۇرىيەت كۈنى، تارىخى، دىنىي ۋە مىللىي بايرام كۈنلىرىمىز مۇناسىۋىتى بىلەن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى سەپەرۋەرلىك قىلىپ، ھەرقايسى دۆلەتلەردە ئوخشاش بولمىغان شەكىلدە خاتىرىلەش پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ پائالىيەتلەر ھەر قايسى دۆلەتلەردە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى تونۇتۇش، خەلقئارا جەمائەتنى ئۇيغۇرلار ھەققىدە ئەتراپلىق مەلۇماتقا ئىگە قىلىش بىلەن بىرگە ۋەتەنداشلىرىمىزنىڭ، جۈملىدىن ياش ۋە ئۆسمۈرلىرىمىزنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى كۈچلەندۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىدى.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى پۈتۈن دۇنيادىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي غۇرۇرىنى ئۇرغۇتۇش، مىللەت پۈتۈنلۈكىنى ساقلاش، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى جامائەتچىلىككە تونۇشتۇرۇش، يېڭى ئەۋلاد ئۇيغۇرلىرىغا ئۇيغۇر ئىرادىسىنى يەتكۈزۈش خىزمىتىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. سىرتتىكى بارلىق پۇرسەت ۋە ئېھتىماللىقلاردىن پايدىلىنىپ، ئىتتىپاقلاشقىلى بولىدىغان كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ دەۋايىمىزنى ئاڭلاتتى.

ئەنئەنىۋى بايراملىرىمىزدىن نەۋرۇز، روزا ھېيت ۋە قۇربان ھېيتىنى تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىنى ئىزچىل ئورۇنلاشتۇرۇپلا قالماي، بەلكى يەنە دوپپا بايرىمى،

www.uyghurkitap.com



ئانا تىل كۈنى قاتارلىق يېڭى بايراملارنىمۇ تەبرىكلەش ئارقىلىق مىللىي كىملىكىمىزگە ئائىت ھەر بىر ئامىلنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشتى.

كۆچمەنلىك يېتىشىچە، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنى يوقلاپ تۇردى. ئانا تىل مەكتەپلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا كۆڭۈل بۆلدى. ئانا تىلى مۇسابىقىسى قاتارلىق پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇشقا ئەھمىيەت بەردى. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەھبەرلىرى ھەر - قايسى دۆلەتلەردىكى ئانا تىلى مەكتەپلىرىنى زىيارەت قىلىپ، ئۇلارغا بولغان قوللاشلىرىنى نامايان قىلىپ كەلدى. «ئىستىقلال مارشى مۇسابىقىسى «دەك پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزۈپ، مىللىي روھنى ئۇرغۇتتى. ھەر يىلى «ئىككى جۇمھۇرىيەت كۈنى»نى تەبرىكلەش ئارقىلىق مۇھاجىرەتتىكى ھەر بىر ئۇيغۇرنى غۇرۇرلاندۇردى. ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ شۇ ئەركىن مۇستەقىل جۇمھۇرىيەتنىڭ ۋارىسى ئىكەنلىكىنى ۋە ھۆررىيەتلىك شەرقىي تۈركىستان زېمىنىمىزنى مۇستەبىت خىتاينىڭ قولىدىن قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن ئەجدادلار يولىدا مېڭىشنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇردى.

ئاۋستىرالىيە ئۇيغۇر مۇقام ئانسامبىلى، ياۋروپا ئۇيغۇر ئانسامبىلى قاتارلىق مەدەنىيەت ئورگانلىرى بىلەن يېقىندىن ھەمكارلىق ئىچىدە بولۇپ، ئۇلارنىڭ پائالىيىتىنى ئىزچىل قوللاپ كەلدى. ئاۋستىرالىيە ئۇيغۇر مۇقام ئانسامبىلىنىڭ سىدنېي، مېلبورن، ئادېلايدې، كانادا، گېرمانىيە قاتارلىق جايلاردا پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىغا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى ھەم سەممىي قوللىدى.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى چەت ئەللەردە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان تەشكىلاتلىرىمىزنىڭ نامايىش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش تىنچلىق شەكلىدىكى نارازىلىق پائالىيەتلىرىنى قەدەم بىرلىكى بىلەن، بىر تۇتاش ئېلىپ بېرىشنى ئىشقا ئاشۇردى. بارىن ئىنقىلابى، غۇلجا ۋەقەسى، ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقى، خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق كۈنى، 10 - ئاينىڭ 1 - كۈندىكى ماتەم كۈنى، يەركەنت قىرغىنچىلىقىغا ئوخشاش خاتىرە كۈنلىرىدە، ۋەتەندە تۈيۈقسىز ۋەقەلەر يۈز بەرگەندە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بىر تۇتاش چاقىرىق ئېلان قىلىپ ۋە پائالىيەت كالېندارى تۈزۈپ چىقىپ، بارلىق تەشكىلاتلارنى، ئوخشاش كۈندە نارازىلىق پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈشكە سەپەرۋەر قىلىپ كەلدى.

جازا لاگېرى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، دۇنيانىڭ بۇ مەسىلىگە يېتەرلىك دىققەت قوزغىماسلىقى، بىزنى يېڭى ئۇسۇل، يېڭى تاكتىكىلار ئۈستىدە ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلدى. 4 ئايلىق جىددىي تەييارلىق خىزمىتىنى ئىشلەش ئارلىق، 2018 - يىلى 4 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ

ئالدىدا 5000 كىشىلىك زور كۆلەملىك نامايىش پائالىيىتىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ باردى. يەنە 2018 - يىلى 11 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، جەنۋەدە ب د ت ئالدىدا 3000 كىشىلىك زور كۆلەملىك نامايىشنى غەلىبىلىك ئېلىپ باردى. بۇ نامايىشلارغا ياۋروپا دۆلەتلىرىنى ئاساس قىلغان ھالدا 20 گە يېقىن دۆلەتتىن ئۇيغۇر پائالىيەتچىلەر كېلىپ ئىشتىراك قىلدى. بۇ نامايىشنىڭ تەسىرى مەيلى خەلقئارادا بولسۇن، مەيلى ئۆز خەلقىمىز ئىچىدە بولسۇن زور ئىجابىي تەسىر پەيدا قىلدى. بۇ نامايىشلار ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ، ب د ت نىڭ ھەرىكەتكە ئۆتۈشىگە تەسىرى كۆرسەتتى. ئوخشاش شەكىلدە 2019 - يىلى 4 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى باشلىق تەشكىلاتلارنىڭ بىرلىكتە ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ۋاشىنگتوندا بىر قانچە يۈز كىشىنىڭ قاتنىششى بىلەن چوڭ كۆلەملىك نامايىش ئېلىپ بېرىلدى.




دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى دۇنيادىكى داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتلاردىن خارۋارد، ئوكسفورد، ئەنگلىيە خانلىق ئۇنىۋېرسىتېتىدىن ئىبارەت ئۇنىۋېرسىتېتلارغا بېرىپ، لېكسىيە سۆزلەپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ھەققىدە چۈشەنچە بېرىپ، ئۇيغۇر دەۋاسىنى ئىلىم ساھەسىگە ئاڭلاتتى.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى دۇنيا دائىرىسىدە يەھۇدىي تەشكىلاتلىرى، خىرىستىيان تەشكىلاتلىرى، ئىسلام تەشكىلاتلىرى بىلەنمۇ كەڭ مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، يېقىندىن ھەمكارلىشىپ، قىلىۋاتقان خىزمەتلىرىنى جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى قاتلاملىرىغىچە يەتكۈزدى.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى خەلقئارا تەشكىلاتلار بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتقاندىن سىرت، تىبەت، موڭغۇل، خوڭكوڭ، تەيۋەن تەشكىلاتلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ، «بىز خوڭكوڭ بىلەن بىر سەپتە»، «كۆڭزى ئىنستىتۇتىنى تاقاش» قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، مۇستەبىت خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئەپتى - بەشىرىسىنى بىرلىكتە ئېچىپ تاشلاشقا ھەركەت قىلدى. ھازىر بۇ تەشكىلاتلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەت ئىش نۇقتىسىدا كۈچەيدى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بۇ تەشكىلاتلار بىلەن بىرلىشىپ، 180 تەشكىلاتتىن تەشكىل تاپقان بىر ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى شەكىللەندى، بۇ بىرلەشمە خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتىغا 2022 - يىللىق بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىكقا قارشى تۇرۇش ھەققىدە ئوچۇق خەت يازدى، بىرلەشمە باياناتلار ئېلان قىلدى. خەلقئارادا بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىكقا قارشى تۇرۇش دولقۇنى قاتتىق كۆتۈرۈلۈپ، دۇنياۋى سىياسىي پائالىيەتكە ئايلاندى.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ تەركىبىدىكى تەشكىلاتلار سىياسىي مەركەزلەردە، شەھەر مەيدانلىرىدا جۇمھۇرىيەت كۈنىمىزنى تەبرىكلەش ئالاھىدە پائالىيىتى ئورۇنلاشتۇرۇپ جانلىق، جەلپ قىلارلىق ئۇسلۇبتا دۇنيا جامائىتىگە ئۇيغۇرنىڭ كىملىكى، مەدەنىيىتى، تارىخىنى چۈشەندۈردى. جەنۇبدىكى ب د ت دا 4 قېتىم ئايرىم - ئايرىم «ئۇيغۇر ئەركىنلىك چېدىرى» «رەسىم كۆرگەزمىسى ئۇيۇشتۇرۇش ئارقىلىق ھازىرقى ئۇچراۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى خەلقئاراغا روشەن نامايان قىلدى. 2021 - يىلى 9 - ئايدا ئامېرىكىنىڭ ب د ت دىكى ئەلچىخانىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئۇلارنىڭ ماددىي قوللىشى بىلەن «ئۇيغۇرلارنىڭ ئاۋازى: كىشىلىك ھوقۇق رەسىمى كۆرگەزمىسى» پائالىيىتى ئارقىلىق خىتاينىڭ ب د ت دىكى ھەر تۈرلۈك ساختا تەشۋىقاتلىرىغا رەددىيە بەردى.

## 10. دىنىي خىزمەتلەر ساھەسىدە

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى مەخسۇس دىنىي ئىشلار كومىتېتى تەسىس قىلىپ، دىنىي پائالىيەتلەرگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. پائالىيەتلىرىمىزدە مىللىتىمىزنىڭ دىنىي ھېسسىياتلىرىغا ھۆرمەت قىلىش ۋە ياش ئەۋلادلىرىمىزنى دىنىي ۋە مىللىي روھ بىلەن تەربىيەلەش پىروگراممىلىرىنى يولغا قويدى. قۇربان ھېيت، روزا ھېيت ۋە رامىزان ئايلىرى...قاتارلىق دىنىي كۈنلىرىمىزدە بارلىق تەشكىلاتلارنى دىنىي مۇراسىملار ئۆتكۈزۈشكە سەپەرۋەر قىلدى.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى مۇبارەك رامىزان ئېيىدا، چەت ئەل دىپلوماتلىرى،

ھۆكۈمەت ۋە پارلامېنت ئەزالىرى، مەتبۇئات شۇنداقلا مۇسۇلمان تەشكىلاتلىرىنىڭ رەھبەرلىرىنى تەكلىپ قىلىپ، مەخسۇس ئېپتار زىياپىتى ئورۇنلاشتۇرۇپ كەلدى. بۇ پائالىيەتتىن پايدىلىنىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى دىنىي ۋەزىيەت ھەققىدە مەلۇمات بېرىش ۋە ئۇلارنىڭ ھېسداشلىقىنى، دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغاشقا ھەرىكەت قىلدى.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى دىنىي ئىشلار كومىتېتى بىۋاسىتە خەيرى - ساخاۋەت ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىشقا تىرىشتى. سەدىقە - پىتىر، زاكات، قۇربانلىق توپلاش پىروگراممىلىرىنى يولغا قويۇپ تۈركىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان، پاكىستان، مىسىر، ئافغانىستان قاتارلىق دۆلەتلەردە ئىقتىسادى قىيىنچىلىق تارتىۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزغا قۇربانلىق ئەۋەتىش ۋە باشقا ياردەملەردە بولۇپ كەلدى.

2018 - يىلى 11 - ئايدا چاقىرىلغان شەرقىي تۈركىستان مىللىي كېڭەش يىغىنىدا ئېلىنغان مۇھىم قارارلارنىڭ روھىغا ئاساسەن، مۇسۇلمان دۆلەتلەر ۋە خەلقئارالىق ئىسلامى تەشكىلاتلىرى بىلەن بولغان ئالاقىنى قۇرۇش ۋە كۈچلەندۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى.

## 11. خەلقئارا قانۇنلار دائىرىسىدە ئېلىپ بېرىلغان، قانۇنى كۈرەشلەر

خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارشى ئېلىپ بېرىۋاتقان كۈرىشىمىز، نىگىزىدىن ئالغان ھەق - ھوقۇق كۈرىشىدىن ئىبارەت. شەرقىي تۈركىستانىنىڭ ئازادلىقىنى قولغا ئېلىش، بىزنىڭ تەبىئىي ھەققىمىز، ئەركىنلىكىمىزنى قولغا ئېلىش تەبىئىي ھوقۇقىمىز. ئەمما بۇ ھەق، بۇ ھوقۇق ھەرگىزمۇ ئۆزلۈكىدىن كەلمەيدۇ ۋە بېرىلمەيدۇ. بۇ كۈرەش بىلەن ئېلىنىدىغان ھەق ۋە ھوقۇق. بىزنىڭ مۇھاجىرەتتە ئېلىپ بېرىۋاتقان، سىياسىي، دىپلوماتىيە كۈرەشلىرىمىز، يۇقىرىقى ھەق - ھوقۇقىمىزنى قولغا ئېلىش جەريانىدىكى، باسمىساق بولمايدىغان بىر باسقۇچ. خىتاي ھۆكۈمىتى قانچىلىك ۋەھشىي، مۇتتەھەم ۋە كۈچلۈك بولۇشىغا قارىماي، بىزنى باستۇرۇشنى قانۇنى ئاساسلارغا تاياندۇرۇشقا تىرىشىۋاتىدۇ. ۋەتەن ئىچىدە بولسا، 21 - ئەسىردىكى جازا لاگېرىنى، «تېرروررىزم ۋە رادىكاللىققا قارشى تۇرۇش» ۋىۋىسكىسى بىلەن پەردازلاپ، 2016 - يىلى 1 - ئايدا ئىجرا قىلىنىشقا باشلىغان «تېرروررىزمغا قارشى كۈرەش قانۇنى» غا تەتبىقلاۋاتىدۇ. چەت ئەللەردە بولسا خەلقئارا ئورگانلاردىكى تەسىرىنى كۈچەيتىپ، خەلقئارا قانۇنلار بويىچە دەۋايىمىزغا زەربە بېرىشكە ئۇرۇنۇۋاتىدۇ. خەلقئارا قانۇن ۋە خەلقئارا ئورگانلارنى بىزگە قارشى ئىشلىتىدىغان ۋاسىتە قىلىشقا ئۇرۇنۇپ كەلدى. بۇنىڭ مىسالى: ب د ت كىشىلىك ھوقۇق قانۇنلىرىغا خىتاي پىرىنسىپى بويىچە ئۆزگەرتىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كىرگۈزۈشى ھەرىكىتى، ئىنتېرپولنى سۈيئىستېمال قىلىپ، سىياسىي پائالىيەتچىلەرگە زەربە بېرىدىغان ئورۇن قىلىپ ئىشلىتىشى، ھەر قايسى دۆلەتلەر بىلەن تۈزگەن ۋە تۈزۈش ئالدىدا تۇرغان جىنايەتچىلەرنى ئالماشتۇرۇش قانۇنلىرىدىن ئېنىق كۆرۈش مۇمكىن.

خىتاي ھۆكۈمىتى، 2002 - يىلى ETIM نى غەلىبىلىك ھالدا ب د ت دا تېررورىست تەشكىلاتلار تىزىملىكىگە كىرگۈزدى. بۇ ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى مىللىي دەۋايىمىزدا نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى ئېلىپ كەلدى. 2003 - يىلى چەت ئەلدىكى 4 تەشكىلات ۋە 11 شەخسنى تېرروررچىلار تىزىملىكىگە كىرگۈزۈپ، بۇ 11 شەخسنى ئىنتېرپول (خەلقئارا ساقچى تەشكىلاتى) نىڭ خەلقئارالىق تۇتۇش بۇيرۇقى چىقارغاندىن كېيىن، نۇرغۇن دىشۋارچىلىقلارغا دۇچار بولدۇق. مەنمۇ شۇ 11 شەخسنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتىم بىلەن نۇرغۇن ئاۋارىگەرچىلىكلەرگە يولۇقتۇم، 7 دۆلەتتە تۇتقۇن قىلىندىم، 11 قېتىم ھەر قايسى دۆلەتنىڭ چېگراسىدىن قايتۇرۇۋېتىلدىم، ھەتتا ب د ت يىغىنلىرىدىن ھەيدەپ چىقىرىلدىم. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ باشقا رەھبەرلىرىمۇ ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە بۇنداق ئاۋارىچىلىقلارغا دۇچار بولدى.

2020 - يىلى 11 - ئايدا، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ETIM نى تېررورىست تەشكىلاتلار تىزىملىكىدىن ئۆچۈردى. بۇ مىللىي دەۋايىمىزنىڭ 2020 - يىلدىكى ئەڭ چوڭ غەلىبىلىرىدىن بىرى. 2020 - يىلى 6 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، ئامېرىكا پرېزىدېنتىنىڭ ئىمزاسى بىلەن رەسمىي قانۇنغا ئايلانغان «ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قانۇنى» ئۇيغۇر دەۋاسىنىڭ قانۇنىي جەھەتتە كاپالەتكە ئىگە قىلىنغانلىقىنىڭ تىپىك مىسالىدۇر. 2021 - يىلى 1 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، ئامېرىكا سابىق تاشقى ئىشلار پومپېيونىڭ، شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلۇمنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى ئىشلىگەن جىنايەت» دەپ جاكارلىشى ۋە كانادا، ئەنگلىيە، گوللاندىيە، لاتۋىيە، بېلگىيە پارلامېنتلىرى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتلىرىنىڭمۇ «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ ئېلان قىلىشى، 21 - ئەسىردىكى زور تارىخىي ھادىسە ھېسابلىنىدۇ.

خىتايدەك بىر چوڭ دۆلەت بىلەن، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىدەك بىر تەشكىلات خەلقئارا قانۇن دائىرىسىدە كۈچ ئېلىشىشىمىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئامما بىز بۇ يولدىن ۋاز كەچمىدۇق، دۇنيادا قىسمەن بولسىمۇ ئادالەتنىڭ، قانۇننىڭ بارلىقىغا ئىشىنىپ، خەلقئارا قانۇنلار دائىرىسىدە ھوقۇقىمىزنى قوغداشقا تىرىشتۇق. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ئەڭ چوڭ قانۇنى غەلىبىلىرىدىن بىرى 2018 - يىلى 2 - ئايدا، ئىنتېرپولنىڭ مېنىڭ ئۈستۈمدىن چىقىرىلغان خەلقئارالىق تۇتۇش بۇيرۇقىنىڭ ئۆچۈرۈلۈشى بولدى. ئىنتېرپولنىڭ پرېزىدېنتى

مەك ھوڭۋەئىنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىشىنى بەزى مەتبۇئاتلار ۋە تەھلىلچىلەر، مېنىڭ ھەققىمدىكى تۇتۇش بۇيرۇقىنى ئۆچۈرۈشنى تۇسۇپ قالالمىغانلىقىغا باغلىغان ئەھۋاللارمۇ بار. بۇنىڭ قانچىلىك ھەقىقەت ئىكەنلىكى بىزگە نامەلۇم.

بۇنىڭدىن باشقا 202 ـ يىللىق بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىكىنى توختىتىش ئۈچۈن، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئولىمپىك سوتىغا ۋە ئولىمپىك ئەخلاق سوتىغا ئەرز سۇنغان ئىدۇق. ئەپسۇسكى بۇ ئەرزىمىز رەت قىلىنىشقا ئۇچرىدى. ئەمما ئولىمپىك كومىتېتى ئۈستىدىكى دەۋايىمىز داۋام قىلماقتا. 2020 ـ يىلى 2 ـ ئايدىن باشلاپ، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى باشچىلىقىدا 180 خەلقئارا تەشكىلات بىرلىكتە خەلقئارالىق ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى قۇرۇپ چىقىپ، 2022 ـ يىللىق بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىكىنى 2022 توختىتىش ئۈچۈن خەلقئارالىق ھەرىكەت ئېلىپ باردى. كۆپ قېتىم بىرلىكتە باياناتت ئېلان قىلدى، مەتبۇئات يىغىنى ئۆتكۈزدى، خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتى ئالدىدا ۋە ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ مىللىي ئولىمپىك كومىتېتى ئالدىدا نارازىلىق نامايىشلىرى ئېلىپ باردى. خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتى رەھبەرلىرى بىلەن 3 قېتىمدىن ئارتۇق مەخسۇس ئۇچرىشىش ئۆتكۈزۈلدى. نەتىجىدە بىر قىسىم دۆلەت ۋە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى، تەسىرلىك شەخسلەر، تەنھەرىكەتچىلەرمۇ بۇ سەپكە قوشۇلۇپ، بېيجىڭ ئولىمپىكىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ۋە بايقۇت قىلىش چاقىرىقلىرى ئېلان قىلدى. بۇ جەھەتتىكى پائالىيەتلەر داۋاملاشماقتا.

2019 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ، خىتاي ھۆكۈمىتى يېڭى بىر تاكتىكىنى ئىشقا سېلىپ، جازا لاگېرلىرىنىڭ ئىچىگە ۋە يېنىغا زاۋۇت ـ كارخانىلارنى قۇرۇپ، لاگېرلاردا سولانغان بىگۇناھ ئىنسانلارنى بۇ زاۋۇتلاردا مەجبۇرى ھالدا قۇل ئىشچى قىلىپ ئىشلىتىشكە باشلىدى. بۇ پاجىئەلىك ئەھۋال ھەر خىل دوكلاتلار بىلەن ئىسپاتلاندى، نۇرغۇنلىغان غەرب شىركەتلىرىنىڭ ئۇيغۇر مەجبۇرى ئەمگىكىدىن پايدا ئېلىۋاتقانلىقى پاش بولدى. يالغۇز خىتاي ھۆكۈمىتىگىلا بېسىم قىلىش ئەمەس، خىتاي بىلەن بۇ ئىرقىي قىيىنچىلىقىغا ھەمنەپەس بولۇۋاتقان، ئۇيغۇرلارنىڭ قېنى بەدىلىگە پايدا ئېلىۋاتقان خەلقئارالىق شىركەتلەرنىڭ جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتە قىلىش زۆرۈرىيەت بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقتى. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋە باشقا خەلقئارالىق تەشكىلاتلار بىرلىكتە «ئۇيغۇر مەجبۇرى ئەمگىكىنى توختىتىش» نامى ئاستىدا بىر خەلقئارالىق ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى قۇرۇپ چىقىلدى. بۇ ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىغا ئەزا تەشكىلاتلارنىڭ سانى ئۈزلۈكسىز كۆپىيىپ، كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى، خەلقئارا ئەمگەك تەشكىلاتلىرى، تەتقىقات مەركەزلىرى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى بولۇپ، توپلام

380 تەشكىلاتتىن تەشكىل تاپقان غايەت زور بىر ھەمكارلىق شەكىللەندى. بۇ ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى ئۇيغۇر مەجبۇرى ئەمگىكى بىلەن چېتىشلىق دەپ قارىغان نۇرغۇنلىغان خەلقئارالىق شىركەتلەرگە خەت يېزىش، ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈش، ئۇلارنىڭ مېلىنى بايقۇت قىلىش، ھەتتا قانۇنى جاۋابكارلىققا تارتىش ئۈچۈن مەھكىمىلەرگە ئەرز سۇنۇش قاتارلىق ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن ھەرىكىتىنى داۋام قىلدۇرماقتا. بۇنىڭ نەتىجىسىدە بىر قىسىم شىركەتلەر مەجبۇرى ئەمگەك بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزىدىغانلىقىنى، خىتاي بازىرىدىن چېكىنىپ چىقىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

### ئۇيغۇر سوت مەھكىمىسى

مەن بۇ يەردە لوندون ئۇيغۇر سوتى توغرىلىق قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمەن.

لوندون ئۇيغۇر سوتى دۇنيانى زىلزىلىگە سېلىپ، جاللات خىتاينى تىترەتتى!




ئۇيغۇر سوتى خەلقئارا سەھنىدە تۇنجى قېتىم ئۇيغۇرنىڭ نامى بىلەن چاقىرىلغان، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇر، قازاق ۋە باشقا تۈركىي مىللەتلەرگە قارىتا يۈرگۈزۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى ئەيىبلەپ، ئۇيغۇر ۋە باشقا قېرىنداش خەلقلەر ئۈچۈن ئادالەت تەلەپ قىلىدىغان خەلقئارالىق، مۇستەقىل سوتتۇر.

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ جىنايى قىلمىشىنى خەلقئارا سوتتا جاۋابكارلىققا

تارتىشنىڭ يوللىرى ئۈستىدە، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى 2018 - يىلدىن باشلاپ جىددىي ئىزدىنىشكە باشلىدى. كۆپلىگەن ئادۋوكاتلار، قانۇنچىلار، سوتچىلار بىلەن ئىلىپ بارغان ئۇچرىشىشلار نەتىجىسىدە، خىتاي ھۆكۈمىتىنى ئىلىك ۋە ئىكىج دە سوراققا تارتىشنىڭ مۇمكىنچىلىكىنىڭ يوقلىقى ئوتتۇرىغا چىقتى. باشقا يوللار ئۈستىدە ئىزدىنىش ئارقىلىق، خىتاينىڭ جىنايىتىنى ھازىرقى ئەھۋالدا پەقەت تەرەپسىز خەلق سوتى قۇرۇش ئارقىلىق ئەيىبلەشنىڭ بىردىنبىر چارە ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. ئاخىردا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى 2020 - يىلى 6 - ئايدا سابىق يۇگوسلاۋىيەنىڭ پرېزىدېنتى مىلوشېۋىچنى سوتلىغان باش سوتچى گېئوفرېي نىكە ئەپەندىگە رەسمىي مۇراجىئەتتە بولۇندۇق. بىر قانچە ئايلىق مۇزاكىرە ۋە تەكشۈرۈشلەردىن كېيىن، بۇ كىشى ئەرزىمىزنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە 2020 - يىلى 9 - ئايدا لوندوندا ئۇيغۇر خەلق سوتى قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى.

بىر يىلغا يېقىن جىددىي تەييارلىقلاردىن كېيىن، 2021 - يىلى 6 - ئاينىڭ 4 - 7 - كۈنلىرى، ئۇيغۇر سوتىنىڭ بىرىنچى قېتىملىق گۇۋاھلىق ئاڭلاش يىغىنى لوندوندا ئۆتكۈزۈلدى. ئۆز جىنايىتىنى ئېنىق بىلىدىغان خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر سوتىنىڭ ئېچىلىشىنى توسۇپ قېلىش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن ھەرىكەت قىلىپمۇ بۇنى ئىشقا ئاشۇرالمىدى. خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر سوتىدا گۇۋاھلىق بەرگەنلەرنىڭ ئۇرۇق تۇغقانلىرىنى ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى يالغانغا چىقىرىش ئۈچۈن سۆزلىتىش، شاھىتلارنىڭ سۆزلىرىنى يالغانغا چىقىرىش، ئۇيغۇر سوتىنى قارىلاش قاتارلىق رەزىل ۋاسىتىلەر بىلەن ئۇيغۇر سوتىنىڭ ئىناۋىتىنى چۈشۈرمەكچى بولغان بولسىمۇ ئىككىنچى قېتىملىق ئۇيغۇر سوتى ئۆزىنىڭ پىداكارلىرى ۋە قوللىغۇچىلىرى بىلەن تېخىمۇ زور داغدۇغا بىلەن لوندوندا ئېچىلدى. ئىككىنچى قېتىملىق سوت 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنىگىچە 4 كۈن داۋام قىلدى.

ئۇيغۇر سوتى خەلقئارا قانۇن ۋە كىشىلىك ھوقۇق ساھەسىدىكى نۇرغۇنلىغان نوپۇزلۇق مۇتەخەسسىسلەر، ئادۋوكاتلار، سوتچىلار، ۋە تەپتىشلەردىن تەشكىللىگەن بولۇپ، خەلقئارا قانۇن - تەرتىپلەر بىلەن ئىلىپ بېرىلىدىغان مۇستەقىل سوت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ سوت ھېچقانداق دۆلەت ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ياكى ئىدېئولوگىيەنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدىغان، ھېچقايسى تەرەپكە يان باسماي پاكىت ئاساسىدا، قانۇنى ئۆلچەم بويىچە ھۆكۈم چىقىرىدىغان مۇستەقىل سوتتۇر. شۇنداق بولغاچقا بۇ سوتنىڭ چىقارغان ھۆكۈمى خەلقئارا جەمئىيەتتە كۈچلۈك تەسىرگە ۋە ئىشەنچكە ئىگە بولىدۇ.

ھەر ئىككى قېتىملىق سوتنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى بار بولۇپ، ئەگەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بىز ئىككى قېتىملىق سوتتىكى گۇۋاھلىق بەرگۈچىلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالىغا قارايدىغانلا بولساق، تۇنجى قېتىملىق سوتتا ۋەتەندىكى لاگېر ھاياتىنى باشتىن ئۆتكۈزۈپ باققان لاگېر شاھىتلىرىنىڭ گۇۋاھلىقلىرى ئاساس قىلىنىپ، ۋەتەندە لاگېر ئىچى ۋە سىرتىدا يۈز بېرىۋاتقان كونكرېت ئەھۋاللار مەركەز قىلىنغان بولسا، ئىككىنچى قېتىملىق سوتتا ۋەتەندىكى ئومۇمىيۈزلۈك ئەھۋاللار ئۈستىدە ئىزدىنىش، تەتقىقات ئېلىپ بارغان تەتقىقات شەكلىدىكى گۇۋاھلىقلار ئاساس قىلىنغان. تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، سوتنىڭ ئاساسى مەقسىتى، يالغۇز ھەر بىر شەخس ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلىسى دۇچ كەلگەن پاجىئەلەر ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىش بولماستىن، بەلكى بىر قىسىم تىپىك خاراكتېرگە ئىگە بولغان كونكرېت شەخسلەرنىڭ كەچۈرمىشلىرى ئارقىلىق، ئۇيغۇرلار دۇچ كەلگەن ئومۇمىيۈزلۈك ئەھۋالغا نەزەر سېلىش، ئاندىن مۇتەخەسسىس ۋە تەتقىقاتچىلارنىڭ بايانلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇرلار يۈزلىگەن ئومۇمىيۈزلۈك ئەھۋال بىلەن تونۇشۇپ چىقىش، ۋە شۇ ئارقىلىق پۈتۈن مىللەت دۇچ كېلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىققا توغرا ۋە ئادىل ھۆكۈم چىقىرىشتۇر.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋە ئۇيغۇر ئەدلىيە ئارخىپى، 500 دىن ئارتۇق گۇۋاھلىقلار ئىچىدىن، بىر قەدەر تەپسىلىي ۋە كونكرېت بولغان گۇۋاھلىقتىن تۇنجى قېتىملىق سوت ئۈچۈن 150 گۇۋاھلىقنى، ئىككىنچى قېتىملىق سوت ئۈچۈن 92 گۇۋاھلىقنى تەۋسىيە شەكلىدە سوتقا يوللىدى. تۇنجى قېتىملىق سوتتا گۇۋاھلىق بەرگەن 37 گۇۋاھچىدىن 15 گۇۋاھچى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋە ئۇيغۇر ئەدلىيە ئارخىپى ئامبىرى تەۋسىيە قىلغان شۇ 150 گۇۋاھچى ئىچىدىن تاللاندى. قالغان 22 گۇۋاھچى، سوتقا بىۋاسىتە ئىلتىماس قىلغانلار ئىچىدىن تاللىنغان. ئىككىنچى قېتىملىق سوتتا گۇۋاھلىق بەرگەن 30 دىن ئارتۇق گۇۋاھچىدىن 10 گۇۋاھچى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋە ئۇيغۇر ئەدلىيە ئارخىپى تەۋسىيە قىلغان شۇ 92 گۇۋاھچى ئىچىدىن تاللاندى، قالغان 20 دىن ئارتۇق گۇۋاھچى، سوتقا بىۋاسىتە ئىلتىماس قىلغانلار ئىچىدىن تاللاپ چىققان. بۇ جەرياندا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋە ئۇيغۇر ئەدلىيە ئارخىپ ئامبىرىنىڭ ۋەزىپىسى، گۇۋاھلىقلارنى ئېلىش، رەتلەش، تەرجىمە قىلىش ۋە گۇۋاھچىلارنى سوتقا تەۋسىيە قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە سوتقا ماسلىشىشتىن ئىبارەت بولدى. سوت تامامەن خەلقئارا قانۇن - تەرتىپلەر بويىچە ئېلىپ بارغان بولۇپ، گۇۋاھچىلارنى تاللاش ياكى باشقا جەريانلىرى سوت تەرىپىدىن بىۋاسىتە ئېلىپ بېرىلدى.

ئىككىنچى قېتىملىق سوت ئۈچۈن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋە ئۇيغۇر ئەدلىيە ئارخىپى تەۋسىيە قىلغان ئاشۇ 92 گۇۋاھچىلارنىڭ ئائىلىسىدىن جەمئىي 534

ئادەم لاگېرغا سولانغان بولۇپ، ئائىلىسىدە 10 دىن ئادەم لاگېرغا سولانغان گۇۋاھچىلار 15، ئۆيىدىن 30 دىن ئارتۇق ئادەم تۇتۇلغان گۇۋاھچىلار 4. سوتقا تەۋسىيە قىلىنغان گۇۋاھچىلارنىڭ ھەممىسى گەرچە ۋەتەندىكى خەلقىمىز يۈزلەنگەن ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ تىپىك ۋەكىللىرى بولسىمۇ، بىراق كۆرۈۋاتقىنىمىزدەك، ئۇلارنىڭ ھەممىسى سوتتا بىۋاسىتە گۇۋاھلىق بېرىشكە تاللانغىنى يوق. ۋاقىت چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن بىر قىسمى سوتتا نەقمەيدان گۇۋاھلىق بېرىش ئۈچۈن تاللانغان بولسا، بىر قىسىم گۇۋاھلىقلار سوتچىلارنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈشى ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن.




مۇستەقىل ئۇيغۇر سوتى، ئىرقىي قىرغىنچىلىق باشلانغاندىن بېرى شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئېلىپ بېرىۋاتقان بارلىق پائالىيەت ۋە ھەرىكەتلەرگە ئوخشاش، ۋەتەندىكى ۋەزىيەتنى ۋە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ خەلقىمىزگە قاراتقان جىنايى قىلمىشلىرىنى خەلقئاراغا ئاڭلىتىشتا، بولۇپمۇ رەسمىي خەلقئارا قانۇنى ئۆلچەملەرنىڭ تەلىپى بويىچە، دەلىل ئىسپاتلىق قىلىپ ئاڭلىتىش ۋە باشقىلارنى قايىل قىلىشتا ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇيغۇر سوتى، يالغۇز خەلقئارادا خىتايغا قارشى جامائەت پىكرى توپلاشتا ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا بېرىلىۋاتقان گۇۋاھلىقلارنى خەلقئارا قانۇن ئۆلچىمىگە كۆتۈرۈپ، مۇناسىۋەتلىك خەلقئارا قانۇنلارنىڭ تەلىپى بويىچە ئۇيغۇرلار دۇچ كېلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى قانۇنى جەھەتتىن مۇئەييەنلەشتۈرۈش ۋە بۇندىن كېيىن ئېچىلىش ئېھتىمالى بولغان سوتلار ئۈچۈن ئاساس يارىتىشتا ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئەگەر سوتتا، ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن ئادىل بىر ھۆكۈم چىقىرىلسا، بۇ تارىختا تۇنجى قېتىملىق شۇنداق بىر ھۆكۈم بولۇپ، ئۇنىڭ تارىخى ئەھمىيىتى ئالاھىدە چوڭ بولىدۇ. مۇستەقىل خەلق سوتىنىڭ ئەھمىيىتى كۆپىنچە ئەھۋالدا گەرچە سىمۋوللۇق بولسىمۇ، بىراق سوتنىڭ قارارى خەلقئارا ئەدلىيە ئۆلچەملىرىگە ئاساسەن چىقىرىلغىنى ئۈچۈن، كۆپلىگەن دۆلەتلەرنىڭ، بولۇپمۇ غەربتىكى دېموكراتىك قانۇن تۈزۈم ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدىغان ۋە ھەققانىيەتنى ياقلايدىغان دۆلەتلەرنىڭ ختايغا قارىتا سىياسەتلىرىگە ئالاھىدە تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلار توغرىسىدا ھەقلىق قارارلارنى ئېلىشىغا تۈرتكە بولىدۇ، ۋە ئۇ دۆلەتلەرنى كۆپلىگەن قانۇنى ئاساسلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. سوتنىڭ قارارى، يالغۇز ھەققانىيەتنى ياقلايدىغان كۆپلىگەن دېموكراتىك دۆلەتلەرنىڭ ختايغا قاراتقان سىياسەتلىرىنى بەلگىلەشكە تەسىر كۆرسىتىپ قالماي، ھەتتا ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ بەزى قىلمىشلىرىغا چەكلىمە قويۇش ۋە جازا بېرىشكە تۈرتكە بولىدۇ.

بالقاندىكى ئۈچ جاللات دەپ ئاتالغان مىلوشېۋىچ، مىلادىچ ۋە كارادىچلار 1991 - 1998 - يىللىرى بالقان يېرىم ئارىلىدا ئىرقىي قىرغىنچىلىق قىلغان قانخورلار بولۇپ، ئىلگىرى - كېيىن ھەممىسى خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوتى تەرىپىدىن جازالاندى. بوسنىيە، كوسوۋو قاتارلىق ئەللەر ئۆز مۇستەقىللىقىنى قولغا ئالدى. ئۇيغۇر خەلقىمۇ يېقىن كەلگۈسىدە شى جىنپىڭ، چېن چۈەنگو، جۇ خەيلۇن قاتارلىق جاللاتلارنى سوتقا تارتىپ تېگىشلىك جازاسىنى بېرىدۇ. لوندوندا ئېچىلغان ئۇيغۇر سوتى بۇنىڭ بىرىنچى قەدىمى.

لوندون ئۇيغۇر سوتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتۈشى ئۈچۈن كۈچ چىقارغان بارلىق ۋەتەنداشلىرىمىزغا، ئىنسانىيەت ئۈچۈن، ئادالەت ئۈچۈن، دۇنيادا ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى ئىشلەنگەن جىنايەتنىڭ ئاخىرلىشىشى ئۈچۈن تىك تۇرۇشنى، ئۆزىگە ۋىجدانى ۋە ئىنسانىي ۋەزىپە قىلغان، ئۇيغۇر سوتىنى قۇرغان گېئوففري نىكە ئەپەندى باشلىق ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسىنىڭ خادىملىرىغا، ئادۋوكاتلارغا، چەت ئەللىك مۇتەخەسسىسلەرگە، سوت خىزمىتىدە بولغان بارلىق خىزمەتچىلەرگە، تەشۋىقات خىزمىتىدە بولغان بارلىق دۇنيا مېدىيالىرىغا، ھەر مىللەت گۇۋاھچىلىرىمىزغا، ئارقا سەپ مۇلازىمىتىدىكى

بارلىق سەپداشلىرىمىزغا، ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ئىسمىلىك ۋە ئىسمىسىز ياردەمدە بولغان بارلىق قېرىنداشلىرىمىزغا، نورۋېگىيە ئارخىپ ئامبىرى ۋە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىدىكى ئالدىنقى سەپتە كېچە - كۈندۈز كۈرەش قىلغان بارلىق جەڭچىلىرىمىزگە رەھمەت ئېيتىمەن !

### 12. دەۋايىمىزنى كەسپىيلەشتۈرۈش ۋە تەشكىلىي قۇرۇلمىنى كۈچلەندۈرۈش خىزمەتلىرى



مۇھاجىرەتتىكى مىللىي ھەرىكىتىمىز ئۇزۇن تارىخى جەريانغا ئىگە بولسىمۇ، ئامما مۇكەممەل تەشكىلىي قۇرۇلما شەكىللەندۈرەلمەسلىك ئېغىر يېتەرسىزلىكلىرىمىزدىن بىرسى بولۇپ كەلدى. بۇنىڭ ھەر خىل سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي سەۋەبلىرى بار. 2004 - يىلى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى پۈتۈن تەشكىلاتلىرىمىزنى بىر مەركەز ئاستىغا توپلاپ، مۇكەممەل تەشكىلىي قۇرۇلما قۇرۇش مەقسىتىدە قۇرۇلغان ئىدى. كېيىنكى يىللاردا ھەر خىل يول ۋە مەقسەتلەر بىلەن ۋەتەن سىرتىغا چىققان شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ كۆپىيىشى بىلەن، مىللىي دەۋايىمىزدا ھەم كۈچلىنىش ھەم مۇرەككەپلىشىش ۋەزىيىتى پەيدا بولدى. تەشكىلاتلارنىڭ سانى تېز قەدەمدە كۆپەيدى، مىللىي دەۋايىمىزنىڭ ساغلام ۋەرەقى قىلىنىشىغا، مەركىزى تەشكىلىي قۇرۇلمىنى كۈچلەندۈرۈشكە بەلگىلىك دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىدى. مۇشۇنداق مۇرەككەپ ۋەزىيەت ئىچىدە مىللىي دەۋايىمىز دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە يەنىلا ساغلام قەدەم بىلەن، بىرلىك، ئىتتىپاقلىق ئىچىدە ئىلگىرىلەپ ساغلام كۈچەيدى. 2018 - يىلى 11 - ئايدا چاقىرىلغان شەرقىي تۈركىستان مىللىي كېڭەيتىش يىغىنىدا ئېلىنغان قارارلارنى ئىجرا قىلىش يۆلىنىشىدە چەت ئەللەردىكى مۇتلەق

www.uyghurkitap.com



كۆپ قىسمى، ئاساسلىق تەشكىلاتلار بىرلىك ئىچىدە ھەرىكەت قىلدۇق. بولۇپمۇ 2020 - يىلى 4 - ئايدا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار مۇنبىرى تەشكىل قىلىنغاندىن كېيىن، مۇھاجىرەتتىكى 95% دىن ئارتۇق تەشكىلاتلار ئىشتا بىرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرغان ۋەزىيەت شەكىللەندى.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى 33 نەپەر ئىجرائىيە كومىتېتى ئەزاسى 15 دۆلەتتە ياشايدىغان بولۇپ، مۇتلەق كۆپ قىسمى ئىجرائىيە كومىتېت ئەزالىرى خىزمەتلىرىنى ئىشتىن سىرتقى، خالىسانە ھالدا، زور پىداكارلىق كۆرسىتىپ، پىدائىيلىق بىلەن يۈرگۈزۈپ كەلمەكتە. ئۇيغۇر مەسىلىسىنىڭ خەلقئارالىق بىر مەسىلە بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىشى، دەۋايىمىزنىڭ، تەشكىلاتىمىزنىڭ كەسىپلىشىشىگە ھەر ۋاقىتتىكىدىن بەكرەك تەقەززا بولماقتا. ئۇيغۇر دەۋاسىدا مۇتەخەسسىسلەشكەن، كەسىپلەشكەن، سىستېمىلاشقان تەشكىلات قۇرۇلمىسى بولمىسا بولمايدىغان بىر ۋەزىيەت ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بىز 2017 - يىلى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىمىزگە ئالغاندىن بۇيان دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ سىستېمىلىشىشى ۋە ئىختىساسلىشىشىغا ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلدۇق. بىز تەشكىلاتنى سىستېمىلاشتۇرۇشتا: تەشكىلاتنى ئىنسانغا، رەھبەرگە باغلىق ئەمەس، نىزامنامىگە، پرىنسىپقا، سىستېمىغا باغلىق شەكىلدە ئىشلەيدىغان قىلىش، تەشكىلاتنىڭ مەۋجۇدىيىتى ۋە پائالىيەتلىرى، تەشكىلات رەھبەرلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن تەسىرگە ئۇچرىمايدىغان بىر سىستېما قۇرۇش، ئىختىساسلىشىشتا بولسا: خەلقئارا سەۋىيەدىكى كەسپىي ئادەملەر، مۇقىم ئىشلەيدىغان، مائاشلىق خىزمەتچى سىستېمىسىنى يولغا قويۇش ۋە ئۇنى كېڭەيتىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلدى. 2017 - يىلى يېڭى رەھبەرلىك ھەيئىتى ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالغاندا، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىدا خىزمەت قىلىدىغان مائاشلىق كەسپىي خادىمنىڭ سانى توپلام 4 نەپەر، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تەركىبىدىكى تەشكىلاتلارنى قوشقاندا توپلام كەسپى خادىم سانى 10 ئەتراپىدا ئىدى. تۆت يىل ئىچىدە بۇ نىسبەت بەش ھەسسىدىن كۆپرەك كۆپىيىپ، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىغا بىۋاسىتە قاراشلىق مائاشلىق خىزمەتچى سانى 20 نەپەرگە، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تەركىبىدىكى تەشكىلاتلار (ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق پروگراممىسى، ئۇيغۇر ھەرىكىتى، ئۇيغۇر ئامېرىكا بىرلەشمىسى، ئۇيغۇر ئەدلىيە ئارخىپ ئامبىرى، ئۇيغۇر ھەقلىرى پائالىيەت پروگراممىسى، ياپونىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتى، ئۇيغۇر پروجېكت فوندى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەخپى) نى قوشقاندا توپلام 50 كىشىگە يۈكسەلدى. خىزمەتچى قوبۇل قىلىش، خەلقئارا ئۆلچەم بويىچە ئېلىپ بېرىلدى. تورلاردا، ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا مەخسۇس خىزمەتچى قوبۇل قىلىش ئۇقتۇرۇشلىرىنى چىقىرىپ، ئىلتىماس قىلغۇچى نامزاتلار ئىچىدىن زىيارەت قىلىپ تالاش ئارقىلىق ھەقىقىي ئىختىساسلىق

خادىملارنى تاللاپ چىقتۇق. كادىرلىرىمىزنى ئۇيغۇر ياشلىرى ئىچىدىن تاللاشقا، ياشلاشتۇرۇشقا ئالاھىدە ئېتىبار بەردۇق.

خەلقئارا پۇرسەتلەردىن ۋاقتىدا ۋە ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش، دەۋايىمىزنى دۇنيا سىياسىتىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان سىياسىي مەركەزلەردە كۈچلەندۈرۈش ۋە بۇ مەركەزلەردە سىستېمىلىق ھالدا ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشقا تىرىشچانلىق كۆرسىتىلدى. بۇ سەۋەبتىن، بۇ 4 يىل ئىچىدە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى مىيۇنخېندىكى مەركىزى ئىشخانىسىدىن باشقا، بېرلىندا، بىرىيۇسسېلدا، لوندوندا، ۋاشىنگتوندا، پارىس، ئىستانبۇل قاتارلىق جايلاردا ئىش بېجىرىش ئىشخانىلىرى تەسىس قىلىندى.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تەركىبىدىكى تەشكىلاتلارنىڭ كەسىپلىشىشى ۋە تەشكىلاتلار ئارا ھەمكارلىقنى كۈچلەندۈرۈش جەھەتتە زور ئىلگىرىلەشلەر قولغا كەلدى. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تەركىبىدىكى ياكى ھەمكارلاشقان تەشكىلاتلاردىن، نورۋېگىيە ئۇيغۇر كومىتېتى، ئۇيغۇر ئەدلىيە ئارخىپ ئامبىرى، ياپونىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتى، كانادا ئۇيغۇر ھەقلىرى لوبي پىروگراممىسى، ئامېرىكا ئۇيغۇر ھەرىكىتى تەشكىلاتى، UAA، ئۇيغۇر پىروجېكت فوندىلار ۋە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەخپى مەخسۇس مائاشلىق، كەسپىلەشكەن خىزمەتچى تۈزۈمى يولغا قويغان تەشكىلاتلاردۇر. بۇ تەشكىلاتلاردىكى مۇتەخەسسىسلەر ۋە كەسپى خادىملار ئۆزئارا خىزمەت تەقسىماتى قىلىپ، ھەمكارلىق ئاساسىدا پائالىيەتلەرنى كەسپى سەۋىيەدە ئېلىپ بارماقتا.

## 13. ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى كۈچلەندۈرۈش جەھەتتىكى پائالىيەتلەر

تەشكىلاتنى كەسپىيلەشتۈرۈش ۋە سىستېمىلاشتۇرۇش خىزمىتىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئاچقۇچى ئىقتىسادقا بېرىپ تاقىلىدۇ. ئىقتىسادىي ئاساسى كۈچلۈك بولمىغان ھەر - قانداق تەشكىلات مۇكەممەل تەشكىلى ئاساس قۇرالماي، ئۈزلۈكسىز ۋەرەقى قىلىشى مۇمكىن بولمايدۇ. شۇڭا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى فوندىنى كۈچلەندۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردۇق.

2018 - يىلى 5 - ئايدىن باشلاپ «ئۇيغۇر بەدىلى» چاقىرىقىنى ئېلان قىلىپ، 18 ياشتىن ئاشقان پۈتۈن ۋەتەنداشلىرىمىزنى ئۇيغۇرلۇق بەدىلى تاپشۇرۇپ دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ پائالىيەتلىرىنى ماددىي جەھەتتىن قوللىشىنى تەلەپ قىلدۇق.

ئىنتېرنېت ئارقىلىق ئىئانە قوبۇل قىلىش، مەخسۇس پىروگراممىلار ئۈچۈن كارخانىچىلار، ئىش ساھىبلىرىغا مۇراجىئەت قىلىپ، ياردەم سوراش،

خەلقئارا فوندلارغا پروجېكت لاھىيەلىرىنى سۇنۇش، مەخسۇس ئىئانە يىغىش پائالىيەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئىقتىسادى ئاجىز قىزىل رەقەم ھالىتىدىن، مەلۇم دەرىجىدە ئىقتىسادىي ئاساسقا ئىگە تەشكىلات سەۋىيەسىگە ئېلىپ كېلىندى.

2017 - يىلى 11 - ئايدا 6 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتاي ئېچىلغاندا، NED نىڭ دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى پروجېكتىگە ئاجرىتىلغان مالىيەسى سىرتىدا، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى فوندىنىڭ ئىچى قۇرۇق بولۇپلا قالماي، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى مالىيەسى 9000$ قىزىل رەقەملىك ۋەزىيەتتە ئىدى. ئۆتكەن 4 يىلدىن بۇيان، NED نىڭ دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى پروجېكتىغا ئاجراتقان پۇلنى ئۈزلۈكسىز ئاشتى، 2017 - يىلى $ 195 مىڭ دوللارلىق ياردەمنى، 2018 - يىلى $ 350 مىڭ، 2019 - يىلى 380$ ۋە 2019 - يىلى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى دۇنيا دېموكراتىيە مۇكاپاتىنى ئالغاندىن كېيىن، 2020 - يىلى بىراقلا 445$مىڭ چىقاردى. 2021 - 2023 - يىللىق ئىككى يىللىق پروجېكتى ئۇچۇن توپلام $ 890 مىڭ ئىلتىماسىمىز قوبۇل قىلىنىپ، ئىش باشلاندى.

NED نىڭ ماددىي ياردىمىدىن باشقا ئۇيغۇرلۇق بەدىلى، ئىئانە، باشقا خەلقئارالىق فوندلاردىن يىغىلغان ماددىي ياردەملەر ۋە كىرىم - چىقىم ھېساباتى ھەققىدىكى تەپسىلىي مەلۇماتنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى فوندى رەئىسى مالىيە دوكلاتىدىن كۆرىمىز.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىغا بىۋاسىتە قاراشلىق 20 نەپەر مائاشلىق خىزمەتچىلەرنىڭ چىقىمى، 5 دۆلەتتىكى 6 ئىشخانا چىقىملىرى، لوندوندىكى ئۇيغۇر مەھكىمىسى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تۇ ۋە ھازىرمۇ ئۈزلۈكسىز داۋام قىلىۋاتقان بىر - قانچە تەتقىقات ۋە پائالىيەت پروجېكتلىرى قاتارلىق پائالىيەتلەرنىڭ چىقىمى دەل مۇشۇ پۇللاردىن چىقىم قىلىنماقتا. مەن بۇ مۇناسىۋەت بىلەن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ماددىي ياردەمدە بولۇپ كەلگەن ئىسمىسىز، ئىسىملىك بارلىق ۋەتەنداشلارغا چەكسىز ھۆرمەت ۋە رەھمەتلىرىمنى بىلدۈرىمەن.

## ئۆزىمىزنى تەكشۈرۈش ۋە ۋەزىپىلەر

### 1. قۇرۇلتاي خىزمىتىدە نۆۋەتتە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ۋە قىيىنچىلىقلار

بىز يۇقىرىقىدەك بىر قاتار پائالىيەتلەرنى ئۇتۇقلۇق ئېلىپ بارغان بولساقمۇ ئەمما، خىزمەتلىرىمىزدە نۇرغۇنلىغان يېتەرسىزلىكلەرنىڭ ۋە ۋۇجۇدقا چىقىرالمىغان

مۇھىم خىزمەتلىرىمىزنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىز. بۇلارنىڭ بىر قىسمى بىزنىڭ بىزنىڭ ئىرادىمىزنىڭ سىرتىدا بولسىمۇ، يەنە بىر قىسمى تىرىشچانلىق كۆرسەتسەك، غەيرەت قىلساق، يوللىرى ھەققىدە ئىزدەنسەك تامامەن مۇمكىن بولىدىغان ئىشلار.

1. يۇقىرىدا ب د ت دىكى پائالىيەت ھەققىدە توختالدۇق. ئەمما ب د ت دا تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك خىزمەت قىلدۇق دېيەلمەيمىز. چۈنكى خەلقىمىز ئۈچۈن مۇھىم بولىدىغىنى، جەريان ئەمەس، نەتىجە. 21 ـ ئەسىردىكى ئەڭ چوڭ پاجىئە ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈز بېرىۋاتقان بىر مەسىلە ھەققىدە، خىتاينىڭ جىددىي توسقۇنلۇق قىلىشى ۋە ب د ت دا باشقا دۆلەتلەر بىلەن گۇرۇپپىلىشىشى نەتىجىسىدە، ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىدە تېخىچە ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقى تېما قىلىنغان ئايرىم، مەخسۇس يىغىنى چاقىرىلمىدى. كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىدىن بىر قارار چىقمىدى. ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارى ۋە مۇستەقىل تەكشۈرۈش ھەيئىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلىش ئىشى ھازىرغىچە ئەمەلگە ئاشمىدى. ب د ت باش كاتىپى ئانتونىئو گۇتېررېس ھازىرغىچە جازا لاگېر مەسىلىسى ھەققىدە بىر پىكىر بايان قىلمىدى. ب د ت بىخەتەرلىك كېڭىشىدە 2 قېتىم كۈن ـ تەرتىپكە كەلدى، ئەمما قارار چىقمىدى. بۇلار ئەلۋەتتە بىزنىڭ ئىرادىمىز سىرتىدىكى ئىشلار بولسىمۇ ئەمما، داۋاملىق تىرىشىشىمىز دائىرىسىدىكى ئىشلار.

2. ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ب د ت دا خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارشى، جازا لاگېرىنى تاقاش ھەققىدىكى بىرلەشمە باياناتقا ئىمزا قويغان، 4 نەپەر خىتاي ئەمەلدارىغا جازا ئېلان قىلغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ يېتەرلىك ئەمەس، ئەمەلىي قەدەم بېسىشتا نۇرغۇن مەسىلىلەر مەۋجۇت. بۇنىڭدا ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ موتورى بولغان گېرمانىيە ۋە فىرانسىيەنىڭ ئىقتىسادىي، تىجارىي مەنپەئەت بەدىلىگە، پاسسىپ ھەرىكەت قىلىشىنىڭ رولى چوڭ بولدى دەپ قارايمىز. خىتاي ـ ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدىكى سودا ئۇرۇشىدىن، ياۋروپا ئۆزگە مەنپەئەت چىقىرىشقا ھەرىكەت قىلدى، بۇ 21 ـ ئەسىردىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى توختىتىشقا ئەمەلىي قەدەم ئالمىغانلىقىنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرى بولۇشى مۇمكىن. ئەلۋەتتە بۇنىڭ يەنە تۈرلۈك سەۋەبلىرى بار. بۇ جەھەتتە بىز دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋە ياۋروپادىكى تەشكىلاتلىرىمىز رولىمىزنى تولۇق جارى قىلدۇرالمىدى دەپ ئويلايمەن. بۇ بىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلىرىمىزدە جىددىي ئويلىنىشقا تېگىشلىك مۇھىم نۇقتا.

3. شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرى، بولۇپمۇ لاتىن ئامېرىكاسى ۋە ئافرىقا دۆلەتلەردە ئاساسەن پائالىيەتلىرىمىز تېخى ئەڭ تۆۋەن سەۋىيەدە ۋە ھەتتا باشلانمىدى. دۇنيا

پەقەتلا ئامېرىكا، ياۋروپا دېگەنلىك ئەمەس. خىتاي بۈگۈن پۈتۈن ئىقتىسادىي ۋە دىپلوماتىيە كۈچىنى ئىشقا سېلىپ بۇ دۆلەتلەردە ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى كۈچلەندۈرۈۋاتىدۇ. ئەلۋەتتە بىزنىڭ ھازىرقى مەۋجۇت ئىمكانىمىزدە بىز ئۇچۇن تولىمۇ قىيىندەك بىلىنىدۇ، ئەمما شۇنى ھېس قىلىشىمىز كېرەككى، بىز مىللىي دەۋايىمىزنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى دۆلەت قۇرۇش ئىكەن، بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئىشىكىنى چېكىش، بىزنىڭ قىلماقچى بولغان ئاخىرقى مەقسىتىمىزگە سېلىشتۇرغاندا پەقەتلا قىيىن مەسىلە ئەمەس. بۇمۇ بىزنىڭ جىددىي ئويلىنىشىمىزغا تېگىشلىك مەسىلىلەر.

4. ئىسلام دۇنياسى ھازىرغىچە سۈكۈتتە، سۈكۈتتىلا ئەمەس، ھەتتا مۇتلەق كۆپ قىسمى خىتاينى قوللاش پوزىتسىيەسىدە تۇرماقتا. خىتاي يالغۇز شەرقىي تۈركىستان خەلقىگىلا ئەمەس، مۇقەددەس دىنىمىز ئىسلامغا ئۇرۇش ئاچقان بىر ۋەزىيەتتە. ئىسلامنىڭ مۇقەددەس قىممەت قاراشلىرىغا ئاشكارا ھۇجۇم قىلماقتا. 2018 – يىلى11 – ئايدىكى مىللىي كېڭەشتە، بۇ نوختا نۇقتىلىق مۇزاكىرە قىلىنىپ، بىر قاتار خىزمەتلەر باشلانغان بولسىمۇ، ئۈزلۈكسىزلىكىنى جارى قىلدۇرالمىدۇق. ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتى باياناتلىرىدا خىتاينى قوللاش پوزىتسىيەسىنى تۇتۇپ كەلدى. بۇ جەھەتتە بىز خىزمەتلىرىمىزنى جايىدا، يېتەرلىك ئېلىپ باردۇق دېيەلمەيمىز. چېكىدىغان نۇرغۇن ئىشىكلەرنى چېكەلمىدۇق، قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ئىشلارنى قىلالمىدۇق. بۇمۇ بىزنى جىددىي ئويلاندۇرىدىغان ۋە بۇندىن كېيىن بۇ ھەقتە جىددىي قەدەملەر ئېتىشىمىزغا تېگىشلىك مەسىلە.

5. ئىچكى خىزمەتلەر دائىرىسىدىمۇ بىر قىسىم خىزمەتلەرنى تازا ياخشى ئېلىپ بارالمىدۇق.

1) مىللىي دەۋايىمىزدا ئاياللارنىڭ رولى تولىمۇ مۇھىم ئىدى. ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى نوپۇسىمىزنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى خانىملار تەشكىل قىلىدۇ. خانىملىرىمىزنىڭ دەۋادىكى ئاكتىپچانلىقى يىللارغا نىسبەتەن يۇقىرى بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا نىسبەت جەھەتتىن ئاز. بۇنىڭدا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى باشلىق تەشكىلاتلىرىمىزنىڭ ئاياللار خىزمىتىگە يېتەرلىك كۆڭۈل بۆلەلمەسلىكىمىز سەۋەب بولدى دەپ ئويلايمىز. ئەمما جازا لاگېرى مەسىلىسىدە دۇنيانى ماددىي پاكىت بىلەن تەمىنلىگەن، ئاساسەن خانىملاردۇر. بىز بۇلارغا يېتەرلىك دەرىجىدە ياردەم قىلالمىدۇق، كۆڭۈل بۆلەلمىدۇق. بۇلارنىڭ رولىدىن تولۇق پايدىلىنالمىدۇق.

2) بۈگۈن ئۇيغۇر ئاياللىرى دۇچ كېلىۋاتقان زۇلۇم 21 – ئەسىردە پۈتۈن

ئىنسانلىق ئۈچۈن زور پاجىئە. ئەمما خەلقئارادىكى نۇرغۇن ئاياللار تەشكىلاتلىرى، فەمىنىست گۇرۇپپىلارنىڭ بۇ پاجىئەلەرگە سۈكۈتتە تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز. ئەگەر بىز خانىملىرىمىزنى تەشكىللەپ، ئاياللار ھەرىكىتىنى كۈچلەندۈرەلىسەك، فەمىنىست تەشكىلاتلار بىلەن ياخشى ئالاقە قىلالىساق، دۇنيادا يۈزمىڭلارچە ئاياللار قوزغىيالىشىمىز مۇمكىن ـ ئاياللار قوزغالسا، دۇنيا قوزغىلىدۇ، بۇ خىتاينىڭ يىمىرىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىشى مۇمكىن.

3) ياشلار ھەرىكىتىدە يېتەرلىك خىزمەتلەر ئىشلەنمىدى. بۈگۈن چەت ئەلدىكى نوپۇسىمىزنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ياشلار. نۇرغۇن يوشۇرۇن كۈچلىرىمىز بار. بۇلار كېيىن ۋاقىتلاردا ئاكتىپچانلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، بەزىلىرى يالغۇز، ئۆز ئالدىغا، بەزىلىرى كوللېكتىپ ھالدا ھەر خىل پائالىيەتلەرنى قىلىۋاتىدۇ. بۇلارنى يېتەكلەش، ئۇلار ئوتتۇرىدىكى ئالاقە تورىنى كۈچلەندۈرۈش خىزمەتلىرىدە كۆپ مەسىلىلەر مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. بۇ جەھەتتىكى خىزمەتلىرىنىمۇ ئالدىمىزدا كۈچلەندۈرۈشىمىز كېرەك.

4) تەشكىلاتلار ئارىسىدىكى ھەمكارلىقلار، ئىش بىرلىكلىرىدە 2020 ـ يىلدىن بۇيان زور ئىلگىرىلەشلەر مەيدانغا كەلدى. 95 % تەشكىلاتلار تەشكىلاتلار مۇنبىرى ئاستىدا بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىدىغان مۇھىت يارىتىلدى. ئەمما بۇنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرۈش، سىستېمىلاشتۇرۇش ۋە قويۇقلاشتۇرۇش ئۈچۈن بىر قىسىم خىزمەتلەر جىددىي ئىشلىنىشى كېرەك.

5) تەشكىلاتلىرىمىزنى كەسپىيلەشتۈرۈش جەھەتتە ئۆتكەن يىلدىن بۇيان بىر قاتار خىزمەتلەر ئىشلەندى. ئەمما يېتەرلىك ئەمەس، مۇقىم ئىشخانىسى، مۇقىم ئىشلەيدىغان كەسپىي خادىمى بولمىغان تەشكىلاتلار بىلەن بۈگۈنكى دەۋرنىڭ ئېھتىياجىدىن چىقىپ بولغىلى بولمايدۇ. شۇڭا ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى تەشكىلاتلاردىكى بۇ مەسىلە جىددىي ھەل قىلىنىشى كېرەك. بۇنىڭ بىر ئۈچى، بىر ئۈچى ئەمەس، ئاساسلىق ئۈچى ئىقتىسادقا بېرىپ تاقىشىدۇ. ھازىر بىز ئۈچۈن ياخشى بىر پۇرسەت، ئۇيغۇرلارغا ھېسداشلىق تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان ۋەزىيەتتە، بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ھەرىكەت قىلساق، ھەر بىر تەشكىلات ئەڭ ئاز 1 ـ 2 كىشى كەسپىي خادىم ۋە ئىشخانا مەسىلىنى تامامەن ھەل قىلىپ كەتكىلى بولىدۇ. ئىزدىنىش، ئىشكىلەرنى چەكىش كېرەك. نۇرغۇنلىغان خەلقئارا فوندىلار بار، ئۇلارغا مۇراجىئەت قىلىشىمىز لازىم. روجەكتلەر ئۈچۈن ئىلتىماس سۇنۇشىمىز لازىم. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى مۇھىم كۈن تەرتىپى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تەركىبىدىكى تەشكىلاتلارنى بۇ جەھەتتە يېتەكلەش، ئۇلارنى كەسپىيلەشتۈرۈش. شۇنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتۈشنى ئۈيغۇن كۆرىمەنكى، ھەرگىز بىر ـ بىرىمىزنىڭ يولىنى توسمايلى،

قىزغانمايلى. ئەگەر ھەر تەشكىلات يېتەرلىك پائالىيەت كۆرسىتەلىسە، ئىشنى قاملاشتۇرۇپ قىلالىسا، يېتىپ ئاشقىچە ئىش ۋە بۇ ئىشنى قىلىشقا ئىقتىساد تېپىش مۇمكىن. بۇنى بىز تەجرىبە قىلدۇق. بىز تېخى ئۆتكەن ھەپتە 2021 - يىللىق پائالىيەتلىرىمىز ئۈچۈن ئوخشاش بولمىغان 4 ئورۇنغا توپلام 1.5 مىليون دوللارلىق پروجېكت سۇندۇق. بۇلارنىڭ بىر قىسمىدىن ئىجابىي جاۋاب ئالدۇق. بىر قىسىم فوندلار بىلەن مۇزاكىرە ھالىتىدە تۇرىۋاتىمىز.

6) بۇلاردىن باشقا يەنە نۇرغۇن ئوخشاش - چوڭ-كىچىك نۇرغۇن كەمچىلىك ۋە سەۋەنلىكلىرىمىز بارلىقى ئېنىق، بۇلارنى قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى ۋە كۆزەتكۈچى مېھمانلارنىڭ بېرىشىغلارنى سورايمەن.

## 2. جىددىي ئېھتىياجلىق خىزمەتلەر

بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاي جەريانىدا ۋەكىللەرنىڭ تۆۋەندىكى مەسىلىلەر ئۈستىدە ئەستايىدىل مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىشىنى ۋە بۇ مەسىلىلەرنى مەۋجۇت ئىمكانىيەتلىرىمىز ئىچىدە ئەڭ مۇكەممەل شەكىلدە ھەل قىلىشنىڭ چارە - تەدبىرلىرى ئۈستىدە ئويلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

### ئىچكى خىزمەتلەردە ساھەسىدە

- تەشكىلىي ئاپپاراتىمىزنى تېخىمۇ كەسپىيلەشتۈرۈش ۋە سىستېمىلاشتۇرۇش. ھەرقايسى كومىتېت ۋە مەركەزلەرنىڭ فۇنكسىيەلىك رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش،
- قۇرۇلتاي رەھبەرلىرىنىڭ ۋە خىزمەتچىلىرىنىڭ مەسئۇلىيەت دائىرىسىنى ئېنىق بېكىتىپ، جاۋابكارلىقىنى ۋاقتى - ۋاقتىدا سۈرۈشتە قىلىش،
- تەشۋىقات ۋە ئۇچۇر - ئالاقە خىزمىتىنى مۇكەممەللەشتۇرۇش، ھەر خىل تىللاردىكى تەشۋىقات ئىشلىرىنى كۈچەيتىش،
- ئىستراتېگىيە - تەتقىقاتىنى خىزمەتلىرىنى كۈچلەندۈرۈش
- ھەر - قايسى دۆلەتلەردىكى ۋەتەنداشلىرىمىز، يەنى كەڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان ئالاقىنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرۈش،
- تەشكىلاتلار ئارا ھەمكارلىقنى ۋە ئىش بىرلىكنى ئەڭ يۇكسەك سەۋىيەگە چىقىرىش
- ئاياللارنىڭ رولى جارى قىلدۇرۇش، خەلقئارا ئاياللار تەشكىلاتى ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىش
- ياشلارنى تەربىيەلەش پروگراممىسىنى تېخىمۇ سىستېمىلاشتۇرۇش ۋە ياشلار ھەرىكىتىنى كەسپىي جانلىق ئېلىپ بېرىش،

- تەشكىلاتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسىنى كۈچلەندۈرۈش، قانۇنى ئاساسلارغا تايانغان ھالدا ھەر خىل شەكىلدىكى ئىئانە توپلاش، خەلقئارا فوندىلارغا مۇراجىئەت قىلىش، ھۆكۈمەت ۋە دۆلەتلەرنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە مالىيە كىرىم - چىقىم خىزمەتلىرىنى كەسپىي يۇقىرى سەۋىيەگە كۆتۈرۈش.
- دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋە بارلىق تەشكىلات رەھبەرلىرىنىڭ قانۇنى ھەق ھوقۇقىنى، بىخەتەرلىكىنى ۋە ئوبرازىنى قوغداش،
- تۈركىيە ۋە باشقا دۆلەتلەردىكى ئۇيغۇر مۇھاجىرلار مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ چارە - تەدبىرلىرىنى تېپىش،

## تاشقى مۇناسىۋەتلەر ۋە دىپلوماتىيە خىزمەتلىرىدە

- ب د ت دىكى خىزمەتلەرنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرۈش ۋە سىستېمىلاشتۇرۇش،
- ياۋروپا ئىتتىپاقىدا خىزمەتلەرنى تېخىمۇ كەسپىي شەكىلدە يۇقىرى كۆتۈرۈش،
- غەرب دۆلەتلەرنىڭ قوللىشىنى تېخىمۇ كېڭەيتىش،
- شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش،
- ئىسلام دۇنياسىدا ئاكتىپ ۋە جانلىق پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ، ئىسلام دۇنياسىنىڭ سۈكۈتىنى بۇزۇش ۋە ئۇلارنى ھەرىكەتكە ئۆتكۈزۈش،
- لاتىن ئامېرىكا ۋە ئافرىقا قىتئەلىرىدىكى دۆلەتلەرنىڭ ئىشىكىنى چېكىش، ھېسداشلىقى ۋە قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش،
- خىتاي مۇستەملىكىسى ۋە تەھدىتى ئاستىدىكى تىبەت، موڭغۇل، خوڭكوڭ، مانجۇرىيە ۋە تەيۋەن خەلقلىرى ۋە تەشكىلاتلىرى بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى تېخىمۇ يۇقىرى دەرىجىگە چىقىرىش،
- مۇسۇلمان، يەھۇدىي، خىرىستىيان ۋە بۇددىست تەشكىلاتلىرى ۋە جامائەتلىرى بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش،
- ۋاتىكاننىڭ قوللىشىنى ۋە ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىغا قارىتا ئېنىق مەيدانى ئوتتۇرىغا قويۇشىنى قولغا كەلتۈرۈش،
- غەرب دۆلەتلىرىدىكى دېموكراتىك فوندىلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشتە
- ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى سىياسىي پارتىيە گۇرۇھلار بىلەن ئاكتىپ ئۇچرىشىش،
- دۇنيادىكى تەسىرلىك ئەربابلار، داڭلىق سىياسىيون، جەمئىيەت ئەربابلىرى، مۇخبىرلار، يازغۇچىلار، ئادۋوكاتلار، تەنھەرىكەتچىلەر، ئارتىست چولپانلار، تىجارەتچىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىش،
- ئۇيغۇر سوتىدىن ئەگەر ئىرقىي قىرغىنچىلىق قارارى چىقىقان ئەھۋالدا،

دۆلەتلەر، بولۇپمۇ دېموكراتىك دۆلەتلەرنى ۋە خەلقئارا تەشكىلاتلارنىڭ قانۇنى ۋە ئەخلاقى مەسئۇلىيىتىنى ئىجرا قىلىشقا قىستاش،

- غەرب شىركەتلىرى بولۇپمۇ ئۇيغۇر مەجبۇرى ئەمگىكى بىلەن چېتىشلىق شىركەتلەرگە بولغان بېسىمنى ھەم قانۇنى يوللار ھەم ئەخلاقى يوللار بىلەن ئېلىپ بېرىش ۋە خىتاي بىلەن بولغان سودىنى توختىتىشقا قىستاش،
- دۇنيا ئەمگەك تەشكىلاتىغا، دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا مۇراجىئەت قىلىپ، ئۇلارنى تەدبىر ئېلىشقا قىستاش،
- پۈتۈن دۇنياغا بىز كەلگۈسى قۇرۇشقا ئىنتىلىدىغان شەرقىي تۈركىستان دۆلىتىنى ئېنىق شەرھلىشىمىز، يەنى دېموكراتىك، قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىنىدىغان، كىشىلىك ھوقۇققا كاپالەتلىك قىلىدىغان، ئادالەت ۋە ئىجتىمائىي پاراۋانلىقنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان، خەلقئارا قانۇن ۋە ئەھدىنامىلەرنى ئىجرا قىلىدىغان تەسەۋۋۇرنى ئوتتۇرىغا قويۇشىمىز ۋە تەسۋىرلىشىمىز كېرەك،
- خىتاينىڭ تەشۋىقات ھۇجۇمى ۋە توردىكى يالغان تەشۋىقاتىغا كۈچلۈك زەربە بېرىشىمىز كېرەك.

يۇقىرىقى نۇقتىلار دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تاشقى دىپلوماتىيە خىزمىتىدە تېخىمۇ كۆپ غەيرەت جاسارەت، سىياسىي پاراسەت، ئىقتىسادىي خىراجەت، غەيۇر شىجائەت تەلەپ قىلىدىغان بولۇپ، 2 - باسقۇچلۇق ۋەزىپىلەرنى غەلبىلىك ئورۇنلاش ئۈچۈن يېڭى نۆۋەتلىك رەھبەرلەر قەتئىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەردۇر.

### 3. قۇرۇلتاي خىزمەتلىرىدە نۆۋەتتە ئۇچراۋاتقان قىيىنچىلىقلار

- كەسپىي ۋە تولۇق ۋاقىتلىق خىزمەتچىلەرنىڭ كەملىكى سەۋەبىدىن خىزمەت ئۈنۈمىنىڭ يۇقىرى بولماسلىق،
- كۆپ تىللىق خىزمەتچىلەرنىڭ ئازلىقىدىن تاشقى دۇنياغا ئۆزىمىزنى كەڭ دائىرىدە تونۇشتۇرۇشتا بولۇۋاتقان قىيىنچىلىق،
- ئۆز ئىچىمىزدىكى كەسپىي تەتقىقاتچىلارنىڭ كەمچىل بولۇشى سەۋەبىدىن، ۋەتەندىن كەلگەن ئۇچۇر ۋە مەلۇماتلارنى پىششىقلاپ ئىشلەپ، ئىلمىي شەكىلدە ھۆججەتلەشتۈرۈش ۋە دۇنياغا تەقدىم قىلىشتا ساقلىنىۋاتقان قىيىنچىلىق،
- خىراجەت يېتىشمەسلىكتىن بولغان ئارقا سەپ تەمىناتى كاپالەتكە ئىگە بولماسلىقى،

- كەسپىي دىپلوماتىيە سەۋىيەسىدىكى پائالىيەتچىلىرىمىزنىڭ يېتىشمەسلىكى،
- ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى نىزا بىسەمىدىن بولغان ئىچكى زىددىيەتلەر
- خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ زور دەرىجىدە مەبلەغ سېلىش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىۋاتقان يالغان تەشۋىقاتىنىڭ ئېلىپ كەلگەن سەلبىي تەسىرى،
- مىللىي بىرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ئەھمىيەتنى چۈشەنمەسلىكتىن كەلگەن قارشىلىقلار،
- دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ئىدىيەسىنى بىلمەسلىكتىن، ياكى يامان نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ قايمۇقتۇرۇشى بىلەن كېلىپ چىققان بىھۇدە پىكىر قالايمىقانچىلىقلىرى،
- شەرقىي تۈركىستان خەلقى دۇچ كېلىۋاتقان قىزىل خىتاي تېررورلۇقىنىڭ ماھىيىتىنى پۈتكۈل ئۇيغۇر خەلقىگە تولۇق چۈشەندۈرەلمىگەن ۋە ئۇنىڭ ئوبيېكتىپ مەۋجۇتلۇقىنى ئۆزىمىز ئېتىراپ قىلالمىغان ۋەزىيەتنىڭ شەكىللىنىشىدىن بولغان ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىدىكى پاسسىپ پوزىتسىيەلەر.
- ئۇيغۇر دىياسپوراسىدىكى پىكىر ساغلاملىقى ۋە ھاياتىي كۈچىنىڭ يۇقىرى بولماسلىقى سەۋەبتىن كېلىپ چىققان، قۇتۇپلىشىش ۋە ئورۇنسىز جېدەللەر.

## 4. قۇرۇلتاي ھازىر موھتاج بولغان ئەمەلىي ياردەملەر




- پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنى چۈشىنىشى، قوللىشى، ھىمايە قىلىشى ۋە ئەڭ مۇھىم ئىشىنىشى، تېخىمۇ كۆپ قېرىنداشلىرىمىزنىڭ، بولۇپمۇ ياشلىرىمىزنىڭ، خانىملىرىمىزنىڭ دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ئەمەلىي خىزمىتىدە بولۇشى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



- پېشقەدەم سىياسىيونلىرىمىز، ئۇستازلىرىمىز، لىدېرلىرىمىزنىڭ تېخىمۇ ئاكتىپلىق بىلەن قوللىشى.
- زىيالىي، تەتقىقاتچى، ئالىملىرىمىز ۋە دىنىي زاتلىرىمىزنىڭ دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنى ھەم پىكرىي جەھەتتىن ھەم ئەمەلىي خىزمەتتە جەھەتتىن قوللىشى،
- ئايرىم پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان، ھەقىقىي ۋەتەنپەرۋەر تەشكىلاتلارنىڭ ۋە پائالىيەتچىلەرنىڭ دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى سېپىگە قوشۇلۇشى،
- پۈتۈن دۇنيادا ھەر بىر ئۇيغۇر ۋە باشقا شەرقىي تۈركىستانلىق بىرلىكتە خىتايغا قارشى كۈرەشكە ئاتلىنىشى، ئەگەر ئاتلىنىش ئىمكانىيىتى بولمىسا ئارقا سەپتە ياردەم بېرىشى، ھېچ بولمىغاندا زىددىيەت تېرىمەي، بۇزغۇنچىلىق خائىنلىق قىلماي جىم تۇرۇشى.
- پۈتۈن خەلقىمىزنىڭ كۈرەشنىڭ ھالقىلىق توچكىسىنى پەقەت تېررورىست خىتايغا قارىتىشى.
- خەلقىمىزنىڭ دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى يولغا قويغان «ئۇيغۇرلۇق بەدىلى»نى قىزغىن قوللىشى، ئاۋاز قوشۇشى، ئىقتىسادىي جەھەتتە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىغا ئىشىنىشى،
- تىجارەتچى، كارخانىچىلىرىمىزنىڭ دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋە سىياسىي كۈرەشلىرىمىزنى ئىقتىساد جەھەتتىن قوللىشى.
- كەسپىي خادىملارنىڭ ئىشتىن سىرت دەۋايىمىزغا خالىس ياردەمدە بولۇشى.
- خەلقىمىزنىڭ دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ تۈ پىروگراممىلىرىغا مۇشتەر بولۇپ، نۆۋەتتىكى سىياسىي ۋەزىيەت ۋە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ پائالىيەتلىرىدىن ۋاقتىدا خەۋەردار بولۇپ، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنى توغرا تونۇش ۋە تونۇشتۇرۇشقا ياردەم قىلىشى،
- پۈتۈن ۋەتەنداشلىرىمىزنىڭ دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى، ئۇنىڭ رەھبەرلىرى ۋە بارلىق ئەمەلىي خىزمەتلەردە بولۇۋاتقان تەشكىلاتلار، رەھبەرلىرىنى قوغدىشى، ھۆرمەت قىلىشى، ئىززەتلىشى، تاشقى ۋە ئىچكى دۈشمەنگە قارىتا ھوشيار بولۇش، ئۇلارغا زەربە بېرىشى،

ئەزىز ۋەتەنداشلار، قىممەتلىك ۋەكىللەر،

شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ھۆرلۈكى، ئازادلىقى، ئەركىنلىكى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان كۈرىشىمىز ھېچ قاچان توختىمىدى ۋە توختىمايمىز.

بىزنىڭ مىللىي كۈرىشىمىزگە يېقىندىن ياردەمدە بولۇۋاتقان، قوللاپ قۇۋۋەتلەپ كەلگەن، ھېسداشلىق قىلىۋاتقان تۆۋەندىكى ئورگان ۋە شەخسلەرگە رەھمەت ئېيتىشنى بىر ۋىجدانى ۋەزىپە دەپ بىلىمىز.

1) بارلىق دۆلەتلەرگە، ھۆكۈمەتلەرگە، خەلقئارا تەشكىلاتلارغا، ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى قوبۇل قىلغان پارلامېنتلىرىغا، دىنىي تەشكىلاتلار، جامائەتلەرگە، ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى تەنتەربىيە، سەنئەتچىلەرگە، چولپانلىرىغا، فوندىلارغا، تەرەپسىز، ئادالەتپەرۋەر مەتبۇئاتلارغا، تەتقىقاتچى ۋە تەتقىقات ئورۇنلىرىغا رەھمەتلىرىمىزنى ئېيتىمىز.

2) ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى دۇنيا تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىشى ئۈچۈن، دۇنيانى ماددىي پاكىت بىلەن تەمىنلەپ، پىداكارلىق كۆرسەتكەن، قەھرىمان لاگېر شاھىتلىرىغا، گۇۋاھچىلارغا، چىن كۆڭلىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز.

3) 2004 – يىلى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى قۇرۇلغاندىن بۇيان، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ دۇنيادا ئېتىراپ قىلىنىشى، مىللىي دەۋايىمىزنىڭ تەمسىلچىسى سالاھىيىتىگە ئېرىشىشى يولىدا، ئۇزۇن يىل جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىگەن، شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازادلىق كۈرىشىدە تۆھپە ياراتقان، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ، خىزمەت قىلغان سابىق رەئىسىمىز ئەركىن ئالىپتېكىن، رابىيە قادىر قاتارلىق رەھبەرلىرىمىزگە چەكسىز رەھمىتىمىزنى بىلدۈرىمىز.

4) دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ خىزمەتلىرىنى قوللاپ – قۇۋۋەتلىگەن ھەر قايسى ئەللەردىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىغا، جۈملىدىن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تەركىبىدىكى تەشكىلاتلار ۋە ئۇنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىگە، سىياسىي ئاكتىۋىستلارغا چىن كۆڭلىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز.

5) شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى يولىدا جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەۋاتقان، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ خىزمەتلىرىنى يېقىندىن قوللاپ قۇۋۋەتلەپ كەلگەن بارلىق ۋەتەنداشلارغا، پىدائىي قېرىنداشلىرىمىزغا چىن كۆڭلىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز.

6) دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى نى قوللاپ – قۇۋۋەتلىگەن مۇھاجىرەتتىكى داڭلىق جامائەت ئەربابلىرى، سەرخىللار، قەلەمكەشلەر، ئاكتىۋىستلار، ئالىملار، زىيالىيلار، تىجارەتچىلەر، كارخانىچىلارغا چىن كۆڭلىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز.

7) مىللىي ھەرىكىتىمىزنى ۋە جۈملىدىن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ

www.uyghurkitap.com



خىزمەتلىرىنى قوللاپ - قۇۋۋەتلىگەن ئۇيغۇر تەشۋىقات - مېدىيا ئورگانلىرىغا ۋە بىرىنچى سەپتە تەشۋىقات كۆرىشىنى ئاكتىپ قانات يايدۇرۇۋاتقان قېرىنداشلارغا رەھمەت ئېيتىمىز.

8) مىللىي ھەرىكىتىمىزنى، جۈملىدىن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ پۈتۈن خىزمەتلىرىنى، ماددىي، مەنىۋى ۋە پىكرىي جەھەتتىن قوللاپ قۇۋۋەتلەپ كەلگەن نامسىز باتۇر قېرىنداشلىرىمىزغا چىن كۆڭلىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز.

9) مىللىي دەۋا يولىمىزدا ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بىلەن بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىشتىن ئۈزاق تۇرغان، ھەتتا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنى ئورۇنسىز ئەيىبلەپ، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ خىزمەتلىرىگە مۇئەييەن شەكىلدە توسقۇنلۇق قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۆز دائىرىسىدە مىللىي دەۋايىمىز ئۈچۈن ئەجىر قىلغان، دەۋايىمىزنىڭ ئالغا بېسىشى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتقان ھەر قايسى گۇرۇھ - تەشكىلاتلارغا ۋە ئۇلارنىڭ رەھبەرلىرىگە، شۇنداقلا يەككە پائالىيەتچىلەرگە قىلغان خىزمەتلىرى ئۈچۈن رەھمەت ئېيتىمىز.

10) ئاخىردا، 2017 - يىلى 11 - ئايدا چاقىرىلغان 6 - نۆۋەتلىك پەۋقۇلئاددە قۇرۇلتايدا، ھەر خىل ئىچكى - تاشقى بېسىمغا كۆكرەك كېرىپ، قۇرۇلتايغا ۋەكىل بولۇپ قاتناشقان ۋەكىللەرگە، رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئىنتايىن قىيىن شەرتلەر ئاستىدا، جان - پىدالىق بىلەن خىزمەت قىلىپ كەلگەن ۋە بۈگۈنكى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ مەۋجۇدىيىتى، تەرەققىياتى ۋە كۈچلىنىشى ئۈچۈن، كېچە - كۈندۈز، مۇرىنى - مۇرىگە تىرەپ، تەۋرەنمەي بىر سەپتە ماڭغان ۋە بۈگۈن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى 7 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىدا، بۇ مۇقەددەس ئامانەتنى مىللىتىمىزگە، ۋەكىللەرگە سالامەت تاپشۇرغان، سەپداشلىرىمىزغا چوڭقۇر ھۆرمەت ۋە رەھمەتلىرىمىزنى بىلدۈرىمىز. شەخسەن مەن بۇ پىداكار سەپداشلىرىم بىلەن 4 يىل بىرگە خىزمەت قىلالىغانلىقىمدىن ئۆزۈمنى چەكسىز بەختلىك ۋە غۇرۇر ھېس قىلىمەن.

## خاتىمە

سۆيۈملۈك ۋەكىللەر، سەپداشلىرىم، قېرىنداشلىرىم!

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ شەرقىي تۈركىستان مىللىي ھەرىكىتىدىكى تۈۋرۈكلۈك ئورنى تىكلىنىپ، ئەھمىيەتلىك رولى خەلقىمىزگە ئۈمىد، خەلقئارا

جەمئىيەتكە ئىشەنچ، قىزىل تېررورىست خىتايغا دەھشەتلىك ۋەھىمە ئېلىپ كەلدى!

خىتاينىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ باياناتچىلىرى بىلەن روبىرو - روھ ئېلىشىدىغان، خەلقئارالىق سوتتا خىتاينى جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىدىغان، ب د ت ۋە باشقا خەلقئارا سورۇنلاردا بەلگىلىك ئورۇن، ھۆرمەت ۋە تەسىرگە ئىگە بولدۇق. دۈشمەنلىرىمىزنى يىغلىتىپ، دوستلىرىمىزنى كۈلدۈردۇق!

دۇنيا دېموكراتىيە مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ، خىتاينىڭ دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنى تېررورىست قالپىقى بىلەن قارىلىشىنى بىتچىت قىلدۇق. ئامېرىكا، ياۋروپا ئىتتىپاقى باشلىق غەرب ئەللىرىنىڭ خىتاينى جازالاش قارارلىرىنىڭ ۋە قانۇنلىرىنىڭ روياپقا چىقىشىغا ياردەمدە بولدۇق. خىتاينى غەربىي شىمالدىن ئىسكەنجىگە ئېلىشتا سىياسىي كۈچ بولۇپ شەكىللەندۇق.

ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ ئىش بىرلىكنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىتتىپاقلاشقان، كۈچلۈك مىللىي بىرلىك سەپ قۇرۇشقا تىرىشتۇق ۋە بۇ بىرلىك سەپ نەتىجىسىدە ئۇيغۇر مۇھاجىرلىرىغا ياردەم قىلىش، ب د ت گە بىرلىكتە چاقىرىق قىلىش، بېيجىڭ 2020 - يىلى قىشلىق ئولىمپىكنى بايقۇت قىلىش، ئۇيغۇر مەجبۇرى ئەمگىكىنى توختىتىش ۋە بۇنىڭغا چېتىشلىق بولغان غەرب شىركەتلىرىگە بېسىم قىلىش، ئۇيغۇر سوتىنى روياپقا چىقىرىش قاتارلىق ساھەلەردە بەلگىلىك نەتىجىگە ئېرىشتۇق.

ھەرقايسى دىندىكى مىللەتلەر، جامائەتلەر بىلەن ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ مۇناسىۋەتتە ئىناق ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈردۇق. پۈتۈن دۇنيادا ھەر بىر شەرقىي تۈركىستانلىقنىڭ دېموكراتىيە، ئەركىنلىك، ھۆرلۈك ۋە قانۇنى ھەق ھوقۇقىنى قوغداش ئۈچۈن جەڭ قىلىپ، دۇنيا ئۇيغۇرلىرىنىڭ دېپلوماتىيە جەڭگاھىدىكى تۆۋرۈكى بولۇشقا پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن تىرىشىپ كەلدۇق!

تاشقى دېپلوماتىيە ساھەسىدە قولغا كەلتۈرگەن ھەرقانداق بىر غەلبىمىز خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا بېرىلگەن بىر قېتىملىق ئەجەللىك زەربە بولدۇ! ھەممىمىز بىر بايراق بىر سەپتە ئىتتىپاقلىشىپ، بارلىق كۈچىمىزنى قىزىل تېررورىست خىتايغا قارشى تۈرۈش دېپلوماتىيە جەڭگاھىدا دۈشمەن ئىستىھكامىغا شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىشقا ئىشلىتەيلى!

يول ئۇزۇن، ۋەزىپە مۈشكۈل! ھەممىمىز بىرلىكتە تىرىشىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، كېيىنكى باسقۇچلۇق ۋەزىپىمىزنى ئادا قىلىش ئۈچۈن تىرىشايلى. ھەرقانداق قىيىنچىلىقلار بىزنى قورقۇتالمايدۇ، قىزىل تېررورىست خىتاينىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



زۇلۇمى بىزنى ئۇيۇلتاشتەك ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، كۈرەش ئىرادىمىزنى ۋە ئەمەلىي هەرىكىتىمىزنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرگۈسى. جانابى ئاللاھ خەلقىمىزنى ئەركىن، هۆر ئازاد ۋەتىنىمىزدە ياشاشقا نېسىپ قىلغۇسى.

2021 - يىلى 11 - ئاينىڭ 14 - كۈنى

ئىككىنچى بۆلۈم

# دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئىجرائىيە كومىتېتى رەئىس ئۆمەر قانات ئەپەندىمنىڭ خىزمەت دوكلاتى

## دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى 6 ـ نۆۋەتلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ ئىجرائىيە كومىتېتى خىزمەت خۇلاسە دوكلاتى

ۋاقتى: 2021 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى
ئورنى : چېخىيە، پىراگا
دوكلات بەرگۈچى: دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى دولقۇن ئەيسا

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

قەدىرلىك ۋەتەنداشلىرىم، سۆيۈملۈك قېرىنداشلىرىم!

قۇرۇلتاي 6 ـ نۆۋەتلىك ئىجرائىيە كومىتېتى رەھبەرلىكىدىكى ھەر قايسى كومىتېتلاردا ئۇزۇن ۋاقىت جاپالىق ئىشلەۋاتقان، مىللىي ئەركىنلىك كۈرىشىمىزنىڭ بىرىنچى سېپىدە كېچە كۈندۈز كۈرەش قىلىۋاتقان سەپداشلىرىم! ھەممىڭلارغا چىن يۈرىكىمدىن ئوتلۇق سالام!

ھۆرمەتلىك ۋەكىللەر، ئالدى بىلەن مەن شۇ نۇقتىنى قايتا تەكىتلەپ ئۆتمەكچىمەنكى، قۇرۇلتىيىمىز تەرىپىدىن 2005 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان <مىيونخېن خىتابنامىسى> دا كۆرسىتىلگىنىدەك، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى ھېچ شۈبھىسىزكى ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ مىللىي مۇستەقىللىقىنى تەلتۆكۈس ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە 3 ـ مۇستەقىل جۇمھۇرىيىتىمىزنى قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت، خالاس! قۇرۇلتىيىمىزنىڭ بۇ ئۇلۇغۋار غايىسىنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ !

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قۇرۇلتاي ئىجرائىيە كومىتېتى دۇنيانىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت مەركىزى ئامېرىكا ۋە غەرب دۆلەتلىرىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ پۈتۈن دۇنيادا سىياسىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارغان بولۇپ، ناھايىتى كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. بۇ دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەھبەرلىرىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشىنىڭ يارقىن نەتىجىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەن بۇ يەردە 6 ـ نۆۋەتلىك ئىجرائىيە كومىتېتى رەھبەرلىك ھەيئىتىگە ۋاكالىتەن قۇرۇلتاي ئىجرائىيە كومىتېتى رەھبەرلىكىدىكى ھەرقايسى فۇنكسىيەلىك كومىتېتلارنىڭ ئۆتكەن 4 يىل جەريانىدا قىلغان خىزمەتلىرى ۋە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى ھەققىدە كۆپچىلىككە دوكلات بېرىمەن.

## 1. قۇرۇلتاي ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى

### 1. ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدىكى پائالىيەتلەر

ئامېرىكادا «ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇنى» ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدىن ئۆتكۈزۈش ۋە ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك باشقا قانۇن لايىھەلىرىنىڭ تونۇشتۇرۇلۇشىدا ئوينىغان مۇھىم رولى ۋە بۇ قانۇن لايىھەلىرىنى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدىن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان خىزمەتلىرى؛

1) ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى كېڭەش پالاتاسىدىكى 100 سېناتور ۋە 435 ئاۋام پالاتاسى ئەزاسىنى بىر ـ بىرلەپ زىيارەت قىلىپ، ياكى ئۇلارنىڭ ئىشخانا مۇدىرلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلارغا ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالى ھەققىدە مەلۇمات بېرىلدى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قانۇن لايىھەسىنى تونۇشتۇرۇشى ۋە قوللىشى تەلەپ قىلىندى.

2) ئامېرىكادىكى ئۇيغۇر جامائىتى، مۇسۇلمان، يەھۇدىي، خىرىستىيان تەشكىلاتلىرى ۋە دىنىي رەھبەرلىرى بىلەن بىرلىكتە ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە 4 قېتىم نەچچە ھەپتە داۋاملاشقان لوبېچىلىك پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلدى.

3) ئامېرىكادىكىپۈتۈن كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى، ياشلار ۋە ئوقۇغۇچىلار تەشكىلاتلىرىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، ئۇيغۇرلارنى قوللىغان باياناتلار ئېلان قىلدۇرۇلدى ۋە ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرىنى ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قانۇن لايىھەسىنى قوللاشقا چاقىرغان خەتلەر يازدۇرۇلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ھەرىكىتىنى ئامېرىكادا بىر خەلق ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن جىددىي تىرىشچانلىق كۆرسىتىلدى.

4) ئامېرىكا ئۇيغۇر بىرلەشمىسى، ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قۇرۇلۇشى ۋە كانادا شەرقىي تۈركىستان جەمئىيىتىنىڭ ھەمكارلىقىدا، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇقنى تېزدىن ماقۇللىشى ۋە ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارشى ئەمەلىي تەدبىر ئېلىشىنى تەلەپ قىلىپ، ۋاشىنگتوندا ئۇيغۇرلارنىڭ ئامېرىكا تارىخىدىكى ئەڭ كەڭ كۆلەملىك نامايىشى ئۆتكۈزۈلدى.

5) 2019 ـ يىلى ماي ئېيىدا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى، ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قۇرۇلۇشى ۋە ئامېرىكا ئۇيغۇر بىرلەشمىسىنىڭ ھەمكارلىقىدا ئۇيغۇرلار ھەققىدە خەلقئارالىق بىر يىغىن ئۆتكۈزدى. بۇ يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە ئۆتكۈزۈلدى. ئېچىلىش مۇراسىمىغا ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرىدىن باشقا، ئامېرىكا تاشقى ئىشلار ياردەمچى مىنىستىرى، ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە ياردەمچى مىنىستىرى ۋە ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ دىنىي ئەركىنلىك مەسىلىسىدىكى ئالاھىدە ۋەكىلى قاتارلىق ئامېرىكا دۆلەت ئەربابلىرى قاتناشتى ۋە يىغىندا سۆز قىلدى. بۇ، بۇنداق يۇقىرى دەرىجىلىك ئامېرىكا دۆلەت ئەربابلىرىنىڭ، تۇنجى قېتىم ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ يىغىنىغا قاتنىشىپ سۆز قىلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يىغىندا يەنە ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ رەئىسى نەنسىي پېلوسى خانىمنىڭ ياردەمچىسى، پېلوسى خانىمنىڭ ئۇيغۇرلارنى قوللاپ يازغان خېتىنى ئوقۇدى.

6) يەنە 2019 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى، ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قۇرۇلۇشى ۋە ئامېرىكا ئۇيغۇر بىرلەشمىسىنىڭھەمكارلىقىدا،، ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى پومپېيو ئەپەندى تەرىپىدىن چاقىرىلغان 2 ـ نۆۋەتلىك خەلقئارا دىنىي ئەركىن ئالىي دەرىجىلىك يىغىنىنىڭ يېپىلىش مۇراسىمىغا ساھىبخانلىق قىلدى. بۇ يېپىلىش مۇراسىمىغا ئامېرىكىنىڭ ھەر دەرىجىلىك دۆلەت ئەربابلىرى دۇنيانىڭ ھەرقايسى دۆلەتلىرىدىن كەلگەن ھۆكۈمەت خادىملىرى، پارلامېنت ئەزالىرى ۋە دىنىي رەھبەرلەر بولۇپ 500 ئەتراپىدا كىشى قاتناشتى. يىغىندا ئامېرىكىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئەربابلىرى، ھەرقايسى دۆلەتلەردىن كەلگەن ۋەكىللەر ۋە ئۇيغۇر رەھبەرلەر سۆز قىلىپ، ئۇيغۇرلار مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ۋە خەلقئارا جامائەتنى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان باستۇرۇشىنى توختىتىش ئۈچۈن كونكرېت تەدبىر ئېلىشقا چاقىردى.

7) بۇ تىرىشچانلىقلار ۋە پائالىيەتلەر نەتىجىسىدە «ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قانۇنى» 2020 ـ يىلى 5 ـ ئايدا دۆلەت مەجلىسىدىن مۇتلەق ئاۋاز كۆپلۈكى بىلەن ئۆتتى ۋە 6 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئامېرىكا سابىق پرېزىدېنتى دونالد ترامپ تەرىپىدىن ئىمزالىنىپ رەسمىي قانۇنغا ئايلاندى. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ نەچچە مىڭ

www.uyghurkitap.com



يىللىق تارىخىدا تۇنجى قېتىم بىر دۆلەتتە ئۇيغۇرلارنى قوللاپ چىقىرىلغان قانۇن ھېسابلىناتتى. بۇ قانۇننىڭ قوبۇل قىلىنىشىدىن كېيىن ئامېرىكا ھۆكۈمىتى خىتايغا قارشى جازا تەدبىرلىرى ئېلىشقا باشلىدى. ھەممىدە باش دۆلەتلەرنىمۇ ئۇيغۇرلارنى قوللاشقا ۋە ئوخشاش جازا تەدبىرلىرى ئېلىشقا ئۈندىدى. ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاي رەھبەرلىرىگە، شىركەتلىرىگە ۋە بىخەتەرلىك ئورگانلىرىغا قارشى يولغا قويغان جازا تەدبىرلىرىنىڭ سانى 94 يېتىدۇ. شۇنداقلا ئامېرىكا تۇنجى بولۇپ ئۇيغۇرلار مەسىلىسىنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ جاكارلىدى.

ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىگە سۇنۇلغان ۋە تەستىقلىنىش ئالدىدا تۇرغان قانۇن ۋە قارار لايىھەلىرى

(1) ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقى قارار لايىھەسى
(2) ئۇيغۇر مەجبۇرى ئەمگىكىنى چەكلەش قانۇن لايىھەسى
(3) ئۇيغۇر مەجبۇرى ئەمگىكىنى ئاشكارىلاش قانۇن لايىھەسى
(4) ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇقىنى قوغداش قانۇن لايىھەسى (كۆچمەنلەر)
(5) ئۇيغۇر ئاياللىرىنى مەجبۇرى تۇغماسلاشتۇرۇشنى توختىتىش قانۇن لايىھەسى
(6) ئۇيغۇر سىياستى قانۇن لايىھەسى

بىز بۇ قانۇن لايىھەلىرىنىڭ ئاساسەن ھەممىسىنىڭ تەييارلىنىشى، ماددىلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە سۇنۇلۇشىدا مۇھىم رول ئوينىدۇق.

## 2. ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىدىكى ئۇچرىششلار ۋە ئېلىپ بېرىلغان پائالىيەتلەر

1) ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ، ياردەمچى مىنىستىرلىرى، تاشقى ئىشلار مىنىستىرىنىڭ يېقىن مەسلىھەتچىلىرى قاتارلىق بۇ مىنىستىرلىقنىڭ ئالىي رەھبەرلىرى بىلەن يېقىن ۋە سەممىمىي مۇناسىۋەت ئورناتتۇق. ئۆتكەن 4 يىل ئىچىدە، ترامپ ھۆكۈمىتى دەۋرىدە بولسۇن بايدىن ھۆكۈمىتى دەۋرىدە بولسۇن تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىرى ۋە خادىملىرى بىلەن 22 قېتىم ئۇچرىشىپ، سۆھبەت ئۆتكۈزۈلدى. ئاخىرقى ئۇچرىشىش 2021 - يىلى 7 - ئايدا تور ئارقىلىق، ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ئانتونىي بلىنكېن ئەپەندىم بىلەن ئۆتكۈزۈلدى. بۇ ئۇچرىششلار جەريانىدا ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك پۈتۈن مەسىلىلەر ئوتتۇرىغاقويۇلدى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قارىتا ئېلىپ بېرىۋاتقان باستۇرۇش سىياستى توغرىسىدا دەلىل ئىسپاتلىق ھۆججەتلەر سۇنۇلدى ۋە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ

باستۇرۇش سىياسىتىنى توختىتىش ئۈچۈن كونكرېت تەدبىرلەر ئېلىنىشى ۋە بۇنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ تونۇلۇشى تەلەپ قىلىنىدى.

2) ئېلىپ بېرىلغان مۇشۇ پائالىيەتلەر، ئۆتكۈزۈلگەن ئۇچرىشىشلار، سۇنۇلغان ئىسپاتلىق دەلىللەر، باشقا دۆلەتلەردىن ھەر تۈرلۈك يوللار ئارقىلىق ئامېرىكاغا ئېلىپ كېلىنگەن جازا لاگېرى شاھىتلىرى ۋە ئۇرۇق تۇغقانلىرى جازا لاگېرلىرىدىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بەرگەن گۇۋاھلىقلىرى نەتىجىسىدە، ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى، ئامېرىكا مالىيە ۋە ئىچكى بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقلىرى بىرلىكتە، خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارشى تۈرلۈك جازا تەدبىرلىرى ئالدى. ئۇنلىغان خىتاي شىركەتلىرى، بىخەتەرلىك ئورگانلىرى قارا تىزىملىككە ئېلىنىدى ۋە يۈزلىگەن خىتاي ئەمەلدارىغا ۋىزا چەكلىمىسى قويۇلدى. تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مايك پومپېيو ئەپەندىم 2021 - يىلى 19 - يانۋار كۈنى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان باستۇرۇش ھەرىكىتىنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ بېكىتتى.

### 3. ئاقسارايدا ئېلىپ بېرىلغان پائالىيەتلەر

1) ئۆتكەن 4 يىل جەريانىدا قاتتىق تىرىشىش نەتىجىسىدە، ئاقساراي ۋە ئامېرىكا مىللىي بىخەتەرلىك كېڭىشى بىلەن ياخشى مۇناسىۋەت ئورنىتىلدى.

2) ئۆتكەن 4 يىل ئىچىدە، ئاقساراي ۋە ئامېرىكا مىللىي بىخەتەرلىك كېڭىشىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك خادىملىرى بىلەن 6 قېتىم يۈز تۇرانە بىر قېتىم تور ئارقىلىق سۆھبەت ئېلىپ بېرىلدى.

3) ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك سۆھبەت 2019 - يىلى 8 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئامېرىكا مۇئاۋىن پرېزىدېنت مايك پېنس ئەپەندىم بىلەن ئاقسارايدا ئۇچرىشىپ ئېلىپ بېرىلغان ئۇچرىشىش بولدى.

4) بۇ ئۇچرىشىش جەريانىدا مايك پېنس ئەپەندىمگە ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان باستۇرۇش سىياسىتى دەلىل ئىسپاتلار بىلەن ئاڭلىتىلدى ۋە ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ جىددىي تەدبىر ئېلىشى تەلەپ قىلىندى. شۇنىڭدەك يەنە، خىتاي ئەمەلدارلىرىنى (ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇش ھەرىكىتىدە مەسئۇلىيىتى بولغان) جازالاشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ تەلەپ ۋە تەكلىپلىرى مۇئاۋىن پرېزىدېنت پېنس ئەپەندىمگە تەقدىم قىلىندى.

5) بايدېن ئامېرىكا پرېزىدېنتى بولۇپ سايلانغاندىن كېيىن، 2021 - يىلى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



4 ـ ئايدا ئاقساراي بىلەن تونجى سۆھبەت ئېلىپ بېرىلدى.

6) ئاقسارايغا سۇنۇلغان دەلىل ـ ئىسپاتلار ۋە بېرىلگەن گۇۋاھلىقلار، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ، خىتاي ھۆكۈمىتىنى، ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇشتا مەسئۇلىيىتى بولغان خىتاي رەھبەرلىرىنى ۋە خىتاي شىركەتلىرىگە قارشى جازا تەدبىرلىرى ئېلىشتا ھالقىلىق رول ئوينىدى.

7) ئامېرىكا مۇداپىئە مىنىستىرلىقى ۋە ئىچكى بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقى بىلەن ياخشى مۇناسىۋەت ئورنىتىلدى. ئامېرىكا مۇداپىئەسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك خادىملىرى بىلەن، جۈملىدىن ئامېرىكىنىڭ مۇئاۋىن مۇداپىئە مىنىستىرى راندي شرىۋەر ئەپەندىم بىلەن 2019 ـ يىلى مارت ئېيىدا ۋە 2019 ماي ئېيىدا ئىككى قېتىم ئۇزۇن سۆھبەت ئېلىپ بېرىلدى. بۇ سۆھبەتلەر جەريانىدا ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك، بولۇپمۇ سۈرىيەدە كوردلار تەرىپىدىن ئەسىر ئېلىنغان ئۇيغۇر ئائىللىرى ۋە باللىرى مەسىلىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

**4. ھەرقايسى دىنىي گۇرۇپپىلار بىلەن ئېلىپ بېرىلغان پائالىيەتلەر/ ھىندونېزىيە، مالايشىيا ۋە تۈركىيەدە ئېلىپ بېرىلغان پائالىيەتلەر**

مۇسۇلمان، يەھۇدىي ۋە خىرىستىيان قاتارلىق ھەرقايسى دىنىي جامائەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىلىپ خىزمەتلەر ئەتراپلىق ئىشلەندى.

1) ئىسلام دۆلەتلىرىنى ئۇيغۇرلار مەسىلىسىدە ھەرىكەتلەندۈرۈش، مۇسۇلمانلارغا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان ئىرقىي ۋە دىنىي قىرغىنچىلىقىنى ئاڭلىتىش ئۈچۈن، 2019 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ھىندونېزىيە ۋە مالايشىيا قاتارلىق دۆلەتلەرنى زىيارەت قىلدۇق. بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئالىي دەرىجىلىك دۆلەت ئەربابلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى باشقا تۈركىي ـ مۇسۇلمان خەلقلەرگە قارشى ئېلىپ بېرىۋاتقان قىرغىنچىلىق سىياسىتىنى ئاڭلاتتۇق ۋە ئۇلاردىن مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىغا ئىگە چىقىشنى تەلەپ قىلدۇق بولۇپمۇ مالايشىيادىكى زىيارىتىمىز بەك غەلىبىلىك بولدى. مالايشىيانىڭ باش مىنىستىر ياردەمچىسى ۋە بىر نەچچە مىنىستىرلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ سۆھبەتتە بولدۇق ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەزىيىتىنى ئاڭلاتتۇق. يەنە بۇ دۆلەتلەردىكى چوڭ دىنى تەشكىلات رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشتۇق ۋە بۇلاردىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئاۋازى بولۇشىنى تەلەپ قىلدۇق. نەتىجىدە، مالايشىيادىكى 26 تەشكىلات بىرلىشىپ، ئۇيغۇرلارنى قوللاش گۇرۇپپىسىنى قۇرۇپ پائالىيەتكە باشلىۋەتتى. ئۆتكەن 4 يىل جەريانىدا يەنە ئاۋستىرالىيە، ياپونىيەدە

زىيارەتتە بولدۇق ۋە بۇ دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمەت خادىملىرى ۋە پارلامېنت ئەزالىرى بىلەن سۆھبەتتە بولدۇق. بۇندىن سىرت تۈركىيەنى 6 قېتىم زىيارەت قىلدۇق ۋە ھۆكۈمەت ئەربابلىرى، پارلامېنت ئەزالىرى ۋە سىياسىي پارتىيە رەھبەرلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇلارنى ئۇيغۇرلارغا ئىگە چىقىشقا چاقىردۇق. بەزى خەلقئارالىق چوڭ دىنىي تەشكىلاتلار بىلەن، خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارشى بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىش توختاملار ئىمزالىنىپ، بىرلىكتە كەڭ كۆلەملىك نامايىشلار، مۇھاكىمە يىغىنلىرى ۋە ئۇيغۇرلارغا ياردەم ئۈچۈن ئالاھىدە كونلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

2) ئامېرىكادىكى دىنىي رەھبەرلەر، ئۆزلىرىنىڭ دىنىي جامائەتلىرىنى قوزغاش ئارقىلىق، ئۇيغۇرلار ھەققىدە، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىگە سۇنۇلغان قانۇن لايىھەلىرىنىڭ دۆلەت مەجلىسىدە مۇتلەق ئاۋاز كۆپلۈكى بىلەن ماقۇللىنىشىدا مۇھىم رول ئوينىدى.

3) بۇ قانۇنلارنىڭ ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە تېزدىن ماقۇللىنىشى ئۈچۈن 6 قېتىم، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئىچىدە ۋە 3 قېتىم تور ئارقىلىق ئالاھىدە پائالىيەتلەر ئۇيۇشتۇرۇلدى. بىرلىكتە ۋاشىنگتوندا ئۇيغۇرلارنىڭ ئامېرىكا تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ نامايىشىنى ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

4) ئۆتكەن 4 يىل ئىچىدە يەھۇدىي تەشكىلاتلىرى تەرىپىدىن ئورۇنلاشتۇرغان 13، خىرىستىيان تەشكىلاتلىرى تەرىپىدىن ئورۇنلاشتۇرغان 9 ۋە مۇسۇلمان تەشكىلاتلىرى بىلەن ئورۇنلاشتۇرغان 15 يىغىنغا ئالاھىدە تەكلىپ بىلەن قاتنىشىپ، سۆز قىلىندى.

## 5. ئۇيغۇر مۇھاجىرلار ۋە مۇساپىرلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان پائالىيەتلەر

دۇنيانىڭ ھەر قايسى دۆلەتلىرىدە خىتايغا قايتۇرۇش خەۋپ ئاستىدا قالغان ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن بار ئىمكانىيەتتىن پايدىلىنىپ تىرىشچانلىقنى كۆرسىتىش نەتىجىسىدە (گەرچە بىر قىسمىنى قۇتقۇزۇشقا كۈچىمىز يەتمىگەن بولسىمۇ) كۆپىنچىسىگە ماددىي ۋە مەنىۋى ياردەم قىلىندى بىر قىسمى بىخەتەر دۆلەتلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

1) مېھرىگۈل تۇرسۇن مىسىردىن ئامېرىكاغا ساق - سالامەت يېتىپ كەلدى.

2) ئابلىكىم يۈسۈپ، قاتار ئايرودرومىدا، خىتايغا قايتۇرۇش ئالدىدا تۇرغاندا، ئامېرىكاغا ئېلىپ كېلىندى.

3) لاگېر شاھىتى تۇرسۇنئاي زىياۋۇدۇننى ئامېرىكاغا ئېلىپ كەلدۇق. بۇ لاگېر شاھىتىنىڭ بەرگەن گۇۋاھلىقى پۈتۈن دۇنيادا غۇلغۇلا قوزغىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

4) تايلاند تۈرمىسىدە تۇتۇلۇپ تۇرغان ۋە خىتايغا قايتۇرۇلۇشى جەزملەشكەن، زەكەريا ئابلىمىتنى، تايلان تۈرمىسىدىن قۇتقۇزۇپ، ئامېرىكاغا ئېلىپ كېلىندى.

5) ئامېرىكىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورگانلىرىنىڭ ياردىمى ۋە بىۋاسىتە ئارىلىشىشى نەتىجىسىدە، ھىندونېزىيە، بېلارۇس، بۇلغارىيە، گىرۇزىيە، مالايشىيا، مىسىر، مېكسىكو، بوسنىيە، سېربىيەقاتارلىق دۆلەتلەردە خىتايغا قايتۇرۇش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن قېرىنداشلىرىمىزغا ياردەم قىلىندى.

**6. ئامېرىكادىكى ھەرقايسى ئۇنىۋېرسىتېت ۋە ئىنستىتۇتلاردا ئېلىپ بارغان پائالىيەتلەر**

1) يالې، ئىستانفورد، خارۋارد، كولومبىيە روچىشتەر، نورتھ كارولىنا، قاتارلىق 18 ئۇنىۋېرسىتېت ۋە ئىنستىتۇتتا مەخسۇس ئۇيغۇرلار ھەققىدە ئۇيۇشتۇرۇلغان يىغىنلارغا قاتنىشىپ، نۆۋەتتىكى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان قىرغىنچىلىق سىياسىتى ھەققىدە مەلۇمات بېرىلدى. ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئوقۇغۇچىلارنى ئۇيغۇرلارنى قوللاشقا چاقىرىپ، تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

2) ئۇنىۋېرسىتېتلاردا ئۇيغۇرلارنى قوللايدىغان ئوقۇغۇچى گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلۇپ ئۇيغۇر مەسىلىسى ئامېرىكادىكى ئوقۇغۇچىلار، ياشلار ئارىسىدا تونۇلۇشىدا مۇھىم رول ئوينىدى.

**7. دۇنيانىڭ چوڭ تېلېۋىزىيە - رادىيولىرى ۋە گېزىت - ژۇرناللىرى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەتلەر، ئېلان قىلىنغان باش ماقالىلەر**

1) BBC، PBS، CNN، ئەلجەزىرە، گېرمانىيە دولقۇنلىرى قاتارلىق چوڭ تېلېۋىزىيە - رادىيولار ھەم دۇنيانىڭ ئاتاقلىق گېزىتلىرى بىلەن ئۇيغۇرلار مەسىلىسىدە ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەتلىرىمىز ئېلان قىلىندى.

2) دىپلومات، مالاسىئاكىنى، The Global Post قاتارلىق گېزىتلەردە 12 باش ماقالە ئېلان قىلدۇق.

## 2. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئىجرائىيە كومىتېتى ھەرقايسى كومىتېت ۋە مەركەزلەرنىڭ خىزمەتلىرى

**1. قۇرۇلتاي ئۇچۇر تەشۋىقات مەركىزىنىڭ قىلغان خىزمەتلىرى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى «ئۇچۇر - تەشۋىقات مەركىزى» 2017 - يىلىدىكى

6 ـ نۆۋەتلىك پەۋقۇلئاددە قۇرۇلتايدىن كېيىنلا تەشۋىقات خىزمىتىنى كۈچ تەرەپلىمە يۈنىلىشتە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ھەم كۈچەيتىشكە زور دەرىجىدە ئەھمىيەتلەر بەردى. مۇئەسسەسىلىشىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلەپ، تەشۋىقات خىزمىتىگە كېرەكلىك ماشىنا ئۈسكۈنە، كومپيوتېر، كامېرا، ئاپپارات، يۇمشاق دېتاللارنى تولۇقلىدى. تەشۋىقات خىزمىتىگە تولۇق كۈنلۈك تولۇق مائاشلىق خىزمەتچىلەرنى سەپلەپ، خىزمەتلەرنىڭ ئۆز ۋاقتىدا يۇقىرى ئۈنۈم بىلەن ئورۇنلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلدى. ئىشلەنگەن فىلىملەرنى قەرەللىك باھالاپ ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىپ، ئابونتلار سانىنىڭ تېزدىن ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلىندى. بىخەتەرلىك خىزمىتى كۈچەيتىلىپ خىتاينىڭ تور ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش چارە تەدبىرلىرى قوللىنىلدى. قۇرۇلتاي رەھبەرلىرى تەشۋىقات خىزمەتلىرىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، خىزمەتلەرنى ھەر جەھەتتىن ئالاھىدە قوللىدى.

1) 2018 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن باشلاپ ئايلىق «خەۋەرنامە» نەشر قىلدى.

2) 2018 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن باشلاپ دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ فېيسبۇك ۋە يۇتيۇب قاناللىرىنى قۇرۇپ چىقىپ، تەشۋىقات كۆلىمىنى كېڭەيتتى.

3) 2018 ـ يىلى 4 ـ ئايدا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تور تېلېۋىزىيەسى رەسمىي قۇرۇلدى.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى «ئۇچۇر ـ تەشۋىقات مەركىزى» ۋە ئۇنىڭ تەركىبىدىكى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تور تېلېۋىزىيەسىنىڭ فېيسبۇك ۋە يۇتيۇب قاناللىرىدا ھازىرغا قەدەر تارقىتىپ كەلگەن تۈرلۈك پروگراممىلىرىنىڭ ئومۇمىي سانى 1834 پارچە بولۇپ، ئابونتلىرىنىڭ سانىمۇ 10 مىڭدىن ئاشتى.

(1) مەخسۇس زىيارەت پروگراممىلىرى 214 ئىشلەندى.
(2) نەقمەيدان سۆھبەتلىرى پروگراممىلىرى 117 ئىشلەندى.
(3) ھەپتىلىك خەۋەرلەر پروگراممىلىرى 108 ئىشلەندى.
(4) كۈندىلىك خەۋەرلەر پروگراممىلىرى 734 ئىشلەندى.
(5) خىزمەت دوكلاتى پروگراممىلىرى 11 ئىشلەندى.
(6) خىتايچە تەرجىمە پروگراممىلىرى 22 ئىشلەندى.
(7) رۇسچە تەرجىمە پروگراممىلىرى 73 ئىشلەندى.
(8) پائالىيەت پروگراممىلىرى 119 ئىشلەندى.
(9) دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلىك فىلىملەر 58 كۆچۈرۈپ تارقىتىلدى.
(10) دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تەركىبىدىكى تەشكىلاتلارنىڭ پائالىيەتلىرى 128 قېتىم تەشۋىق قىلىندى.

(11) دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ نۇتۇقلىرى، باياناتلىرى، چاقىرىقلىرى، مۇراجىئەتلىرى 210 قېتىم تارقىتىلدى.

(12) تۈركچە ھەپتىلىك خەۋەرلەر 40 پارچە ئىشلەندى.

(13) فېيسبۇك، يۇتيۇب ئابۇنت سانى: 13.700، كۆرۈلۈشى: 12، 000

## 2. قۇرۇلتاي تەتقىقات مەركىزىنىڭ قىلغان خىزمەتلىرى

1) «كۆچمەنلەر، پاناھلانغۇچىلار قوللانمىسى» تۈزۈپ مۇھاجىرەتتىكى قېرىنداشلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى قىيىنچىلىق، بوشلۇقى ھەل قىلىندى.

2) پاناھلىق تىلىگەن، قېرىنداشلىرىمىز ئۈچۈن قانۇنىي جەھەتتە تۈرلۈك مەسلىھەت بېرىش، تەرجىمانلىق قىلىش خىزمىتى، ھەقسىز، مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئىشلەندى.

3) ھەر خىل ئۇسۇلدا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۇيغۇرلارنى تونۇشتۇرۇش پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلدى.

4) ئۇيغۇر جامائىتى، تۈرك تەشكىلاتلىرى بىلەن بىرلىشىپ «خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇقى كۈنى» «بىر قەدەم بىر ئاۋاز».. ۋە ھەر خىل خاتىرە كۈنلىرىدە ميۇنخېن، فرانكفورت، كارلسرۇھە.. قاتارلىق چوڭ شەھەرلىردە نامايىشلار ئېلىپ بېرىلدى.

5) فرانكفورت شەھىرىدىكى 4 ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن بىرلىكتە، خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتىگە قارشى 8 كىلومېتىرلىق يۈرۈش نامايىشى ئۆتكۈزۈلدى.

6) ياپونىيەلىك فىروف.دىر جۇن تاكادا ھازىرلىغان، «خىتاي ئاتوم سىنىقىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاپەتلىرى» ناملىق تەتقىقات دوكلاتى تۈركىيەدە تۈركچە ئىككى قېتىم نەشر قىلىنىشىنى روياپقا چىقاردى.

7) كۆپ قېتىم گېرمانىيە ۋە باشقا دۆلەتلەر ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇيغۇرنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالى تونۇشتۇرۇلدى.

8) تەتقىقات مەركىزىنىڭ ئىلمىي خىزمەتلىرىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن «مۇھاكىمە مۇنبىرى» تەسىس قىلىنىپ، مەخسۇس تېمىلاردا بىر قاتار ئىلمىي مۇھاكىمىلەر ئېلىپ بېرىلدى.

9) خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسىنىڭ 100 يىللىقى - ئۆز - ئۆزىنى ئىنكار قىلىش، زوراۋانلىق، تاجاۋۇزچىلىق، كېڭەيمىچىلىك تارىخىدىن ئىبارەت. دېگەنگە ئوخشاش تەسىرى كۈچلۈك 30 پارچىغا يېقىن مۇلاھىزە، ئوبزور، ئەدەبىي ئاخبارات قاتارلىق ماقالىلەر يېزىلىپ، خەلقىمىزنى يېتەكلەش جەھەتتە ئىجابىي رول ئوينىدى.

10) ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقى توغرىسىدا گېرمانىيە فېدېرال سوتىغا ئەرز قىلىش ئۈچۈن 25 كىشىنىڭ گۇۋاھلىقى هازىرلاندى. ئادۋوكات ۋە بېرلىندىكى ياۋروپا ئاساسىي قانۇنى تەشكىلاتى بىلەن گېرمانىيە فېدېرال سوتىغا ئەرز قىلىشنىڭ ئاخىرقى تەييارلىق ئىشلىرى جىددىي ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ.

### 3. قۇرۇلتاي ياشلار كومىتېتىنىڭ قىلغان خىزمەتلىرى.

قۇرۇلتاي ۋە يەرلىك تەشكىلاتلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسىم پائالىيەتلىرىدە ياشلار كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى كۈچلۈك تايانچى سۈپىتىدە ئۆز ھەسسىسىنى قوشۇپ كەلدى.

1) نامايىش، مەشرەپ ۋە تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرى ۋە باشقا مەدەنىيەت - سەنئەت پائالىيەتلىرى ئېلىپ باردى.

2) مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنلىرى، خاتىرىلەش كۈنلىرى، خەۋەر - ئالاقە ۋاسىتىلىرى ۋە ئىجتىمائىي تاراتقۇلار ئارقىلىق خەلقىمىزنىڭ دەرد ئەلەملىرىنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە ئاڭلىتىش قاتارلىق ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنى جانلىق ئېلىپ باردى.

3) ياشلار كومىتېتى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بىلەن دېموكراتىيەنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى (NED) بىرلىكتە ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇيغۇر ياش رەھبەرلىرىنى تەربىيەلەش پىروگراممىسىنىڭ رامكىسى ئىچىدە مۇھاجىرەتتىكى ۋەتەنپەرۋەر، پىداكار، پائالىيەتچان ۋە دەۋانىڭ كەلگۈسىگە ياراملىق ئىزباسار بولالايدىغان ئۇيغۇر ياشلىرىنى بايقاش، تەربىيەلەش، يېتەكلەش ۋە ئۇلارنىڭ بىلىم ئىقتىدارىنى قۇرۇلتاينىڭ خەلقئارالىق دەۋا سېپىدە جارى قىلدۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش ۋەزىپىسىنى ياخشى ئورۇنداپ كەلدى.

4) 4 - شىۋېتسىيە، نورۋېگىيە، گېرمانىيە، بېلگىيە، تۈركىيە ۋە ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەردە ئېلىپ بېرىلغان ياش ئۇيغۇر رەھبەرلىرىنى تەربىيەلەش پىروگراممىسى ئارقىلىق، 20 دىن ئارتۇق دۆلەتتىن، 100 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر ياشلىرىنى شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى خەلقئارالاشتۇرۇش، دەۋايىمىزغا ئالاقىدار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



خەلقئارالىق سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي سىستېمىلار ھەمدە خەلقئارالىق قانۇن تۈزۈملەردىن پايدىلىنىش يوللىرى، لوبىچىلىق ۋە خەۋەر تارقىتىش ۋاسىتىلىرىنى قوللىنىش ماھارەتلىرى بويىچە تەربىيەلىدى.

5) ياشلار كومىتېتى ختاي ۋاباسى مەزگىلىدە ئىنتېرنېت ئارقىلىق تور مۇھاكىمە يىغىنلىرى، تور سۆھبەتلىرى ئېلىپ باردى.

6) شەرقىي تۈركىستان ياشلار ھەمكارلىق مۇنبىرىنى تەشكىللەپ ھەرقايسى دۆلەت ۋە تەشكىلاتلاردىكى ياش دەۋا خادىملىرى ئارىسىدا قېرىنداشلىق، باراۋەرلىك، ئۆزئارا ئىشەنچ، ھۆرمەت ۋە قوللاشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، چەن دىيالوگىنى ساقلاش، ئىش بىرلىكى ۋە سوز بىرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كۈچ چىقاردى.

## 4. قۇرۇلتاي ئىچكى ئىشلار كومىتېتىنىڭ قىلغان خىزمەتلىرى.

1) ئىجرائىيە ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ ئارخىپى تۇرغۇزۇلدى ۋە ئىجرائىيە ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ كىملىك كارتىسى ئىشلەپ يوللاندى.

2) دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى نىزامنامىسىنىڭ ئىچكى ئىشلار خىزمىتىگە ئائىت بەلگىلىمىلىرىگە قوشۇمچە 11 ماددىلىق «دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئىچكى بىخەتەرلىكىنى قوغداش بەلگىلىمىسى» تۈزۈپ چىقىلدى.

3) ئاۋستىرالىيەدىكى جامائىتىمىز ئولتۇراقلاشقان شەھەرلەردە ۋە دۇنيادىكى قىسمەن دۆلەتلەردە كومىتېت ئەزالىرى ۋە ھەمكارلاشقۇچىلار تۇرغۇزۇلدى.

4) دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەھبەرلىرىنىڭ سالاھىيىتىنى قوغداش ئۈچۈن ئېتىراپلىق ھەرىكەتلەر قىلىندى.

5) ئاۋستىرالىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتى، ۋىكتورىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتى، «ئاۋستىرالىيەدە تەگرىتاغ ئۇيغۇر خانىم - قىزلار ئۇيۇشمىسى»نىڭ قانۇنى تىزىمغا ئېلىنىشى، سايلام ۋە نورمال سىياسىي خىزمەتلىرىنىڭ دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە جانلىق ئېلىپ بېرىلىشىغا يېقىندىن ياردەمدە بولدى.

6) مۇھەممەد سالىھ ئىلىم مەركىزى» نىڭ سىدنىيدا قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىپ، ئاۋستىرالىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ پائالىيەتلىرى، ياشلارنىڭ پائالىيەتلىرى، ئاياللارنىڭ پائالىيەتلىرى ئېلىپ بېرىش بىلەن بىرگە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ پائالىيەتلىرىنى، مۇراجىئەتلىرىنى تەشۋىق قىلىپ يەتكۈزۈش ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلىدۇق.

7) سىدنېيدا «ستوپ ئۇيغۇر جېنوسايد» ھەرىكىتى قانۇنى تىزىمغا ئالدۇرۇلۇپ، ئاۋستىرالىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتى، ۋۇج ۋە تەڭرىتاغ ئاياللار تەشكىلاتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىرلىكسەپ تۈزۈلدى. ئىنگلىز لوبىچىلار خىزمەتكە تەكلىپ قىلىنىپ پائالىيەتلەر كەسپىي ئېلىپ بېرىلماقتا.

8) تايلاندىكى ئۇيغۇر مۇساپىرلىرى ئۈچۈن ئاكتىپ سىياسىي خىزمەتلەر ئىشلەندى، تايلاند ۋە مالايشىيادا پارلامېنت ئەزالىرى، ئادۋوكاتلار، ئىنسانپەرۋەر تەشكىلات مەسئۇللىرى ۋە پىدائىيلار، تۈرمىدىكى ئۇيغۇر مۇساپىرلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ ئالاقە تورى ھاسىل قىلىندى. مۇساپىرلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى، داۋالىنىشى، قانۇنى ئادۋوكاتلار ئۈچۈن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى ۋە باشقا ياردەملەرنىڭمۇ ئىمكانى قىلىنىپ، مۇساپىرلارنىڭ كۈندىلىك ھاياتىدا زور ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىندى. مۇساپىرلارنى 3 - بىر دۆلەتكە بىخەتەر يۆتكەش ئۈچۈن جىددىي ھەرىكەت ئېلىپ بېرىلماقتا.

**5. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئاياللار كومىتېتىنىڭ قىلغان خىزمەتلىرى:**

1) «بىر قەدەم، بىر ئاۋاز» چاقىرىقى ۋە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئاياللار كومىتېتىنىڭ ھەمكارلىقى بىلەن 18 دۆلەتنىڭ 30 غا يېقىن شەھىرىدە نامايىش ئېلىپ بېرىلدى.

2) ئىنسانپەرۋەر ئاياللارنى تەشكىللەپ، تۈركىيەدىكى ئۇنىۋېرسىتېتلاردا ئوقۇۋاتقان (دىپلومات، قانۇن، سىياسەت كەسىپلىرىدە) 32 نەپەر قىز ئوقۇغۇچىغا ئايلىق ئىقتىسادىي ياردەمدە بولۇۋاتىدۇ.

3) ئۇيغۇر تىلىمىزنى قوغداپ قېلىش، ئۇيغۇر ئانىلىرىنىڭ باش تارتىپ بولالمايدىغان ۋەزىپىمىز دېگەن شوئار ئاستىدا، گېرمانىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ياردەم مەبلىغى بىلەن «تەڭرىتاغ غۇنچىلىرى ئانا تىل «مەكتىپىنى قۇردۇق.

4) خىتاينىڭ مەھسۇلاتلىرىنى ساتىدىغان داڭلىق ماركا ماگىزىنلىرىنىڭ ئالدىدا نامايىش تەشكىللەندى.

5) ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى ئاياللار ۋە باللارغا ياردەم قىلىدىغان تەشكىلاتلار بىلەن ئالاقە قىلىنىپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئانا - باللارغا ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىنسان قېلىپىدىن چىقىقان ۋەھشىيلەرچە قىرغىنچىلىقى تەشۋىق قىلىندى.

6) ئاياللارنىڭ مۇستەقىللىق كۈرىشىمىزدىكى رولى توغرىسىدا، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ۋەتەنپەرۋەر، ئاكتىپ ئاياللار بىلەن كۆپ قېتىم سۆھبەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆتكۈزۈپ، ياش ۋە ئاكتىپ، خانىم ـ قىزلىرىمىزنى تەشكىللەپ 17 خىل تىلدا «ئۇيغۇرلار يوقۇلۇپ كېتىۋاتىدۇ، دۇنيا ئاۋازسىز قالمىسۇن»دېگەن تېمىدا ۋىدېئولۇق تەشۋىقات ئېلىپ بېرىلدى.

### 6. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى مۇھاجىرلار كومىتېتىنىڭ قىلغان خىزمەتلىرى

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى مۇھاجىرلار كومىتېتىنىڭ تارمىقىدىكى ئۇيغۇر مۇھاجىرلار فوندى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ھەقلىرىنى قوغداش قۇرۇلۇشى خىزمەتلىرى، بۇ كومىتېتنىڭ ئاساسلىق ئىككى فۇنكسىيەلىك ئورنىنىڭ خىزمەتلىرى بولۇپ، تۆۋەندە ئىشلىگەن خىزمەتلەر توغرىلىق خەلقىمىزگە جاۋاب بېرىمىز.

#### - ئۇيغۇر مۇھاجىرلار فوندى

مەزكۇر فوند ئۇيغۇر مۇھاجىرلىرىنىڭ قېيىنچىلىقىغا كانادا ۋە باشقا دېموكراتىك دۆلەتلەردىكى مۇمكىنچىلىكلەردىن پايدىلىنىپ ياردەم تېپىش مەقسىتىدە قۇرۇلغاندىن بۇيان ئىشلىگەن خىزمەتلەر:

1) 3400 مۇھاجىرنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالىنى ئىگىلەپ ئارخىپلاشتۇرۇپ چىقتى ۋە بۇ ئارخىپى ئۈچۈن مەخسۇس بىخەتەر سىستېما بەرپا قىلدى.

2) 2 قېتىم مەخسۇس تۈركىيەگە ۋەكىل ئەۋەتىپ مۇھاجىر قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئەملىي قىيىنچىلىقىنى ئىگىلەپ ئۇنى ھۆججەتلەشتۈردى.

3) ئۇيغۇر مۇھاجىرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسى كانادا پارلامېنتىدا ئۆتكۈزۈلگەن گۇۋاھلىق ئاڭلاش يىغىنلىرىدا 10 قېتىمدىن ئارتۇق تەكىتلىنىپ كانادا ھۆكۈمىتىنىڭ تەدبىر قوللىنىشى تەلەپ قىلىنغان بولدى.

4) نەتىجىدە كانادا پارلامېنتى خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتى تۇنجى بولۇپ خىتاينىڭ ئۇيغۇر خەلقىگە قارىتىپ سادىر قىلىۋاتقان جىنايى قىلمىشىنى مىللىي قىرغىنچىلىق دەپ جاكارلىدى.

5) خەتەرلىك دۆلەتلەردە چىقىش يولى تاپالماي تۇرۇپ قالغان ئۇيغۇر پاناھلانغۇچىلارنى كاناداغا يۆتكەپ كېلىش ئۈچۈن پەۋقۇلئاددە قانال ئېچىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ كاناداغا كېلىش قەدىمىنىڭ تېزلىتىلىشىنى كانادا ھۆكۈمىتىدىن تەلەپ قىلدى.

6) كانادا پارلامېنتى تاشقى ئىشلار كومىتېتى كانادا ھۆكۈمىتىگە قارىتا ئېلان قىلغان 15 ماددىلىق ئۇيغۇر سىياسىتى تەۋسىيە قارارىنىڭ 9 ـ ماددىسىدا

ئۇيغۇر پاناھلانغۇچىلارنىڭ كانادا قايتۇرۇپ كېلىشىنى تەلەپ قىلدى.

7) ئۇيغۇر مۇھاجىرلار ياردەم فوندى ئۆز ئىمكانلىرى بىلەن ھازىرغىچە 4 ئۇيغۇر ئائىلىسىنىڭ (جەمئىي 30 نەپەر ئۇيغۇرغا تەڭ كېلىدۇ) كاناداغا كېپىللىك يولى بىلەن كېلىشىگە ئىئانە توپلاپ كانادا كۆچمەنلەر مىنىستىرلىكىگە تاپشۇرۇپ بولدى. بۇ ئىلتىماسلار ئاساسەن قوبۇل قىلىنىپ رەسمىيەتلەر ئىشلىنىۋاتىدۇ. بۇ 120 مىڭ دوللار ئىقتىساد پۈتۈنلەي ئۆز ئىمكانلىرىمىز بىلەن ھەل قىلىندى.

### - ئۇيغۇرلارنىڭ ھوقۇقلىرىنى قوغداش قۇرۇلۇشى

مەزكۇر تەشكىلات كانادا ھۆكۈمىتىگە رەسمىي تىزىملىتىلىپ ئەنگە ئېلىنغان ۋە ئىشقا كىرىشكەن بولۇپ، ھازىرغىچە كانادا پارلامېنتى ۋە كانادا ھۆكۈمىتى بىلەن ئۇيغۇر دەۋاسىنىڭ كانادادىكى غوللۇق سىياسىي ئورگىنى بولۇش فۇنكسىيەسىنى يۈرگۈزۈۋاتىدۇ.

تىلغا ئېلىنغان غايەت زور نەتىجىلەر دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ توغرا رەھبەرلىكى، يېقىندىن ياردەمدە بولۇشى بىلەن بىرگە، كانادادىكى بارلىق تەشكىلاتلارنىڭ ۋە ۋەتەنپەرۋەر قېرىنداشلىرىمىزنىڭ پىداكارانە ئېلىپ بارغان خىزمەتلىرىنىڭ ئورتاق نەتىجىسى. بىز پەقەت سەھنە ئالدىدا، ئارقىمىزدا بىزنى قوللىغان كانادا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى ۋە باشقا قېرىنداشلارنىڭ قوللىشى بولماي بۇ نەتىجىلەر بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

1) 2020 - يىلى 5 - ئايدىن باشلاپ ئامېرىكادىكى دېموكراتىيەنى ئىلگىرى سۈرۈش فوندىدىن مالىيە ياردىمى تەستىق قىلىنىپ، ئۇيغۇرلار ھوقۇقلىرىنى قوغداش خىزمەتلىرىنىڭ روياپقا چىقىشىغا تۈرتكە بولدى. مۇقىم ئىشلەيدىغان خادىم ھازىر ئىككى نەپەر.

2) كانادا پارلامېنتىدا 15 قېتىمدىن ئارتۇق گۇۋاھلىق ئاڭلاش يىغىنى ئۆتكۈزۈشكە تۈرتكە بولدى.

3) كانادا پارلامېنتىدا ئۆتكۈزۈلگەن گۇۋاھلىق يىغىنلىرىنىڭ ئۇتۇقلۇق بولۇشى ئۈچۈن تەرجىمانلىق، گۇۋاھچىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش، مۇزاكىرە قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم تېمىلارنى تاللاپ بېكىتىشتەك لوجىستىك خىزمەتلەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلىدى.

4) كانادا پارلامېنتى خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتى ئېلان قىلغان مىللىي قىرغىنچىلىق قارارى ئۇيغۇرچە تەرجىمە قىلىنىپ كانادا پارلامېنتىنىڭ رەسمىي تور بېتىدە ئېلان قىلىنىشىنى قولغا كەلتۈردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



5) كانادا پارلامېنتىدا بىرلىكەن گۇۋاھلىق ئاساسىدا كومىتېتىنىڭ ئۇيغۇرلار ھەققىدە مەخسۇس دوكلات ئېلان قىلىشىنى، ئېلان قىلغان دوكلاتىغا ئاساسەن كانادا ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلار سىياسىتىگە بېغىشلانغان تەۋسىيە قارارى قوبۇل قىلىشىنى قولغا كەلتۈردى.

6) كانادا پارلامېنتىدا شەرقىي تۈركىستان مىللىي بايرىمىنىڭ تەبرىكلىنىشىنى قولغا كەلتۈردى.

7) كانادا پارلامېنتىدا ۋەكىلى بولغان 5 سىياسىي پارتىيەدىن 34 مىللەت ۋەكىللىرىنىڭ ئىشتىراك قىلىشى بىلەن كانادا پارلامېنتىدا ئۇيغۇر دوستلۇق گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى ۋە مەزكۇر دوستلۇق گۇرۇپپىسىنىڭ ئاساسى قانۇنى ئېلان قىلىنىپ كانادا پارلامېنتىدا رەسمىي تىزىملىنىپ ئەنگە ئېلىندى.

8) كانادا پارلامېنتى 266 گە قارشى نۆل ئاۋاز بىلەن بىردەك ئاۋازدا خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزمەكتە بولغان جىنايى قىلمىشى مىللىي قىرغىنچىلىق دەپ جاكارلىدى.

9) كانادا پارلامېنتىدا ئۇيغۇر مىللىي قىرغىنچىلىقىغا دائىر جەمئىي 53 قېتىم تەكلىپ، مۇزاكىرە ۋە مەخسۇس سوئال سورالدى.

10) كانادا باش مىنىستىرى، ئۆكتىچى پارتىيەلەرنىڭ ئۇيغۇر مىللىي قىرغىنچىلىقى ھەققىدە سورالغان 13 قېتىملىق سوئالىغا جاۋاب بېرىشكە مەجبۇر بولدى.

11) كانادادىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمىي ئارزۇسىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان 5 ماددىلىق ھەرىكەت پىلانى تۈزۈلۈپ سەپەرۋەرلىك باشلىتىلدى ۋە 3 ماددىسى كانادادىكى كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسىنىڭ سايلام پروگراممىسىدا ئورۇن ئالدى.

### - كۆچمەنلەر مەركىزى خىزمەت دوكلاتى

تۈركىيە سىرتىدىكى ئۇيغۇر پاناھلانغۇچىلار، ھەرىكەتچان، تارقاق ۋە بۆلەك - بۆلەك ھالەتتە بولغاچقا، بۇ پاناھلانغۇچىلار ۋاقىتلىق تۇرغان دۆلەتلەرگە تەسىر قىلالايدىغان غەرب دۆلەتلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈش يولى بىلەن ھەر بىر پاناھلانغۇچىنىڭ ۋاقىتلىق تۇرۇۋاتقان ئورنى ۋە دۆلىتىگە قاراپ مەخسۇس ۋە قاراتمىلىق يول مېڭىش شەكلى بىلەن ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ.

1) ئۇيغۇر پاناھلانغۇچىلار قوللانمىسى تەپسىلىي يېزىلىپ تارقىتىلدى. قوللانما (89 بەتلىك كەڭ دائىرىلىك 1 - قول ماتېرىياللاردىن تەشكىل تاپقان بولۇپ) ئۇيغۇر پاناھلانغۇچىلار دۇچ كېلىدىغان چوقۇم بىلىشكە تېگىشلىك

قانۇنى ئۇقۇملار، مۇناسىۋەتلىك ئورگانلار، پاناھلىنىش جەريانلىرى، زۆرۈر بولغان ماتېرىياللارنى قانداق تەييارلاش، دەلىل ئىسپات ۋە كېرەكلىك ماتېرىياللارنى رەتلەش ۋە تاللاش ئۇسۇللىرى، زۆرۈر بولغان ئەھۋالدا ئالاقىلىشىش ئورگانلىرىنىڭ تىزىملىكى، ئادرېسى قاتارلىق كونكرېتنى مەلۇماتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

2) ئۇيغۇر پاناھلانغۇچىلار ياردەم فوندىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئىش باشلىشى. ئۇيغۇر پاناھلانغۇچىلار ياردەم فوندى پۇتۇنلەي ئۆز ئىمكانلىرى بىلەن 20 نەپەر ئۇيغۇر پاناھلانغۇچىنى (3 ئائىلە) كاناداغا كېپىللىك يولى بىلەن كېلىشى ئۈچۈن كانادا كۆچمەنلەر مىنىستىرلىكىگە رەسمىي ئىلتىماسنى تاپشۇردى. شەرت قىلىنغان 91 مىڭ كانادا دوللىرىنى فوندى ئۆز مەنبەلىرى ۋە ھەمكارلاشقۇچى تەشكىلاتلارنىڭ ياردىمى بىلەن توپلاندى.

3) تۈركىيەدىن تىزىملاتقان پاناھلانغۇچىلار ھەققىدە. كۆچمەنلەر كومىتېتى تۈركىيەدىن تىزىملاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ كاناداغا ماكانلىشىشىنىڭ قانۇنى يوللىرىنى ئېچىش ئۈچۈن كانادا پارلامېنتى خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتى ۋە تاشقى ئىشلار كومىتېتى تەرىپىدىن ئىككى قارار ماقۇللىنىشىغا تۈرتكە بولدى. كانادا ھۆكۈمىتى، كانادا پارلامېنتىنىڭ بۇ قارارلىرىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى ۋە ئىقرار قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

4) ئۇيغۇر پاناھلانغۇچىلارنىڭ دەسلەپكى ئارخىپىنى تۈرغۈزۈش. قۇرۇلتاي كۆچمەنلەر مەركىزى، تۈركىيەنى مەركەز قىلغان ئۇيغۇر پاناھلانغۇچىلارنىڭ، خالىسانە بەرگەن مەلۇماتلىرى ئاساسىدا، تۈركىيە، مىسىر، سەئۇدى ئەرەبىستان، ئۇكرائىنا، تايلاند، پاكىستان، ئافغانىستان، قازاقىستان، پاناما قاتارلىق دۆلەتلەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ دەسلەپكى ئارخىپىنى تۈرغۈزۈپ چىقتى. تۈركىيەدە تىزىملىتىلغان 11883 نەپەر ئۇيغۇرنىڭ ئارخىپىنى كومپيۇتېرلاشتۇرۇش جەريانىدا، كۆپلىگەن ئارخىپلارنىڭ تەكرارلانغانلىقى، بەزى پاناھلانغۇچىلارنىڭ بۇرمىلانغان مەلۇماتلار بەرگەنلىكى ئېنىقلانغاندىن كېيىن، ئۇلارغا قايتا قاراپ چىقىلىپ ئەڭ ئاخىرىدا 3400 كىشىلىك پاناھلانغۇچىلار ئارخىپ تۈرغۈزۈلدى.

5) ئۇيغۇر پاناھلانغۇچىلارنى تىزىملاش خىزمىتىنىڭ يان تەسىرلىرى. كۆچمەنلەر مەركىزىنىڭ، ئۇيغۇر پاناھلانغۇچىلارنى خالىسانىلىك ئاساسىدا تىزىملاش ئېلىپ بېرىش خىزمىتى، ئۇلارنىڭ ۋەزىيىتى ۋە دۇچ كېلىۋاتقان ھەر خىل شەكىلدىكى قىيىنچىلىقلارنى، مەۋھۇملۇقتىن ئاشكارىلىققا، تارقاق ھالەتتىكى سۆھبەت تېمىسىدىن مەركەزلەشكەن ھەرىكەت پىلانىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىرىلىشىغا تۈرتكە بولدى. بىر ھەپتە ئىچىدە 11،000 دىن ئارتۇق قېرىنداشىمىزنىڭ خالىسانە ھالەتتە تىزىملىتىشى ھەر بىر مەسئۇلىيەتچان تەشكىلاتلار ۋە شەخسلەرنى ھەيران

ئويغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قالدۇردى، دىققەت ئېتىبار بېرىلمىگەن بۇ رېئاللىقنى قايتا ئويلىنىشقا، بۇ مەسىلىگە ئەستايىدىل جىددىي قاراپ چىقىشقا سەۋەبلىرىدىن مۇھىم بىرى بولدى. شۇ تىزىملاشتىن كېيىن:

(1) تۈركىيەدە، ئۇيغۇر پاناھلانغۇچىلارنىڭ قامەت مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشقا قارىتىلغان خىزمەتلەر بۇرۇنقىغا قارىغاندا جىددىي قارىلىپ ئىشلەندى.
(2) كانادا پارلامېنتى ئۇيغۇر پاناھلانغۇچىلارغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن 2 قېتىم قارار ماقۇللاندى.
(3) بۇ قارارلار كانادا ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن دىققەتكە ئېلىندى.
(4) ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە ئۇيغۇر پاناھلانغۇچىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە قانۇن لايىھەسى كۆرۈشۈلۈۋاتىدۇ.
(5) ئۇيغۇر پاناھلانغۇچىلار مەسىلىسى، قۇرۇلتاي كۆچمەنلەر كومىتېتى تەرىپىدىنلا بىر تەرەپ قىلىنالايدىغان، ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان ئاددىي مەسىلە ئەمەس. لېكىن كومىتېت بۇ مەسىلىسىنى كۆزگە كۆرۈنگىدەك، ھەر بىر ئۇيغۇر ۋە ئۇيغۇر تەشكىلاتىنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى تارتىدىغان بىر مەسىلىگە ئايلاندۇردى.

قۇرۇلتاي كۆچمەنلەر كومىتېتى، ھېچبىر ماددىي كۈچى بولمىغان، خىزمەت قىلىدىغان رەسمىي خادىملىرى يوق، ئىسمى بار، ۋەزىپىسى بار، مەسئۇلىيىتى ۋە جاۋابكارلىقى يۇقىرى بولغان بىر ئورگان. بۇ ئورگاننىڭ مەشغۇلىيەت ساھەسى ئەزىز ئۇيغۇر پاناھلانغۇچىلارنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش، يەنى جان قۇتقۇزۇشتىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇر پاناھلانغۇچىلار، چەت ئەلدە خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن بىۋاستە قارمۇ قارشى كېلىدىغان، تىغمۇتىغ كۈرەشكە سەھنە بولىدىغان ناھايىتى كەسكىن بىر جەڭ مەيدانىدا. ئۇيغۇر پاناھلانغۇچىلارنى قۇتقۇزۇش يەنە بىر جەھەتتىن ئالغاندا خىتايدەك بىر دۆلەتكە تاقابىل تۇرۇش ۋە تاقابىل تۇرالايدىغان دۆلەتلەر بىلەن ھەمكارلىق ئورنىتىش ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ. شۇنداقكەن، قۇرۇلتاي كۆچمەنلەر مەركىزى كېلەر قېتىملىق قۇرۇلتاينىڭ جىددىي قوللىشىغا، سىستېمىلىق، كوردىناتسىيەلىك ھەمكارلىقىغا ۋە شۇنداقلا كەسپىي خادىملار جەھەتتىن، مالىيە مەنبەلىرى جەھەتتىن ئىزچىل كۈچلۈك بولۇشىغا ئېھتىياجلىق بىر ئورگان.

## 7. قۇرۇلتاي مائارىپ كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى

1) قازاقىستان سوتسىيال مېدىيالاردا كۆپلىگەن گۇرۇپپىلار ئېچىلىپ، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ سىياسىي ئۇقتۇرۇشلىرى، مۇھىم خەۋەرلىرى ۋاقتىدا

تارقىتىلدى.

2) قۇرۇلتاي يولىيورۇقلىرىدىن 16 پارچىسى رۇس تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ قازاقىستاندىكى ھەرقايسى گۇرۇپپىلارغا ئەۋەتىلدى.

3) ئۇيغۇر مەكتەپلىرى ھەققىدىكى ماتېرىياللار توپلاندى

4) ئانا تىل مەكتەپلىرى بىلەن ئالاقە ئورنىتىلدى.

5) كومىتېتىنىڭ خىزمىتىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن قازاقىستاندىن باشقا دۆلەتلەردىكى مائارىپ سىستېمىسىدا خىزمەت قىلىۋاتقان زىيالىيلار بىلەن تونۇشۇپ بىرلىكتە ئىش ئېلىپ بېرىش پىلانلىرى تۈزۈپ چىقىلدى.

6) 29 كىشىدىن تەركىب تاپقان خەلقئارا مائارىپ گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى.. مائارىپ گۇرۇپپىسىغا ئامېرىكا، نورۋېگىيە، تۈركىيە، فىرانسىيە، ئاۋستىرالىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن زىيالىيلار قوشۇلدى.

7) قازاقىستاندىكى ئۇيغۇر مەكتەپلىرىنى ساقلاپ قېلىش پائالىيەتلىرى جانلىق ئېلىپ بېرىلدى.

8) ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانىنى مۇمكىن قەدەر كۆپەيتىش خىزمىتى ئاكتىپ ئېلىپ بېرىلدى.

9) مائارىپ فوندى، ياۋرو ئاسىيا ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسىنىڭ ئەزالىرى ۋە جۇمھۇرىيەتلىك مەدەنىيەت مەركىزى بىلەن ھەمكارلىقتا ئاكتىپ پائالىيەتلەر ئۆتكۈزۈلدى.

10) دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، بەدەل پۇلى، خەلقئارا سوتقا پۇل يىغىش ئىشلىرىدا خەلق ئىچىدە ۋە گۇرۇپپىلاردا چۈشەندۈرۈش ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى. مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىئانە توپلاش ھەرىكەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى.

## 8. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى باياناتچىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى

6 ـ نۆۋەتلىك پەۋقۇلئاددە قۇرۇلتايدىن بۇيان خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى جازا لاگېرلىرى سىياسىتى، بۇ سىياسەتنىڭ سايىسىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلەرنى ئاشكارىلاش، خىتاينىڭ بۇ جىنايەتلەرنى يوشۇرۇش ئۈچۈن قوللانغان چارىلىرى، باياناتلىرى، مەلۇماتلىرىغا قارشى رەددىيەلەرنى بېرىش ھەمدە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ئىش پائالىيەتلىرى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەھبەرلىرىنىڭ باياناتلىرى، مۇراجىئەتلىرى قاتارلىقلارنى دۇنياغا ئاڭلىتىش، جاكارلاش دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى باياناتچىسىنىڭ 4 يىلدىن بۇيانقى ئاساسلىق ۋەزىپىسى بولۇپ كەلدى.

1) خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يىغىنلىرىدا ئوتتۇرىغا قويغان سەپسەتىلىرىگە جاۋابەن، دەل ۋاقتىدا، ئاز دېگەندە 47 قېتىم قارشى باياناتى ئېلان قىلدى ۋە رەددىيە بەردى.

2) خىتايدا يۈز بېرىۋاتقان لاگېرلار مەسىلىسى، مەجبۇرى ئەمگەك، مەجبۇرى تۇغۇت چەكلەش، مەسچىتلەرنى چېقىش، دىننى خىتايلاشتۇرۇش، مىللىي كىملىكنى چەكلەش، ئۇيغۇر مۇساپىرلار مەسىلىسى ۋە بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىكنى چەكلەش قاتارلىقلار توغرىسىدا كۆپ قېتىملاپ باياناتلار ئېلان قىلدى.

3) خىتاي هازىرغا قەدەر ئېلان قىلغان تۇرلۇك «ئاق تاشلىق كىتاب» «غا ۋاقتىدا رەددىيە بەردى.

4) «ئۇيغۇر كىشىلىك هوقۇق سىياسىتى قانۇنى» «قاتارلىق تۇرلۇك قانۇنلارنىڭ ئامېرىكا ۋە باشقا غەرب ئەللىرىدە قوبۇل قىلىنىشىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە خىتايلارنىڭ هۇجۇملىرىغا ۋە باياناتلىرىغا قارشى كۆپ قېتىملاپ باياناتلارنى بەردى.

5) خىتاينىڭ»ئۇيغۇر سوتى «غا قارشى هۇجۇملىرىغا ۋاقتىدا رەددىيە بەردى.

6) قۇرۇلتايغا ۋاكالىتەن 5 قىتئەدىكى چوڭ ـ كىچىك مەتبۇئاتلارنىڭ زىيارىتىنى 1000 قېتىمدىن ئارتۇق قوبۇل قىلدى.كۆپلىگەن ئاخبارات ساھەلىرى بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ، ۋەتەندىكى زۇلۇملارنى چەت ئەللەرگە ئاڭلىتىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ۋەتەنگە بېرىپ پىروگراممىلارنى ئىشلىشىگە ھەمكارلاشتى.

7) ئېلان قىلغان بايانات ۋە زىيارەتلەر ـ ئىنگلىزچە، خىتايچە، رۇسچە، ئەرەبچە، تۈركچە، فىرانسۇزچە، گېرمانچە، ئىسپانچە، پورتىگالىيەچە، پارسچە قاتارلىق 30غا يېقىن تىللاردا كەڭ تارقىتىلدى.

8) خىتايدا ۋە دۇنيادا ۋۇجۇدقا چىققان ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك ھەرقانداق قىزىق تېمىغا قارىتا ۋاقتىدا بايانات ئېلان قىلدى.

9) ئۇيغۇر جامائىتى ئۈچۈن پۈتۈن دۇنيادا مۇھىم نۇقتىلاردا باياناتلارنى، مۇراجىئەتلەرنى ۋاقتىدا ئېلان قىلىپ تۇردى. خەلقىمىزنى مۇھىم ئىشلاردا ۋاقتىدا خەۋەرلەندۇردى.

## 9. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى فوندى خىزمىتى دوكلاتى

2017 ـ يىلى نويابىردا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى فوندىنى 9 مىڭ ئامېرىكا دوللار قەرز بىلەن تاپشۇرۇپ ئالغاندىن ئېتىبارەن كۆپ ئىزدىنىشلەردىن كېيىن، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەھبەرلىرى، ۋەكىللىرى، 18 ياشتىن يۇقىرى ئىمكانىيەتلىرى يار بەرگەن ۋەتەن سىرتىدىكى شەرقىي تۈركىستانلىق ئۇيغۇرلاردىن ئۇيغۇرلۇق بەدەل پۇلىنى يىغىش، خەلقئارا فوندلارغا مۇراجىئەت قىلىش، تۈرك تەشكىلات

ۋە جەمئىيەتلىرىگە مۇراجىئەت قىلىش قارارلىرىنى ئېلىنغاندىن كېيىن، ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەھبەرلىرى ۋە تەشكىلات رەئىسلىرى بىلەن ماسلىشىپ 13 دۆلەتتە 20 دىن ئارتۇق فوندى مەسئۇللىرىنى بېكىتىپ چىقىپ جىددىي ھەرىكەت باشلىدۇق.

1) ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ ئالدىدا (بىريۇسسېلدا)، ب د ت نىڭ ئالدىدا (جەنۋەدە) ۋە گېرمانىيەنىڭ ھەر قايسى شەھەرلىرىدىكى نامايىشلاردا ۋە ئىككى جۇمھۇرىيىتىمىزنى خاتىرىلەش پائالىيەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىندى ۋە لوگىستىك ئىشلىرىنىمۇ تولۇقى بىلەن مۇكەممەل شەكىلدە ئۆتكۈزۈشكە كاپالەتلىك قىلىندى. بۇندىن باشقا 60 تىن ئارتۇق نامايىش، 4 قېتىملىق چېدىر پائالىيىتىگە، 70 تىن ئارتۇق يىغىنلارغا قاتناشتى ئالاقىسىدا بولۇندى.

2) ئۇيغۇرلۇق بەدەل پۇلى يىغىش مۇناسىۋىتى بىلەن دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى قېرىنداشلىرىمىز بىلەن 3 مىڭ قېتىمدىن ئارتۇق مۇناسىۋەتتە بولۇندى.

3) دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىس ۋەكىلى بىلەن گېرمانىيە ئىچى ۋە سىرتىدىكى بەزى تۈرك تەشكىلات رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ بىر قىسىم ئىقتىسادىي ياردەملەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

4) ئىجتىمائىي خىزمەتلەردە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىس ۋەكىلى بىلەن ھەمكارلىشىپ ئۆشرە - زاكات ۋە قۇربانلىقلارنى يىغىش كومپانىيەسى باشلاپ ۋەتەن سىرتىدىكى 10دىن ئارتۇق دۆلەتلەردە قىيىنچىلىققا دۇچار بولغان ئېھتىياج ئىگىلىرىگە 70 مىڭ ياۋرو ئەتراپىدىكى قۇربانلىقلارنى ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بېرىپ ئۇلارنىڭ قىسمەن قىيىنچىلىقلىرى ھەل قىلىندى.

5) دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ چاقىرىقىغا ئاساسەن قۇرۇلغان ۋىرۇس كرىزىس ياردەم مەركىزى بىلەن يېقىندىن ماسلىشىپ دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تەركىبىدىكى ھەمكارلىق تەشكىلاتلارنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشى، مىللەتسۆيەر ساخاۋەتچىلەرنىڭ دەستەكلىشى بىلەن 200 مىڭ دوللار ئەتراپىدا ئىئانە يىغىپ دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى شەرقىي تۈركىستانلىق ئېھتىياج ئىگىلىرىگە يەتكۈزۈپ ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقلىرى ھەل قىلىندى.

6) ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسىنىڭ چىقىملىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئىئانە توپلاش كومپانىيەسى باشلىتىپ، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تەركىبىدىكى ۋە ھەمكارلىق ئىچىدىكى تەشكىلاتلارغا مۇراجىئەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشى، ۋەتەنسۆيەر قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ياردەم قىلىشى

بىلەن 400 مىڭ دوللاردىن ئارتۇق ئىئانە يىغىلدى.

7) ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەھبەرلىرى، تەشكىلات رەئىسلىرى، فوندى مەسئۇللىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتە بولۇپ ھازىرغىچە 1 مىليون ئەتراپىدا ئىقتىسادىي ياردەملەرنى يىغىپ دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ خەلقئارادىكى سىياسىي - ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرى ئۈچۈن قولايلىق يارىتىلدى.

## 10. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتى خىزمەت دوكلاتى

1) ئامېرىكا تاشقى ئىشلار/دۆلەت ئىشلىرى مىنىستىرلىقى ئورۇنلاشتۇرغان يىغىنلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئۇچراۋاتقانلىقى، ۋە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ رەزىل سىياسەتلىرى، ئىسپات ۋە دەلىللەر بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

2) در. ئازەم ئىبراھىمنى ئۇيغۇرلار مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلۈشكە، ياردەم قىلىشقا قايىل قىلىپ: «ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقى، خىتاينىڭ 1948 - يىلدىكى قىرغىنچىلىق كېلىشىمىگە خىلاپلىق قىلغانلىقى ھەققىدە تەھلىل» يېزىلىپ نەشر قىلىندى.

3) بۇ دوكلات ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە، ئۇن، خەلقئارا، دۆلەتلەرنىڭ سىياسەت بەلگىلەش ۋە قانۇنى ئورگان، تەشكىلاتلارنىڭ خىتايغا قارىتا تەدبىر قوللىنىشىغا ئەڭ نوپۇزلۇق تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان بىردىنبىر ھۆججەت بولدى.

4) دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋە باشقا ئورگان، تەشكىل ۋە ھۆكۈمەتلەرگە ياردەملىشىپ لاگېرلاردا يوقاپ كەتكەنلەرنىڭ تىزىملىكى ۋە ھازىرمۇ لاگېردىكىلەرنىڭ ئىستاتىستىكىسىنى يىغىش ۋە رەتلەش خىزمىتى ئىشلەندى.

5) ئامېرىكادىكى ئەركىنلىك سارىيى، كىشىلىك ھوقۇق كۆزىتىش تەشكىلاتى، نۇرغۇنلىغان ئالىي مەكتەپلەر، تىبەت، خىتاي دېموكراتچىلىرى، خوڭكوڭ ۋە تەيۋەنلىكلەر ئورۇنلاشتۇرغان ئانالىز يىغىنلىرى، نامايىش ۋە باشقا پائالىيەتلەردە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىغا ۋاكالىتەن مۇناسىۋەتلىك خىزمەتلەرگە ئاكتىپ قاتناشتى.

6) ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىنى دۇنيادىكى نوپۇزلۇق تەھلىل ئاخباراتلىرى: چاينا فايىل /خىتاي ئارخىپلىرى، دىپلومات، خوڭكوڭ فىرى پرېس، تاشقى سىياسەت، زېمىستان، ۋورلد پولىتىكس ۋە باشقا نۇرغۇن ئاخبارات تاراتقۇلارنىڭ زىيارەتلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىنى خەلقئارا سەھنىگە چىقىرىلدى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 11. قۇرۇلتاي مەدەنىيەت كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى.

1) مەدەنىيەت كومىتېتى ئۆتكەن 4 يىل جەريانىدا، جەمئىي 23 قېتىم ئۇيغۇر مەدەنىيەت ۋە سەنئىتىنى تونۇشتۇرۇش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. كۆپ بولغاندا 500 ئاز بولغاندا 16 ئادام قاتناشتى. پائالىيەت خەۋىرى (تۇ - پىروگراممىسى رادىيو، گېزىت - ژۇرناللاردا) بېرىلدى.

2) يەرلىك گوللاندىيەلىكلەردىن 373 ئادەم قاتناشقان «ئۇيغۇر ساپورت گۇرۇپ نەتھەرلاند» قۇرۇلدى.

3) ئۇيغۇر ساپورت گۇرۇپپىسى ئىرقىي قىرغىنچىلىققا قارشى 3077 كىشىلىك ئىمزا توۋلاپ گوللاندىيە پارلامېنتىغا يوللىدى.

4) 16 كىشىلىك خىزمەت ھەيئىتى تەشكىللەپ ھۆكۈمەت ئورنى، پارلامېنت ئەزالىرى گوللاندىيەدىكى تونۇلغان شەخسلەر بىلەن جەمئىي 116 قېتىملىق ئۇچرىشىش ئېلىپ باردى.

5) ئاۋستىرالىيە ئۇيغۇر مۇقام ئانسامبىلىنىڭ قۇرۇلۇشىغا يېقىندىن ياردەمدە بولدى. ئانسامبىلنىڭ سىدنېي، مېلبورن، ئادېلايدې، كانادا، گېرمانىيە قاتارلىق جايلاردا پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىغا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى ھەم سەممىي قوللىدى.

6) ئۇيغۇر تائامىلىرى بىلەن پارلامېنت ئەزالىرىغا رەھمەتنامىسىنى بىلدۈردۇق، ئۇيغۇر مەسىلىسىنى تونۇشتۇرۇش مەقسىتىدە، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى بىلەن بىرلىشىپ ئۆلارنىڭ نامى بىلەن ئۇيغۇر تائامىلىرى تەمىنلەندى.

## 12. قۇرۇلتاي دىنىي كومىتېتىنىڭ قىلغان خىزمەتلىرى.

دىنىي ئىشلار كومىتېتى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تارمىقىدىكى ئاساسلىق كومىتېتلارنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، مەركىزى ئورگىنى مىيۇنخېندا بولۇشتەك ئارتۇقچىلىقىدىن پايدىلىنىپ، قۇرۇلتاينىڭ كۈندىلىك خىزمەتلىرىنى يېقىندىن جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەپلا قالماي، «ئۇيغۇر چېدىرى»، «مىللىي كېڭەش» لەردەك ئالاھىدە پائالىيەتلەردە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇردى. تۈرك تەشكىلاتلىرى بىلەن بىرلىكتە خىتايغا قارشى ھەر خىل نامايىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن بىرگە، ياۋروپادىكى مۇسۇلمان تەشكىلاتلىرى ۋە ھەمكارلىق تەشكىلاتلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى يۈرۈشتۈرۈش خىزمىتىنىمۇ پىداكارلىق بىلەن ئىشلەپ كەلدى.

- ياۋروپادىكى تۈرك تەشكىلاتلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



1) خەلقئارا تۈرك دېموكراتلار بىرلىكى رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتىنى ئاڭلاتتى. ھەمدە خەلقئارا تۈرك دېموكراتلار بىرلىكىنىڭ باش مەركىزى ۋە ستۇتتگارت شەھىرىدىكى نىزامى ئالەم تەشكىلاتى باش مەركىزى ۋە ئۇنتەدە فىلىم ئىستۇدىيەسى قاتارلىق تەشكىلات ۋە تەشۋىقات ئورگانلىرى بىلەن «ئۇيغۇرلارنى قوللاش مۇنبىرىنى»قۇرۇپ چىقىش ھەققىدە مۇزاكىرە ئېلىپ باردى.

2) ياۋروپا تۈرك كونفېدېراتسىيەسىنىڭ فرانكفورت شەھىرىدە ئۆتكۈزگەن رايون باشلىقلىرى ئومۇمىي يىغىنىغا قاتنىشىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى جازا لاگېرلىرى مەسىلىسى ھەققىدە مەخسۇس دوكلات بەردى.

3) ياۋروپا تۈرك ئىسلام بىرلىكى باش مەركىزىنى زىيارەت قىلىپ، بىرلىكنىڭ ئۇيغۇر مەھكىمىسىگە بولغان ئىقتىسادىي ياردىمىنى قولغا كەلتۈردى.

4) تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى گېرمانىيە باش ئەلچىخانىسىنىڭ دىنىي ئىشلار باش مەسلىھەتچىسى ۋە DITIB (دىيانەت ئىشلىرى تۈرك ئىسلام بىرلىكى) تەشكىلاتىنىڭ رەئىسى كازىم تۈركمەن ئەپەندى ۋە ياردەمچىلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتىنى ئاڭلاتتى ۋە رامىزان ئېيىدا DITIB جامەلىرىدە ئۇيغۇرلارغا ماددىي ۋە مەنىۋى ياردەم توپلاش ھەققىدە سۆھبەت ئۆتكۈزدى.

5) ATIB (ياۋروپا تۈرك ئىسلام بىرلىكى) باش مەركىزىنى زىيارەت قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ نۆۋەتتىكى جىددىي ۋەزىيىتىنى ئاڭلاتتى ۋە رامىزانلىق، قۇربانلىق ياردەملەر ھەققىدە سۆھبەت ئۆتكۈزدى. ھەمدە لاگېر شاھىتى ئۆمەر بەكالىنى تەشكىلاتنىڭ 24 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىغا تەكلىپ قىلىپ جازا لاگېرلىرى ھەققىدىكى تېخىمۇ تەپسىلىي دوكلاتىنى ئاڭلاتتى.

6) گېرمانىيە تۈرك فېدېراتسىيەسىنىڭ كارلسرۇھە شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن «مىللىي مەدەنىيەتنى قوغداش» يىغىنىغا قاتنىشىپ، مىيۇنخېن شەھىرىدىكى تۈرك مەدەنىيەت مەركىزى دە «شەرقىي تۈركىستاندا نېمە بولۇۋاتىدۇ؟» دېگەن تېمىدا مەلۇمات بېرىش يىغىنىغا قاتناشتى. تۈرك خەلقىگە شەرقىي تۈركىستاننىڭ جىددىي ۋەزىيىتىدىن دوكلات بەردى.

7) تۈرك تەشكىلاتلىرىدىن مىللىي گۈرۈش، ئالپەرەن ئوجاقلىرى نورنبېرگدىكى تۈرك تەشكىلاتلىرى تەشكىلاتى ئۇيۇشتۇرغان ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى يىغىنلىرىغا قاتناشتى ۋە بىرلىكتە كەڭ كۆلەملىك نامايىشلارنى ئورۇنلاشتۇردى.

8) ياۋروپادىكى تۈرك تېلېۋىزىيە قانىلى «ئاۋروپا كانال» ئورۇنلاشتۇرغان

مىڭلارچە كىشى قاتناشقان نەقمەيدان سۆھبەت پروگراممىسىدا مىليونلىغان تۈرك خەلقىگە ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەزىيىتىنى ئاڭلاتتى.

9) ئاۋستىرىيە ۋە گېرمانىيەنىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىدىكى تۈرك - ئىسلام تەشكىلاتلىرىنى، جامى - مەسچىتلىرىنى، مېدىيا قۇرۇلۇشلىرىنى زىيارەت قىلىپ، كەڭ تۈرك مۇسۇلمانلىرىغا شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتى - بولۇپمۇ جازا لاگېرلىرى ھەققىدە دوكلات بەردى. ئۇيغۇر مەھكىمىسى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ماددىي ياردىمىنى قولغا كەلتۈردى.

## - ياۋروپا مۇسۇلمان (ئىسلام) تەشكىلاتلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەر

1) ياۋروپا مۇسۇلمانلىرى مۇنبىرى يىغىنىغا قاتنىشىپ ئۇيغۇر مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كەڭ يىغىن ئەھلىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بىرلىكتە ياۋروپا پارلامېنتى تاشقى ئىشلار كومىسسىيونى باشلىقى فېدېرىكا موگرىنى خانىم بىلەن كۆرۈشۈپ، مەخسۇس ئۇيغۇرلار مەسىلىسى ھەققىدە مۇزاكىرە ئېلىپ باردى.

2) ياۋروپا نىزامى ئالەم فېدېراتسىيەسى ۋە ياۋروپا مىللىي گۇرۇش تەشكىلاتى رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتىنى ئاڭلاتتى.

3) خەلقئارا ئىمام‌لار كېڭەشى ئۆتكۈزگەن بىرلەشمە ھەمكارلىق كېلىشىم تۈزۈش يىغىنىغا قاتنىشىپ، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىس ۋەكىلى تۇرغۇنجان ئالاۋۇدۇن ۋە دىنىي ئىشلار كومىتېتى مۇدىرى در. ئالىمجان بۇغدا خەلقئارا ئىماملار كېڭەشىگە ئەزا بولۇپ كىردى.

4) ئەنگلىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك تەشكىلاتلىرىدىن كوردوبا فوندى ۋە ئەنگلىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىدا ئۆتكۈزۈلگەن «ئۇيغۇرلار دۇچ كېلىۋاتقان مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقى - خەلقئارا ئىنكاسلار ۋە ئەخلاقىي مەجبۇرىيەت» ناملىق يىغىنغا قاتنىشىپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتى ھەققىدە دوكلات بەردى.

## - تۈركىيەدە ئىشلەنگەن خىزمەتلەر

تۈركىيەدە ئولتۇراقلاشقان ئاۋام خەلقىمىزنى قۇرۇلتايغا ۋاكالىتەن يوقلاپ، ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇش بىلەن بىرگە، شۇ يەردە پائالىيەت قىلىۋاتقان ھەرقايسى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلات رەھبەرلىرى ۋە بىر قىسىم مۇھىم شەخسلەر بىلەن كۆرۈشۈپ، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بىلەن ھەمكارلىشىشنى

www.uyghurkitap.com



ئىلگىرى سۈرۈش دىنىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ ئاساسلىق خىزمەتلىرىدىن بىرى بولۇپ كەلدى. بۇ جەھەتتە ئىشلەنگەن خىزمەتلەر تۆۋەندىكىچە:

1) شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى ئومۇمىي يىغىنىغا ۋە شەرقىي تۈركىستان مائارىپ جەمئىيىتى ئىستانبۇلدا ئۆتكۈزگەن ئۇيغۇر خەلق دىپلوماتىيەسى ھەرىكىتى قۇرۇپ چىقىش مەسلىھەت يىغىنىغا قاتناشتى.
2) ئىستانبۇلدا ئۆتكۈزۈلگەن 11 - نۆۋەتلىك شەرقىي تۈركىستانلىقلار قېرىنداشلىق ئۇچرىشىش يىغىنىغا قاتناشتى.
3) ئىستانبۇلدىكى ئۇيغۇر ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتى ئورۇنلاشتۇرغان تۇنجى قېتىملىق كىشىلىك ھوقۇق يىغىنىغا قاتناشتى.
4) ئەنقەرەدە ئۆتكۈزۈلگەن 3 - قېتىملىق مىللىي بىرلىك شۇراسى ۋە 12 - قېتىملىق شەرقىي تۈركىستانلىقلار قېرىنداشلىق ئۇچرىشىش يىغىنىغا قاتناشتى ۋە مىللىي رەھبەرلىرىمىزدىن مەمتىمىن بۇغرانىڭ قەبرىسىنى، ئەنقەرەدە يېڭىدىن ئېچىلغان ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزىنى ۋە ئۇيغۇر تەتقىقات ئىنستىتۇتىنى زىيارەت قىلدى.
5) ئىستانبۇلدا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى تەرىپىدىن 5 - ئىيۇن ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقى ھەققىدە ئۆتكۈزۈلگەن مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىغا قاتنىشىپ، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ياۋروپادا ئېلىپ بېرىۋاتقان خىزمەتلىرىنى ھەققىدە بايانات بەردى.
6) دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن تەركىب تاپقان بىر ھەيئەت بىلەن بىرلىكتە ئىستانبۇلدىكى خىتاي كونسۇلى ئالدىدا: «ئاتا - ئانام، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىم نەدە؟» دېگەن تېمىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان كۈندىلىك نامايىشقا قاتنىشىپ قېرىنداشلاردىن ھال سورىدى.
7) ۋىرۇس كىرىزىس مەركىزىنىڭ ئىستانبۇلدىكى ياردەم تارقىتىش مەركىزىدە ياردەم خىزمەتلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى ۋە كىرىزىس مەركىزىنىڭ ئېلىپ بارغان خىزمەتلىرىنى خۇلاسە قىلدى.
8) ياۋروپادىكى تۈرك ياردەمسۆيەر قېرىنداشلىرىمىز تۈركىيەدىكى مۇھاجىر ئۇيغۇرلار ئۈچۈن توپلىغان ئىقتىسادىي ياردەملىرىنى ئېلىپ ئىستانبۇلغا بېرىپ، ئېھتىياجلىق مۇھاجىر ئۇيغۇرلاردىن ھال سورىدى.
9) تۈركىيەدە زىيارەتتە بولۇش جەريانىدا تۈركىيەدىكى بىر قىسىم ئۇيغۇر تىجارەتچىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇيغۇر مەھكىمىسىگە ئىقتىسادىي ياردەمنى قولغا كەلتۈردى.

- ھەمكارلىق تەشكىلاتلار ۋە باشقىلار بىلەن ئىشلەنگەن خىزمەتلەر

1) گوللاندىيەدىكى ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان مائارىپ جەمئىيىتى مەسئۇللىرى

بىلەن بىرگە مىللىي گۇرۇش تەشكىلاتى گوللاندىيە مەركىزى، تۈرك فېدېراتسىيەسى گوللاندىيە مەركىزىنى زىيارەت قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتىنى ئاڭلاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان مائارىپ جەمئىيىتى مەركىزىنى زىيارەت قىلىپ، جەمئىيەت رەھبەرلىرى بىلەن كېلەچەكتىكى ھەمكارلىشىپ ئىشلەشكە تېگىشلىك مەسىلىلەر ھەققىدە سۆھبەت ئۆتكۈزدى.

2) گوللاندىيەنىڭ روتېردام شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن «ئۇيغۇر رادىيو تېلېۋىزىيەسى «نىڭ قۇرۇلۇش يىغىنىغا قاتناشتى.

3) «شەرقىي تۈركىستان ۋىرۇس كىرىزىسى ياردەم مەركىزى» دۇنيانىڭ ھەر يېرىدىكى 30 تەشكىلات ۋەكىللىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن رەسمىي خىزمەت باشلاپ ئىككى ئاي ئىچىدە 160 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى - يەنى 1 مىليوندىن ئارتۇق تۈرك لىراسى توپلىنىپ، تۈركىيە، ئوتتۇرا ئاسىيا، مىسىر، پاكىستان، ئافغانىستان، ھىندىستان، تايلاند، ماراكەش، ئۇكرائىنا قاتارلىق دۆلەتلەردىكى ۋىرۇس سەۋەبلىك قىيىنچىلىقتا قالغان قېرىنداشلىرىمىزغا يەتكۈزۈپ بېرىلدى.

4) 2019 - يىللىق قۇربان ھېيتى مۇناسىۋىتى بىلەن ياۋروپادىكى تۈرك تەشكىلاتلىرىدىن 200 تۇياق قۇربانلىق ياردىمى توپلاپ، تۈركىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان، ئافغانىستان، پاكىستان، كەشمىر، مىسىر، تايلاند قاتارلىق دۆلەتلەردە تۇرۇۋاتقان ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى بار ئۇيغۇرلارغا تارقىتىپ بېرىلدى.

5) 2020 - يىلى 25 - ئىيۇن كۈنى گېرمانىيەنىڭ غەربىي رايونىغا يېڭىدىن كېلىپ ئورۇنلاشقان ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىنى زىيارەت قىلىپ ھال سورىدى.

6) دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىس ۋەكىلى ۋە دىنىي ئىشلار كومىتېتى ھەر يىلى رامىزان ۋە قۇربان ئايلىرىدا ئۇيغۇر ۋە تۈرك جامائىتىدىن زاكات، پىتىرە ۋە قۇربانلىق قاتارلىق ياردەملەرنى توپلاپ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن تۇرمۇش قىيىنچىلىقىدا قالغان قېرىنداشلىرىمىزغا يەتكۈزۈپ بەردى.

7) 6 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتايدىن تا ھازىرغىچە بولغان ئارىلىقتا توپلىنىپ، تۈركىيە، تايلاند، قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان، ئۇكرائىنا، پاكىستان، ئافغانىستان، ھىندىستان(كەشمىر)، مىسىر، ماراكەش قاتارلىق دۆلەتلەردە ياشاپ، خىتاي ۋىرۇسى سەۋەبلىك ئېغىر قىيىنچىلىققا يولۇققان ۋە سەپەر قىلىش جەريانىدا توسۇلۇپ قالغان قېرىنداشلىرىمىزغا يەتكۈزۈلگەن ياردەم پۇل مىقدارى

200 مىڭ دوللار، قۇربانلىق ياردىمى 800 تۇياق قۇربانلىق قوي.

**13. قۇرۇلتاي خىتاي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى**

خىتاي ئىشلار كومىتېتى ئىزچىل ھالدا خىتايغا بولغان تەشۋىقاتنى كۈچەيتىپ، ئۇيغۇر دەۋاسىنى ئۇيغۇر مەيدانىدا تۇرۇپ دۇنياغا ئاڭلاتتى؛ بولۇپمۇ دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنى تونۇشتۇرۇش، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ مەقسىتى، ۋەزىپىسى قاتارلىق ھالقىلىق نۇقتىلارنى ئاڭلىتىشتا مۇھىم رول ئوينىدى.

1) ئوخشىمىغان خىتاي تور بەتلىرىدە، 100 پارچىگە يېقىن خىتاي تىلدا ماقالە ئېلان قىلىندى؛ بۇ ماقالىلەردە ئۇيغۇر دەۋاسىغا مۇناسىۋەتلىك كەسكىن مەسىلىلەرنى يورۇتۇپ، جامائەت تەسىرى قوزغىدى.

2) ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى، ئامېرىكا ئاۋازى ۋە باشقا خىتاي تىلىدىكى مېدىيالاردا ئۇيغۇر دەۋاسىنى خىتاي تىلىدا تونۇشتۇردى.

3) ئامېرىكا ۋە ياۋروپا رايونلىرىدا كۆپلىگەن خىتاي تىلىدىكى يىغىنلار ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇيغۇر مەسىلىسىنى تونۇشتۇردى، ھەم چوڭ تەسىر قوزغىدى.

4) كىلاب ھاۋستىن پايدىلىنىپ، كۆپلىگەن تەربىيە خاراكتېرلىك سۆھبەت ئورۇنلاشتۇرۇپ، خىتاي تىلىدىكى كىشىلەرگە نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر مىللىتى ئۇچراۋاتقان مىللىي قىرغىنچىلىقنى ئۇنۇملۇك ئاڭلاتتى.

5) تۋىتتېر، فېيسبۇك، ۋاتسئاپ قاتارلىق جەمئىيەت تاراتقۇلىردا كۆپلىگەن بەس - مۇنازىرلەرگە قاتنىشىپ، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ مەيدانىنى تونۇشتۇردى.

6) ۋاشىنگتون، نيۇ - يوركلاردا كۆپلىگەن نامايىش، يىغىلىشلارغا قاتنىشىپ، جامائەتچىلىككە ئۇيغۇر دەۋاسىنى ئۇنۇملۇك تونۇشتۇردى.

7) خوڭكوڭ مەسىلىسى چىققاندىن كېيىن، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىغا ۋاكالىتەن، كۆپلىگەن بىرلەشمە نامايىش، يىغىلىش، تور يىغىن، ۋە سۆھبەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى نۇقتىلىق كېڭەيتتى، ھەم بەزى مەسىلىلەردە يېتەكچىلىك رولى ئارقىلىق، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ بىر يېتىلگەن تەشكىلات ئىكەنلىكىنى نامايان قىلدى.

8) تىبەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، تىبەتلەر، ۋە موڭغۇللار بىلەن ھەمكارلىشىپ پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باردى.

9) خىتاي مۇستەقىلچىلىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ، خەلقئارا سەھنىدە تۈنجى

قېتىم: «خىتاينى پارچىلاپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرايلى! دېگەن شوئار ئاستىدا، ئىككى قېتىم يىغىن ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

## 14. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى نەشرىيات مەركىزى خىزمەت دوكلاتى




1) دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ئىش ـ پائالىيەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئايلىق جەمئىيي توققۇز سان «خەۋەرنامە» چىقىرىپ ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىغا، ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىگە ھەقسىز تارقىتىلدى.

2) مەرھۇم تۇرغۇن ئالماسنىڭ «ئۇيغۇرلار» ناملىق كىتابى ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ قېتىم باستۇرۇپ تارقىتىلدى.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىغا سادىق تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن مۇھاجىرەتتىكى مەشھۇر تەتقىقاتچى زىيالىيلىرىمىزنىڭ كىتابلىرىنى تۈركىيەدە باستۇرۇش ۋە دۇنياغا تارقىتىش ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلدى ھەمدە داۋام قىلماقتا.

1. قەھرىمان غوجامبەردىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي تارىخى ناملىق كىتابى سىلاۋيان يېزىقىدىن ئۇيغۇر يېزىقىغا ئاغدۇرۇلۇپ نەشر قىلىپ تارقىتىلدى.

2. تارىخچى نەبىجان تۇرسۇننىڭ «ئۇيغۇر ئومۇمىي تارىخى»دىن تۆت توم (7 ـ 8 ـ 9 ـ 10 ـ توملىرى) تۈركىيەدە باستۇرۇلۇپ، تۈركىيەدە ۋە باشقا ئەللەردە تارقىتىلماقتا.

3. دوكتور ئەسەت سۇلايماننىڭ «ئابدۇرەھىم ئەيسا ۋە ئۇيغۇرىستان چۈشى»، «سىياسىي سەھنىدىكى زاكىرۇپلار»، «1937 ـ 1957 ـ 2017» ناملىق ئۈچ كىتابى تۈركىيەدە ۋە باشقا ئەللەردە تارقىتىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com





4. ئاۋستىرالىيەدىكى تەتقىقاتچى بىلال نىزامىنىڭ «شەرقىي تۈركىستاننىڭ نوپۇس جۇغراپىيەسى»، «شەرقىي تۈركىستاننىڭ يېزا ئىگىلىكى» ناملىق ئىككى كىتابى،

5. مەمتىمىن ئەلانىڭ «ئۇيغۇرلار پىسخولوگىيەلىك ئۇرۇشتا»، «ئۇيغۇر قەتلىئامى» ناملىق كىتابلىرى،

6. ئابدۇۋەلى ئايۇپنىڭ «مەھبۇس روھلار» قاتارلىق بىر قانچە كىتابلىرى،

- ئەخمەت ئىگەمبەردىنىڭ ئەسلىمىسى،

- ھاكىم تۇرسۇننىڭ ئەسلىمىسى،

- تۈركىيەدىكى پروفېسسور سۇلتان مەخمۇتنىڭ كىتابلىرىنى باستۇرۇش ۋە تارقىتىش ئىشلىرىغا ياردەم قىلىندى.

3) ب دت پەن - مائارىپ باشقارمىسىنىڭ 2019 - يىلىنى يۈسۈپ خاس ھاجىپ يىلى قىلىپ بەلگىلىشى مۇناسىۋىتى بىلەن ئابدۇرەھىم ئۆتكۈر، ئەھمەد زىيائىلار تەرپىدىن نەشرگە تەييارلىنىپ 1986 - يىلى ئۈرۈمچىدە نەشر قىلىنغان «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نەزمىي يەشمىسى قايتىدىن ئىملاسى تۈزىتىلىپ زامانغا مۇناسىپ سۈپەت ۋە سەۋىيەدە ئۇيغۇر تەتقىقات ئىنستىتۇتى بىلەن ھەمكارلىشىپ باستۇرۇلدى ۋە 2019 - يىلى 12 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئىستانبۇلدا مەزكۇر كىتابنى تونۇشتۇرۇش مۇناسىۋىتى يۈزىسىدىن ئۇيغۇر تەتقىقات ئىنستىتۇتى بىلەن تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى چوڭ يىغىن ئۆتكۈزدى.

4) ۋەتەندە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ئەدىب - يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ساقلاپ قېلىش مەقسىتىدە جىددىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىلماقتا. ئىمكانىيەت يار بەرگەن دائىرىدە بىر قىسىم كىتابلار قايتىدىن بېسىپ تارقىتىلماقتا.







يىغىنىدا ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قۇرۇلۇشىنىڭ ماددىي ياردىمى بىلەن ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ «مەۋجۇتلۇق تەشنالىقى» ناملىق كىتابى قايتىدىن باستۇرۇلۇپ، مۇھاجىرەتتىكى ۋەتەنداشلارغا ھەقسىز تارقىتىلىۋاتىدۇ.

5) ئابدۇلجېلىل تۇران تەرىپىدىن يېزىلغان «ئۇيغۇر ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى» ناملىق كىتاب مۇشۇ يىل يەنى 2021 ـ يىلى 4 ـ ئايدا نەشر قىلىنىپ ئۇزۇن ئەسىرلىك ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا ئۇيغۇر ئېنسىكلوپېدىيەسىنىڭ مۇقەددىمىسى بارلىققا كەلگەن بولدى.

### 15. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىينىڭ ئالىي مەسلىھەتچىسى در. ئەركىن سىدىق ئەپەندىنىڭ پائالىيەتلىرى ھەققىدە

1. 2018 ـ يىلى 11 ـ ئايدا گېرمانىيەنىڭ ميۇنخېن (مۇنخ) شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىدا «دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك مەسلىھەتچىسى»

ۋەزىپىسىگە تەيىنلەندى. ئۇ شۇنىڭدىن تارتىپ دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ توردا ئېچىلغان يىغىنلىرىغا بىرنىمۇ قالدۇرماي قاتناشتى، ھەمدە مۇزاكىرىگە قويۇلغان خىزمەت ياكى تۈرلەر ئۈستىدە ئاكتىپ پىكىر قاتناشتۇرۇپ، مۇھىم ۋە ئىجابىي مەسلىھەتلەرنى بېرىپ كەلدى.

2. 2018 - يىلىدىن باشلاپ ئامېرىكادا ئىنگلىزچە 50 قېتىمدىن ئارتۇق لېكسىيە سۆزلەپ، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇيغۇرلارنى بىر مىللەت سۈپىتىدە يوق قىلىش پىلانىنى ئىنگلىزچە سۆزلىشىدىغان دۇنيادىكى كىشىلەرگە سىستېمىلىق ۋە ئىلمىي ئۇسۇلدا چۈشەندۈرۈشنى باشلىدى.

3. 2019 - يىلىدىن باشلاپ ئۇ ئامېرىكادىن باشقا يەنە كانادا، تۈركىيە، ياپونىيە، ئاۋستىرالىيە، شىۋېتسىيە، گېرمانىيە، شىۋېيتسارىيە، فىنلاندىيە، بېلگىيە، گوللاندىيە ۋە نورۋېگىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە بېرىپ، «دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ئالىي مەسلىھەتچىسى» دېگەن سالاھىيەت بىلەن ئۇيغۇر ۋە ئىنگلىز تىللىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا كەلگەن ئىرقىي قىرغىنچىلىق ھەققىدە لېكسىيە سۆزلىدى.

4. ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم مەسچىت، خىرىستىيانلار چېركاۋى، يەھۇدىيلار چېركاۋى ۋە مەكتەپلەردە لېكسىيە سۆزلىدى.

5. 2020 - يىلى خىتاي ۋىرۇسى تۈپەيلىدىن يوللار توسۇلۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ يەنە غەربتىكى كۆپلىگەن جايلاردىكى ھەر خىل تەشكىلاتلار ئورۇنلاشتۇرغان ۋىدېئولۇق سۆھبەتلەردە نۇتۇق سۆزلىدى. بۇنداق ئىشنى قىلغان دۆلەتلەرنىڭ ئىچىدە ئەنگلىيەمۇ بار.

6. ئەركىن سىدىق 2017 - يىلى 5 - ئايدا ئۆز ئەتراپىغا ئىقتىدارلىق ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدىن نەچچە ئون كىشىنى توپلاپ، «مەشئەل ئۇيغۇر گۇرۇپپىسى» نامىدا خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان يوقىتىش سىياسىتىگە قارشى ئىش باشلىدى. ئىنگلىزچە 18 مۇراجىئەتنامە ۋە دوكلات ئېلان قىلىش، تەشكىللىك ماقالە يېزىپ، مىللەتنىڭ دىققىتىنى مۇھىم ئىشلارغا بۇراش ۋە چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلارنى توغرا يۆنىلىشكە يېتەكلەش ساھەلىرىدە تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. ھەمدە كوللېكتىپ ھالدا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنى يېقىندىن قوللاپ، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى جىددىي ياردەمگە ئېھتىياجلىق بولۇپ قالغاندا، بۇ بىر توپ زىيالىيلار ھەمكارلىشىپ ياردەم قىلىپ، بۇ خىل قوللاش ئىشلىرىنى ھازىرغىچە داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ.

7. ئەركىن سىدىق ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى زىيالىيلار 2019 - يىلى 6 -

ئايدا ئۇيغۇر پروجېكت فوندىنى قۇرۇپ، «ئۇيغۇرلار» تور ژۇرنىلى ۋە «ئۇيغۇر ئاخبارات مەركىزى» نىڭ ۋدېئولۇق تەشۋىقات خىزمەتلىرىنى يولغا قويغاندىن بۇيان، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ خىزمەتلىرىنى قوللاش، چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلارنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشۇشقا چاقىرىش، ھەمدە چەت ئەلدىكى خەلقنى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىغا خاس ھالدا توغرا يۆنىلىشكە يېتەكلەشكە تىرىشىش جەھەتتە توختاۋسىز خىزمەتلەرنى ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. قىسقىسى، ئەركىن سىدىقنىڭ ئەتراپىغا توپلانغان ئۇيغۇر زىيالىيلىرى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭمۇ ساداقەتمەن قوللىغۇچىلىرى بولۇپ، زۆرۈر بولغاندا ئەڭ زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىغا ياردەم قىلىشقا ھەر ۋاقىت تەييار تۇرۇۋاتىدۇ.

8. ئەركىن سىدىق يەنە ھەر ھەپتىدە «نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت» «نامىدا جەمئىي 100 دىن ئارتۇق ۋدېئو پروگراممىسىنى ئىشلەپ، ۋەتەندىن كەلگەن بىر قىسىم خەۋەرلەر، ۋە نۆۋەتتىكى خەلقئارا ۋەزىيەتلەرنى ئۇيغۇر جامائىتىگە يەتكۈزۈش بىلەن بىرگە خەلق ئىچىدىكى ئىلغار ئىدىيە ۋە يېڭى پىكىر ئېقىملىرىنى تەشۋىق قىلىپ كەلدى.

## 16. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ئالىي مەسلىھەتچىسى در. رىشات ئابباس ئەپەندىنىڭ پائالىيەتلىرى ھەققىدە

در. رىشات ئابباس ئامېرىكادا تىببىي دورا تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغان 25 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتا 10 خىل يېڭى تىببىي دورانى تەتقىق قىلىش، تەرەققىي قىلدۇرۇش خىزمەتلىرىدە بولغان ۋە بۇ دورىلار تەستىقلىنىپ راك ۋە باشقا كېسەللىكلەرگە دەۋا بولۇشىغا ئۆز ھەسسىسىنى قوشقان. نەتىجىدە، 150 دىن ئارتۇق ئىلمىي تەتقىقات ماقالىسىنى خەلقئارا ژۇرناللاردا ئېلان قىلغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، نەچچە قېتىم ئامېرىكا دۆلەت مىنىستىر دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن.

2017 - يىلى خىتاي ھۆكۈمىتى ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى جازا لاگېرلارغا سولاپ، ۋەتەندە خەلقىمىز يۈزلىنىۋاتقان ۋەزىيەت جىددىيلىشىشى بىلەن، در. رىشات ئابباس، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەھبەرلىرى بىلەن بىرلىكتە، ۋەتەندىكى ئاشۇ ئېغىر ئەھۋاللارنى ۋە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە، كونگرەسسىگە، ئاكادېمىكلارغا ۋە ئامېرىكا خەلقىگە ئاڭلىتىش ئۈچۈن ھەر تۈرلۈك ئەمەلىي خىزمەتلەرنى توختىماي ئېلىپ باردى؛ ھەم ئامېرىكا كونگرەسسىدىكى ھەر تۈرلۈك پائالىيەت ۋە ئۇنىۋېرسىتېتلاردىكى مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا قاتنىشىپ ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



شۇ تۈردىكى خىزمەتلەرنى يېقىندىن قوللاپ - قۇۋۋەتلەپ كەلدى:

1. 2017 - يىل ئاخىرىدا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەكىلى روشەن ئابباس خانىم ۋە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەھبەرلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۇيغۇر ھەرىكىتى تەشكىلاتىنى قۇرۇپ چىقىپ، تەشكىلاتنىڭ دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئومۇمىي قۇرۇلمىسى ئاستىدا خىزمەت قىلىپ، تەرەققىي قىلىشىغا مەنىۋى ۋە ماددىي ياردەملەرنى قىلدى.

2. 2017 - يىل 10 - ئاينىڭ 8 - كۈنى در. رىشات ئابباسنىڭ تەشەببۇس قىلىشى ۋە يېتەكچىلىك قىلىشى بىلەن، ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى، درېخەل ئۇنىۋېرسىتېتى، ئۇيغۇر ھەرىكىتى تەشكىلاتى، ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قۇرۇلۇشى ۋە ئۇيغۇر ئامېرىكا بىرلەشمىسى بىرلىكتە ئامېرىكىنىڭ فىلادېلفىيا شەھىرىدە ئۇيغۇرلار دۇچ كەلگەن كىملىك كرىزىسى ۋە ئانا تىل مەسىلىسى ھەققىدە خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇ يىغىندا شەرقىي تۈركىستاندىكى خەلقىمىزنىڭ تىلى ۋە مەدەنىيىتى خىتاي ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن دەپسەندە قىلىنىۋاتقان ئېغىر ئەھۋاللار مۇزاكىرە قىلىندى.

3. 2018 - يىلى 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى، ئۇيغۇر ھەرىكىتى تەشكىلاتى، ۋە ئۇيغۇر ئامېرىكا بىرلەشمىسى بىلەن بىرلىكتە ئامېرىكا كونگرەسىدە ۋەتىنىمىزدە خىتاي ھۆكۈمىتى ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىنى تونجى قېتىم ئاڭلىتىش پائالىيىتى ئورۇنلاشتۇردى. در. رىشات ئابباس بۇ پائالىيەتنى پىلانلاش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشلارغا يېقىندىن قاتنىشىپ مەنىۋى ۋە ماددىي ياردەملەردە بولدى.

4. 2018 - يىلى 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئۇيغۇر ھەرىكىتى تەشكىلاتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى، ئۇيغۇر ئامېرىكا بىرلەشمىسى ۋە در. رىشات ئابباسنىڭ مەنىۋى ۋە ماددىي ياردىمى بىلەن «بىر ئاۋاز، بىر قەدەم» ھەرىكىتى خەلقئارا نامايىشى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇ نامايىش ئامېرىكىنىڭ نيۇ - يورك شەھىرىدىكى ب د ت بىناسى ئالدىدا ۋە دۇنيادا 14 دۆلەت 18 شەھەردە بىر كۈندە بولدى. بۇ نامايىشنىڭ خەۋىرى ۋە جازا لاگېرلىرى مەسىلىسى دۇنيادا 100 دىن ئارتۇق گېزىت - ژۇرناللاردا 20 دىن ئارتۇق تىللاردا ئېلان قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن جازا لاگېرى مەسىلىسى خەلقئارا سەھنىگە چىقىشقا، ۋە دىياسپورادىكى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ كۈچ بىرلىكىگە سەۋەبچى بولدى.

5. 2018 - يىلى 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى در. رىشات ئابباسنىڭ تەشەببۇس قىلىشى ۋە يېتەكچىلىك قىلىشى بىلەن، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى، ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى، ئۇيغۇر ھەرىكىتى تەشكىلاتى، ۋە ئۇيغۇر ئامېرىكا بىرلەشمىسى

بىرلىكتە ئامېرىكا پايتەختى ۋاشىنگتون شەھىرىدىكى جورج ۋاشىنگتون ئۇنىۋېرسىتېتىدا نۆۋەتتە ئۇيغۇر كىملىك كرىزىسى دېگەن تېمىدا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىن ئورۇنلاشتۇرۇپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەتىنىمىزدە ئۇيغۇرلارنى داۋاملىق يوقاتقانلىقى ۋە قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقى ھەققىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى.

6. خەلقئارا ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋە ئۇيغۇر دەۋاسىنىڭ يېڭىغا يىغىش ئۈچۈن، ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسىنىڭ پەخرى رەئىسى ۋە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ئالىي مەسلىھەتچىسى بولۇش سۈپىتىدە، ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسىنىڭ خەلقئارا تارماقلىرىنى قۇرۇش خىزمەتلىرىدە بولدى:

1) 2018 - يىلى 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئامېرىكادىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ يېقىندىن قوللىشى، تىرىشچانلىقى ۋە ئۇيغۇر ئاكادېمىيە رەئىسى ئابدۇلھەمىد قاراخان ئەپەندىمنىڭ يېتەكچىلىكى بىلەن، ئامېرىكا پايتەختى ۋاشىنگتون شەھىرىدە ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى ئامېرىكا تارمىقى قۇرۇلدى.

2) 2018 - يىلى 11 - ئايدا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ميۇنخېندا ئېچىلغان خەلقئارا كېڭەشكە قاتنىشىش جەريانىدا، ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسىنىڭ رەئىسى پروف. در. ئالىمجان ئىنايەت ۋە ئىجرائىيە رەئىسى ئابدۇلھەمىد قاراخان ئەپەندىلەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى ياۋروپا تارمىقى قۇرۇلدى.

3) 2019 - يىلى 12 - ئايدا ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى، ئۇيغۇر ھەرىكىتى تەشكىلاتى ۋە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئاۋستىرالىيە ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى قۇرۇلدى.

7. 2018 - يىلى 7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى، ئۇيغۇر ھەرىكىتى ۋە ئامېرىكا ئۇيغۇر بىرلەشمىسى رەھبەرلىرى بىلەن دۆلەت مەجلىسىدە ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىنى ئاڭلىتىش مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى.

8. 2018 - يىلى 7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئامېرىكا كېڭەش پالاتاسىنىڭ ئەزاسى، 2016 - يىلدىكى ئامېرىكا پرېزىدېنتلىق سايلىمىغا قاتناشقان كاندىداتى تەد كىروز بىلەن كۆرۈشتى.

9. 2018 - يىلى 10 - ئايدا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىغا ۋاكالىتەن، ئۇيغۇر ھەرىكىتى، ئامېرىكا ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى ۋە ئامېرىكا ئۇيغۇر بىرلەشمىسى رەھبەرلىرى بىلەن ئامېرىكادىكى ئىندىئانا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقنى ئاڭلىتىش مۇھاكىمە يىغىن ئۆتكۈزدى.

10. 2019 - يىلى 2 - ئايدا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەھبەرلىرى بىلەن نيو

www.uyghurkitap.com



- يورկتىكى كولومبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۇيغۇر كىرىزىسى توغرىسىدا مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى. مۇشۇ جەرياندا كولومبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى خەلقئاراغا تونۇلغان پىروفېسسورلار بىلەن سۆھبەتتە بولدى.

11. 2019 ـ يىلى 2 ـ ئايدا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەھبەرلىرى ۋە ئۇيغۇر ھەرىكىتى رەئىسى بىلەن بىرلىكتە ئامېرىكا كونگرەسىدە ئۇيغۇر قانۇن لايىھەسىنى ئۆتكۈزۈش توغرىسىدا تۇنجى قېتىملىق لوبىچىلىق ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ باردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىدا مۇئاۋىن مىنىستىر، دىرېكتورلار ۋە مۇتەخەسسىسلەر بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىنىڭ ئەھۋاللىرىنى تونۇشتۇردى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ تەلەپلىرىنى ئاڭلاتتى.

12. 2019 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ياپونىيەدىكى ئۇيغۇر زىيالىيلارنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، در. رىشات ئابباس، در. ئەركىن سىدىق بىلەن ياپونىيەدە زىيارەتتە بولدى. ئۇلار نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىنى ياپونىيەلىك زىيالىيلار، سىياسىيون ـ ئەربابلار ۋە ئۇيغۇرلارنى قوللاش گۇرۇپپىلىرىغا تونۇشتۇردى. ئۇيغۇر يەنە زىيالىيلار ۋە ئوقۇغۇچىلار بىلەن سۆھبەتلەرنى ئېلىپ باردى ۋە ئۇلارنى ھەرىكەتكە چاقىردى.

13. 2019 ـ يىلى 5 ـ ئايدا كانادا شەرقىي تۈركىستان جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، در. رىشات ئابباس، در. ئەركىن سىدىق ۋە در. مەمەت ئەمىنلەر بىرلىكتە كانادانىڭ تورونتو شەھىرىدە زىيارەتتە بولدى. ئۇلار شۇ يەردىكى مۇسۇلمانلار ۋە ئۇيغۇر جامائىتىگە نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقى توغرىسىدا دوكلات بەردى ۋە ئۇلار بىلەن سۆھبەتلەرنى ئېلىپ باردى، ئۇيغۇر مەكتەپلەرنى ۋە ئۇيغۇر مەسچىتىنى زىيارەت قىلدى.

14. 2019 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ئامېرىكادا ئېلىپ بارغان ئۇيغۇر ھەپتىسى دېگەن پائالىيەتنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىگە قاتناشتى، بۇ زور ئەھمىيەتكە ئىگە پائالىيەتلەرنىڭ نەتىجىلىك بولۇشىغا تۆھپە قوشتى. ئۇيغۇر ھەپتىسى ئامېرىكا كونگرەسىدىكى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىغا NEDنىڭ ئەركىنلىك مۇكاپاتىنى تەقدىم قىلىش، مۇھاكىمە يىغىنى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر تۈركۈم پائالىيەتلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىغا ياردەمدە بولدى.

15. 2019 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 16 ـ 17 ـ كۈنلىرى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋە ئۇيغۇر ھەرىكىتى رەھبەرلىرى بىلەن ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن ئامېرىكا پايتەختى ۋاشىنگتوندا ئېچىلغان خەلقئارا دىنىي ئەركىنلىكنى ئىلگىرى سۈرۈش يىغىنىغا قاتناشتى. يىغىنغا قاتناشقان ھۆكۈمەت

خادىملىرىگە ۋە پارلامېنت ئەزالىرىغا ئايرىم هالدا ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىنىڭ ئەھۋالىنى ئاڭلاتتى.

16. 2019 - يىلى 9 - ئايدا تۈركىيەدە ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسىنىڭ يىغىنىغا قاتناشقاندىن كېيىن، تۈركىيە پايتەختى ئەنقەرەدە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋە ئۇيغۇر ھەرىكىتى رەھبەرلىرى بىلەن بىرىپ، ئامېرىكىنىڭ تۈركىيەدە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارنى ئەنقەرەدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن كۆرۈشتۈردى. ئامېرىكىنىڭ ئەلچىخانىسىدىن ئورۇنلاشتۇرغان 5 دۆلەت ئەلچىخانىسى، تۈركىيە دۆلىتىنىڭ سىياسىي مەسلىھەتچىلىرى، خىتاي ئىشلىرى مۇتەخەسسىسلىرى، ۋە تۈركىيەدىكى يۇقىرى ئەقىل ئامبارلىرىنىڭ تەتقىقاتچىلىرى بىلەن بولغان سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى ۋە ئۇلارغا ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىنى تونۇشتۇردى.

17. 2019 - يىلى 9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى نيۇ - يورك شەھرىدە ئېچىلغان 74. قېتىملىق بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئومۇمىي يىغىنى جەريانىدە، دr. رىشات ئابباس، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئىجرائىيە رەئىسى ئۆمەر قانات ۋە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ قانۇنى مەسلىھەتچىسى ئادۋوكات نۇرى تۈركەللەر ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئاقسارايىنىڭ ئالاھىدە تەكلىپىگە ئاساسەن، ئامېرىكا پرېزىدېنتى ترامپنىڭ تۇنجى قېتىم بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئومۇمىي يىغىنىدا خەلقئارا دىنىي ئەركىنلىك توغرىسىدا مۇھىم سۆز قىلىشىغا مېھمان سۈپىتىدە قاتناشتى. يەنە شۇ يىغىندا، پرېزىدېنت ترامپنىڭ، مۇئاۋىن پرېزىدېنت پېنسنىڭ ۋە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مايك پومپېيونىڭ سۆزلىرىدىن كېيىن، ئۇيغۇر زىيالىيسى ئىلھام توختىنىڭ قىزى جەۋھەر ئىلھاممۇ خىتاي كوممۇنىستلىرى تەرىپىدىن دادىسى ئىلھام توختىنى جازالىغىنى ۋە ئۇيغۇرلارغا ئېلىپ بېرىۋاتقان زۇلۇملار توغرىسىدا سۆز قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، بۇ 3 ئۇيغۇر ۋەكىلى تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مايك پومپېيو بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىنى ئاڭلاتتى ۋە ئۇيغۇرلارنى قوللىغانلىقى ئۈچۈن مايك پومپېيو ئەپەندىگە رەھمەت ئېيتتى.

18. 2019 - يىلى 9 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئامېرىكا ھۆكۈمىتى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ ئالاھىدە تەكلىپىگە ئاساسەن، شۇ 74 - قېتىملىق ب د ت نىڭ ئومۇمىي يىغىنى جەريانىدا، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى، كانادا، ئەنگلىيە، گېرمانىيە، گوللاندىيە ۋە باشقا دۆلەتلەر بىلەن بىرگە ئورۇنلاشتۇرغان ئۇيغۇر كرىزىسى توغرىسىدىكى يىغىندا دr. رىشات ئابباس، ئادۋوكات نۇرى تۈركەل ۋە لاگېر شاھىتى زۇمرەت داۋۇتلار سۆز قىلىپ، خىتاي كوممۇنىستلىرى تەرىپىدىن ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



توغرىسىدا مەلۇمات بەردى.

19. 2019 ـ يىل 12 ـ ئايدا، ئۇيغۇر ھەرىكىتى رەھبەرلىرى بىلەن ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئاقسارايدا مۇھىم يىغىنىدا بولۇپ، خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ۋەتىنىمىزدە ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق توغرىسىدا مەلۇمات بەردى.

20. 2020 ـ يىل 1 ـ ئايدا، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئاقسارايدا پرېزىدېنت ترامپنىڭ ۋە مۇئاۋىن پرېزىدېنت پېنسنىڭ مەسلىھەتچىلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، نۆۋەتتە ۋەتىنىمىزدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە خىتاي سىياسىتى توغرىسىدا تەكلىپلەرنى بەردى.

21. 2020 ـ يىل 2 ـ ئايدا، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، جەنۋەدىكى بىرلەشكەن دۆلەتلەر ئىنسان ھوقۇقى كېڭىشىنىڭ يىغىنىغا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى دولقۇن ئەيسا بىلەن بىرلىكتە قاتناشتى. ب د ت دە ھەر تۈرلۈك يىغىنلاردا بولۇپ، نۆۋەتتە خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ۋەتىنىمىزدە ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق توغرىسىدا مەلۇمات ۋە تەكلىپلەرنى بەردى.

22. 2020 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى دولقۇن ئەيسا بىلەن نيۇ ـ يورك شەھىرىدە ئۇيغۇر، تىبەت ۋە موڭغۇلىيەلىكلەر بىلەن نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقى توغرىسىدا مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى.

23. 2020 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى دولقۇن ئەيسا، ئىجرائىيە رەئىسى ئۆمەر قانات، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى باش تەپتىشى ئابدۇلھەكىم ئىدرىس ۋە ئۇيغۇر ھەرىكىتى رەئىسى روشەن ئابباسلار بىلەن بىرگە ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ ئالاھىدە تەكلىپىگە ئاساسەن، ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مايك پومپېيو ئورۇنلاشتۇرغان ئامېرىكا پرېزىدېنت ترامپنىڭ خانىمى مېلانىئا ترامپ قاتناشقان ۋە لاگېر شاھىتى سايراگۈل سائۇيتباي مۇكاپات ئالغان، مۇھىم يىغىنغا قاتناشتى.

24. 2020 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئامېرىكا پايتەختى ۋاشىنگتوندا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئىشخانىسىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن كۆپ ياردەمدە بولدى.

25. 2020 ـ يىل 5 ـ ئايدا، ئامېرىكا كونگرېسىدە ئۇيغۇر ئىنسان ھەقلىرى قانۇنى ماقۇللىنىشىدا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىغا ۋاكالىتەن مۇھىم خىزمەتلەردە

بولدى.

26. 2020 - يىل 6 - ئايدا، ئامېرىكا پرېزىدېنت ترامپنىڭ خەلقئارا دىنىي ئەركىنلىكنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىجرائىيە ھۆكۈمىگە قول قويۇش مۇراسىمىغا، پرېزىدېنت ترامپنىڭ ئىشخانىسىدىن (ئاقساراييدىن) ئالاھىدە تەكلىپنامە تاپشۇرۇپ ئالدى.

27. 2020 - يىل يازدىن باشلاپ، ئۇيغۇر سوتىغا تەييارلىق كومىتېتىدا دائىمىي ئەزا بولۇپ، ھەر ھەپتىدە 1 - 2 قېتىم پىداكارلىق بىلەن تەييارلىق يىغىنلىرىغا قاتناشتى. سوتقا كېتىدىغان ئىقتىساد توپلاشقا يېقىندىن ياردەمدە بولۇپ، كۆپ مىقداردا پۇل يىغىشقا كۈچ چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى، ئامېرىكا ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى، ياۋروپا ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى ۋە ئاۋستىرالىيە ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسىدىكى ئۇيغۇر زىيالىيلارغا چاقىرىق قىلىپ، نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ئۇيغۇر سوتىغا ئىسپات بېرىدىغان لاگېر شاھىتلىرى ۋە گۇۋاھچىلارنىڭ ئىسپاتلىرىنى ئۇيغۇرچىدىن ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلىشنى ئورۇنلاشتۇردى ۋە ئۆزى بىۋاستە يېتەكچىلىك قىلدى ۋە ئىككى قېتىملىق سوتنىڭ پىلان بۇيىچە ئېچىلىشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

28. 2018 - يىلدىن 2021 - يىلغىچە، ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىدىكى مۇتەخەسسىسلەر بىلەن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىغا ۋاكالىتەن داۋاملىق كۆرۈشۈپ، خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ۋەتىنىمىزدە ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق توغرىسىدا مەلۇماتلارنى تەمىنلەپ، ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلىنغان دەلىل ئىسپاتلارنى بېرىپ، ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مايك پومپېيونىڭ ۋە ھازىرقى ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ئانتونىي بلىنكېنلار خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارغا ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ دەپ ھۆكۈم چىقىرىشى ئۈچۈن ئۇيغۇرلارنىڭ شاھىت ئىسپاتلىرىنى يەتكۈزۈپ بەردى.

29. 2021 - يىل 3 - ئايدا، ئامېرىكا خەلقئارا دىنىي ئەركىنلىك ئىدارىسى مۇئاۋىن رەئىسى ئادۋوكات نۇرى تۈركەل، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى باش تەپتىشى ئابدۇلھەكىم ئىدرىس ۋە ئۇيغۇر ھەرىكىتى رەئىسى روشەن ئاbباسلار بىلەن بىرگە ئامېرىكا كونگرېسىنىڭ باشلىقى نەنسىي پېلوسى خانىم بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ، نەنسىي پېلوسى خانىمنىڭ ئۆزۈن يىللاردىن بېرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىغا كۆڭۈل بولۇپ، ئامېرىكا كونگرېسىدە ئۇيغۇر ئىنسان ھەقلىرى قانۇنىنىڭ ماقۇللىنىشىغا يېتەكچىلىك قىلغىنىغا ئۇيغۇرلار نامىدىن تەشەككۈرلىرىنى بىلدۈردى.

30. 2021 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 13. ۋە 15 ـ كۈنلىرى، ئامېرىكا پايتەختى ۋاشىنگتوندا ئېچىلغان خەلقئارا دىنىي ئەركىنلىك ئومۇمىي يىغىنىغا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىغا ۋاكالىتەن قاتنىشىپ، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ كۆرگەزمىسىگە مەسئۇل بولدى ۋە يىغىنغا قاتناشقۇچىلارغا خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ۋەتىنىمىزدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى تونۇشتۇردى.

31. 2021 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، ئامېرىكا كونگرەسىدە خىزمەت گۇرۇپپىسىنى قۇرۇشقا ئۇيغۇر ھەرىكىتى ۋە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بىلەن بىللە ئىزچىل تۈردە كۆپلىگەن ياردەم خىزمەتلىرىنى قىلدى.

**17. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ئاسيا ۋە تىنچ ئوكيان رايونىدىكى خىزمەتلىرىگە مەسئۇل ئالاھىدە ۋەكىلى ئىلھام مەھمۇت ئەپەندىمنىڭ ئېلىپ بارغان خىزمەتلىرى ھەققىدە**

1) تايلاندتىن مالايشىياغا قېچىپ بارغان قېرىنداشلىرىمىزنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئاساسلىق رول ئوينىدى.

2) دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەھبەرلىرىنى ياپونىيەگە تەكلىپ قىلىپ بىر قارار ئاكتىپ سىياسىي پائالىيەتلەر ئېلىپ بېرىلدى.

3)ياپونىيە سىياسەتچىلىرى بىلەن ئۇچرىشىش، دۆلەت دەرىجىلىك ئاكادېمىكلار بىلەن كۆرۈشۈشلەر بولدى.

4)ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەزىيىتى توغرىلىق دوكلات بېرىلدى

5)ئاۋامغا قارىتىلغان دوكلات بېرىش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلدى.

6)ياپونىيە ۋە خەلقئارا مېدىيالارنىڭ زىيارەتلىرىنى قوبۇل قىلىش پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلدى.

7)ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئەربابلار بىلەن تونۇشۇش پىكىر ئالماشتۇرۇش چوڭ تىپتىكى زىياپەت پائالىيىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

8) تەيۋەن شەرقىي تۈركىستان جەمئىيىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ سىياسىي پائالىيەتلەر جانلىق ئېلىپ بېرىلدى.

9)تەيۋەندە «سېپىلسىز تۈرمە شەرقىي تۈركىستان» تېمىسىدا چوڭ تىپتىكى رەسىم كۆرگەزمىسى ئېلىپ بېرىلدى.

10)لاگىر شاھىتى گۈلباھار جېلىلوۋا خانىمنى تەيۋەنگە تەكلىپ قىلىپ، مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى، بىرقانچە مەيدان ئىسپات بېرىش پائالىيەتلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

11) مەتبۇئاتلارنىڭ زىيارەتلىرىنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق تەيۋەندە ئۇيغۇرلارغا ھېسداشلىق قىلىش ۋە قوللاش دولقۇنى يېڭى بىر پەللىگە يەتتى. كۆرگەزمە پائالىيىتى تەيۋەننىڭ ھەرقايسى شەھەرلەردە سەييارە شەكىلدە ھازىرمۇ داۋام قىلىنىۋاتىدۇ.

12) تەيۋەن شەرقىي تۈركىستان جەمئىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش نەتىجىسىدە تەيۋەن پارلامېنتى ئۇيغۇر دوستلۇق گۇرۇپپىسى 30 نەپەر پارلامېنت ئەزاسىنىڭ ئاۋاز قوشۇشى بىلەن رەسمىي قۇرۇلدى.

## خاتىمە

بۇ 4 يىل، قۇرۇلتاي 6 - نۆۋەتلىك ئىجرائىيە كومىتېتى رەھبەرلىكىدىكى ھەر قايسى كومىتېتلار دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە خىزمەتلەرنى جانلىق ئېلىپ بارغان كۈرەشچان 4 يىل بولدى! سەپداشلىرىمىز يېڭى سىياسىي سەھنىلەردە ئۈزلۈكسىز چېنىققان تىرىشچان 4 يىل بولدى! ياشلىرىمىز دىپلوماتىيە جەڭگاھلىرىدا جەسۇرانە ئالغا باسقان شانلىق 4 يىل بولدى! ۋەتەنداشلىرىمىزنىڭ قىزىل خىتاي تېررورىغا بىرلىكتە قارشى كۈرەشكە ئاتلانغان قەھرىمان 4 يىل بولدى! گۇۋاھچىلىرىمىزنىڭ ۋەتىنىمىزدىكى جازا لاگېرلىرىنى باتۇرلارچە دۇنياغا نامايان قىلغان جاسارەتلىك 4 يىل بولدى! ياۋۇز خىتاي تېررورچىلىرى بىلەن تىغمۇ تىغ ئېلىشقان جەڭگىۋار 4 يىل بولدى!

مەن قۇرۇلتاي 6 - نۆۋەتلىك ئىجرائىيە كومىتېتى رەئىسى بولۇش سالاھىتىم بىلەن خىزمىتىمىزنى قوللاپ - قۇۋۋەتلىگەن، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كۈرەش سېپىمىزدە جەڭ قىلىۋاتقان ھەم بىزنى يېقىندىن قوللاپ قۇۋۋەتلەپ كەلگەن سەپداشلىرىمىزغا، ۋەتەنداشلىرىمىزغا، قېرىنداشلىرىمىزغا، پۈتۈن دۇنيادىكى ھەققانىيەتنى ياقىلىغۇچى دۆلەتلەر، خەلقلەر، پارتىيە - گۇرۇھلارغا، دىنىي تەشكىلاتلارغا، فوندىلارغا، تەشۋىقات مېدىيالىرىغا، تەنھەرىكەتچى، ئارتىست چولپانلارغا، تەتقىقاتچى، يازغۇچىلارغا، تىجارەتچى، ئىش ئادەملىرىگە ھەم شۇنداقلا ناملىق، نامسىز ياردەم بەرگەن بارلىق ئوت يۈرەكلەرگە چىن يۈرىكىمدىن رەھمىتىمنى بىلدۈرىمەن!

بۇنىڭدىن كېيىن بىز خەلقئارالاشقان شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى ئىجرا قىلغىلى بولىدىغان سىياسىي پروگراما شەكلىگە ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن خىتاي زۇلۇمىغا قارشى كۈرىشىمىزنى داۋاملاشتۇرىمىز، سىياسىي

www.uyghurkitap.com



كۆرەشلىرىمىزنى كەسپىي سەۋىيەدە ئېلىپ بېرىشقا، كونكرېت خىزمەتلەردىكى يېتەرسىزلىكلىرىمىزنى تۈزىتىپ، سىياسىي خىزمەتلىرىمىزنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىشقا تىرىشىمىز! ياشىسۇن ئەركىنلىك! ياشىسۇن دېموكراتىيە! ياشىسۇن باراۋەرلىك! ياشىسۇن كىشىلىك هوقۇق! ياشىسۇن شەرقىي تۈركىستان ئازادلىقى!

ئۈچىنچى بۆلۈم

# دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى مۇئاۋىن رەئىسى پەرھات يورۇڭقاش ئەپەندىمنىڭ خىزمەت دوكلاتى

## دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى 6 ـ نۆۋەتلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ تەشكىلىي خىزمەتلىرى ۋە قۇرۇلتاي تەركىبىدىكى تەشكىلاتلارنىڭ پائالىيەتلىرى ھەققىدە خۇلاسە دوكلات

ۋاقتى: 2021 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى
ئورنى: چېخىيە، پىراگا
دوكلات بەرگۈچى: دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى پەرھات يورۇڭقاش (دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ تەشكىلىي خىزمەتلىرىگە مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىسى)

*ئىززەتلىك قېرىنداشلار: 7 ـ نۆۋەتلىك دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنى چاقىرىش ھەققىدە قارار ئېلىنغان ھامان قۇرۇلتاي مەركىزى ئورگىنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تەركىبىدىكى قېرىنداش تەشكىلاتلىرىمىزدىن ئۆزىنىڭ قىسقىچە خىزمەت دوكلاتىنى قۇرۇلتاي مەركىزى ئورگىنىغا يوللاپ بېرىشىنى جىددىي ئىلتىماس قىلغان ئىدۇق، بۇ چاقىرىقىمىزغا بىر قىسىم تەشكىلاتلىرىمىز ئەمەل قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ دوكلاتىنى يوللاپ بەردى، يەنە بىر قىسىم تەشكىلاتلىرىمىزدىن ھازىرغا قەدەر دوكلات تاپشۇرۇپ ئالالمىدۇق، شۇڭا بىز تاپشۇرۇپ ئالغان دوكلاتلارنى تۆۋەندىكى شەكىل بويىچە رەتلەپ چىقتۇق، ۋاقىت قىس، ئادەم ئاز، تەييارلايدىغان دوكلاتلار كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن خىزمەتتە بەزى كەمچىلىكلەرنىڭ سادىر بولۇشىدىن ساقلىنالماي قالدۇق، ھۆرمەتلىك ۋەكىللىرىمىزنىڭ تۈزىتىپ كۆرۈپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.*

www.uyghurkitap.com



## 4. قۇرۇلتاينىڭ تەشكىلىي جەھەتتە ئېلىپ بارغان خىزمەتلىرى ھەققىدە




ھۆرمەتلىك ۋەكىللەر، ھەممىڭلارغا مەلۇم بولغىنىدەك، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى پۈتۈن شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ خەلقئارادىكى ئەڭ يۈكسەك ۋەكىللىك ئورگىنى بولۇپ، قۇرۇلتىيىمىز تەشكىلىي جەھەتتىنمۇ ئۈزلۈكسىز زورىيىپ، مۇنتىزىملاشقان ۋە سىستېمىلاشقان بىر ئالىي ئورگانغا قاراپ يۈزلەنمەكتە.

5 - نۆۋەتلىك دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ تەشكىلىي جەھەتتە ئېلىپ بارغان خىزمەتلىرىنى تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

1. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا قۇرۇلتاي تەركىبىدىكى ھەرقايسى ئورگانلارنىڭ سانىنى 5 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتايغا قارىغاندا زور دەرىجىدە كېڭەيتتۇق، ئىجرائىيە كومىتېتى تەركىبىدە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى فوندى، ياشلار كومىتېتى، ئاياللار كومىتېتى، ئىچكى ئىشلار كومىتېتى، تەشۋىقات - ئۇچۇر مەركىزى، تەتقىقات مەركىزى، دىنىي ئىشلار كومىتېتى، مائارىپ كومىتېتى، مەدەنىيەت كومىتېتى، مۇھاجىرلار مەركىزى، نەشرىيات

مەركىزى، سەھىيە كومىتېتى، خىتاي ئىشلىرى كومىتېتى، كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتى قاتارلىق 14 خىزمەت كومىتېتى تەسىس قىلغان ئىدۇق. كېيىن يەنە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ كوندىن - كۈنگە كۆچىيىۋاتقان خىزمەت ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئېكولوگىيە كومىتېتى بىلەن ئارخىپ مەركىزىنى تەسىس قىلدۇق، ئىجرائىيە كومىتېتى تەركىبىدىكى خىزمەت كومىتېتلىرىنىڭ سانى 16 گە كۆپەيدى. خىزمەت كومىتېتلىرىنىڭ سالاھىيىتى ۋە خىزمەت دائىرىسى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئېنىق بېكىتىپ بېرىلدى.

1. پېشقەدەم ئۇستازلىرىمىزدىن تەركىب تاپقان مەخسۇس مەسلىھەتچىلەر كېڭىشى تەسىس قىلدۇق، ئەلگە تونۇلغان ئۇيغۇر ئالىملىرىنى تەكلىپ قىلىپ دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى مەسلىھەتچىلەر كېڭىشىنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتتۇق، ئۇلارنىڭ پىكىر ۋە مەسلىھەتلىرىدىن ئۈنۈملۈك ھالدا پايدىلىنىدىغان مۇنتىزىم سىستېمىسى شەكىللەندى.

2. خىزمەت ئېھتىياجىغا ئاساسەن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ئىسلام ئەللىرىدىكى خىزمەتلىرىگە مەسئۇل رەئىس ۋەكىلى بىلەن ياۋروپادىكى خىزمەتلىرىگە مەسئۇل ئالاھىدە ۋەكىلىنى تەيىنلەش ئۇسۇلى بىلەن خىزمەتلەرنى جانلىق ئېلىپ بېرىشقا كاپالەتلىك قىلىندى.

3. ھەر ئايدا ئىككى قېتىم ئىجرائىيە كومىتېتى يىغىنىنى، ھەر 6 ئايدا بىر قېتىم ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىنى چاقىرىش ئارقىلىق، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەھبەرلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا ھەمكارلىق مۇناسىۋەتلىرىنى كۈچەيتتى.

4. ئىجرائىيە كومىتېتى خىزمەت كۆرسەتكەنلەرنى تەقدىرلەش، خاتالىق ۋە سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەنلەرنى جازالاش سىستېمىسىنى يولغا قويدى، ھازىرغا قەدەر مىللىي ھەرىكىتىمىزدە ۋە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ خىزمەتلىرىگە نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغان تەشكىلات ۋە شەخسلەرنى ماددىي ۋە شەرەپ بۇيۇملىرى بىلەن مۇكاپاتلىدى. تەشكىلىي ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان رەھبەرلەرگە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش ۋە ئاگاھلاندۇرۇش جازالىرى بېرىلدى.

5. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ تەشكىلىي ئىنتىزامىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتتى. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەھبەرلىك ھەيئىتى جىددىي مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەھبەرلىرىنىڭ دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مەخسۇس تەشكىلىي پرىنسىپلار بېكىتىپ چىقىلدى، بۇ پرىنسىپلار دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەھبەرلىرى ھېچقانداق ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى ماجىرا ۋە جەڭگى - جېدەللەرگە كىرمەسلىك، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى سىرتىدىكى تەشكىلات ۋە

www.uyghurkitap.com



سىياسىي پائالىيەتچىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتىكى ئىختىلاپ ۋە توقۇنۇشلارغا كىرمەسلىك، ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ قارارسىز ئۆز مەيلىچە ئاخبارات، بايانات ياكى يازمىلارنى ئېلان قىلماسلىق، پەقەتلا خىزمەت ئارقىلىق خەلقىمىزگە جاۋاب بېرىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ بارلىق رەھبەرلىرى بۇ پىرىنسىپلارغا ئورتاق قاتتىق ئەمەل قىلىپ كەلدى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ خەلقىمىز ئىچىدىكى ئىجابىي تەسىرى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىلدى.

6. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تەركىبىدىكى ۋە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بىلەن ھەمكارلىشىۋاتقان تەشكىلاتلارنىڭ سانى ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى. ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك، 6 - نۆۋەتلىك ئومۇمىي سايلامدىن كېيىن قۇرۇلتىيىمىز تەشكىلى جەھەتتىن ئېغىر خىرىسلارغا دۇچ كەلدى، خىتاينىڭ قۇرۇلتىيىمىزنى بۆلۈش ۋە پارچىلاش ھەرىكىتى تېخىمۇ كۈچەيدى. بەزى شەخس ۋە تەشكىلاتلار بىلىپ - بىلمەي دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تەركىبىدىن ئايرىلدى، نەتىجىدە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تەركىبىدىكى تەشكىلاتلارنىڭ ئومۇمىي سانى 30 غا يەتمەيدىغان بىر ۋەزىيەت شەكىللەندى. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەھبەرلىك ھەيئىتى بۇ خىل ۋەزىيەتكە قارىتا سوغۇققان بولۇش، ھەرقايسى ئەللەردىكى تەشكىلاتلىرىمىزغا سەمىمىيلىك بىلەن ئىدىيەۋى خىزمەت ئىشلەش، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ خەلقئارادىكى پائالىيەتلىرىنى ئۈزلۈكسىز زورايتىش ئارقىلىق ھەرقايسى ئەللەردىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى بىلەن مۇناسىۋەتنى تېخىمۇ يېقىنلاشتۇردى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تەركىبىدىكى تەشكىلاتلارنىڭ ئومۇمىي سانى 40 تىن ئاشتى. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەھبەرلىك ھەيئىتى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تەركىبىدە بولمىغان شەرقىي تۈركىستان مائارىپ جەمئىيىتى، ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى، شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى، خەلقئارا ئۇيغۇر قەلەمكەشلەر جەمئىيىتى قاتارلىق كۆپلىگەن ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى بىلەن بولغان ھەمكارلىققا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى، ھېچ بىر تەشكىلاتنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تەركىبىگە كىرىشكە زورلىمىدى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بىلەن ھەمكارلىشىۋاتقان تەشكىلاتلارنىڭ مايىللىقى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى، 20 دىن ئارتۇق دۆلەتتىكى چوڭ - كىچىك 70 تىن ئارتۇق ئۇيغۇر تەشكىلاتى قۇرۇلتاي بىلەن يېقىن ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىپ ئىش بىرلىكى ئېلىپ بارىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى.

7. تەشكىلىي جەھەتتە يېڭى سايلام سىستېمىسىنى قۇرۇپ چىقىشقا تىرىشتى. ھازىرغا قەدەر قۇرۇلتاينىڭ رەسمىي ۋەكىلى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى مەركىزى ئورگىنى ۋە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تەركىبىدىكى ھەرقايسى تەشكىلاتلىرىمىزنىڭ تەيىنلىشى بىلەن ۋۇجۇدقا چىققان ئىدى، 6 - نۆۋەتلىك

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەھبەرلىك ھەيئىتى ۋەكىل سايلىمىنى خەلقئارالىق ئۆلچەملەرگە ماسلاشتۇرۇش ۋە مۇنتىزىملاشتۇرۇش ئۈچۈن، 7 - نۆۋەتلىك دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى ھەرقايسى ئەللەردىكى شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلىرىمىز دېموكراتىك ئۇسۇلدا سايلاپ چىقىدىغان يېڭى بىر سىستېمىنى يولغا قويدى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ قارارى بىلەن 7 - نۆۋەتلىك دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تەييارلىق كومىتېتى قۇرۇپ چىقىلدى، ھەرقايسى ئەللەردە مەخسۇس ۋەكىل سايلاش كومىتېتلىرى تەسىس قىلىندى، 8 دۆلەتتە مەخسۇس سايلام ساندۇقى قويۇلدى، ۋەكىل سايلىمى جەريانىدا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى مەركىزى ئورگىنى ۋە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەھبەرلىك ھەيئىتى ھېچبىر دۆلەتتىكى ۋەكىل سايلىمىغا دەخلى - تەرۇزە بولمىدى، بۇ خىل يېڭى سايلام سىستېمىسى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ خەلقىمىز ئىچىدىكى ئىشەنچىسى ۋە ھۆرمىتىنى تېخىمۇ ئاشۇردى.

ئاخىردا شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتمەكچىمەنكى، خۇددى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمدەك، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى پۈتۈن شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ خەلقئارادىكى ئەڭ يۇكسەك ۋەكىللىك ئورگىنىدىن ئىبارەت، قۇرۇلتىيىمىزنىڭ تۈپ مەقسىتىمۇ ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ مىللىي مۇستەقىللىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت، ئەگەر خەلقئارا ۋەزىيەت پىشىپ يېتىلسە قۇرۇلتىيىمىزنى بىر كۈن ئىچىدە شەرقىي تۈركىستان مىللىي پارلامېنتىغا ۋە شەرقىي تۈركىستان ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىگە ئايلاندۇرالايمىز، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ 7 - نۆۋەتلىك دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى ئىچكى جەھەتتە پارلامېنت ئەزاسى تۇسىنى ئالغان سالاھىيەتكە ئىگە قىلدۇق، قۇرۇلتاي رەھبەرلىك ئورگىنىنىمۇ شەرقىي تۈركىستان ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىدەك بىر كابىنېت تۇسىگە كىرگۈزدۇق، بۇ جەھەتتە ھۆرمەتلىك ۋەكىللىرىمىز ۋە خەلقىمىز ھېچبىر ئەندىشىدە بولمىسۇن!

## قۇرۇلتاي تەركىبىدىكى قېرىنداش تەشكىلاتلىرىمىزنىڭ پائالىيەتلىرى ھەققىدە

### 1. ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكىنىڭ پائالىيەتلىرى

گېرمانىيەنىڭ بېرلىن، ھامبۇرگ، فىرانكفورت ۋە مىيۇنخېن قاتارلىق شەھەرلىرىدە 37 قېتىم نامايىش ئۆتكۈزۈلدى.

www.uyghurkitap.com






گېرمانىيەدىكى كۆپلىگەن ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە دوكلاتلار بېرىلدى. (بۇ پائالىيەتلەرگە مارگارىتا بائۇسە خانىم، ماركۇس رىندەرسپاچەر، ئۇلرىچ دەلىئۇس ۋە ھاننو سچەدلەر قاتارلىق ئۇيغۇرلارغا ھېسداشلىق قىلىۋاتقان سىياسىيونلار ۋە كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلات ۋەكىللىرى قاتناشتى.)

1) تۈرك ۋە گېرمان تەشكىلاتلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ 23 قېتىم شەرقىي تۈركىستان ۋە لاگېرلار ھەققىدە دوكلاتلار بېرىلدى.

2) باۋەريا ۋە برەمەن پارلامېنتلىرى ئۇيغۇرلار ۋە لاگېرلار ھەققىدە 4 قېتىم قارار ماقۇللىدى.

3) ھەر يىلى رامىزان ئېيىدا ئۆتكۈزگەن ئىپتار پائالىيىتىگە باۋەريا پارلامېنت ئەزالىرى، مىنىستىرلار، ئامېرىكا باش ئەلچىسى، شەھەرلىك ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى، پىروتېستانت ۋە ئەۋانگىلىست دىنىنىڭ ۋەكىللىرى قاتناشتى.

4) كورونا جەريانىدا ئۇيۇشتۇرۇلغان 11 قېتىملىق ئىنتېرنېت تور يىغىنلىرىغا، ياۋروپا پارلامېنتى مۇئاۋىن رەئىسى كاتارىنا بارلەي، گېرمانىيە پارلامېنت ئەزالىرى، ئامېرىكا مىيۇنخېن باش ئەلچىسى، ئىلىم ئەرباپلىرىدىن ئادرىئان زەنس ۋە ئۇلرىچ دەلىئۇسغالار قاتناشتى. يىغىنلار نېمىس تىلىدا ئېلىپ بېرىلغانلىقى ئۈچۈن چوڭ تەسىر قوزغىدى.

5) 42 قېتىم تۈرك ۋە گېرمان مەتبۇئاتلارنىڭ زىيارىتى قوبۇل قىلىندى.

6) باۋەريا تېلېۋىزىيەسى بىلەن گوللاندىيەگە بېرىپ، لاگېر شاھىتلىرىمىزدىن

ئومەر ئالى بەك نى زىيارەت قىلىپ 40 مىنۇتلۇق پروگرامما ئىشلەندى.

7) گېرمانىيە كىشىلىك ھوقۇق ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى در. بربەل كوفلەر خانىم ۋەتىنىمىزگە بارماقچى بولۇپ تەلەپ - ئارزۇلىرىمىز ۋە قانداق كونكرېت مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش كېرەكلىكى سورالدى.

8) تۈركىيەدىكى راك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ داۋالىنالمايۋاتقان 4 ياشلىق بابۇرنى دادىسى بىلەن گېرمانىيەگە ئېلىپ كېلىپ ئۇنىۋېرسىتېت دوختۇرخانىسىدا داۋالاتتۇق.

9) سىمېنس ۋە WW دەك مەجبۇرى ئەمگەككە چېتىشلىق شىركەتلەرنىڭ مىيۇنخېن ۋە ۋولفسبۇرگتىكى زاۋۇتلىرى ئالدىدا نامايىش ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ 7 مىڭ كىشىلىك يىللىق ئومۇمىي يىغىنىدا دوكلات بېرىلدى ۋە گېرمانىيەنىڭ ئەڭ چوڭ تۇ قانىلىدىكى خەۋەردە بېرىلىپ قويۇلغان تەلەپلەر ئۈستىدە توختالدى.

10) ياشلار ئارىسىدا ئۇيغۇر ئەركىنلىك لوڭقىسىنى تالىشىش پۇتبول مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇرۇلدى. مۇسابىقىگە ياۋروپادا 6 دۆلەتتىن 150 تىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى. 3 كۈنلۈك پائالىيەت مىللىي دۆلەت مارشى بىلەن باشلىنىپ، دۆلەت مارشى بىلەن ئاياغلاشتى. باۋەريا پارلامېنتى مۇئاۋىن رەئىسى ماركۇس رىندەرسپاچەر ئەپەندىم ئېچىلىش نۇتۇقى سۆزلىدى.

11) نەۋروز بايرىمى پائالىيىتىگە 300 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. (بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۆچتىن بىر دېگۈدەك باشقا مىللەتلەر) ئۇيغۇرلارنىڭ نەۋروز بايرىمى ھەققىدە ئەتراپلىق مەلۇمات بېرىلىپ، مىللىي مەدەنىيىتى تونۇشتۇرۇلدى.

12) ۋىرۇس سەۋەبىدىن ھېيت نامىزىنى رۇخسەت بىلەن ئاممىۋى باغلاردا ئوقۇشتەك ھەرىكەتلەر بىلەن باشقا قېرىنداش مىللەتلىرىگە ئۈلگىلىك رول ئويناپ تۈرك گېزىتلىرىدە خەۋەر بولۇپ چىقتى.

13) تۈركىيەدە باشلانغان ئائىلەم نەدە ھەرىكىتىگە ماسلىشىپ تەشكىلات بىر ئاي ھەر كۈنى مىيۇنخېن خىتاي كونسۇلخانىسى ئالدىدا شۇ شوئارلار نامايىش ئۆتكۈزدى.

14) ھەر شەنبە كۈنى مىيۇنخېننىڭ داڭلىق مەيدانلىرىدا، «2022 بېيجىڭ ئولىمپىك بايقوت قىلىش» نامايىش بولۇۋاتقان بولۇپ تاكى 2022 يىلى 2 - ئايغىچە داۋاملىشىدۇ. گېرمانىيەدە چوڭ بولغان ياشلارنىڭ نېمىس تىلىدا سۆزلىگەن نۇتۇقلىرى گېرمانلارنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى تارتماقتا.

15) مىيۇنخېندىن بىر ئۇيغۇرنىڭ قانۇنغا خىلاپ ھالدا خىتايغا قايتۇرۇلۇشىدىن

كېيىن، گېرمانىيە پارلامېنت ئەزالىرى ۋە باۋرىيا ھۆكۈمىتىگە ھۆججەت ۋە پاكىتلار تەمىنلەنگەن 6 پارچە خەت، كۆپ تېلېفون سۆھبەتلىرى ھەم مارگارەتە ۋە گىيدە خانىملارنىڭ بۇ مەسىلىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشى نەتىجىسىدە، ئۇيغۇرلارنى خىتايغا قايتۇرسا بولمايدۇ دېگەن قارار ئېلان قىلىندى.

## 2. ئەنگلىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ پائالىيەتلىرى ھەققىدە



1) ئاممىۋى تاراتقۇلاردا ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئائىت ماقالىلەرنى كۆپلەپ خەۋەر قىلىندى. يەنى ژۇرنالىستلارغا، ئەركىن ئاسىيا رادىيوسىغا قەھرىتان قىش ۋە ئۇيغۇرلارنى خورلاشقا مۇناسىۋەتلىك ماقالىلەرنى تەرجىمە قىلىپ ئەۋەتىپ بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ بۇ مەسىلىگە بولغان دىققىتىنى كۈچەيتىلدى.

2)دەلىل - ئىسپاتلارنىڭ پۇختىلىقى ئۈستىدە خىزمەت ئىشلەندى: مەسىلەن ئاممىۋى ئاخبارات ۋاستىلىرىدا كۆپلەپ خەۋەر چىقىرىلدى ۋە پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ پارلامېنتتا سوئال قويۇشى تەلەپ قىلىندى.

3) ئەنگلىيەدىكى ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلىش ۋە مەجبۇرى ئەمگەككە پائالىيەت ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇرىي ئەمگەكنى ئاخىرلاشتۇرۇش بىرلەشمىسى قۇرۇشنىڭ ئاساسىنى يارىتىلدى (ھازىر دۇنيا

مىقياسىدا 200 دىن ئارتۇق تەشكىلات ئىشلەۋاتىدۇ.)

4) دىنى رەھبەرلەرگە قەرەللىك دوكلات بېرىش ئارقىلىق 70 دىن ئارتۇق دىنى رەھبەرنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭ قىرغىنچىلىقتىن بۇيانقى ئەڭ قەبىھ ئىنسانىي پاجىئەگە دۇچ كېلىۋاتقانلىقىنى جاكارلىغان خەتكە ئىمزا قويۇشىنى قولغا كەلتۈردى. بۈگۈنكى كۈندە، ئوخشىمىغان ئېتىقادچىلار تويىدىكى ھەر خىل ياشتىكى كىشىلەر ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىنى توختىتىش پائالىيىتىگە قاتناشتى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە يەھۇدىي تەشكىلاتلىرى، ئېتىقادچىلار رەھبەرلىرى، ئوقۇغۇچىلار ۋە يەھۇدىي خەۋەرلىرى ئاساسلىق رول ئويناۋاتىدۇ.

5)پارلامېنت ئەزالىرى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ئەھمىيەت بېرىلدى. پارلامېنتتا 30 دىن 40 كىچە پارلامېنت ئەزاسى بىلەن يېقىندىن ئالاقە قىلىش ۋە دەۋايىمىزنى چۈشەندۈرۈش نەتىجىسىدە ئۈچ پارتىيەدىن بولغان بەش ئالىي مەسلىھەتچىنىڭ ياردىمىدە مۇھىم پارلامېنت ئەزالىرى بىلەن ئۇچرىشىشلار ۋە مۇھىم يىغىنلار ئىچىلدى. قوللىغۇچىلار، ئاممىۋى تەشكىلاتلار، ئېتىقاد جامائىتى ۋە ئاۋام خەلقنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ئۇلار ئارقىلىق ئالدىن تەييارلانغان پارلامېنت ۋەدىنامىسى (ئۇيغۇرلارغا نېمە بولۇۋاتىدۇ؟) 650 پارلامېنت ئەزاسىغا ئەۋەتىپ، كۆپ ساندىكى پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ ۋەدىگە ئىمزا قويۇشىنى قولغا كەلتۈردى. ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقى تېمىسى بۈگۈن ئەنگلىيە پارلامېنتىدىكى ئەڭ قىزىق بىر مۇنازىرە نۇقتىسىغا ئايلاندى.

### 3. كانادا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكىنىڭ پائالىيەتلىرى ھەققىدە

1) كانادا شەرقىي تۈركىستان جەمئىيىتى خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرى كۈنى مۇناسىۋىتى بىلەن ئوتتاۋادىكى دۆلەتلىك پارلامېنتىدا تىبەت، خوڭكوڭ، خىتاي دېموكراتلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۆتكۈزگەن ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا باش كاتىپ شەرقىي تۈركىستاندىكى جازا لاگېرلىرى ۋە خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسىنىڭ ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن ئېلىپ بېرىۋاتقان زۇلۇملىرى ھەققىدە مەلۇمات بەردى.

2) دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسىنىڭ 15 كۈنلۈك كانادادا زىيارەتتە بولۇپ، تورونتودا نورۇز پائالىيىتىگە قاتنىشىپ ئۇيغۇر قېرىنداشلارغا قۇرۇلتاينىڭ سالاملىرىنى يەتكۈزگەچ جامائەتنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىشىگە، مونتېريال، ۋانكوۋېر، ئېدمونتون، كالگارى قاتارلىق شەھەرلەرگە بېرىپ ئۇيغۇر جامائىتى بىلەن كۆرۈشۈپ قىزغىن سۆھبەتلەردە بولۇشىغا، ئوتتاۋادا ھۆكۈمەتنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى، مۇئاۋىن كۆچمەنلەر مىنىستىرلىرى ۋە لىبېرال پارتىيەسىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



پارلامېنت ئەزاسى ئۆمەر ئالگېبرا، كونسېرۋاتىپ پارتىيەسىنىڭ مىللەت ۋەكىلى داۋىت سوۋىت بىلەن كۆرۈشۈشكە، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى جازا لاگېرلىرى ۋە تۈركىيەدىكى 10 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇرنىڭ كاناداغا كېلىش مەسىلىسى ئۈستىدىكى سۆھبەتلىرىگە، كانادا پارلامېنت بىناسى ئىچىدە 10 سائەت ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈشكە جەڭگىۋار ياردەملەشتى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇپ ماسلاشتۇرۇش، ئارقا سەپ كاپالىتى خىزمىتىنى ئالاھىدە يۇقىرى سۈپەتتە ئورۇنلىدى.



3) دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن (بارىن ئىنقىلابى 29 - يىللىق نامايىشقا) 300 يۈزگە يېقىن ئۇيغۇر قېرىنداشنى ئۇيۇشتۇرۇپ ۋاشىنگتوندىكى پائالىيەتكە ئاكتىپ قاتناشتى.

4) ئۇيغۇر خەير - ساخاۋەت كېچىلىكىگە 500 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر قاتنىشىپ يىغىلغان 7900 دوللار پۇل تۈركىيەدىكى ئوقۇش پۇلى تۆلىيەلمىگەن قېرىنداشلارغا بىۋاستە يەتكۈزۈپ بەردى.

5) كانادا شەرقىي تۈركىستان جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى تۇيغۇن ئابدۇۋەلىگە ئاناتولىيە ئىسلام مەركىزى تەرىپىدىن 2019 - يىللىق كىشىلىك ھوقۇق مۇكاپاتى بېرىلدى.

6) كانادا ئوتتاۋادا پارلامېنت بىناسى ئالدىدا پارلامېنتتىن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزۈۋاتقان ۋەھشىي زۇلۇملىرىنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ تونۇشى ۋە بۇ ھەقتە قارار چىقىرىشى ئۈچۈن نامايىش ئېلىپ بېرىلدى.

7) كانادا شەرقىي تۈركىستان جەمئىيىتى بىلەن تىبەت ياشلار تەشكىلاتى بىرلىكتە ئونتارىئو پارلامېنت ئالدىدا خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرى كۈنى مۇناسىۋىتى بىلەن، - 25 ك سوغۇقتا 3 كۈن شەرقىي تۈركىستاندىكى جازا لاگېرلىرى ۋە خىتايلارنىڭ ئۇيغۇرلارنى قىرغىن قىلىۋاتقانلىقىدەك رەزىل ئەپتى بەشىرىسىنى پاش قىلىش ئۈچۈن ئاچلىق ئېلان قىلىش نامايىش ئېلىپ باردى.

8) ئوتتاۋا پارلامېنت بىناسى ئالدىدا قار شىۋىرغانلىق سوغۇقتا قارىماي، 400 يۈزگە يېقىن ئۇيغۇرلار 8 سائەت نامايىش قىلىپ، كانادا ھۆكۈمىتىدىن ئۇيغۇرلارنى ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى ئېتىراپ قىلىش قارارى چىقىرىشنى تەلەپ قىلدى. نەتىجىدە شۇ كۈنى دۇنيادا تۇنجى بولۇپ كانادا پارلامېنتى تەرىپىدىن 0 گە قارشى 266 ئاۋاز بىلەن ئۇيغۇرلارنى خىتاي ھۆكۈمىتى ئىرقىي قىرغىنچىلىق قىلىپ يوقاتماقتا دېگەن قارارنى ئېلان قىلىندى.

9) كانادا شەرقىي تۈركىستان جەمئىيىتىنىڭ سەپەرۋەرلىكىدە كانادا ۋە پۈتۈن دۇنيادىكى ئۇيغۇرلاردىن يىغىلغان ئىقتىسادىي ياردەم بىلەن كۆركەم چېركاۋنى سېتىۋېلىپ 2021 - يىلى 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن كانادادىكى جامائىتىمىز ئۈچۈن مەسچىت، مەدەنىيەت مەركىزى قىلىپ ئىشلىتىشكە باشلىدى. ھەمدە 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى شەرقىي تۈركىستان مىللىي مارشىنىڭ تەڭكىشىدە، ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايرىقىمىز چىقىرىلىپ، تەنتەنىلىك ئېچىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

10) كانادا شەرقىي تۈركىستان جەمئىيىتىنىڭ ئۈچۈر بۆلۈت مۇدىرى بىلال مالىك ئەركىنلىك ئۈچۈن يۈرۈش نامىدا تورونتودىن 450 كىلومېتىر يولنى پىيادە مېڭىپ يول بويى (كانادا خەلقىگە ۋە يەرلىك ۋە ئۆلكىلىك پارلامېنت ئەزالىرىغا) ئۇيغۇرلار ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى توختاتقۇزۇشقا ھەر جەھەتتىن ياردەم تەلەپ قىلىش تەشۋىقاتنى ئېلىپ باردى. «يۈرۈش» ئاخىرلاشقان كۈنى ئوتتاۋادا باش مىنىستىر بىناسى ئالدىدا ھۆكۈمەتنىڭ پارلامېنتتىن قارارنى ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلىش نامايىش بولدى. بۇ قېتىمقى نامايىش نۇرغۇن ھۆكۈمەت گېزىت ۋە تېلېۋىزورلىرىدا ئېلان قىلىندى.

### 4. كانادا ئالبېرتا ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ پائالىيەتلىرى ھەققىدە

ئالبېرتا ئۇيغۇر جەمئىيىتى 2018 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ئاستىدا ئالبېرتا رايونىدا، خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قارىتا ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى ئاڭلىتىشتا، ئىنتايىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مۇھىم رول ئويناپ كېلىۋاتىدۇ. كتۋ رادىيوغا، گلوبال خەۋەر تۋ سىغا نەقمەيدان سۆھبەت بېرىپ، دەۋايىمىزنىڭ مېدىياغا ئېلىپ چىقتى.

ئىككى قېتىملىق ئۇيغۇر سوتى ئۈچۈن 3000 $ پۇل ئىئانە قىلدى ۋە يېقىندىن قوللاپ لوندونغا باردى.



1. ئالبېرتا ئۇيغۇر جەمئىيىتى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، 2019 ـ يىلى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى دولقۇن ئەيسا، CFU (كەمپەين فور ئۇيغۇرس) رەھبەرلىرى، كانادا شەرقىي تۈركىستان جەمئىيىتى رەھبەرلىرىنى تەكلىپ قىلىپ چوڭ كۆلەمدە يىغىن ئۆتكۈزدۇق.

2. CFU رەسىم كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزدۇق ۋە CTV_Radyo غا نەقمەيدان سۆھبەت بېرىپ، يەرلىك خەلقلەرنىڭمۇ كورگەزمىگە كېلىشىنى قولغا كەلتۈردۇق.

3. دوختۇر ۋە سىياسەتچىلەرنىڭ قاتنىششى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن، كوۋىد ـ 19 نىڭ لاگېرلارغا تارقىلىش ئېھتىماللىقى دېگەن مەزمۇندىكى يىغىنغا قاتناشتۇق، ھەم گلوبال خەۋەر تۋ نىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلدۇق.

4. ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن بىرلىشىپ، كالگاري شەھرىدە 3 كۈنلۈك نامايىش ئۆتكۈزدۇق.

5. خوڭكوڭلۇقلار بىلەن خىتاي كونسۇلى ئالدىدا نامايىش ئۆتكۈزدۇق.

6. ئېدمونتون شەھرىدە ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن بىرلىكتە،

ئالبېرتا پارلامېنت بىناسى ئالدىدا خىتايغا قارشى نامايىش ئۆتكۈزدۇق.

7. ئالبېرتا ئۇيغۇر جەمئىيىتى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، تىبەت، خوڭكوڭ، بىرما تەشكىلاتلىرى بىلەن بىرلىشىپ، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئورۇنلاشتۇرغان «بويكوتت بېيجىڭ 2022» ئۆتكۈزدۇق.

8. 2020 - يىلى 11 - ئايدا ھەپتىلىك نامايىشىمىزنى بازار مەركىزىدە باشلىغان ئىدۇق. بۇ يىل 3 - ئايدىن باشلاپ ۋولكسۋېيگېن ئالدىغا ئۆزگەرتىپ ھازىرغا قەدەر داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتىمىز.

9. جەمئىيىتىمىزنىڭ ياش ئەزاسى مەھلىيا پارلامېنت ئەزاسى گارنەتت گېنۇئەسنىڭ ئىشخانىسىدا ياردەمچى بولۇپ ئىشلەشكە تاللاندى.

### 5. ئاۋستىرالىيە ۋىكتورىئا ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ پائالىيەتلىرى ھەققىدە

ئاۋستىرالىيە ۋىكتورىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتى (ئاۋۇج) 2006 - يىلى مايدا قۇرۇلغان بولۇپ، ۋىكتورىيە ئىشتاتىدىكى ئاۋام ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىگە ۋاكالەتلىك قىلىدىغان بىردىنبىر ئورگاندۇر. ئاۋۇج ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بېشىغا كەلگەن زۇلۇم ۋە ئازاب - ئوقۇبەتلەرگە قارشى ۋىكتورىيە ئىشتاتىدا ئاممىۋى ياردەم سورايدىغان ھەققانىي ئورگان بولۇپ، ئۇيغۇر ۋە بارلىق ئىنسانىيەتكە ئەركىنلىك، كىشىلىك ھوقۇق ۋە دېموكراتىيەنى ئۈرۈش - تالاشسىز، تىنچلىق ۋە دېموكراتىك ئۇسۇلدا قولغا كەلتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

1) خىتاي كوممۇنىست پارتىيەگە قارشى ئۇيغۇر، تىبەت، خوڭكوڭ، ۋيېتنام، فالۇڭگوڭ ۋە خىتاي دېموكراتىك ئورگانلار بىرلىكىنى قۇرۇپ چىقتى.

2) 5 - ئىيۇل ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقىغا قارشى نامايىشى ئورۇنلاشتۇردى.

3) خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسى ۋە خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىغا قارشى يىللىق نامايىشى، 2022 - يىللىق بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك يىغىنىغا قارشى تۇرۇش نامايىشى ئورۇنلاشتۇردى.

4) ئاۋستىرالىيە ھۆكۈمىتىگە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى ئېتىراپ قىلغۇزۇش ۋە ۋىكتورىيە ئىشتاتى بىلەن خىتاي ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدىكى بىر يول - بىر بەلباغ كېلىشىمىگە قارشى تۇرۇش قاتارلىق نامايىشلارغا 20 قېتىمدىن ئارتۇق قاتناشتى.

5) ئۇيغۇر ۋە باشقا شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلارنىڭ ھەق - ھوقۇقىنىڭ دەپسەندە قىلىنىۋاتقانلىقى ھەققىدە 20 قېتىمغا يېقىن ھەرخىل زىيارەتلەرنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



قوبۇل قىلدى ۋە تورلاردا ئۇچۇر بېرىلدى.

6) ۋىكتورىيە ئىشتاتى بىلەن خىتاي ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدىكى بىر يول - بىر بەلباغ كېلىشىمى 2021 - يىلىنىڭ بېشىدا بىكار قىلىنىشىغا ھەر جەھەتتىن كۈچ چىقاردى.

7) جەمئىيەت نامىدىن خەلق ئارالىق ماگنىتسكىي قانۇنى، مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر جامائىتى دۇچ كېلىۋاتقان خىتاي ھۆكۈمىتى تەھدىتلىرى ۋە ئۇيغۇر قۇل ئەمگىكى نەتىجىسىدە ئىشلەپ چىقىرىلغان ماللارنى كىرگۈزمەسلىك ھەققىدە ئاۋستىرالىيە ھۆكۈمىتى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە ئىلتىماس سۇنۇلدى ۋە ئاممىۋى گۇۋاھلىق بېرىلدى.

8) ۋىكتورىيە ئىشتاتىدىكى ئۇيغۇر جامائىتى ۋە ئۇيغۇر تىجارەتچىلەرنىڭ ياردىمى ئارقىلىق، 2019 - يىلى چوڭ كۆلەملىك روزى ھېيتنى تەبرىكلەش ۋە گۇۋاھلىق بېرىش پائالىيىتى ئېلىپ باردى.

ئاۋستىرالىيە ABC تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تەكلىپ بىلەن قاتنىشىپ، لاگېرلارغا ناھەق تۇتقۇن قىلىنغان قېرىنداشلارنىڭ رەسىملىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلىرىگە قارىتا بەرگەن گۇۋاھلىقلىرىنى ھۆججەتلىك فىلىم قىلىپ ئىشلىدى.

9) ۋىكتورىيە ئىشتاتىدىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلار نوپۇس تەكشۈرۈشى ئېلىپ بېرىلدى.

10) جامائەتكە قولايلىق يارىتىش ئۈچۈن بىر ئورۇندىن ئۇيغۇر يەرلىكى سېتىۋېلىندى.

11) ئاۋستىرالىيە خەلقئارا ياردەم ئورگىنى بىلەن بىرلىكتە ئىئانە توپلاش پائالىيىتى ئورۇنلاشتۇرۇپ، تۈركىيەدىكى مۇساپىر ئۇيغۇرلار ۋە ئۇرۇش دەردىدىن ئاچلىققا دۇچ كەلگەن يەمەنلىكلەرگە 200.00.000 ،$ AU ئىئانە يىغىلدى.

12) ۋىكتورىيە ئىشتاتىدىكى ئۇيغۇر جامائىتىدىن ئوت - ئۆچۈرۈش ئەترەتلىرى ئۈچۈن AU$6، 000.00 غا يېقىن ئىئانە يىغىلدى.

13) ئۇيغۇر سوتىغا جەمئىي AU$16، 519.00 ئىئانە يىغىلدى.

14) 2020 - يىلى ۋىكتورىيەدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇس ئىستاتىستىكىسى ئېلىپ بېرىلدى. نەتىجىسى:141 ئائىلە (تەخمىنەن 150 ئائىلە) 485 (500) ئادەم.

## 6. ئاۋستىرالىيە شەرقىي تۈركىستان جەمئىيىتىنىڭ پائالىيەتلىرى ھەققىدە




1) جامائەت پائالىيەتلىرى ئاكتىپ قانات يايدۇرۇلدى. سەنئەت ۋە كۆرگەزمىلەر ئېلىپ بېرىلدى، ئىچكى يىغىنلار ئېچىلدى، ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر كەڭ قانات يايدۇرۇلدى، مەدەنىيەت تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى جانلىق ئېلىپ بېرىلدى، تۇرالغۇ ئۆي جاي، جەمئىيىتىمىز ئۈچۈن پائالىيەت مەركىزى سېلىندى. دىنىي پائالىيەتلەر ئۆز ۋاقتىدا قەرەللىك ئېلىپ بېرىلدى. ئۇيغۇر جامائىتى ئىچىدە ئاكتىپ مۇنازىرە پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ باردى. باشقا ئىشتاتلاردىكى پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ ئىشتىراك قىلدى، كىشىلىك ھوقۇق ھىمايە قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك پائالىيەتلەردە ئاكتىپ بولۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ ياردەم پۇلىغا ئېرىشىپ كەلدى. ئاۋستىرالىيە كۆنى پارات ئۆتكۈزۈلدى، مېلبورن ۋە كانبېررا نامايىشقا ئاكتىپ قاتناشتى. خاتىرلەش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلدى. ئادېلايدې نۇرغۇن قېتىم خىتايغا قارشى نامايىشى ئېلىپ بېرىلدى.

2) ھۆكۈمەت بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەر ئاكتىپ ئېلىپ بېرىلدى. ئاۋستىرالىيە ھۆكۈمىتى پارلامېنت ئەزالىرى بىلەن ئالاقىلىشىش، ئوخشىمىغان شەھەرلەردىكى فېدېراتسىيە ئەزالىرىنى زىيارەت قىلىش، ئالاقە ۋە ھەر ھىل ھۆججەتلەرنى تاپشۇرۇش ئىشلىرىنى ۋاقتىدا ئورۇنلاپ كەلدى. جەنۇبىي ئاۋستىرالىيە ھۆكۈمىتى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى بىلەن كۆرۈشۈش، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىغا تېلېفون

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



قىلىش ۋە ئېلخەت ئەۋەتىش، بىۋاسىتە زىيارەت قىلىش ئارقىلىق خىتاينىڭ ئۇيغۇر خەلقىگە بولغان زۇلۇمىنى ئاڭلاتتى.

3) ئاۋستىرالىيە خەلقئارا ياردىمى ۋە ئۇيغۇر قېرىنداشلارنىڭ جىددىي ياردەملىرىنى تۈركىيەگە يەتكۈزدى.

4)مالايشىيادا ھۆكۈمەت، ئۇنىۋېرسىتېتلار، ئىسلام مەركەزلىرى ۋە كارخانىلىرىدا ئۇيغۇر كىرىزىسى ھەققىدە لېكسىيە بەردى

5) تاسمانىيەدە: ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، ئۇنىۋېرسىتېت، ئاخبارات ۋە مەتبۇئاتلاردا، ئاممىۋى نۇتۇقلاردا، ئىسلام جەمئىيەتلىرىدە شەرقىي تۈركىستان ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى ۋەزىيىتى تونۇشتۇرۇلدى.

6) ئاۋستىرالىيە ھۆكۈمىتى كىشىلىك ھوقۇق تارماق كومىتېتىغا ھۆججەت يوللاندى. مەجبۇرىي ئەمگەك لاگېرلىرىدا ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلارنى چەكلەش ئىلتىماسى سۇنۇلدى. ئەمەلدارلار ۋە تاراتقۇلارغا ئېلخەت يوللاندى

7) ئوخشىمىغان تاراتقۇلاردا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاۋازىنى جانلىق ئاڭلىتىپ كەلدى. سبس، ئەلجەزىرە، ABC، The Guardian، The Australian، ئانادولۇ ئاگېنتلىقى، تھە ئادۋەرتىسەر، ABC راديو ھوبارت، 9 نەۋس، ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى، ئىستىقلال قاتارلىق تاراتقۇلاردا ھەر خىل شەكىلدە تەشۋىقات ئىشلىرىدا بولدى. ئىجتىمائىي تاراتقۇ ۋە تور بېكەت يېڭىلاش خىزمىتى ئىنچىكە ئىشلەندى. 500 ئېلخەت ئەۋەتىلدى،

جەمئىيىتىمىز پائالىيەتلىرى جامائەتكە ئېلان قىلىندى، فېيسبۇك، تۋىتتېر ۋە ۋاتسئاپ نى ئىشلىتىلدى، تەشۋىقات ۋاراقلىرى ۋە نەشر بۇيۇملىرىنى بېسىلىپ تارقىتىلدى.

8) باشقا قېرىنداش تەشكىلاتلار بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولدى. خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى، شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ۋە ئىتتىپاقلىق جەمئىيىتى، ۋىكتورىيە ئىسلام كېڭىشى، ئاۋستىرالىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتى، ۋىكتورىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتى، باشقا ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى بىلەن يېقىن ئىش بىرلىكى ئېلىپ باردى.

9) ياردەم پىروگراممىلىرىنى كەڭ قانات يايدۇردى. قۇربان ھېيت، زاكات ۋە فىتىر، جىددىي دەۋالاشقا ياردەمدە بولۇش، جىددىي قۇتقۇزۇش، جەمئىيەتنىڭ قوللىشى (جەمئىيەت ئەزالىرىنى يوقلاپ ئەھۋال سوراش)، يېمەكلىك تارقىتىش، كىتاب ۋە ژۇرنال سېتىۋېلىش، مۇساپىرلارنى قوللاش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئاكتىپ ئېلىپ باردى.

10) تەشكىلاتنىڭ يەرلىك ئۇيغۇر جەمئىيەتىدىكى رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. ئەتانىڭ يېڭى قۇرۇلمىسىنى بەرپا قىلىش، باشقۇرۇش ئىستراتېگىيەسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، خەتەرنى بايقاش ۋە ئالدىنى ئېلىش، جاۋابكارلىق ۋە توغرىلىققا كاپالەتلىك قىلىش(مەسئۇلىيەت تۈزۈمى)، قىيىن ئەھۋاللارنى بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىق تەرەپلەردە ئاكتىپ رول ئويناپ كەلدى. ئەتائا نىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، يېڭى ۋەزىيەتكە يۈزلىنىش، مەھەللىدە يۈز بەرگەن ئىشلارنى چۈشىنىش، نەتىجىگە ئەھمىيەت بېرىشتىن ئىبارەت ئەمەلىي خىزمەتلەرگە يۈزلەندى. ئەتائانىڭ مەۋجۇت ساھەلىرى سىياسىي، ئىجتىمائىي – مەدەنىيەت، دىنىي، مېدىيا، ياردەم ۋە باشقا پائالىيەتلەر ساھەلىردە ئاكتىپ پائالىيەت ئېلىپ بېرىش بولۇپ، ئەتائانىڭ كېلەر يىللىق خىزمەت نىشانى بولسا يىللىق ئومۇمىي يىغىن چاقىرىش، خاتىرىلەش، ئارخىپ قالدۇرۇش، داۋاملىق ئىلگىرىلەش، جامائەت پىكرىنى ئاڭلاش، تېخىمۇ كۆپ ئىقتىسادىي ياردەمگە ئېرىشىش، خىزمەتچىلەرنى تولۇق مائاشلىق قىلىش ئۈستىدە داۋاملىق ئىزدىنىش، ئاكىنىك غا تىزىملىتىش (ئاۋستىرالىيەن چارىتىئەس ئاند نوت – فور – پروفىت كومىسسىئون)تۇر.

**7. ئاۋستىراليە ئۇيغۇر جەمئىيتى (سدنېي)نىڭ پائالىيەتلىرى ھەققىدە**




1) ئاۋستىراليە ئۇيغۇر جەمئىيىتى، ئاۋستىراليە شەرقىي تۈركىستان جەمئىيىتى ۋە ۋىكتورىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىن تەشكىللەنگەن 10 كىشىلىك ھەيئەت ئاۋستىراليە پارلامېنتىدا لىبېرال، لابور ۋە گرەئەن پارتىيەسىنىڭ پارلامېنت

www.uyghurkitap.com



ئەزالىرى بىلەن سۆھبەت ئېلىپ بېرىپ شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتىنى تەپسىلىي ئاڭلىتىلدى. ئامېرىكا ئەلچىخانىسى، تۈركىيە ئەلچىخانىسىدا ئۇلارنىڭ قوبۇل قىلىشى بىلەن شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتى ئۈستىدە سۆھبەت ئېلىپ بېرىلدى

2) «BOYCOTT» «RESSET CHINA GLOBAL» «GENOCIDE MOTION» «OLYMIC» ۋە تارىخى خاتىرە كۈنلەردە تەقدىرداش گۇرۇپپىلار ۋە ئىنسانپەرۋەر دوستلار بىلەن كۆپلىگەن نامايىشلارغا قاتناشتى.

3) سىدنېي ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىر قەدەم بىر ئاۋاز ھەرىكىتىنى قوللاش رەسىم كۆرگەزمىسى بولدى.

4) فائىرفىئەلد كوئۇنكىل مۇزېيىدا سىدنېي خانىم قىزلار گۇرۇپپىسى بىلەن بىرلىشىپ ئۇيۇشتۇرغان مىراس رەسىم كۆرگەزمىسى 3 ئاي داۋاملاشتى.

5) مۇھەممەد سالىھ ئىلىم مەركىزىدە دۆلەت بايرىمىنى خاتىرىلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى.

6) ئەركىن سىدىق ۋە مەمەت توختىلارنى كۈتۈۋېلىش مۇناسىۋىتى بىلەن كەڭ كۆلەملىك سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.

7) دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋە ئۇيغۇر ھەرىكىتى رەھبەرلىرىنىڭ قوللىشىدا ئاۋستىرالىيە ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى قۇرۇلدى.

8) تىبەتلەرنىڭ ئاۋستىرالىيەدىكى ۋەكىللىك ئىشخانىسىنىڭ ساھىبخانلىقىدا كانبېررادا بىرلىكسەپ يىغىنى ئېلىپ بېرىلدى.

9) جەمئىيەت ۋەكىللىرى تۈرك ئەلچىخانىسىدا سۆھبەتتە بولۇپ ۋەتىنىمىزنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى.

10) جەمئىيەت ۋە سىدنېي خانىم قىزلار گۇرۇپپىسى ھەمكارلىشىپ ئائۇبۇرن تۈرك زالىدا نورۇز پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. سىدنېي جامائىتى بولۇپمۇ ياشلارنىڭ كۆپ قىسمى قاتناشتى.

11) ئۇيغۇر ھەپتىسى ھەققىدە جامائەتكە مەلۇمات بېرىلدى ۋە جەمئىيەت نامىدىن 5000 ئامېرىكا دوللىرى ئىئانە قىلىندى.

12) ئاۋستىرالىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتى توپلىغان $8000 تۈركىيە ۋىرۇس كىرىزىس مەركىزىگە يوللاندى

13) جەنۇە ئۇيغۇر چېدىرى ئۈچۈن 10، 000 ئاۋستىرالىيە دوللىرى ياردەم قىلىندى.

14) ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى ۋە قۇرۇلتاي بەدەل پۇلى ئۈچۈن 10، 000 ئاۋستىرالىيە دوللىرى ئەۋەتىپ بېرىلدى.

## 8. ئاۋستىرالىيە تەۋرىتاغ ئۇيغۇر خانىم - قىزلار ئۇيۇشمىسىنىڭ پائالىيەتلىرى ھەققىدە




ئاۋستىرالىيە تەۋرىتاغ ئۇيغۇر خانىم - قىزلار ئۇيۇشمىسى (ئائۇتۋا)، جەنۇبىي ئاۋستىرالىيەدە يەرلىك ۋە خەلقئارا تەشكىلاتلارغا ماسلىشىپ ئاكتىپ پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقىنىغا 12 يىلدىن ئاشتى. 2020 - يىلى 2 - ئايدا رەسمىي ئەنگە ئالدۇرۇلدى. ئۇيۇشمىنىڭ باشقۇرۇش كومىتېتى توققۇز خانىمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلار يەرلىك ۋە دۆلەت دەرىجىلىك ئورۇنلىرىدا ئۇيغۇر جامائىتى ئۈچۈن ئاكتىپ ئەمەلىي خىزمەتتە بولۇپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئىنسانىي ھەق - ھوقۇقلىرىنى قوغداش تەشەببۇسكارلىرى بولۇپ كەلدى. ئۇيۇشما قۇرۇلغاندىن بۇيان، يەرلىك ۋە خەلقئارا تەشكىلاتلىرىمىز بىلەن بىر قاتاردا ئورۇنلانغان پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، ئۇيغۇر ئاياللىرى ۋە ياشلىرىنى ئاۋستىرالىيە جەمئىيىتىنىڭ ئۆزگىچە ئىشىنىدىغان، يۈرەكلىك ۋە ئىقتىدارلىق ئەزاسى بولۇشقا ئىلھاملاندۇرۇشتا جانلىق رول ئويناپ كەلدى.

www.uyghurkitap.com



1) ئۇيۇشما يەرلىك ۋە خەلقئارا تەشكىلاتلىرىمىزنىڭ يېقىندىن ئاكتىپ ھەرىكەت قىلىپ ئاۋستىرالىيە ھۆكۈمىتىنىڭ تۆۋەندىكى قانۇن لايىھەلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىدا، ماقۇللاش ۋە يولغا قويۇشىدا مۇھىم رول ئوينىدى.

- يەرشارى ماگنىتسكىي قانۇنى

- ئۇيغۇرلارنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىقتا ئۇچراۋاتقانلىقىنى ئېتىراپ قىلدۇرۇش ھەرىكىتى

- ئۇيغۇر مەجبۇرىيەت ئەمگىكى ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلارنى چەكلەش قانۇنى

2) ئۇيۇشما فېدىراتىپ ۋە ئىشتات كېڭەش پالاتا ئەزالىرى بىلەن يېقىندىن ھەمكارلىشىپ، ئۇلارنىڭ دەۋايىمىزنى قوللىشىغا ۋە ئادالەتسىزلىك، كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىققا قارشى سۆز ھەرىكەتتە بولۇشىغا تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

3) ئۇيغۇرلارنىڭ ھەر بىر سىياسىي چوڭ پائالىيەتلىرىدە، خاتىرىلەش كۈنلىرىدە تەشرىتاغ ئاياللار ئۇيۇشمىسى ئاكتىپ ھەرىكەت قىلىپ كەلدى. نامايىش قىلىش، ئىمزا توپلاش، ئاكتىپ تەشۋىقات

پائالىيەتلىرى ئارقىلىق ئاۋستىرالىيە ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىنىڭ ھازىرقى ئۇيغۇر ۋەزىيىتىگە بولغان تونۇشىنى ئۆستۈردى.

### سىياسىي پائالىيەتلەر ھەققىدە

- رەسمى ۋە ئۇچۇر كۆرگەزمىسى ئېلىپ بېرىلدى.
- ئىقتىسادىي پايدا قوغلاشمايدىغان تەشكىلاتلار، مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلىگۈچىلەر ۋە ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا تەپسىلىي چۈشەندۈرۈشلەردە بولدى.
- ھەر يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈندىكى خىتاي ھاكىمىيىتىگە قارشى دۇنياۋى ھەرىكەتلەردە سەپ ئالدى.
- يەرشارى ھەرىكەت كۈنى نوبېيجىڭ2022 پائالىيىتى ئېلىپ باردى.
- مۇراجىئەتنامىلەر ئۈچۈن ئىمزا توپلاش پائالىيەتلىرىنى تەشكىللىدى.
- سىياسىيونلارنىڭ بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى بايقۇت قىلىشى ئۈچۈن لوبېچىلىق قىلىش خىزمەتلىرىدە بولدى.
- ئاۋستىرالىيە تىبەت كېڭىشى بىلەن ھەمكارلىشىش خىزمىتىنى ئاكتىپ ئېلىپ باردى.
- تور يىغىنلىرىغا ئاكتىپ قاتناشتى.

- ھەر خىل تەشكىلاتلار، ئورگانلار ۋە جامائەتلەر بىلەن تېلېۋىزىيە ۋە تاراتقۇلارنىڭ زىيارەتلىرىنى قوبۇل قىلدى.
- سىياسىيونلار ۋە تاراتقۇلار بىلەن ئادېلايدېدا خىتاي كونسۇلخانىسىنىڭ ئېچىلغانلىقىغا ئېتىراز بىلدۈرۈش پائالىيەتلىرىدە بولدى.
- جەنۇبى ئاۋستىرالىيە كۆچمەنلەر مۇزېيىغا ئۇيغۇرلارنىڭ ئاۋستىرالىيەدىكى تۇنجى ئولتۇراقلاشقانلىق تارىخى ئويۇلغان خاتىرە قىش ياتقۇزدى.

## ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر ھەققىدە

جامائىتىمىز ئىچىدە، شەرقىي تۈركىستان ئاياللىرىنى رىغبەتلەندۈرۈش ۋە قوللاشتا تەشرىتاغ ئاياللار ئۇيۇشمىسى ناھايىتى ئاكتىپ رول ئويناپ كەلدى ھەم شۇنداقلا ئاياللار ۋە ياشلارنىڭ قىزغىن قوللىشىغا ئېرىشتى:

- خەلقئارا ئاياللار بايرىمىغا ئاكتىپ قاتناشتى.
- خانىملار كېچىلىكى ئۆتكۈزدى.
- ئاياللارنىڭ روھىي ۋە جىسمانىي ساغلاملىق جەھەتتە:
- كۆتۈنۈش كۇرسى
- سەنئەتلىك دەۋالاش ئارت تەھراپىي
- يوگا دەرسلىرى
- خانىم - قىزلار سۆھبەت يىغىنى
- مەسلىھەت مۇلازىمىتى قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باردى.
- ئائىلىۋى دالا سەيلىلىرىنى ئاكتىپ ئورۇنلاشتۇردى.
- ئادېلايدېي ئۇنىۋېرسىتېتى ئوتتۇرا ئاسىيا ئوقۇغۇچىلىرى جەمئىيىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ نورۇزنى تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى.
- ئۇيغۇر جامائىتى ئۈچۈن مۇھىم ئۇچۇرلارنىڭ كىتابچە ۋە سىنلىق تەرجىمىلىرىنى ئىشلەپ پۈتۈن دۇنيا ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھوزۇرىغا سۇندى.

ئاۋستىرالىيە تەڭرىتاغ ئۇيغۇر خانىم - قىزلار ئۇيۇشمىسى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى شۇنداقلا ئۇيغۇر ۋە شەرقىي تۈركىستان ئىشلىرىنى تەشەببۇس قىلىدىغان ھەققانىي تەشكىلاتلارنىڭ خىزمىتىنى يېقىندىن قوللىدى ۋە ھەمكارلىشىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى پۈتۈن دۇنيادىكى تەشكىلاتلىرىمىز ۋە ئۇيغۇرلاردىكى دېموكراتىيە، ئەركىنلىك، كىشىلىك ھوقۇقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان ھەم كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ھەرقانداق بىر سەپدىشىمىزنىڭ ئۆگىنىشىگە ۋە ھۆرمەت قىلىشىغا ئەرزىيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## 9. ياپونىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ پائالىيەتلىرى ھەققىدە



ياپونىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتى 2008 - يىلى توكيودا قۇرۇلغان بولۇپ، ھازىر 800 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر ۋە ياپونلۇق پىداكار پائالىيەتچىلەردىن تەشكىل تاپقان، دوكتورلۇق، ماگىستىرلىق ئالىي ئۇنۋانىغا ئىگە ئەزالارغا ئىگە، تەشكىلىي قۇرۇلمىسى بىر قەدەر مۇكەممەل ۋە سىستېمىلىق بولغان تەشكىلات. ياپونىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتى ياپونىيە ھۆكۈمىتىنىڭ قانۇنلۇق تەستىقىدىن ئۆتۈپ كورپوراتسىئون نونپروفىت سېپەكفىئەد سالاھىيىتىگە ئېرىشكەن بولۇپ، ياپونىيەنى مەركەز قىلىپ تۇرۇپ ئاسىيا - تىنچ ئوكيان رايونىدا ئاكتىپ پائالىيەت قىلىپ كېلىۋاتقان، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىغا ئەزا تەشكىلات.

1) ياپونىيە سىياسىي ساھەسىگە قارىتىلغان نىشانلىق تەشۋىقات:

ياپونىيە خىتاينى ئەيىبلەيدىغان باياناتلارغا ئىمزا قويغان بولسىمۇ، (گ7) ئىچىدە ئۇيغۇر مەسىلىسىدە ھازىرغىچە خىتاينى جازالاش توغرىسىدا كونكرېت ھەرىكەت قىلمىغان بىردىنبىر دۆلەت.

يېقىنقى 3 يىل جەريانىدا 51 قېتىم پارلامېنت بىناسىدا ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيە ھەم ئۆكتىچى پارتىيەلەرنىڭ يىغىنلىرىغا قاتنىشىپ ئۇيغۇر مەسىلىسى توغرىسىدا دوكلات بېرىلدى ھەم تەرەپلىرىمىز يەتكۈزۈلدى. بۇ يىغىنلارغا كۆپ ساندىكى پارلامېنت ئەزالىرى ۋە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى خادىملىرى ۋە كۆپلەپ مەتبۇئاتلارمۇ ئىشتىراك قىلدى. جەمئىيىتىمىز تەرىپىدىن ئۇيغۇر ۋەزىيىتى توغرىسىدىكى 10 مىڭ خەتلىك ياپونچە دوكلاتتىن تەخمىنەن 400 كىشىلىك تەييارلىنىپ دوكلات يىغىنى قاتناشقۇچىلىرىغا تارقىتىپ بېرىلدى. بۇ پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسى ياپونىيە مەتبۇئاتلىرىدىن ئورۇن ئېلىپ، پارلامېنت

ھەم مەتبۇئاتلاردا ئۇيغۇر مەسىلىسى تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر سەۋىيەدە كۈنتەرتىپكە كەلدى.

2) جىمىنتو (ھاكىمىيەت بەشىدىكى پارتىيە)نىڭ تاشقى ئىشلار كومىتېتىنىڭ باشلىقى ساتو ماساھىسا ئەپەندى بىلەن بولغان ئايرىم ئۇچرىشىشتىن كېيىن، ياپون تارىخىدا تۇنجى قېتىم ئۇيغۇرلار جىمىنتو باش ئىشتابىدا قوبۇل قىلىنىپ دوكلات بېرىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى.

3) ئۆكتىچى پارتىيەلەردىن رىككەن مىنشۇتونىڭ ئەزاسى ماتسۇبارا جىن ئەپەندى بىلەن بولغان ئايرىم ئۇچرىشىشلار نەتىجىسىدە، ياپون تارىخىدا تۇنجى قېتىم «شەرقىي تۈركىستان» ئاتالغۇسىنى ئاتاپ تۇرۇپ، توردا ئاۋام خەلققە ئوچۇق تارقىتىلىدىغان پارلامېنت يىغىنىدا 30 مىنۇت ئۇيغۇر مەسىلىسى بويىچە ناھايىتى كۈچلۈك رەۋىشتە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى ۋە ھۆكۈمەتنى سوراققا تارتىشتەك تارىخى ۋەقە ۋۇجۇدقا چىقىپ چوڭ تەسىر قوزغىدى.

4) 11 قېتىم يەرلىك پارلامېنت ئەزالىرىغا قارىتا دوكلات بېرىش ۋە شاھىتلىرىنىڭ كەچۈرمىشلىرى ئاساسىدا يېزىپ چىقىلغان كارتون كىتابقا ئىئانە قىلىش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ باردى. ئۇلارنى ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەپ، ئۇيغۇر مەسىلىسى بويىچە ھۆكۈمەتكە تەلەپ سۇنۇشقا چاقىردى.

5) «ئۇيغۇرلارنى قوللاش يەرلىك پارلامېنت ئەزالىرى گۇرۇپپىسى» ياپوندىكى ئۇيغۇرلارنى قوغداشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان بىر تەلەپنى، يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ ياپوندىكى كىملىك كارتىسىغا «ئۇيغۇر» دەپ ئېنىق يېزىشنى قانۇنلاشتۇرۇش تەلىپىنى رەسمىي يوسۇندا ھۆكۈمەتكە سۇندى. ئۇيغۇر مەسىلىسى توغرىسىدا تەكشۈرۈش ۋە تەدبىر ئېلىشنى تەلەپ قىلىپ ھۆكۈمەتكە يازمىچە رەسمىي تەكلىپ سۇنغان يەرلىك پارلامېنتنىڭ سانى 10 غا يەتتى.

6) نۆۋەتتە، ياپونىيەدە «ماگنىتسكىي قانۇنى» تۈرغۇزۇش ھەم پارلامېنتتا ئۇيغۇر مەسىلىسى بويىچە خىتاينى ئەيىبلەيدىغان قارار چىقىرىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتقان سىياسىي گۇرۇپپىلار بىلەن زىچ ئالاقىدە بولۇپ كېلىۋاتىدۇ.

7) مېيجى ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى بىلەن ھەمكارلىشىپ، لاگېر شاھىتلىرىدىن ئۆمەر بەكالى ئەپەندىنى ياپونىيەگە تەكلىپ قىلىپ مېيجى ئۇنىۋېرسىتېتىدا گۇۋاھلىق بەرگۈزۈش، مېھرىگۇل تۇرسۇن خانىمنى مېيجى ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۆتكۈزۈلگەن چوڭ كۆلەملىك گۇۋاھلىق بېرىش يىغىنىغا تور ئارقىلىق گۇۋاھلىق بەرگۈزۈش خىزمەتلىرى ئىشلەندى.

8) توكيو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەتقىقاتچىلىرى ھەم ئىنسان ھەقلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



تەشكىلاتلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ تۇتقۇندىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى مەسىلىسىدە مەخسۇس تور مۇھاكىمە يىغىنى ئۇيۇشتۇردى.(توكيو ئۇنىۋېرسىتېتىدىن پىروفېسسور ئاكو توموكو خانىم، پىروفېسسور ھىرانو ساتوشى ئەپەندى، ھەم توكيو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەتقىقاتچىسى دr. گراھام ۋھىتە قاتارلىق ئاكادېمىكلار ئوخشىمىغان تېمىلاردا دوكلات بەردى).

9) تۇتقۇندىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئىچىدىكى ياپونغا مۇناسىۋەتلىك زىيالىيلارنىڭ ئۇچۇرلىرىنى رەتلەپ، تىزىملىكىنى ياپون تاشقى ئىشلار مىنىستىرى، مائارىپ مىنىستىرى، ھاكىمىيەت بەشىدىكى پارتىيە جىمىنتونىڭ تاشقى ئىشلار كومىتېتى، ۋە مۇناسىۋەتلىك 9 ئالىي مەكتەپنىڭ مەكتەپ مۇدىرى قاتارلىقلارغا تاپشۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىشىنى تەلەپ قىلىندى. بۇ پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسى مەتبۇئاتلاردىن كەڭ ئورۇن ئالدى، تۇتقۇندىكى زىيالىيلار مەسىلىسى ياپوندا دىققەتنى تارتىشقا يۈزلەندى.

10) ياپونىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتى يەنە توكيو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەتقىقاتچىسى دr. گراھام ۋھىتە قاتارلىق ئاكادېمىكلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، تۇتقۇندىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنى قۇتقۇزۇشنى مەقسەت قىلغان خەلقئارا ئاكادېمىكلار گۇرۇپپىسىنى قۇرۇپ چىقىپ، خەلقئارا مىقياسىدا «ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىققا قارشى ئاكادېمىكلار » نامىدا ئىمزا توپلاش پائالىيىتى ئېلىپ باردى ۋە دەسلەپكى قەدەمدە ياپونىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتلىرى، تەتقىقات ئورگانلىرىدا خىزمەت قىلىۋاتقان، سەييارە تەتقىقاتچىلاردىن بولۇپ 500 دىن ئارتۇق ئىمزا توپلاندى.

11) ياپونىيە كەڭ ئاۋام خەلقىگە قارىتا نىشانلىق تەشۋىقات

12) 9 قېتىم مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇلدى. نھك، ئاساخى تېلېۋىزىيەسى قاتارلىق داڭلىق تېلېۋىزىيە قاناللىرى، ئابەما، دھك تېلېۋىزىيەسى قاتارلىق تەسىرى كۈچلۈك تور تېلېۋىزىيە قاناللىرىدا نەچچە ئونلىغان مەتبۇئات خەۋەرلىرىنى ۋۇجۇدقا چىقىشىغا تۈرتكىلىك قىلىندى. تارىختا تۇنجى قېتىم ياپوندىكى چوڭ تېلېۋىزىيە قاناللىرىدا پات - پاتلا «ماتېرىيال (رەسىم، ۋىدىئو) نى ياپونىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتى تەمىنلىگەن» دېگەن خەتلەر كۆزگە چېلىقىدىغان ھالەت شەكىللەندى.

13) خاتىرىلەش، نارازىلىق نامايىشلىرىدىن 50 قېتىمدىن كۆپ ئۆتكۈزۈلدى ۋە بۇ نامايىشلار نۇرغۇن مەتبۇئات گېزىتلىرىدە خەۋەر قىلىندى.

14) شەھەر ئاتلاپ ئادەم كۆپ يىغىلىدىغان ئالدىدا كۈچ ئۇلاش ئۇسسۇلىدىكى ئۆزۈن

مەزگىللىك تەشۋىقات ۋارىقى تارقىتىش ھەرىكىتى باشلاندى. (20 شەھەردە 60 قېتىمغا يېقىن ۋە ھازىرمۇ داۋاملىشىۋاتىدۇ)

15) بۇ پائالىيەتلەرمۇ مەتبۇئاتلاردىن ئورۇن ئالغاندىن سىرت، ئاممىۋى تاراتقۇلاردا كەڭ تارقىلىپ نۇرغۇنلىغان ياپونىيەلىك دوستلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى.

16) شەرقىي تۈركىستاننىڭ تارىخى، جۇغراپىيەسى، مەدەنىيىتى ۋە ۋەزىيىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن رەسىم كۆرگەزمىسىنى بىر نەچچە شەھەرلەردە ئۆتكۈزدى ۋە بۇ كۆرگەزمىنى ياپونىيەنىڭ كۆپلىگەن چوڭ شەھەرلىرىدە ئۆتكۈزمەكچى.

17) جەمئىيىتىمىز ياپونىيەنىڭ شەھەر ناھىيەلىرىدە 50 قېتىمدىن كۆپ شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھازىرقى ۋەزىيىتى توغرىسىدا لېكسىيە ۋە سۆھبەت ئالماشتۇرۇش پائالىيەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى ياكى مېھمان سۈپىتىدە سۆزلەشكە تەكلىپ قىلىندى.

**10. قىرغىزىستان ئۇيغۇر ئىتتىپاقىنىڭ ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى ھەققىدە**




1) قىرغىزىستاندا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ نىزامنامىسى، چاقىرىق - مۇراجىئەتلىرى، پائالىيەتلىرى ۋە يىغىلىشلىرىدىن خەۋەردار قىلىپ تۇردى.

2) مەركىزى ئاسىيادا «ئىتتىپاق» گېزىتىدە ئۇيغۇر ۋە رۇس تىللىرىدا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ۋە ئەركىن ئاسىيا رادىيوسىنىڭ ماتېرىياللىرى بېسىلىپ

توردى ۋە «ئىستىقلال تۇ» ۋە «دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تۇ»خەۋەرلىرى ئالاھىدە ئورۇن ئالدى.

3) ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى ۋە «ئىتتىپاق»نىڭ ھەمكارلىقىدا ئۇيغۇرلار ئۇچۇن ئۇنتۇلماس كۈنلەر بولغان: (1962 - يىلى 29 - مايدىكى ئىلى قىرغىنچىلىقى، 1991 - يىلدىكى بارىن ئىنقىلابى، 1997 - يىلىدىكى 5 - فېۋرال غۇلجا قىرغىنچىلىقى، 2009 - يىل 5 - ئىيۇل ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقى، مىللىي ئارمىيە كۈنى، ئىككى جۇمھۇرىيەت كۈنى قاتارلىقلار)ئۇيغۇر مارشى ۋە كۆك بايراق بىلەن ئۆتكۈزۈلۈپ كەلدى.

4) دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ بىر قىسىم رەھبەرلىرى بىلەن تور سۆھبىتى ئۆتكۈزۈلۈپ، جامائەتكە ناھايىتى ياخشى تەسىرى بولدى.

5) قۇربانلىق (172 تۇياق قوي ۋە ئۈچ بوقا) تەشكىللىك ھالدا سويدۇرۇپ، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى نامىدىن بىشكەك شەھىرى ۋە چۇي ۋىلايىتىدە ياشاۋاتقان مىڭدىن ئارتۇق ئائىلىلەرگە تارقىتىلدى. بىشكەكتىكى جالالئاباد، ئوش مەسچىتلىرىدە ۋەتەندە قۇربان بولغانلارغا ئاتاپ جىنازا نامىزى ئوقۇلدى.

6) تۈركىيەدىكى ۋىرۇس كىرىزىسى ئۇچرىغان ئۇيغۇرلارغا 10000 (ئاقش)، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ فوندىغا ئۇيغۇر بەدەلى ۋە لوندون سوتى ئۈچۈن 30000 (ئاقش) تاپشۇرۇلدى.

7) ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا «دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋە ئۇيغۇرلار قىرغىزىستاندىكى تىنچلىقنى ۋە مۇقىملىقنى قوللايدۇ، ئىچكى سىياسىي ئىشلارغا ئارىلاشمايدۇ» دەپ مەلۇمات بېرىپ تۇرۇلدى.

8) ياۋروپا ئىتتىپاقى كومىتېتىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر بويىچە كومىسسىيونى باشلىقى ياردەمچىسى ئاندرېي خالكىن بىلەن، تۈركىيەدىكى ئايرىم ئادەملەر، غەرب ۋە ياپون تەتقىقاتچىلىرى بىلەن سۆھبەتلەر ئۆتكۈزۈلدى.

9) قىرغىزىستان تۈرمىلىرىدىكى ئەسقەر توختى ۋە باشقا ئۇيغۇرلارنى خىتايغا قايتۇرماقچى بولغاندا، ھۆكۈمەت ئەربابلىرى، ئىنسان ھوقۇقىنى قوغداش تەشكىلات رەھبەرلىرى ۋە قىرغىزىستاندىكى چەت ئەل مۇخبىرلىرى بىلەن ئۇچرىشىش ئۆتكۈزۈپ ئۇلارنىڭ خىتايغا قايتۇرۇلماسلىقىغا تۈرتكە بولدى.

10) چېگرادا 11 ئۇيغۇرنى قىرغىز ئەسكەرلىرى ئېتىۋەتكەندە (سىرلىق ۋەقە) دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ نارازىلىقى مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا يەتكۈزۈلدى.

## 11. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ قازاقىستاندىكى ۋەكىللىرى ۋە قازاقىستاندىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان پائالىيەتلەر



1) ئۇيغۇرلار زىچ ئولتۇراقلاشقان شەھەر، يېزا، كەنتلەردە، جامائەت سورۇنلىرىدا (نەزىرلەردە، تويلاردا، ئاتاقلىق ئەدىپلىرىمىزنىڭ تەۋەللۇتلىرىدا، مەشرەپ - چايلاردا ۋە باشقا يىغىلىشلاردا) ساھىبخانىنىڭ رۇخسىتى بىلەن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى پائالىيەتلىرى، خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسەتلىرى ۋە خەلقئارا ۋەزىيەت توغرىلىق جەمئىي 53 قېتىم قىسقا نۇتۇق سوزلەندى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىغا ماسلىشىپ نەزىر جەمئىي 17 قېتىم پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى.

2) دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى باياناتلىرىنى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تور تېلېۋىزىيەسى خەۋەرلىرى تورلاردا، ۋاتسئاپلاردا تارقىتىپ تۇرۇلدى.

3) «ئاخبارات «گېزىتىدە ئامېرىكا ۋە غەرب دۆلەتلىرىنىڭ، ب د ت ۋە باشقا خەلقئارا تەشكىلاتلارنىڭ ئۇيغۇر مەسىلىسىدىكى سىياسەتلىرى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ پائالىيەتلىرى ۋە خىتاينىڭ قىرغىنچىلىق سىياسەتلىرى ھەققىدىكى ئانالىزلىق ماقالىلىرى ئېلان قىلىنىپ، تور ۋە ۋاتسئاپلاردا كەڭ تارقىتىلدى.. ھەر ئايلىق نەشرى 36 سان بولۇپ، قوشۇمچە Sh.T.J كۈنى ۋە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بەلگىلىگەن كۈنلەرگە بېغىشلاپ 16 - سان نەشر قىلىندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



4) ھۆكۈمەت ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورگانلارغا ئۇيغۇر مەسىلىسىگە دائىر 14 پارچە خەت يېزىلدى.

5) ئۇيغۇرچە، قازاقىستان رۇسچە گېزىتلاردا ئۇيغۇر مەسىلىسىگە ئائىت 9 پارچە ماقالە ئېلان قىلىندى.

## قازاقىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە

ئا) ئۇيغۇرلار نوپۇسى

1. قازاقىستاندا رەسمىي ئېلان قىلىنغان نوپۇس 260 مىڭ. ئەمەلىيەتتە تەخمىنەن 450 ـ 500 مىڭ ئەتراپىدا؛

ك) قازاقىستاننىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ ۋە سەنئەت ساھەلىرى: قازاقىستاندا 11 ئۇيغۇر مەكتەپ، 63 ئۇيغۇر ـ قازاق ۋە ئۇيغۇر ـ رۇس مەكتەپلىرى بار بولۇپ، جەمئىي 16مىڭ ئەتراپىدا ئۇيغۇر بالىلىرى ئوقۇيدۇ. ئالمۇتىدىكى دۆلەتلىك پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا 5 ـ 10 ئەتراپىدا ئۇيغۇر گۇرۇپپىسى، يەركەنتتىكى پېداگوگىكا كوللېجىدا ئۇيغۇر بۆلۈمى بار.

ئالمۇتىدىكى جۇمھۇرىيەتلىك ئاكادېمىيەلىك ئۇيغۇر تىياتىرى، «جۇرگىنىۋ» تىياتىر ئىنستىتۇتىدا ئۇيغۇر گۇرۇپپىسى بار. قازاقىستان ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ شەرقشۇناسلىق ئىلمىي تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا ئۇيغۇرشۇناسلىق مەركىزى بار بولۇپ ئۇنىڭدا 10 ئەتراپىدا ئۇيغۇر خادىم ئىشلەيدۇ.

قازاقىستان بويىچە 20دىن ئارتۇق ئىلىم پەن دوكتورى، 90 دىن ئارتۇق كاندىدات ئالىملار بار.

دۆلەتنىڭ يېتەكچىلىكى ۋە مالىيەسىگە ئېرىشكەن، 40 دىن ئارتۇق ئەزاسى بولغان ئۇيغۇر يازغۇچىلىرى گۇرۇپپىسى ئۇيغۇر تىلى كىرىل ئېلىپبەسىدە «ئۇيغۇر ئاۋازى»گېزىتى چىقىرىلىدۇ. ھازىرغىچە 16123 نۇسخا چىقتى. جەمئىيەتلىك تەشكىلات ۋە شەخسلەرگە تەئەللۇق 10 دەك گېزىت بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە «بۈگۈنكى ئاسىيا» گېزىتى 5050 نۇسخا، «ئاخبارات»، «ئىنتىزار»، «مەرپەت» قاتارلىقلار مىڭ نۇسخا چىقىدۇ. «ئاخبارات»تا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ قازاقىستاندىكى ئەزالىرىنىڭ پائالىيەتلىرى بېرىلىدۇ.

قازاقىستان تېلېۋىزىيەسى ۋە رادىيوسىدا ھەپتىدە بىر قېتىم ئۇيغۇرلار توغرىلىق «قازاقىستان بىزنىڭ ئومۇمىي ئۆيىمىز» ناملىق 15 مىنۇتلۇق پىروگراممىسى بېرىلىدۇ. ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان كىتابلارنى «مىر» نامدىكى شەخسى نەشرىيات نەشر قىلىدۇ.

## 12. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تۈركىيە ۋەكىللىرى ۋە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەخپىنىڭ پائالىيەتلىرى



1) ئىيى پارتىيەسىنىڭ تۈركىيە پارلامېنتىدىكى مەسئۇلى، پارلامېنت ئەزاسى ياۋۇز ئاغىرالىئوغلۇ ئەپەندى قاتارلىق پارلامېنت ئەزالىرى بىلەن كۆپ قېتىم ئۇچرىشىپ، يۇمىلاق ئۈستەل يىغىنلىرىدا بولۇپ، ئىيى پارتىيەسى تۈركىيەدە ئۇيغۇر خەلقىگە ھەر جەھەتلەردە ئىگە چىقىشىغا، ۋە تۈركىيە پارلامېنتىدا كۈچلۈك ئۇيغۇر ئاۋازى بولۇشىغا ھەمدە پارلامېنتقا ئۇيغۇر دىيارىدىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن مەخسۇس بىر تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى قۇرۇش توغرىسىدا ئىلتىماس سۇنۇشىغا تۈرتكە بولدى.

2) ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئادالەت ۋە تەرەققىيات پارتىيەسى مۇئاۋىن باشلىقى جەۋدەت يىلماز، ئۆكتىچى پارتىيەلەردىن بىرى بولغان سائادەت پارتىيەسى رەئىسى تەمەل قاراموللائوغلۇ ئەپەندىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئېغىر ۋەزىيىتى بايان قىلىنغان <شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىق>، <شەرقىي تۈركىستاندا ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىكى> ناملىق دوكلاتلىرىنى ۋە تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قىيىنچىلىقى بايان قىلىنغان تەلەپ خېتىنى سۇندى.

3) دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى در. ئەركىن ئەكرەم، شەرقىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ رەئىسى ھىدايەتۇللا ئوغۇزخان ئەپەندى باشچىلىقىدىكى 7 كىشىدىن تەركىب تاپقان ئۇيغۇر ھەيئىتى تۈركىيەدىكى ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيە - ئادالەت ۋە تەرەققىيات پارتىيەسىنىڭ ۋەكىلى نۇمان قۇرتۇلمۇش ئەپەندى، پارتىيەنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جەۋدەت يىلماز ئەپەندىلەر بىلەن ئايرىم - ئايرىم ئۇچرىشىپ، ئۇلارغا ئۇيغۇر دىيارىنىڭ ھازىرقى ئېغىر ۋەزىيىتى توغرىسىدىكى دوكلاتى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ تەلەپلىرى بايان قىلىنغان يازمىلارنى سۇندى.

4) كېلەچەك پارتىيەسىنىڭ رەئىسى، سابىق باش مىنىستىر ئەھمەت داۋۇتئوغلۇ، مۇئاۋىن رەئىس سەلچۇق ئۆزداغ ئەپەندىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر مەسىلىسىگە كۆڭۈل بولۇشى ۋە ھەر خىل پائالىيەتلەر ئارقىلىق تۈركىيەنىڭ كۈنتەرتىپىگە ئېلىپ كېلىشىگە تىرىشىشىغا تۈرتكە بولدى.

5) بۈيۈك بىرلىك پارتىيەسى رەئىسى، پارلامېنت ئەزاسى مۇستاپا دەستىچى ئەپەندى، جۇمھۇرىيەت خەلق پارتىيەسىنىڭ رەئىسى كەمال قىلىچدارئوغلۇ ئەپەندىلەر بىلەنمۇ كۆپ ئۇچرىشىشلار بولۇندى.

6) دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تۈركىيە رەھبەرلىرى، ھەرقايسى پارتىيەلەرنىڭ رەئىسلىرى ۋە تۈركىيە پارلامېنتى تاشقى ئىشلار كومىتېتى بىلەن ئەدلىيە كومىتېتى مەسئۇللىرى ھەم ئەزالىرىغا ئەۋەتكەن «خىتاي بىلەن تۈركىيە ئارىسىدىكى جىنايەتچىلەرنى ئۆزئارا ئۆتكۈزۈپ بېرىش كېلىشىمىنى ماقۇللىماسلىقنى» چاقىرغان خېتى، ئېيى پارتىيەسى پارلامېنت ئەزاسى فاھرەتتىن يوقۇش ئەپەندىم تەرىپىدىن تۈركىيە پارلامېنتى ئومۇمىي يىغىنىدا ئوقۇلۇپ چوڭ تەسىر قوزغىدى.

7) ئەزەربەيجان يۈكسىلىش پارتىيەسى رەئىسى ئانار ئەسەدلى باشچىلىقىدىكى ھەيئەت بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇيغۇر مەسىلىسىنى ئەزەربەيجان خەلقىگە ئاڭلىتىشنىڭ يوللىرى ئۈستىدە ئىزدەندى.

8) مىللىي گۈرۈش تەشكىلاتىنىڭ باش ئىشتابىنى زىيارەت قىلىپ، ئۇلار بىلەن 16 دىن ئارتۇق دۆلەت، 20 دىن ئارتۇق چوڭ شەھەرلەردىكى تەشكىلات ئەزالىرى بىلەن كەڭ كۆلەملىك خىتايغا قارشى نامايىش ئۇيۇشتۇرۇشنى پىلانلىدى.

9) لىمون فىلىم شىركىتىنىڭ مۇدىرى ۋە جەڭچى فىلىمىنىڭ ئاپتورى بىلەن كۆرۈشۈپ، بۇ فىلىمنىڭ ئۈچ قىسمىدا ئۇيغۇر جەڭچىنىڭ سۆزلىرى ۋە كۆرۈنۈشلەر ئارقىلىق ئۆزگىچە جانلىق ئاممىباب ئۇسۇلدا ئۇيغۇر ۋەزىيىتىنى تۈرك خەلقىگە ئاڭلىتىلىشىغا تۈرتكە بولدى.

10) 8 - مارت دۇنيا ئاياللار بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن <شەرقىي تۈركىستاندا ئايال بولۇش> تېمىلىق يىغىن چاقىردى.

11) ئىستانبۇلدا مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى چاقىرىپ ئۇيغۇرلار ھازىرقى ۋەزىيىتى ۋە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن بايانات بەردى. ئامېرىكا ئاۋازى، فرانسىيە خەۋەر ئاگېنتلىقى، نيۇ - يورك ۋاقتى گېزىتى ۋە تۈركىيەدىكى ئاناتولىيە ئاگېنتلىقى قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللارنىڭ مۇخبىرلىرى ۋە ئوبزورچىلىرى قاتناشتى.

12) ئەنقەرەدە ئۇيغۇر دەۋاسى ئۇچۈن تۆھپە قوشقان ژۇرنالىستلارنى مۇكاپاتلاش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى.

13) مالايشىيا ۋە ھىندونېزىيەلەردە زىيارەتتە بولۇپ، بىر قىسىم مۇھىم دۆلەت ئەربابلىرى ۋە چوڭ دىنىي تەشكىلات رەھبەرلىرى، كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى ۋەكىللىرى بىلەن مۇھىم ئۇچرىشىشلاردا بولدى.

14) جۇمھۇرىيەت كۈنى ئالاھىدە تەبرىكلەندى. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ھەر قايسى ئەللەردىكى بىر قىسىم شاھىتلار ۋە تەتقىقاتچىلارنى تەكلىپ قىلىپ، ئاممىغا ئوچۇق شەكىلدە جۇمھۇرىيەتنى خاتىرىلەش تور مۇھاكىمە يىغىنى ئۇيۇشتۇردى. ئۇيغۇر پېشقەدەم زىيالىيلىرى ۋە ئىنقىلابچىلىرىدىن غولامىدىن پاختا ئەپەندى تەبرىك سۆزى ئەۋەتتى. ئۇيغۇر مۆتىۋەرلىرىدىن رىزا سەمەدى، قەھرىمان غوجامبەردى، ئەھمەت ئىگەمبەردى، سۇيۇنگۇل چانىشېف، دوكتور نەبىجان تۇرسۇن، دوكتور ئەركىن ئەكرەم قاتارلىقلار يىغىنغا قاتنىشىپ، ئىككى جۇمھۇرىيەت ھەققىدىكى ئىلمىي كۆزقاراشلار ئورتاقلىشىلدى.

15) د ئۇ ق ئىستانبۇلدا ئاچقان ئۇيغۇر ياشلىرىنى دېموكراتىيە ۋە كىشىلىك ھوقۇق بىلىملىرى بىلەن تەربىيەلەش كۇرسىغا تۈركىيەنىڭ ھەرقايسى ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا ئوقۇۋاتقان 40 تىن ئارتۇق ئۇيغۇر ياش قاتناشتى. ھەر ساھە مۇتەخەسسىسلەردىن ئالغان نەزەرىيەنى تۈركىيەنىڭ ئەمەلىيىتىگە ماسلاشتۇرۇپ ئۇيغۇر سىياسىي ۋە كىشىلىك ھوقۇق دەۋاسى ئېلىپ بېرىش بۇ قېتىملىق كۇرسنىڭ ئاساسى مەقسىتى بولدى.

16) دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تۈركىيە ۋەخپى ئىستانبۇلدا قۇرۇلۇپ، رەئىس، رەئىس ۋەكىلى، مۇئاۋىن رەئىس، مالىيە ئىشلىرى مۇدىرى ۋە ۋەخپى تەپتىشلىرى سايلىنىپ چىقىپ، قۇرۇلتاينىڭ تۈركىيەدە مۇكەممەل بىر ئورگىنى شەكىللەندى.

17) دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەخپى بىلەن ئۇيغۇر ھەرىكىتى تەشكىلاتىنىڭ بىرلىكتە تۈركىيەدىكى بىر قىسىم شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى

رەھبەرلىرى، ئاقساقاللار ۋە ياشلىرى بىلەن ئۇيغۇر مەسىلىسى توغرىسىدا مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى، ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى ئۈستىدە توختالدى ھەمدە دۇنيادىكى ئۇيغۇرلارنى ۋە ھەرقايسى تەشكىلاتلارنى ئىش بىرلىكى ۋە پىكىر بىرلىكى بولۇشقا چاقىردى.

### 13.تۈركىيەدىكى شەرقىي تۈركىستان فوندى، ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن فوندى ۋە شەرقىي تۈركىستان ياشلار – مەدەنىيەت جەمئىيىتىنىڭ پائالىيەتلىرى



1) ئىستانبۇل / فاتىھ مەسچىتىدە خىتاينىڭ زىندانلىرىدا شېھىت بولغان شەرقىي تۈركىستان ئەللامە مۇھەممەد سالىھ ھاجىم ئۈچۈن سىرتتا دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

2) 5 ـ فېۋرال غۇلجا قىرغىنچىلىقىنىڭ خاتىرە كۈنىدە، خىتاينىڭ ئىستانبۇلدىكى كونسۇلخانىسى ئالدىدا نامايىش قىلدى.

3) شەرقىي تۈركىستان فوندى ۋە ئىسا يۈسۈپ ئالپتېكىن فوندىدىن ئىستانبۇل ۋالىيلىقىنى زىيارەت قىلدى.

4) پىروفېسسور گۈلچىن چاندارلىئوغلۇنى ھۆرمەتلەش كۈنى ئۆتكۈزدى

5) تۇران مەدەنىيەت مەركىزىدە «در. گۈلچىن چاندارلىئوغلۇ ھۆرمەت كۈنى» ئۇيۇشتۇرۇلدى.

6) شەرقىي تۈركىستان فوندى جەمئىيىتى ئاياللار شۆبىسى قۇرۇلدى.

7) شەرقىي تۈركىستان ياشلار ۋە مەدەنىيەت جەمئىيىتى ئەيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىن فوندى جەمئىيىتى ۋە شەرقىي تۈركىستان فوندى جەمئىيىتىنىڭ ئاياللار تارمىقى بىرلىكتە «شەرقىي تۈركىستاندا ئايال بولۇش» ناملىق سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.

8) مەركىزى ۋالىيلار گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى مۇرات يىلدىم، ئادانا ھۆسەيىننىڭ سابىق ۋالىيسى ئاۋنى كوش ۋە مەركىزى ۋالىي سەلمان يەنگۈن ئەپەندىلەر بۈگۈن فوندىمىزنى زىيارەت قىلدى.

9) فوندى ھەيئەتلىرى شەرقىي تۈركىستان جەمئىيىتىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن كىشىلەر بىلەن كۆرۈشۈشى 05 ـ ماي شەنبە كۈنى زەيتىنبۇرنۇ مېھمان رېستورانىدا ئۆتكۈزۈلدى.

10) شەرقىي تۈركىستان فوندى جەمئىيىتى ئاياللار شۆبىسى «ئانىلار بايرىمى» پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى.

11) 5 ـ ئىيۇل ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقى خىتاينىڭ ئىستانبۇلدىكى كونسۇلخانىسى ئالدىدا نامايىش قىلىندى.

12) شەرقىي تۈركىستاندىن كەلگەن 126 بالا شەرقىي تۈركىستان فوندى جەمئىيىتى، ئەيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىن فوندى ۋە شەرقىي تۈركىستان ياشلار جەمئىيىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ خەتنىسى قىلىندى.

13) 16 ـ نۆۋەتلىك ئۇيغۇر پىيونېرلار ئەۋلاد تەربىيەلەش پروگراممىسى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى، شەرقىي تۈركىستان فوندى جەمئىيىتى، ئەيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىن فوندى ۋە شەرقىي تۈركىستان ياشلار جەمئىيىتى بىلەن ھەمكارلاشتى.

14) شەرقىي تۈركىستان فوندى جەمئىيىتى، ئەيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىن فوندى جەمئىيىتى ۋە شەرقىي تۈركىستان ياشلار ۋە مەدەنىيەت جەمئىيىتىمىزنىڭ ياردىمى بىلەن تۈركىيەگە كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلىشىشقا مەجبۇر بولغان ئۇيغۇر ئاياللىرى ئۈچۈن تۈركچە ئوقۇش ۋە يېزىشنى ئۆگىنىشى ۋە يەرلىشىشكە ياردەمدە بولۇشنى مەقسەت قىل «تۈرك دەرسلىكى» ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

15) ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى، شەرقىي تۈركىستان فوندى جەمئىيىتى، ئەيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىن فوندى ۋە شەرقىي تۈركىستان ياشلار جەمئىيىتى بىلەن ھەمكارلاشقان خىتاينىڭ جازا لاگېرلىرىدىكى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تەقدىرى توغرىسىدىكى مۇھاكىمە يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇلدى.

16) شەرقىي تۈركىستان ۋەخپىمىزنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن فوندى جەمئىيىتى، شەرقىي تۈركىستان ياشلار جەمئىيىتى ۋە ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى تەشكىلاتلىرىنىڭ قوللىشى ۋە ئاقكۆڭۈل پۇقرالىرىمىزنىڭ ياردىمىدە، شەرقىي تۈركىستاندىن كەلگەن 60 يېتىم بالىغا يېڭى كىيىم كىيگۈزۈلدى.

17) شەرقىي تۈركىستان فوندى جەمئىيىتى، ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن فوندى جەمئىيىتى، شەرقىي تۈركىستان ياشلار جەمئىيىتى 80 ئۇيغۇر بالىنىڭ خەتنىسى قىلدى.

18) شەرقىي تۈركىستان فوندى جەمئىيىتى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋە ئۇيغۇر تەتقىقات ئورنى بىلەن بىرلىكتە ئەنقەرەدە «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيەتلىرىنى خاتىرىلەش» تېمىسىدىكى سۆھبەت يىغىنى ئۇيۇشتۇردى.

19) پېشقەدەم ۋە رەھبىرىمىز ئەيسا يۈسۈف ئالپتېكىننىڭ ۋاپات بولغان كۈنىنى خاتىرىلەش پروگراممىسى شەرقىي تۈركىستان فوندى جەمئىيىتى، ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن فوندى جەمئىيىتى ۋە شەرقىي تۈركىستان ياشلار جەمئىيىتى تەرىپىدىن بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرۇلدى.

20) شەرقىي تۈركىستان ياشلار جەمئىيىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، «مەن سودا ئۇچ ئۇستاز بىلىش مۇسابىقىسى» ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن فوندى جەمئىيىتى ۋە شەرقىي تۈركىستان فوندى جەمئىيىتى بىلەن بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرۇلدى، ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى بۇ يىل ئۆتكۈزۈلدۇ.

21) م. رىزا بەكىن پاشانىڭ ۋاپات بولغانلىقىنىڭ 10 يىللىقىدا، ئۇلۇغ دەۋاچىمىز، پېنسىيەگە چىققان بىرىگادا كوماندىرى گېنېرال م. رىزا بەكىن پاشا نى خاتىرىلەش پروگراممىسى ئۆتكۈزۈلدى.

22) شەرقىي تۈركىستان فوندى جەمئىيىتى، ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن فوندى ۋە شەرقىي تۈركىستان ياشلار جەمئىيىتى بولۇش سۈپىتى بىلەن، زەيتىنبۇرنۇ رايونىمىزدا قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەن شەرقىي تۈركىستاندىكى قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە يېمەكلىك تەمىناتى، زاكات ئۈشرىنى ۋە ئىجارە ھەققى شەكلىدە نەق پۇل تارقىتىپ بېرىلدى.

23) پاندېمىك سەۋەبىدىن شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى (12.11.1933)، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى (12.11.1944) خاتىرىلەش پروگراممىسى فوندىمىزنىڭ باغچىسىدا ئۆتكۈزۈلدى.

24) 1995 - يىلى 12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئالەمدىن ئۆتكەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىق كۈرەشچىسى ئالپتېكىننىڭ خاتىرىلەش ۋە قۇرئان تىلاۋەت قىلىش پىروگراممىسى، گۆكبايراقلىق كۈرەشچى، سەۋەب ۋە يۈرەك ئىگىسى.

25) بىز «ئىپارخان مائارىپ خىزمەت ئورنى» تۈرى دائىرىسىدە شەرقىي تۈركىستانلىق ئىشسىز ياش ئاياللارغا ياردەمدە بولدى.

26) شەرقىي تۈركىستان فوندى جەمئىيىتى بىلەن تۈرك ئوچاق باش ئىشتابى بىرلىكتە شەرقىي تۈركىستاندىن كەلگەن 300 ئائىلىگە ياردەم بېرىشكە باشلىدى.

27) شەرقىي تۈركىستان فوندى جەمئىيىتى، ئەيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىن فوندى ۋە شەرقىي تۈركىستان ياشلار جەمئىيىتى رامىزاندا قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە ياردەم بەردى.

### 14. ئامېرىكا ئۇيغۇر جەمئىيىتى (UAA)نىڭ پائالىيەتلىرى




ئامېرىكا ئۇيغۇر جەمئىيىتى دۇنيانىڭ سىياسىي مەركىزى بولغان ۋاشىنگتون دىكە بولغاچقا، ئۇيغۇر دەۋاسىنى پۈتۈن دۇنياغا ئاڭلىتىشتا، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلار ئۇچراۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى تولۇق تونۇپ يېتىشتە، ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىغا قارشى ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئۆتۈشتە ئالاھىدە سىياسىي ئورنى بار. ئامېرىكا ئۇيغۇر جەمئىيىتى قۇرۇلغاندىن ھازىرغىچە سىياسىي كۈرەشلەردە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئاجايىپ پىداكارلىقلارنى كۆرسىتىپ، شەرقىي تۈركىستان ئازادلىق كۈرەشلىرىدە ئاۋانگارتلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلمەكتە:

1) ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسىنىڭ ۋەكىلى نەنسىي پېلوسى ئىشخانىسىغا زىيارەتتە بولۇپ ئۇنىڭ مەسلىھەتچىسى بىلەن كۆرۈشتى

2) ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى كېڭەش پالاتا ئەزاسى جەنىنفەر ۋەختون، توم سوئۇزى بىلەن كۆرۈشتى

3) ئۇيغۇر قانۇنى قوللاشقا ئېرىشتۇرۇش ئۈچۈن 300 دىن ئارتۇق ئاۋام پالاتا ئەزالىرىنى زىيارەت قىلىپ سەپەرۋەرلىك قىلىش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلدى. سېناتورلار ئىشخانىسى جايلاشقان 3 بىنادىكى ھەر بىر ئىشىك كۆپ قېتىم چېكىلىپ ئۇلارغا ئۇيغۇر قانۇنى لايىھەسىنىڭ ئۇيغۇرلارغا بولغان ئەھمىيىتى چۈشەندۈرۈلدى. 500 پارچىدىن ئارتۇق خەت سېلىنىپ، سەپەرۋەر قىلىندى.

4) دۆلەت مەجلىسىنىڭ 58 ئەزاسى بىلەن كۆرۈشۈپ خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرى ئەمگەكچى قىلىپ ئىشلىتىشكە قارىتا ھەرىكەتكە ئۆتۈشىنى جىددىي تەلەپ قىلدى ھەمدە «مەجبۇرى ئەمگەك چەكلەش قانۇنى» قوبۇل قىلىنىشىغا تۈرتكىلىك رول ئويناش ئۈچۈن مەخسۇس ۋىدېئو ئىشلىنىپ كەڭرى تارقىتىلدى.

5) «بىر ئاي ھەر كۈنى بىر سېناتور بىلەن 30 مىنۇت تور سۆھبىتى ئۆتكۈزۈش» ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلدى.

6) ب د ت دا «خىتاي باللارنىڭ ئېتىقادىنى چەكلەۋاتىدۇ» دېگەن تېمىدا نۇتۇق سۆزلەندى.

7) خەلقئارا دىنىي ئەركىنلىك يىغىنىغا قاتنىشىپ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلار ئۇچراۋاتقان دىنىي باستۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ۋەھشىيلىكى ئېچىپ بېرىلدى.

8)دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى ۋە ئاقسارايغا كورانا ۋىرۇسىنىڭ لاگېردىكى ئۇيغۇرلارغا تەسىرىنى ئازايتىش توغرىلىق خەت يېزىش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلدى.

9) مەجبۇرى ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىنى چەكلەش توغرىلىق 70 شىركەتكە ۋە 180 تەشكىلاتقا خەت يازدى. تۋىتتېردا مەخسۇس زارا مەجبۇرى ئەمگەكنى توختىتىشىنى تەلەپ قىلىش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىپ، خەلقئارادا كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى.

10) مېھرىگۈل تۇرسۇننىڭ سەرگۈزەشتىلىرى بايان قىلىنغان «بىز مال ئەمەس، ئىنسان ئىدۇق» ناملىق ۋىدېئوسى، تۋىتتېردا دەسلەپ ئېلان قىلىنغان 3 كۈندىلا 50 مىڭ قېتىمدىن ئارتۇق كۆرۈلدى.

11) مەھراي ئەركىننىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ئارقىلىق بۈگۈنكى ئۇيغۇر ۋەزىيىتىنى تېخىمۇ كۆپ يەرلىك ئامېرىكالىقلارغا چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، ئاممىۋى سورۇنلاردا، مەيدانلاردا ھەر بىر يەرلىككە بىرمۇ بىر سۆزلەپ بېرىش ھەركىتى ئېلىپ بېرىلدى.

12) 5 - فېۋرال، 5 - ئىيۇندەك ئەنئەنىۋى نامايىش كۈنلىرىمىزدە داۋاملىق نامايىش ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

13) 1 - ئۆكتەبىردە ئاقساراي ئالدىدا تەقدىرداشلىرىمىزدىن تىبەت خوڭكوڭ، موڭغۇلىيە، تەيۋەنلىكلەر بىلەن بىرلەشمە خىتايغا قارشى نامايىشلار ۋە خوڭكوڭ دېموكراتىيەنى قوللاش، تىبەت قوزغىلىڭى 62 يىللىقى خاتىرىلىنىشىدەك نامايىشلار داۋاملىق قاتنىشىلدى.

14) ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى خىتاي دوكلاتى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا، يىغىن زالىدا ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە يوقىتىلغان قېرىنداشلارنىڭ رەسىملىرىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ، جىم تىنچ نامايىش ئۆتكۈزۈلدى.

15) ئامېرىكا مۇسۇلمانلىرى بىلەن بىرلىكتە «بۇ ئىرقىي قىرغىنچىلىق» نامايىشى ئۆتكۈزۈلدى.

16) تۈركىيەدىكى قېرىنداشلارنى قوللاپ خىتاي كونسۇلى «ئائىلەم نەدە»نامايىشى ئۆتكۈزۈلدى.

17) ئالما، ۋولكسۋاگەن قاتارلىق شىركەتلەر ئالدىدا بىرلەشمە نارازىلىق نامايىشلىرى داۋاملاشماقتا.

18) UAA ئەزالىرى «ج سترەئەت ئادۋوكاكىي»دەك ھەر خىل تەربىيەلەش كۇرسلىرىغا قاتنىشىپ، ئۇلارنىڭ تەشۋىقات بىلەن شۇغۇللىنىش تەجرىبە - ئۇسۇللىرىنى ئۆگىنىپ، كېيىنكى خىزمەتلىرىدە كۆپ يېڭىلىقلارنى يارىتىشقا تۈرتكە بولدى.

19) 100 دىن ئارتۇق ۋەتەنپەرۋەر ئۇيغۇر يىغىلىپ نۇرى تۈركەل ئەپەندىمنىڭ ئامېرىكا قانۇن سىستېمىسى توغرىسىدىكى لېكسىيەسىنى ئاڭلىدى، بۇ ئارقىلىق كېيىنكى قانۇن لاھىيەلىرىنىڭ ماقۇللىنىشىدا پۇقرالار كۈچىدىن تولۇق پايدىلىنىشنىڭ يوللىرىنى چۈشەندى.

20) كۆپ قېتىم دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنى يىغىپ، «سىزنىڭ ئاۋازىڭىزنىڭ ئۇيغۇرغا كۈچ» دېگەندەك تېمىلاردا تور تەربىيەلەش كۇرسى ئۆتكۈزۈپ، ئوقۇغۇچىلارغا ئېلخەت، تېلېفون ۋە خەت چەك ئارقىلىق

www.uyghurkitap.com



دەۋايىمىزنى ئاڭلىتىشنى ئۆگەتتى.

21) ۋىرۇس جەريانىدا توردا يىغىن ئۆتكۈزۈپ، ئېھتىياجلىق قېرىنداشلارغا «ئىشسىزلار ئىلتىماس جەدۋىلى توشقۇزۇشى، لازىملىق تۇرمۇش بۇيۇملىرى سېتىۋېلىشىدەك كۈندىلىك تۇرمۇشىغا ياردەم قىلدى.

22) كوۋىد ۋاكسىنىسى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردە جامائىتىمىزنىڭ ئېنىق مەلۇماتلارغا ئېرىشىشى ئۈچۈن، دىر.سائىئەدنى تەكلىپ قىلىپ تور سۆھبىتى ئۆتكۈزدى، ھەمدە ئۇلارنىڭ سوئاللىرىغا نەقمەيداندا جاۋاب بېرىلدى.

23) «ئۇيغۇر پاناھلىق تىلىگۈچىلەرگە قانداق ياردەم بېرىش» «كەمسىتىشكە قارشى تۇرۇش «««ھەرگىز قايتىلانمايدۇ» دېگەن تېمىلاردا ھەر خىل تور يىغىنلىرى، مۇلاھىزە سۆھبەتلەر ئېلىپ بېرىلدى.

24) كېيىنكى ئەۋلاد ئۇيغۇر بالىلىرىنى تەربىيەلەشكىمۇ ئالاھىدە كۆڭۈل بولۇپ كەلدى. ئانا تىل مەكتىپىدىن 100 دىن ئارتۇق بالىنى بىرگە ۋاشىنگتون ھايۋاناتلار باغچىسىغا ئېلىپ بېرىش، توردا بالىلارغا رەسىم كۇرسى ئېچىش ۋە ھەم «ئۇيغۇرلار ئامېرىكاغا رەھمەت ئېيتىدۇ «تېمىسىدا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايىدىكى 17 دۆلەتتىن بولغان ئۇيغۇر بالىلىرىنى ئامېرىكاغا رەھمەت خېتى يازدۇرۇشتەك پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزۈپ ئۇلارنى كىچىكىدىن تىل، مەدەنىيەت ئۆگىتىش بىلەن بىرگە يەنە ئۆزلىرىنىڭ دەۋانىڭ ۋارىسلىرى ئىكەنلىكىنى ئۆگەتتى.

25) سەئان روبېرتنىڭ «ئۇيغۇرلار ئۇستىدىكى جەڭ» ناملىق كىتابى نەشىردىن چىققاندا، كىتاب مۇھاكىمە تور يىغىنى ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

26) نەبىجان تۇرسۇننىڭ 13 توملۇق «ئۇيغۇر ئومۇمىي تارىخى» كىتابىنى تارقىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، دىر. نەبىجان تۇرسۇننىڭ بۇ تارىخىي ئەسىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە بولغان ھۆرمىتىنى ئىپادىلەپ، ئاپتورغا «تون كىيگۈزۈش مۇراسىمى» ئۆتكۈزۈلدى.

27) جەمئىيىتىمىز جۇمھۇرىيەت بايرىمى، يېڭى يىل، ھېيت، نەۋروز، ئانا تىل بايراملىرىنى ئۆتكۈزۈپلا قالماستىن يەنە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە يېغىلىق ياراتقان كۆپلىگەن پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ كەلدى.

28) UAA بوستوندا شەھەر مەركىزىدە ئۆتكۈزۈلگەن تارىخى ئەھمىيەتكە ئىگە ئۇيغۇر بايراق چىقىرىش مۇراسىمىگە قاتناشتى.

29) 500 دىن ئارتۇق جامائىتىمىز بىرلىكتە ئۆتكۈزگەن يېڭى يىل پائالىيىتىدە «2019 يىلدىكى قەھرىمان ئانا «مۇنەۋۋەر تۇرسۇنغا بېرىلگەن مۇكاپات ئوغلى

فەرقات جەۋدەتكە تاپشۇرۇپ بېرىلدى.

30) كىشىلىك هوقۇق كۈنى لىنكولىن خاتىرە مۇنبىرى ئالدىدا شام يېقىپ، ئىرقىي قىرغىنچىلىق جەريانىدا شاھىت بولغان قېرىنداشلارنى ئەسلىدى.

31) 400 ئادەملىك دالا سەيلىسى ۋە پۇتبول مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى.

32) لاگېر شاھىتلىرىدىن مېھرىگۇل تۇرسۇن، زۇمرەت داۋۇت ۋە تۇرسۇنئاي زىياۋۇدۇننىڭ كۆرسەتكەن جاسارىتى ئۈچۈن ئۇلارغا «ۋىجداندىن سادا» نامىلىق هۆرمەت مۇكاپىتى بېرىلدى.

### 15.ئۇيغۇر هەرىكىتى تەشكىلاتىنىڭ (UHT) پائالىيەتلىرى




1) 2017 - يىلىدىكى 6 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، ئۇيغۇر هەرىكىتى تەشكىلاتى خىزمەتلەردە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىغا يېقىندىن هەمكارلىشىپ، هەر ۋاقىت ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان ۋە ئىشغالىيەت ئاستىدىكى خەلقىمىزنىڭ ئەركىنلىك يولىدا، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ چاقىرىقىغا ئىزچىل ئاۋاز قوشۇپ تۆۋەندىكى بىر قاتار پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باردى:

2) 2018 - يىلى 5 - مارت ئۇيغۇر هەرىكىتى تەشكىلاتى (UHT) ئامېرىكا پارلامېنتىدا، توم لانتوس ئىنسان هەقلىرى كومىتېتىنىڭ ئورتاق ساھىبخانلىقىدا، پارلامېنت ئەزاسى جىم مىككوۋېرنىڭ قاتنىشىشى بىلەن، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى دولقۇن ئەيسا ئەپەندىم بىلەن بىللە ئۇيغۇرلارنىڭ

نۆۋەتتىكى ئەھۋاللىرىنى تونۇشتۇرۇش پائالىيىتى ئېلىپ باردى.

3) 2018 - يىلى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ بىر قوللىۇق قوللىشى بىلەن، 14 دۆلەت 18 شەھەردە «بىر ئاۋاز، بىر قەدەم» ئاياللار باشلامچىلىقىدىكى خەلقئارا نامايىشى ئورۇنلاشتۇردى. بۇ نامايىشنىڭ خەۋىرى «خىتاي ھۆكۈمىتى بىر مىليون ئۇيغۇرلارنى لاگېرلارغا سولىدى» دېگەن سەرلەۋھە بىلەن 20 دىن ئارتۇق تىلدا 100 دىن ئارتۇق ئاساسىي مەتبۇئاتلارغا چىقىپ دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ دىققىتىنى قوزغاشقا تۆرتكە بولدى. UHT، 2019 - يىلى 15 - مارت، «بىر ئاۋاز، بىر قەدەم» خەلقئارا ئاياللار ھەرىكىتىنىڭ بىر يىللىق خاتىرە كۈنىدە، «جازا لاگېرلىرى قايتىپ كەلدى» دېگەن تېمىدا 15 دۆلەت 33 شەھەردە رەسىم كۆرگەزمىسى تەشكىللەپ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ باردى.

4) دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋە UHT بىرلىكتە، ئامېرىكا پارلامېنتىدا، تاشقى ئىشلار ياردەمچى مۇئاۋىن مىنىستىرى سىكوت بۇزبىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن، ئۇيغۇرلار ھەققىدە مۇھاكىمە يىغىنى تەشكىللىدى.

5) ئىندىيانا ئۇنىۋېرسىتېتى، پىرىنسېتون ئۇنىۋېرسىتېتى، لوئۇئىسۋىل ئۇنىۋېرسىتېتى، پېنسىلۋانىيە ئۇنىۋېرسىتېتى، بەركەلەي ئۇنىۋېرسىتېتى، ئىستانفورد ئۇنىۋېرسىتېتى، چىكاگو ئۇنىۋېرسىتېتى، تۇففس ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە كولومبىيە ئۇنىۋېرسىتېتى، جوھن ھوپكىنس، ھاۋايى ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق 10 دىن ئارتۇق ئامېرىكادىكى ئالىي مەكتەپلەردە، ۋە ئاۋستىرىيە، ئاۋستىرالىيە، بېلگىيە، باڭلادىش، چېخىيە، دانىيە، كانادا، فىنلاندىيە، ھىندىستان، ئېستونىيە، ۋە مالايشىيا قاتارلىق 10 دىن ئارتۇق دۆلەتلەردىكى ئالىي مەكتەپلەردە ۋە ئەقىل قۇرۇلمىلىرىدا، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىشغالىيەتتىكى شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقى توغرىلىق دوكلات بەردى.

6) 2019 - يىلى ئاپرېل ئايلىرىدىن باشلاپ، ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى ئامېرىكا باش ئەلچىخانىلىرىنىڭ ساھىبخانلىقىدا، ئاۋستىرىيە، ئاۋستىرالىيە، بېلگىيە، دانىيە، چېخىيە ۋە تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە بېرىپ، ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ ئامېرىكا گىراژدانى سۆزلىگۈچى پىروگرامىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، سۆزلىگەن نۇتۇقلىرىدا ئۇيغۇر دەۋاسىنى ئاڭلىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەر يەرلەردە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنى تونۇشتۇرۇپ، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ تەشۋىقاتىنى قىلدى.

7) تەيۋەن دىنىي ئەركىنلىك فورۇمى، كونكوردىئا فورۇم، فورۇم 2000 ۋە ياۋروپا دېموكراتىيە فورۇمى قاتارلىق خەلقئارا يىغىنلاردا، ۋە ئامېرىكادىكى چوڭ قىرغىنچىلىق موزېيلىرى، كەچۈرۈم تەشكىلاتلىرى، ۋە دىنىي تەشكىلاتلار،

مەسچىتلەر، ئىسلام تەشكىلاتلىرى ئالدىلىرىدا نۇرغۇن قېتىم نۇتۇق سۆزلىدى.

8) ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسى، كېڭەش پالاتاسى ۋە خىتاي ئىشلىرى كومىتېتى قاتارلىق ئامېرىكا كوڭرەسسىدە 4 قېتىم ئىسپاتلىق بەردى. شۇنداقلا «ۋاشىنگتون پوچتا» گېزىتىدە 2 قېتىم، «ۋاشىنگتون ۋاقتى» گېزىتىدە 1 قېتىم، «ئامېرىكادا بۈگۈن» گېزىتىدە بىر قېتىم، فوخ نەۋس دا 1 قېتىم، ۋە «ئىندەخت» جورنىلىدا 2 قېتىم، «لۇككبوخ» جورنىلىدا بىر قېتىم بولۇپ 8 قېتىم ماقالە يېزىپ ئېلان قىلدى.

9) NBC، CNN، BBC، ئەلجەزىرە، ASPN، دېموكراتسىيە نۆۋەتتە (دېموكراكىي نوۋ!)، VOA، نيۇ - يورك ۋاقتى، زامان، قاتارلىق ئاساسلىق مەتبۇئاتلاردا زىيارەتلەرنى قوبۇل قىلدى.

10) 2019 - يىلىنىڭ بېشىدىن تارتىپ دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەھبەرلىرى بىلەن بىرلىكتە ئامېرىكا ئاۋام پالاتا ۋە كېڭەش پالاتاسىدا، نۇرغۇنلىغان سېناتور ۋە دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرى بىلەن قايتا - قايتا كۆرۈشۈپ، ئۇيغۇر قانۇن لايىھەسىنى ئاۋازغا سېلىش ۋە قانۇن قىلىپ ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن نۇرغۇن پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باردى.

11) ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ۋە ھۆكۈمەتتە، ئۇنىۋېرسىتېتلار ۋە باشقا ئىجتىمائىي توپلاملاردا يالقۇن روزى ۋە دىر. راھىلە داۋۇتنىڭ دەۋاسىنى ئاڭلىتىپ كەلدى.

12) UHT رەئىسى روشەن ئابباس 2019 - يىلى 9 - ئاپرېل كالىفورنىيە ئىشتاتىدا «ئەركىنلىك جەڭچىسى» مۇكاپاتى ئالدى.

13) UHTنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى تۇرنىسا مەتسىدىق كانادانىڭ ۋانكوۋېر شەھىرىدە بىر يىلدىن ئارتۇق مۇددەت ھەر ھەپتە ئاخىرى، ئۆز ئائىلىسى بىلەن خىتايغا قارشى نامايىش ئېلىپ باردى.

كانادانىڭ ئېدمونتون شەھىرىدە، UHT دىن مۇكەررەم قۇربان ۋە مەھلىيا چەتىنكايالار ھەر ھەپتە ئاخىرى ئىزچىل نامايىش ئېلىپ بېرىپ ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىنى ئاڭلاتتى. مەھلىيا چەتىنكايا UHTنىڭ تەشەببۇسى بىلەن مالالا ۋەھبى تەرپىدىن ئىش - ئىزلىرى تونۇشتۇرۇلدى.

14) روشەن ئابباس، پرېزىدېنت ترامپنىڭ دۆلەتلىك بىرلەشمە نۇتقى (ستاتە ئوف تھە ئۇنىئون سپەئەچ) گە قاتناشتى ۋە بۇ يىغىنغا تۇنجى قېتىم بىر ئۇيغۇرنىڭ قاتنىششىتەك تارىخىي ئەھۋال بولدى.

15) پرېزىدېنت ترامپ، مۇئاۋىن پرېزىدېنت پېنس، پارلامېنت باشلىقى نەنسى پېلوسىي، تاشقى ئىشلار مىنىستىرى پومپېيو، ۋە دۆلەتلىك مىنىستىرلار، سىياسىيونلار ۋە دىپلوماتلار قاتناشقان، ئامېرىكا دۆلەتلىك «ناشتىلىق دۇئا كۈنى» يىغىنىغا تەكلىپ بىلەن قاتناشتى. نەخ مەيداندىكى ئېكراندا UHTنىڭ پائالىيەتلىرى تونۇشتۇرۇلدى.

16) UHT ۋە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەھبەرلىرى، تۈركىيەدىكى پارتىيە باشلىقلىرى ۋە مەسئۇللىرى، ئىستانبۇل ۋە ئەنقەرە شەھەر باشلىقلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ تۈركىيەدىكى پارتىيەلەرنىڭ ئۇيغۇرلارنى قوللاشلىرىنى تەلەپ قىلدى. UHT، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى، ۋە ئۇيغۇر ئاكادېمىيەلىرى بىرلىكتە 2020 - يىلى 12 - نويابىردا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيەت كۈنىنى تۈركىيەنىڭ پايتەختى ئەنقەرەدە بىرلىكتە ئۆتكۈزدى.

17) دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى، UHT رەھبەرلىرى ئامېرىكا كونگرەسسىنىڭ باشلىقى نەنسىي پېلوسىي خانىم بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇيغۇر خەلقى يۈزلىنىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئەھۋالىنى ۋە خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزۈۋاتقان ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلىرىنى تونۇشتۇردى. ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىغا كۆڭۈل بولۇپ، دۆلەت مەجلىسىدە ئۇيغۇر ئىنسان ھەقلىرى قانۇنىنىڭ ماقۇللىنىشىغا يېتەكچىلىك قىلغان نەنسىي پېلوسىي خانىمغا رەھمەت ئېيتتى.

18) UHT رەھبەرلىرى ئۇيغۇر سوتىغا بېرىپ قاتناشتى. روشەن ئابباس ئۇيغۇر سوتىدا گۇۋاھلىق بەردى.

19) دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى، UHT رەھبەرلىرى ئەنقەرەدىكى شىۋېتسىيە باش ئەلچىسىنىڭ شەخسىي سارىيىدا، ياۋروپا ئىتتىپاقى، ئەنگلىيە، گېرمانىيە، دانىيە، ۋە ئامېرىكا قاتارلىق «ئورتاق پىكىرلىك» 10 دۆلەت دىپلوماتلىرىغا شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى، ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى ۋە تۈركىيەنىڭ ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى سىياسەتلىرى توغرىسىدا تەپسىلىي مەلۇمات بەردى ۋە ئەنقەرەدە بىر يۈرۈش لوبىيچىلىق پائالىيەتلەر ئېلىپ باردى. بۇ جەرياندا ياخشى پارتىيەسى باشلىقى مەرال ئاكشەنەر خانىم بىلەن كۆرۈشۈپ شەرقىي تۈركىستان سۆھبەت ئۆتكۈزدى.

20) ئۇيغۇر ھەرىكىتى تەشكىلاتى، خەلقئارا دېموكراتىيە ھەرىكىتى ۋە NED تەرىپىدىن بېرىلگەن، 2021 - يىللىق خەلقئارا دېموكراتىيە مۇكاپاتى ئالدى.

21) ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە، ئۇيغۇر خىزمەت گۇرۇپپىسى (كونگرەسسىئونال ئۇيغۇر كائۇكۇس) ۋە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى UHT رەھبەرلىرىنىڭ تەشەببۇسكارلىقى ۋە ئىزچىل تىرىشچانلىقلىرى نەتىجىسىدە قۇرۇپ چىقىلدى.

## 16. ئامېرىكا ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق پىروگراممىسىنىڭ (UPF) پائالىيەتلىرى




ئايخان روبوت سىنىپى

UPF 2019 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئامېرىكادا تىزىملىتىلىپ ياكى قۇرۇلۇپ، شۇ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى «تاپاۋەتسىز تەشكىلات» سالاھىيىتىگە ئېرىشتى. UPF قىسمەن تۈرلەرنى ئۆزى قىلغاندىن باشقا، كۆپىنچە ۋاقىتتا باشقىلار قىلماقچى بولغان ياكى باشلىغان، ئۇيغۇر تىلى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئۇيغۇر مىللىي كىملىكىنىڭ باشقا ئېلېمېنتلىرىنى چەت ئەلدە ساقلاپ قېلىشقا، چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلارنى كۈچلەندۈرۈشكە ھەمدە ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



كەلگەن زۇلۇمنى دۇنياغا ئاڭلىتىشقا پايدىلىق بولغان پروجېكت ياكى تۈرلەرگە كوچىنىڭ يېتىشىچە ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم قىلىدۇ.

UPF قۇرۇلغاندىن بۇيان قىلغان ئىشلارنى قىسقىچە خۇلاسىسى تۆۋەندىكىچە:

## بىرىنچى قىسىم: UPF ئۆزى قىلغان ۋە قىلىۋاتقان ئىشلار

1) تۆۋەندىكى تور بەتلىرىنى قۇرۇپ چىقتۇق:

1. UPF تور بېتى
2. ئۇيغۇر ئاخبارات مەركىزىنىڭ ئىنگلىزچە تور بېتى، ھەپتىدە بىر قېتىم يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ:
3. ئۇيغۇر تىلى تور بېتى
4. قىز - يىگىت ياكى ئەر - ئايال بويتاقلارنىڭ جورا تېپىشىغا ياردەم قىلىدىغان تور بېتى، پات يېقىندا پۈتىدۇ.

2) «ئۇيغۇرلار» ئايلىق تور ژۇرنىلى، 2021 - يىلى ئاۋغۇستقىچە 23 سان چىقىپ بولدى:

3) ئۇيغۇر ئاخبارات مەركىزى ۋىدېئو پىروگراممىسى. ھازىر ھەپتىدە 3 پىروگراما ئىشلىنىۋاتىدۇ. 2021 - يىلى 22 - ئاۋغۇستقىچە 57 سان ئىشلەپ تارقىتىلدى.

1. يۇتيۇب: https://www.youtube.com/channel/UCW35Y_iqXm8g4fohw ئۇقجدنق
2. تۋىتتېر: @ئۇيغۇراخبارات
3. فېيسبۇك: https://www.facebook.com/uyghuraxbarat.merkizi
4. ئىنستاگرام: https://www.instagram.com/uyghuraxbaratmerkizi/

4) ئۇيغۇر تىلى ئەپ ياساپ چىقتۇق: https://www.tilim.org/hay - ھاي - ئېلىپبە/

5) ۋەتەندە 2017 - يىلىدىن بۇرۇن مەۋجۇت بولغان بىر قىسىم چوڭ تور بەتلىرىنىڭ مەزمۇنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ساقلىۋالدۇق: https://www.uyghur - ئارچىۋە.كوم/

6) «شىنجاڭ» دىكى خىتاي كومپارتىيە رەھبەرلىرى، ناھىيە ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى دەرىجىلىك دوختۇرخانىلار، ۋە مەجبۇرىي ئەمگەك شىركەتلىرىنىڭ ئۇچۇرلىرىنى توپلاپ ئېلان قىلدۇق (3 - تىزىملىك پات يېقىندا پۈتىدۇ): https://www.uyghurinfo.org/en/names - of - chinese - officials - in - xinjiang/

_https://www.uyghurinfo.org/en/list_of_all_hospitals_in_east
تۈركىستان/

7) كىتابلار:

1. «ئۇيغۇر تارىخى»، پات يىقىندا پۈتىدۇ، ئاندىن ئۇ ئۇيغۇرچە، ئىنگلىزچە، تۈركچە، ۋە خىتايچە قاتارلىق كۆپ تىلدا نەشر قىلىنىدۇ.

2. «ئۇيغۇرغا قارشى ئۇرۇش»، نەشرىياتتىن ئىجازەت ئېلىپ، ئىنگلىزچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلدۇق. پۈتكەندە نەشر قىلدۇرۇپ تارقىتىمىز.

### ئىككىنچى قىسىم: باشقىلار قىلغان، UPF ئىقتىسادىي ياردەم قىلغان تۈرلەر

1) ئېلكىتاب ئامبىرى قۇرۇش ۋە ئۇنى ماڭدۇرۇش

1. ئېلكىتاب تورى: https://elkitab.org/ (گېرمانىيە، مەمەت ئەلى نىياز)
2. ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى : http://www.uyghurkitap.com/ (تۈركىيە، ئەۋلاد گۇرۇپپىسى)
3. يانغىن ئېلكىتاب ئامبىرى: http://www.yanghin.net/

2) كىتابلار: تۆۋەندىكى كىتابلارنىڭ تەھرىرلەش، كوررېكتورلۇق، تەرجىمە قىلىش ۋە نەشر قىلدۇرۇش ئىشلىرىغا ئوخشىمىغان دەرىجىدە ياردەم قىلدۇق:

1. «ئېلىپبە» (ئابدۇۋەلى ئايۇپ، نەشر قىلىندى، هازىر يېڭى نەشرگە قايتىدىن تەييارلىنىۋاتىدۇ)
2. «مەهبۇس روهلار» (ئابدۇۋەلى ئايۇپ، ئۇيغۇرچە ۋە تۈركچە نۇسخىسى نەشر قىلىندى، ئىنگلىزچە نۇسخىسى نەشرگە تەييارلىنىۋاتىدۇ)
3. «قومۇل ئىنقىلابىدىن چىن كوممۇنىست ئىستىلاسىغا قەدەر شەرقىي تۈركىستان»، 1000 نۇسخا باستۇرۇلدى
4. «ئۇيغۇر بۇلاق»، 500 نۇسخا باستۇرۇلدى
5. «فېۋرال ئارخىپلىرى» (گۈلشەن ئابدۇ قادىر)
6. «بۈگۈننىڭ تارىخى» (ئابدۇۋەلى ئايۇپ، ئىككى قىسىم، هازىر نەشرگە تەييارلىنىۋاتىدۇ)

3) مائارىپ، ئۇيغۇر مەكتەپلىرى ۋە مەخسۇس تەربىيەلەش كۇرسلىرى: تۆۋەندىكى تۈرلەرگە ئوخشىمىغان مىقداردا ئىقتىسادىي ياردەم قىلدۇق:

1. تۈركىيەدىكى ئوقۇغۇچىلارغا تابلەت ئېلىپ بېرىش
2. تۈركىيەدىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ئوقۇش مۇكاپات پۇلى
3. هىرا ئۇيغۇر تىلى مەكتىپى (ئىستانبۇل، لوقمانجان، پاتىگۈل)

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



4. سەرخىللار مائارىپ پروگراممىسى (ئىستانبۇل، مەخمۇتجان لىتىپ)
5. تولۇق ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپكە ئۆرلەپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلىش كۇرسى (ئۇيغۇريار فوندى)
6. ئۇيغۇر خانىم - قىزلىرى ئۈچۈن كىيىم لايىھەلەش، كىيىم تىكىش تەربىيەلەش كۇرسى (ئۇيغۇريار فوندى)
7. ئۇيغۇر ئۆسمۈرلەرنى تەربىيەلەش مەركىزى (ئىستانبۇل، مۇيەسسەر خەندان)
8. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى كۇرسى (ئىستانبۇل، 2021 - يىلى 7 - ئاي)

4) ۋىدىئو پروگراممىلىرى ۋە يۇتيۇب قانالللىرىغا ئىقتىسادىي ياردەم قىلدۇق:

1. كومپيۇتېر ۋە تۇرمۇش:
Https://www.youtube.com/channel/uce8l8dzf6tueohklrb xmbqa
2. كارۋان ساداسى:
Https://www.youtube.com/channel/uczlnuahea2ikmienurp a'igq
3. ئانا - تىل باللار پروگراممىسى:
Https://www.youtube.com/channel/ucx1eukhf1enyiwqj - ksti'i'a
4. ئۈنتۈ بىز (خەدىچە، ئىستانبۇل):
Https://www.youtube.com/channel/uckw6xgrwkdso3gj1v 2f5'oza5)

**باشقا ئالاھىدە تۈرلەردە قىلىنغان خىزمەتلەر**

1. ئۇيغۇر سوتىنىڭ غەلىبىلىك ئېچىلىشىغا خىزمەتلەردە يېقىندىن ماسلاشتۇق.
2. ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقى ھەققىدىكى بىر 200 بەتلىك دوكلاتنى خىتايچىدىن ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلىش (ئاسىيە ئۇيغۇر، ھازىر تەييارلىنىۋاتىدۇ، يېقىندا پۈتىدۇ)
3. ئۇيغۇر سوتى ئۈچۈن سۇنۇلغان ۋىدىئولۇق گۇۋاھلىقلارنى يېزىق شەكلىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ئىقتىسادىي ياردەمدە بولدۇق.

## 17. نورۋېگىيە ئۇيغۇر كومىتېتىنىڭ پائالىيەتلىرى

نورۋېگىيە ئۇيغۇر كومىتېتى 2017 - يىلى ئاپرېل ئېيىدا ئۆزىنىڭ يېڭى رەھبەرلىك ھەيئىتىنى سايلاپ چىققاندىن بۇيانقى تۆت يىل ئىچىدە ناھايىتى كۆپ خىزمەتلەرنى ئىشلىدى.

**1) دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋە باشقا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى بىلەن بولغان ھەمكارلىق**



1. 2018 - يىلى مارت ئېيىدا نورۋېگىيە ئۇيغۇر كومىتېتى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى، ئامېرىكا دېموكراتىيەنى ئىلگىرى سۈرۈش فوندى ۋە نورۋېگىيە رافتو فوندى جەمئىيىتىنىڭ ھەمكارلىقىدا، نورۋېگىيەنىڭ پايتەختى ئوسلو شەھرىدە »ئۇيغۇر تىلى ھۇجۇم ئاستىدا«ناملىق ئىلمىي يىغىن ۋە شۇنىڭغا ئۇلاپلا ئۇيغۇر ياشلىرىنى دېموكراتىيە ۋە كىشىلىك ھوقۇق بويىچە تەربىيەلەش كۇرسى ئۆتكۈزۈلدى.

2. 2019 - يىلى 2 - ئايدا، نورۋېگىيە ئۇيغۇر كومىتېتى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى، نورۋېگىيە رافتو فوندى جەمئىيىتى، نورۋېگىيە قەلەمكەشلەر جەمئىيىتى بىرلىكتە ئوسلو شەھرىدە «خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان ھۇجۇمى&قۇئۇت؛ نامىلىق ئىلمىي يىغىن ئۇيۇشتۇردى.

3. 2018 - ۋ 2019 - يىللىرى كۆز ئايلىرىدا، نورۋېگىيە ئۇيغۇر كومىتېتىنىڭ تەكلىپى بىلەن، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەھبەرلىرى نورۋېگىيەگە كېلىپ نورۋېگىيەدىكى ئۇيغۇر جامائىتىگە لېكسىيە بەردى ۋە نورۋېگىيەدىكى ئالاقىدار تەشكىلات - ئورگانلار ۋە نورۋېگىيەدىكى ئۇيغۇرلارنى قوللاۋاتقان سىياسىي پارتىيە ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشۈشلەردە بولدى.

4. نورۋېگىيە ئۇيغۇر كومىتېتى رەھبەرلىك ھەيئىتى، 2018 - يىلى 6 - ئايدا، نورۋېگىيەدىكى يەرلىك ئاز سانلىق مىللەت - سامىلارنىڭ پارلامېنتىنى زىيارەت قىلىپ، ئۇلارغا ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى ئېغىر ۋەزىيىتىنى ئاڭلاتتى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى



5. نورۋېگىيە ئۇيغۇر كومىتېتى نورۋېگىيەدىكى باشقا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى، نورۋېگىيە تىبەت كومىتېتى، نورۋېگىيە خوڭكوڭ كومىتېتى، نورۋېگىيە - تەيۋەن دوستلۇق گۇرۇپپىسى قاتارلىق ئورۇن ۋە تەشكىلاتلار بىلەن زىچ ھەمكارلىق ئورناتتى. بۇ تەشكىلاتلار بىلەن بىرلىكتە خىتايغا قارشى كۆپلىگەن نامايىش، يىغىن ۋە پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇردى، نورۋېگىيە ھۆكۈمىتى ۋە سىياسىي پارتىيەلەرگە بىرلەشمە دوكلات ۋە خەتلەرنى يوللىدى.

## 2) «ئۇيغۇر ئەدلىيە ئارخىپ ئامبىرى»نىڭ قۇرۇلۇشى

2018 - يىلى ئەتىيازدىن ئېتىبارەن، نورۋېگىيە ئۇيغۇر كومىتېتى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن، شەرقىي تۈركىستاندا 2017 - يىلى ئەتىيازدا باشلانغان كەڭ - كۆلەمدە تۇتقۇن قىلىش داۋامىدا لاگېر ۋە تۈرمىلەرگە قامالغان ۋە ئىز - دېرەكسىز غايىب بولغان كىشىلەرنىڭ ئارخىپىنى تۈرغۇزۇش ۋە ئۇلار ھەققىدە گۇۋاھلىق ماتېرىياللىرىنى توپلاش خىزمىتىنى باشلىغان ئىدى. مۇشۇ خىزمەت ئاساسىدا 2019 - يىلى ئۇيغۇر ئەدلىيە ئارخىپ ئامبىرى رەسمىي قۇرۇلدى ۋە ئامېرىكا دېموكراتىيەنى ئىلگىرى سۈرۈش فوندىنىڭ ماددىي ياردىمىگە ئېرىشتى. ئۇيغۇر ئەدلىيە ئارخىپ ئامبىرى قۇرۇلغاندىن تاكى 2021 - يىلى 8 - ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا، شەرقىي تۈركىستاندا لاگېر ۋە تۈرمىلەرگە قامالغان، جازا ۋە قىيناقلار داۋامىدا ئۆلۈپ كەتكەن ھەمدە ئىز - دېرەكسىز غايىب بولغان، ئاساسلىقى ئۇيغۇرلار، ئاندىن قالسا قازاق ۋە باشقا يەرلىك مىللەت ئەزالىرىدىن نەچچە ئون مىڭ كىشىنىڭ ئارخىپىنى تۈرغۇزۇپ چىقتى. شۇنىڭدەك، تۇتقۇنلارنىڭ چەت ئەلدىكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ئۇلار ھەققىدىكى گۇۋاھلىقىنى توپلىدى. ئەنگلىيەدە تەشكىل قىلىنغان «ئۇيغۇر سوتى» غا گۇۋاھلىق ماتېرىياللىرىنى ۋە گۇۋاھچىلارنى تەييارلاش خىزمىتىنى نورۋېگىيە ئۇيغۇر ئەدلىيە ئارخىپ ئامبىرى ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، يېرىم يىلدىن ئارتۇق جاپالىق خىزمەت ئىشلەش ئارقىلىق، 2021 - يىلى 6 - ئايدا ۋە 9 - ئايدا

ئۆتكۈزۈلگەن ئىككى قېتىملىق سوتنىڭ ئۇتۇقلۇق ئۆتۈشىگە كاپالەتلىك قىلدى.

## 3) خىتايغا قارشى تۈرلۈك نامايىش پائالىيەتلىرى ئېلىپ بېرىلدى

ئالدىنقى تۆت يىلدا، نورۋېگىيەنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا نورۋېگىيە ئۇيغۇر كومىتېتى ۋە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئۇيۇشتۇرغان ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك كۆپلىگەن چوڭ - كىچىك نامايىشلار ئۆتكۈزۈلدى.

بۇ نامايىشلارنىڭ ئوڭۇشلۇق ئۆتكۈزۈلۈشى ئۈچۈن نورۋېگىيە ئۇيغۇر كومىتېتى

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنى يېقىندىن قوللىدى، ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ياردەمدە بولدى.

4) نورۋېگىيە ئۇيغۇر كومىتېتى، ئالدىنقى تۆت يىلدا، نورۋېگىيە ھۆكۈمىتى، نورۋېگىيە پارلامېنتى ۋە نورۋېگىيەدىكى ھەرقايسى سىياسىي پارتىيەلەر بىلەن ئالاقە ئورنىتىش ۋە ئۇلارغا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقى ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلىرىنى پاش قىلىش ئۈچۈن نۇرغۇن تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى. بىرقانچە قېتىم دوكلات ۋە خەتلەرنى يوللىدى. بۇ جەرياندا، نورۋېگىيە سوتسىيالىستىك سولچىلار پارتىيەسى، يېشىل مۇھىت پارتىيەسى، خىرىستىيان خەلق پارتىيەلىرىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن كۆپ قېتىم ئۇچرىشىشلارنى ئۆتكۈزدى.

5) نورۋېگىيە ئۇيغۇر كومىتېتى بۇ ئىككى يىلدا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا بەرپا قىلغان دىگىتال نازارەت قىلىش سىستېمىسىنى ئورنىتىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان خىتاينىڭ ھىكۋىسون (ھىكۋىسئون) شىركىتىگە مەبلەغ سالغان، نورۋېگىيە نېفىت فوندى بىلەن ئالاقە قىلىپ، ئۇلارغا خەت يېزىپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتىنى چۈشەندۈردى، ئۇلار مەبلەغ سالغان نازارەت سىستېمىسىنىڭ ئۇيغۇر ۋە باشقا يەرلىك مىللەتلەرنى باستۇرۇش، تەقىپلەشكە ئىشلىتىلىۋاتقانلىقىنى پاكىتلار بىلەن سۆزلەپ قايىل قىلىش ئارقىلىق، ئاخىرى نورۋېگىيە نېفىت فوندىنىڭ ھىكۋىسون بىلەن تۈزگەن توختامىنى بىكار قىلىپ، سالغان مەبلىغىنى قايتۇرۇۋېلىشىنى قولغا كەلتۈرۈشتە چوڭ رول ئوينىدى.

**• نورۋېگىيە ئۇيغۇر ئارخىپ ئامبىرى**

1) ئارخىپ ئامبىرى

1. ئۇيغۇر ئەدلىيە ئارخىپ ئامبىرىنىڭ 2021 - يىلى 6 - ئاي ۋە 9 - ئايدىكى ئەنگلىيەدە تەسىس قىلىنغان ئىككى قېتىملىق گۇۋاھلىق ئاڭلاش سوتىغا تەمىنلىگەن، سوتتا گۇۋاھلىق بېرىدىغانلارغا ۋاكالىتەن ئىشلەپ ئەۋەتكەن گۇۋاھلىق ئىسپاتى جەمئىي 242.

2. بۇنىڭدىن بىرىنچى قېتىم 150، ئىككىنچى قېتىم 92 گۇۋاھلىق يوللاندى. بۇلار ئىستىقلال تېلېۋىزىيەسى قاتارلىق تەشكىلات ۋە گۇۋاھچى شەخسلەردىن ئېلىنغان ۋە تەۋسىيە قىلىنغان 500 دىن ئارتۇق گۇۋاھلىقتىن تاللىنىپ تەييارلانغان. بارلىق گۇۋاھلىقلارغا سوت تەييارلىقى جەريانىدا يېقىندىن بىرمۇ - بىر گۇۋاھلىق قىلمىقى ئېلىنىپ، شۇ گۇۋاھلىق ئاساسىدا خەلقئارا سوتنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۆلچىمى بويىچە ئۇيغۇرچە ۋە ئىنگلىزچە تىلدا تېكىستى يېزىلىپ سوتقا گۇۋاھلىق ئۈچۈن تەۋسىيە قىلىندى.

3. بۇ گۇۋاھلىقلارغا يېزىق ۋە تەرجىمە ئىشلىرى ئۈچۈن ياردەم قىلغان ئورۇنلار ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسىنىڭ تۈركىيە، ئامېرىكا، ياۋروپا ۋە ئاۋسترالىيە شۆبىلىرى بولۇپ، بىرىنچى

قېتىملىق سوتتا 150 گۇۋاھلىق ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى تۈركىيەدىن 5، ئامېرىكادىن 23، ياۋروپادىن 4، ئاۋسترالىيەدىن 4 بولۇپ جەمئىي 36 ئاكادېمىك زىيالىيلار يەتتە ئاي ۋاقىت چىقىرىپ ئۈچرىغان مەسىلىلەرنى ھەپتىدە بىر قېتىم كۆرۈشۈپ يىغىن ئېچىپ، ئۇيغۇرچە ۋە ئىنگلىزچە تىلدا يېزىپ چىقىشقا ياردەم قىلدى.

4. ئىككىنچى قېتىملىق سوتتا ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى تۈركىيەدىن 7، ئامېرىكادىن ئىككى گۇرۇپپىدا 20، ياۋروپادىن 5، ئاۋسترالىيەدىن 4 بولۇپ 36 ئاكادېمىك زىيالىيلار تەرجىمە ۋە يېزىق خىزمەتلىرىگە ياردەم قىلغاندىن باشقا، كانادا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى 7 كىشىنى چىقىرىپ تەرجىمە ئىشلىرىغا ياردەملەشتى. شەرقىي تۈركىستان ئاۋسترالىيە جەمئىيىتى ۋە شەرقىي تۈركىستان ئىنسان ھەقلىرى كۆزىتىش جەمئىيىتى بولۇپ قۇرۇلتاي ۋە بىزنى قوشقاندا تەرجىمە ۋە يېزىق ئىشلىرىغا 9 تەشكىلات، ئەللىكتىن ئارتۇق ئادەم ئىككى ئاي تىرىشچانلىق قىلىش نەتىجىسىدە سوتنىڭ بارلىق تەلەپلىرىگە ئاساسەن ماتېرىياللارنى يۇقىرى سۈپەتتە تەييارلاپ يوللاندى.

5. ئىستاتىستىكىمىزغا قارىغاندا پەقەت ئىككىنچى قېتىملىق سوت ئۈچۈن گۇۋاھلىق بەرگەن 92 گۇۋاھچىنىڭ ئائىلىسىدىن 534 ئادەم لاگېرلارغا تۇتۇلغان بولۇپ. ئۇنىڭدىن بىرقىسمى لاگېردا ئۆلگەن ۋە ئىز ـ دېرەكسىز غايىب بولغان.

6. بۇ جەرياندا بارلىق تەرجىمە خىزمەتلىرى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە «تەرجىمە ياردەم گۇرۇپپىسى» قۇرۇلۇپ ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ 2020 ـ يىلى 10 ـ ئايدا باشلانغان سوتقا دەلىل ـ ئىسپات تەمىنلەش خىزمىتى 2021 ـ يىلى 9 ـ ئايغىچە، 11 ئاي ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىپ ئۇيغۇرچە، قازاقچە، خىتايچە ۋە ئىنگلىزچە تۆت خىل تىلدا تەمىنلەنگەن گۇۋاھلىقلار ھەجمى 3000 بەتتىن ئېشىپ كەتتى. يەنى بۇ گۇۋاھلىقلار 500 بەتلىك كىتابتىن 6 سىگە باراۋەر كېلىدۇ.

2) ئۇيغۇر سوتىغا ئۇيغۇر ئەدلىيە ئارخىپ ئامبىرىدىن تەمىنلەنگەن ماتېرىياللار

جەمئىي 7 تۈرلۈك بولۇپ:

1. ئۇيغۇر ئەدلىيە ئارخىپ ئامبىرىنىڭ 2020 - 2021 - يىللىق دوكلاتى.
2. ئارخىپ ئامبىرىدا ساقلانغان بارلىق زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ ئىستاتىستىكا مەلۇماتى.
3. شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنقىلاپ چىقىلغان لاگېر، تۈرمە ۋە ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانلىرىنىڭ ئارخىپى.
4. ئىنقىلاپ چىقىلغان لاگېرلاردا ئۆلگەنلەرنىڭ تىزىملىكى.
5. ئىنقىلاپ چىقىلغان لاگېرغا سولانغان دىنىي ئۆلىمالارنىڭ تىزىملىكى.
6. ئىنقىلاپ چىقىلغان چېقىلغان مەسچىت ۋە مازارلارنىڭ تىزىملىكى.
7. هازىرغىچە خەلقئارادا ئىلان قىلىنغان ئۇيغۇرلار ۋە شەرقىي تۈركىستانغا مۇناسىۋەتلىك خىتاينىڭ جىنايەتلىرىنى پاش قىلىدىغان دوكلات ۋە خەۋەرلەر ئارخىپى.

### 18. گوللاندىيە ئۇيغۇر كىشىلىك هوقۇق فوندىنىڭ پائالىيەتلىرى

2020 - يىلى 3 - ئايدا قۇرۇلغاندىن بۇيان ئۇيغۇرلار ئۇچراۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى گوللاندىيە خەلقىگە ۋە هۆكۈمىتىگە ئاڭلىتىش، گوللاندىيەدىكى سىياسىي پارتىيەلەر بىلەن يېقىن ئالاقە ئورنىتىپ، ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقى هەققىدىكى تەپسىلاتلارنى كۆچەيتىش ئارقىلىق كۆپ نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. بۇ تىرىشچانلىقلار ۋە خىزمەتلەر سەۋەبلىك گوللاندىيەدە ئۇيغۇرلارنى قوللايدىغان تۈرلۈك تەشكىلاتلار، شەخسلەر، پارتىيەلەر، پارلامېنت ئەزالىرى، سىياسىي تەشكىلاتلار، سوتسىيال ئاخبارات ۋاستىلىرى قاتارلىقلار كۆپەيدى، ئۇيغۇرلار مەسىلىسى كۆپلىگەن ماقالە ۋە خەۋەر، سۆھبەت پروگراممىلىرى هەتتا پارلامېنتتا ئورۇن ئالدى. بىر قىسىم پائالىيەتلەر گوللاندىيەدە ناهايىتى زور تەسىر قوزغاش بىلەن تەڭ، يەرلىكلەرنىڭ ئۇيغۇر مەسىلىسى سەۋەبلىك خىتاينىڭ غەرب دۇنياسىغا ئېلىپ كېلىۋاتقان تەهدىتلىرىنى چۈشىنىش ۋە بۇ مەسىلىلەرگە يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈشتەك هالەتلەر شەكىللىنىشكە باشلىدى.

1. گوللاندىيە ئۇيغۇر كىشىلىك هوقۇق فوندى گوللاندىيەدە ئۇيغۇر سىياسىي قانۇنى چىقىرىش هەققىدە پارلامېنتقا تەكلىپ سۇندى. گوللاندىيە پارلامېنتىدا مەخسۇس ئۇيغۇر كىشىلىك هوقۇق يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇيغۇر مەسىلىسىنى ئاڭلاتتى، پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ تۈرلۈك سوئاللىرىغا نەقمەيداندا جاۋاب بەردى. بۇ هەقتە سۇنۇلغان تەكلىپكە گوللاندىيە پارلامېنتى ناهايىتى تېز جاۋاب قايتۇرغان بولۇپ، بۇ هەقتە يەرلىك خەلقنىڭ كۈچلۈك قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ




ئۇيغۇر سىياسىتى قانۇنىنى گوللاندىيەدە چىقىرىشقا ئاساس بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈلدى. نۆۋەتتە بۇ ھەقتە تېگىشلىك ئالاقىدار خىزمەت ۋە تەشۋىقاتلار ئىشلەنمەكتە.

2. گوللاندىيەدە ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى ئېتىراپ قىلدۇرۇش ئۈچۈن كۆپلىگەن پارتىيە مەسئۇللىرى، مەشھۇر سىياسىيون ئەربابلار، ھۆكۈمەت خادىملىرى بىلەن تۆرلۈك كۆرۈشۈش ئېلىپ بېرىلدى ۋە ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىغا ئائىت تۆرلۈك ئىسپاتلار تەمىنلەندى. گوللاندىيە ھۆكۈمىتى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئۇيغۇر مەسىلىسىگە بولغان قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشتە ياردەمدە بولدى.

3. گوللاندىيە ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق فوندى چەت ئەللەردە قاپسىلىپ قالغان ئۇيغۇرلارنى قۇتقۇزۇش ئىشلىرىدا ئاكتىپ ياردەمدە بولدى.

4. گوللاندىيەدىكى ئەقىل ئامبارلىرى، سىياسىي تەتقىقاتچىلارغا، ئۇيغۇرلارنى قۇل ئىشچى قىلغان خىتاي شىركەتلىرىنىڭ گوللاندىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىگە دائىر تۆرلۈك ئىسپاتلارنى تېپىپ چىقىپ، ئۇلارغا تەمىنلىدى. بۇ سەۋەبلىك گوللاندىيە ھۆكۈمىتى گوللاندىيەدىكى شىركەتلەرنىڭ خىتاي بىلەن بولغان سودا ئالاقىسىدا ئۇيغۇرلارنى قۇل ئىشچى قىلىۋاتقان خىتاي شىركەتلىرى بىلەن ئالاقە ئورناتماسلىقى ھەققىدە قارار ئالدى. ئەقىل ئامبارلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ قۇل ئىشچى قىلىنىۋاتقانلىقىغا ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ دنا بىيولوگىيەلىك ئۇچۇرلىرىنىڭ گوللاندىيەدە تەجرىبە قىلىنىۋاتقانلىقىغا ئائىت دوكلاتلارنى تەييارلاپ، گوللاندىيەدە كۈچلۈك غۇلغۇلا قوزغىدى.

5. گوللاندىيە ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق فوندى خىتاينىڭ گوللاندىيە بىلەن بولغان شەھەرلەر ئارا مۇناسىۋىتى ۋە بۇ مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقى بىلەن، شۇنداقلا گوللاندىيەنىڭ سىياسىي بىخەتەرلىكى بىلەن

بولغان زىچ مۇناسىۋەتلىرى ھەققىدە كۆچلۈك ئىسپاتلارنى پارلامېنت ئەزالىرى ۋە سىياسىي پارتىيەلەرگە، شۇنداقلا ياۋروپا پارلامېنت ئەزالىرىغا تەمىنلەپ بۇ ھەقتە كۆچلۈك جامائەت پىكرى ھاسىل قىلدى. بۇ سەۋەبلىك گوللاندىيەنىڭ ئارنېم شەھىرى خىتاي بىلەن بولغان دوستلۇق شەھىرى مۇناسىۋىتىنى ئۈزدى. بۇ ھەرىكەت نۆۋەتتە گوللاندىيەدىكى باشقا شەھەرلەرنىڭمۇ خىتاي بىلەن بولغان بۇ خىل دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈشىگە تەسىر كۆرسەتمەكتە. ناۋادا بۇ ھەرىكەت خەلقئارالاشسا، ئۇنداقتا خىتاينىڭ پۈتكۈل دۇنيا مىقياسىدىكى سىياسىي تور ئالاقىسىنى زور زىيانغا ئۇچرىتىشتا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغۇسى.

6. گوللاندىيەدىكى ھەرقايسى دۆلەت ئەلچىلىرى بىلەن ئاكتىپ ئالاقە ئورناتتى. ئامېرىكىنىڭ گوللاندىيەدىكى باش ئەلچىسى پېتېر ھوكۇسترا ئەپەندىمنى كۈتۈۋېلىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈپ، فوندى تەييارلىغان گوللاندىيەدىكى ئۇيغۇر شاھىتلارنىڭ گۇۋاھلىقلىرى ۋە بىر قىسىم مۇھىم دەلىل ئىسپاتلارنى باش ئەلچىگە تاپشۇرۇپ بەردى. ئامېرىكا باش ئەلچىسى گوللاندىيە ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق فوندىنىڭ ئايال خادىملىرىنى ۋە لاگېر شاھىتى قەلبىنۇر سىدىقنى ئەلچىخانىغا يىغىنغا تەكلىپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ خىزمەتلىرىگە يۇقىرى باھا بەردى.

7. گوللاندىيە ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق فوندىنىڭ مەسئۇللىرى گوللاندىيە ھۆكۈمىتى ۋە كىشىلىك ھوقۇق ئورگانلىرى بىلەن تۇرلۇك كۆرۈشمىلەردە بولدى، تۇرلۇك زىيارەتلەرنى قوبۇل قىلدى ۋە ئۇيغۇر مەسىلىسىنىڭ گوللاندىيەدە تونۇلۇشى، فوندىنىڭ خىزمەتلىرىنىڭ تەرتىپلىك، ئۇتۇقلۇق بولۇشىدا مۇھىم رول ئوينىدى. گوللاندىيەنىڭ داڭلىق پىروگراممىلىرىغا كۆپ قېتىم تەكلىپ بىلەن قاتنىشىپ، ئۇيغۇر مەسىلىسىنى گوللاندىيە خەلقىگە ئاڭلاتتى. تۇرلۇك رادىيو پىروگراممىلىرى، نەقمەيدان پىروگراممىلار ۋە تۇرلۇك گېزىت، ژۇرنال، ئەقىل ئامبارلىرى قاتارلىقلارنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇيغۇرلار ھەققىدە تۇرلۇك مەلۇماتلارنى بەردى.

8. فوندى ئەزالىرى لاگېر شاھىتى قەلبىنۇر سىدىق خانىمنىڭ شاھىتلىق مەسىلىسىدە تەرجىمانلىق خىزمەتلىرىنى پىداكارلىق بىلەن ئىشلەپ، لاگېر مەسىلىسىنى دۇنياغا ئاڭلىتىشىدا مۇھىم رول ئوينىدى. ئۇلار ئۆز ساھەسىدە فوندىنىڭ خىزمەتلىرى ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ خىزمەت قىلغان بولۇپ، گوللاندىيە ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق فوندى قۇرۇلغاندىن بۇيان قولغا كەلتۈرگەن بۇ نەتىجىلەر دەل گوللاندىيەدىكى باتۇر ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزنىڭ پىداكار كۈرەش روھىنىڭ تولۇق ئىسپاتىدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## 19. بېلگىيە ئۇيغۇر جەمئىيتىنىڭ پائالىيەتلىرى




1. پايتەخت بىريۇسسېلدا تەشۋىقات ۋارىقى تارقىتىش ئارقىلىق چەت ئەللىكلەرگە خىتاي تەرىپىدىن يۈرگۈزۈلۈۋاتقان ئۇيغۇر مەجبۇرى ئەمگەك جىنايىتىنى ئاڭلاتتى.

2. ئۇيغۇرنى قوللاش گۇرۇپپىلىرى بىلەن ھەمكارلىق ئورنىتىپ بىرگە پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باردى.

3. بېلگىيە ئۇيغۇر جەمئىيتىنىڭ ئاساسلىق نىشانى بېلگىيەدە ياشاۋاتقان مۇسۇلمان ۋە باشقا مىللەت ئاممىلىرىغا ئۇيغۇرنىڭ ۋەزىيىتىنى ئاڭلىتىش بولۇپ، 2020 - يىلى 2 - ئۆكتەبىر شۇ نىشاننى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ خىتاي كونسۇلخانىسىنىڭ ئالدىدا 800 دىن كۆپ ئۇيغۇر بولمىغان مۇسۇلمان خەلق ئاممىسى يىغىلىپ چوڭ كۆلەملىك نامايىش ئېلىپ باردى ۋە بۇ نامايىش بېلگىيە تارىختىكى ئۇيغۇر بولمىغان مىللەتلەر ئەڭ كۆپ قاتناشقان نامايىش بولدى.

4. بېلگىيە ئۇيغۇر جەمئىيتى 10 نەچچە قېتىم ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپ

ئوقۇغۇچىلىرىغا تورۇدا لېكسىيە سۆزلەپ ئۇيغۇر مەسىلىسىنى ئاڭلاتتى، بۇلارنىڭ بىر قىسىملىرى بىلەن ھازىرغا قەدەر ئالاقىدە بولۇۋاتىدۇ.

5. 2020 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بىز بېلگىيە يېشىللار پارتىيەسىنىڭ بېلگىيە فېدېراتسىيە ھۆكۈمەتتىكى ۋەكىلى سامۇل كوگولاتى ئەپەندىم ۋە خىزمەتدىشى ۋاۋتېر دۇرىنت ئەپەندىم بىلەن بىرگە يېزىپ چىققان ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىق تەكلىپ لايىھەسىنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسىنى تاپشۇرۇپ ئالدى ۋە بېلگىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپ - پىكىر بېرىشىنى سورىدى.

6. 2021 - يىلى بېلگىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى بېلگىيەنىڭ ئېتىراپ قىلىشىنى كۆزلىگەن پىلان بويىچە ھەركەت قىلدى.

7. ئۇيغۇرلارنى قوللايدىغان يەھۇدىي ۋە مۇسۇلمان ئوقۇغۇچىلار گۇرۇپپىلىرى بىلەن ئۇيغۇر دوستلۇق گۇرۇپپىسى قۇردى. ئىككى سەپكە بۆلۈنۈپ ھەرقايسى پارتىيەلەرگە قارىتا لوبىچىلىق پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ باردى.

8. بېلگىيە ئۇيغۇر دوستلۇق گۇرۇپپىسى قۇرۇپ فىرانسۇز تىللىق ھەر قايسى پارتىيەلەر بىلەن ئالاقىدە بولۇپ ئەھۋالىمىزنى ئاڭلاتتى.

9. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بىلەن يېقىندىن ھەمكارلىشىپ نىدىرلاند تىللىق پارتىيەلەر بىلەن زىچ ئالاقىدە بولۇپ ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىق ھەققىدە مۇنازىرىدە بولدى. خىتايپەرەست ئەمگەكچىلەر پارتىيەسىدىن باشقا بېلگىيەدىكى بارلىق پارتىيەلەر بىلەن كۆرۈشۈپ چىقتى.

10. تەشۋىقات جەھەتتە بېلگىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ تۋىتتېر، فېسبۇك ۋە ئىنستاگرام سەھىپىلىرىنى ئىنگلىزچە، فىرانسۇزچە، نىدىرلانچە ۋە ئۇيغۇرچىدە ماڭدۇرۇپ ئەھۋالىمىزغا ئائىت كۈندىلىك خەۋەرلەرنى، ھەرخىل گۇۋاھلىقلارنى يوللاپ تۇردى. ئىنستاگرام سەھىپىسىدە «مەن ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىققا قارشى» ۋە «2022 - يىلدىكى بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىكى ئۆتكۈزۈلمىسۇن» دېگەن تېمىدا تور تەشۋىقات ھەركىتى ئېلىپ باردى ۋە ئۇيغۇر دەۋاسىنى چەت ئەللىكلەرگە ئاڭلىتىشتا بەلگىلىك ئۈنۈم ياراتتى. ئىنستاگرام، تۋىتتېر ۋە فېيسبۇكلاردا ئىككى يىلدا بېلگىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە 8000 دىن كۆپ ئەگەشكۈچى توپلىدى.

11. يەرلىك ۋە باشقا دۆلەت ئاخبارات ۋاستىلىرىدا مۇشۇ بىر يىل ئىچىدە 20 قېتىمغا يېقىن ئۇيغۇر ھەققىدە سۆھبەتلەشتى، بۇگۈنگە قەدەر بېلگىيەنىڭ ئوخشىمىغان يەرلىرىدە 10 قېتىمدىن كۆپ نامايىش ئېلىپ باردى.

12. لاگېر شاھىتى قەلبىنۇر سىدىق خانىمنى بېلگىيە پارلامېنتىغا گۇۋاھچى

سۆيپىتىدە تونۇشتۇردى. 18 - ماي بېلگىيە پارلامېنتىدا قەلبىنۇر خانىم گۇۋاھلىق بەردى، تەرجىمانلىق ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى.

13. بېلگىيە ئاخبارات ۋاسىتىلىرىغا ماقالە يېزىلدى. تەشۋىقات خاراكتېرلىك ھۆججەتلىك فىلىملار ئىشلىنىلدى.

14. 2021 - يىلى 15 - ئىيۇن بېلگىيە فېدېراتىپ پارلامېنتى ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى 12گە قارشى 125 ئاۋاز بىلەن رەسمىي ئېتىراپ قىلدى.

15. بېلگىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتى ھازىرغا قەدەر دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قۇرۇلتاينىڭ خىزمەتلىرىنى قوللاپ كەلدى. بېلگىيەدىكى خىزمەتلەرنى روياپقا چىقىرىشتا بېلگىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ھەربىر ئەزالارنىڭ ئەجرى سىڭدى. بىز مۇشۇ مۇناسىۋەت بېلگىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى بارلىق قېرىنداشلىرىمىزغا كۆپ رەھمەت ئېيتىمىز ۋە ھەر بىرەيلەننىڭ كۆرسەتكەن پىداكارلىقىنى ئېتىراپ قىلىمىز.

## 20. شۋېتسارىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ پائالىيەتلىرى

1) شۋېتسارىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتى قەرەللىك ئۇچۇرۇشۇش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى. شۋېتسارىيەدىكى ئۇيغۇرلار تارقاق ئولتۇراقلاشقان بولغاچقا، قېرىنداشلارنىڭ قەرەللىك ئۇچرىشىپ تۇرۇشى جامائىتىمىزدىكى ھەر بىر قېرىنداشنىڭ ئۆزئارا غەمخورلۇق قىلىشىدا، ھالىدىن خەۋەر ئېلىشىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

2) دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىدىكى ھەر خىل سىياسىي پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ ئىشتىراك قىلدى. ئۇيغۇرلار ئۇچۇن مۇھىم بولغان: جۇمھۇرىيەت كۈنى، ھېيت، نورۇز، ئانا تىل كۈنى، ئۈرۈمچى ۋە غۇلجا قىرغىنچىلىقى قاتارلىق خاتىرە كۈنلەردە خاتىرىلەش پائالىيەتلىرىنى ئىزچىل تەشكىللەش بىلەن بىرگە يەنە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە چاقىرىقىدىكى بىرىۋسسېلدىكى 5000 كىشىلىك نامايىش، «بىر ئاۋاز بىر قەدەم» دەك نامايىشلارغا ئاكتىپ قاتنىشىپلا قالماي، يەرلىك تەشكىلاتلار بىلەن «ئولىمپىكنى بايقۇت قىلىش» تەك نامايىشلارغىمۇ ئىشتىراك قىلىپ كەلدى.

3) مېدىيا تەشۋىقات خىزمىتىدە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ خىزمەتلىرىگە يېقىندىن ياردەمدە بولدى. لاگېر شاھىتلىرىدىن سايراگۇل ۋە قەلبىنۇر سىدىقنىڭ گىنېۋ، 20 مىن زىيارەت پىروگراممىلىرىنىڭ تەرجىمىسىگە

ياردەملەشتى. شۇنداقلا سىرفى رادىيو، رتس، ۋوز، لا لەبەرتا گېزىتى، رسى، ئىتالىيەچى قانالىرىنىڭ زىيارىتىدە بولۇندى.




4) ئىجتىمائىي سىياسىي پائالىيەتلەردە ئاكتىپ رول ئوينىاپ كەلمەكتە. سىيۇرىختىكى ئاسىيا مەدەنىيەت مەركىزىدە ئۇيغۇرلار ھەققىدە چۈشەنچە بېرىش پائالىيىتى، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى شىۋېيتسارىيە شۆبىسى پائالىيىتى ۋە بىرىندا ئۆتكۈزۈلگەن خەتەر ئاستىدىكى مىللەتلەرگە ياردەم بېرىش تەشكىلاتىنىڭ سۆھبەت يىغىنىدەك ئاممىۋى پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتناشتى.

5) شىۋېتسارىيە - خىتاي ئارىسىدىكى ئەركىن تىجارەت كېلىشىمىنىڭ قايتا كۆزدىن كۆچۈرۈلۈشىنى تەلەپ قىلىش، بېيجىڭ ئولىمپىكىنى بايقۇت قىلىش ئىمزا پائالىيەتلىرىدە يىغىلغان ئىمزالارنى پارلامېنتقا تاپشۇردى. ھەمدە داۋاملىق بۇلارغا ئائىت ۋاراقچىلارنى كەڭرى تارقاتماقتا.

6) شىۋېتسارىيە پارلامېنتىدا شەرقىي تۈركىستان - ئۇيغۇر مەسىلىسى ھەققىدە سىياسەتچىلەر بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇش، شىۋېيتسارىيە پارلامېنتىدا تاشقى سىياسەت مەسئۇللىرى بىلەن ئۇچرىشىشتەك مۇھىم ئۇچرىشىشلاردا

بولىدۇ.

7) دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئورۇنلاشتۇرۇشىدىكى جەنۋەدە ئەركىنلىك چېدىرى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋە ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى ئورۇنلاشتۇرغان رەسىم كۆرگەزمىسىگە ئىشتىراك قىلدى ۋە يېقىندىن ياردەملەردە بولىدۇ.

تۆتىنچى بۆلۈم

# دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى پائالىيەتلىرىنىڭ كونكرېتنى بايانى

## 2017 – يىلى 11 – ئايدىن 2020 – يىلى 8 – ئايغىچە بولغان پائالىيەتلەر تىزىملىكى

**• 2017 – يىلى 11 – ئاينىڭ 10 – كۈنىدىن 12 – كۈنىگىچە، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى گېرمانىيەنىڭ ميۇنخېن شەھىرىدە 6 – نۆۋەتلىك ئومۇمىي قۇرۇلتاي چاقىردى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى گېرمانىيەنىڭ ميۇنخېن شەھىرىدە 6 – نۆۋەتلىك قۇرۇلتايىنى ئېچىپ غەلىبىلىك تاماملىدى ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى خەلقلەرنىڭ ھەق – ھوقۇقلىرىنى قوغداش كۈرىشىگە بولغان ئەمەلىي ھەرىكەتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. قۇرۇلتاي جەريانىدا ئېلىپ بېرىلغان سايلامدا ئۆزىنىڭ بىرى ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر پائالىيەتچى ۋە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ قۇرغۇچىسىنىڭ بىرى بولغان دولقۇن ئەيسا ئەپەندىم رەئىس بولۇپ سايلاندى ۋە ئۆمەر قانات ئەپەندىم ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسى بولۇپ سايلاندى.

19 دۆلەتتىن كەلگەن 100 دىن كۆپ ۋەكىللەر بىر يەرگە جەم بولۇپ دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى دۇچ كېلىۋاتقان قىيىنچىلىقلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەركىنلىكى، دېموكراتىيەسى ۋە ئىنسان ھەقلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ خىزمەتلىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئىستراتېگىيەلەر ھەققىدە مەخسۇس مۇزاكىرەلەرنى ئېلىپ باردى. ۋەكىللەر دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ سايلىمىغا قاتناشتى.

**• 2017 – يىلى 11 – ئاينىڭ 22 – كۈنى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تايلاندتىكى مۇساپىرلار تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىدىن قېچىپ چىققان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىدىن ئەندىشە قىلدى**

www.uyghurkitap.com



دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئاخبارات ئېلان قىلىپ تايلاندنىڭ جەنۇبىدىكى مۇساپىرلار تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىدىن قېچىپ چىققان ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرىدىن ئەندىشە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

- **2017 - يىلى 11 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى فرانسىيە باش مىنىستىرىنى خىتاي زىيارىتى جەريانىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنسان ھەقلىرى مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا چاقىردى.**

فرانسىيە باش مىنىستىرىنىڭ خىتايغا قىلىدىغان زىيارىتىدىن بىر كۈن بۇرۇن، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئاخبارات ئېلان قىلىپ باش مىنىستىر لۆدىغاڭ ئەپەندىمدىن ئۇيغۇر ئىنسان ھەقلىرى مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى تەلەپ قىلدى.

- **2017 - يىلى 11 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن 29 - كۈنىگىچە، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ب د ت سودا ۋە ئىنسان ھەقلىرى مۇنبىرىگە قاتناشتى.**

بۇ مۇنبەر دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى نى شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇھىتنىڭ ناچارلىشىشى، ئىقتىسادىي پەرقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سودىغا ئالاقىدار ئىنسان ھەقلىرى مەسىلىسى ۋە بىر بەلباغ بىر يولنىڭ تەسىرى ھەققىدىكى نۇقتىلارغىچە پىكىر بايان قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بۇندىن بۇرۇنمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بىر قانچە مۇنبەرلەرگە قاتنىشىپ، كەلگۈسىدە مۇشۇنداق تېمىلاردىكى يىغىنلارغا قاتنىشىشقا ئاساس سالغان.

- **2017 - يىلى 11 - ئاينىڭ 30 - كۈنى دولقۇن ئەيسا خەلقئارا ئەركىنلىك يىغىنىغا قاتناشتى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى دولقۇن ئەيسا ئەپەندىم ئىلھام توختىغا ئىنسان ھەقلىرى مۇكاپاتىنى بەرگەن گوللاندىيەنىڭ دەنھاگ شەھىرىدىكى خەلقئارا ئەركىنلىك مۇنبىرىنىڭ پائالىيىتىگە قاتناشتى. دولقۇن ئەيسا ئەپەندىم بىر نەچچە سىياسىيونلار، گوللاندىيە پارلامېنت ئەزالىرى ۋە ھۆكۈمەتسىز تەشكىلاتلار بىلەن كۆرۈشتى. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئىلھام توختى ئەپەندىمنى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر مىللىتىگە بولغان كۆرەشلىرىنى كۈچلۈك قوللىدى.

- **2017 - يىلى 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى خەتەر ئاستىدىكى مىللەتلەر تەشكىلاتى بىلەن ب د ت دا**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى خەتەر ئاستىدىكى مىللەتلەر تەشكىلاتى بىلەن ب د ت دا ئاز سانلىق مىللەتلەر مۇنبىرىدە «زامانىۋى دۇنيادىكى يەرلىك تىللار ۋە شۇ تىللارنى ئىشلىتىدىغان ياشلارغا بولغان كەلگۈسى رىقابەت» دېگەن تېمىدا بىر قوشۇمچە پائالىيەت ئېلىپ باردى. بۇ پائالىيەتكە ئوخشىمىغان رايونلاردىن كەلگەن سۆزلىگۈچىلەر قاتناشقان بولۇپ، ئۇلار يەرلىك مىللەتلەر دۇچ

كېلىشۋاتقان سىناقلار ۋە ئۆز ئانا تىلىنى ئىشلىتىشتىكى چەكلىمىلەر ھەققىدە مۇزاكىرە ئېلىپ باردى. ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتىدىن توماسو، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىدىن دولقۇن ئەيسا، جەنۇبىي موڭغۇلىيە ئىنسان ھەقلىرى مەركىزىدىن ئەنخەباتۇ ۋە شىۋېيتسارىيەدە ياشاۋاتقان ياش ئۇيغۇر پائالىيەتچى رىزۋانا ئىلھام ئۆز ئانا تىلىنى ئىشلىتىشنىڭ مۇھىملىقى ۋە ئانا تىلى دۇچ كېلىشۋاتقان سىناقلار ھەققىدە مۇزاكىرىدە بولدى. بۇ قوشۇمچە پائالىيەتكە يەنە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ بۇرۇنقى تەربىيەلەش كۇرسلىرىغا قاتناشقان بىر قىسىم ياش پائالىيەتچىلەر ئۆز ئانا تىلىنى ۋەتەن سىرتىدا ئىشلىتىشتىكى تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى بايان قىلغان ۋىدېئولىرىنى ئەۋەتتى. ئاز سانلىق مىللەتلەر مۇنبىرى يىغىنىغا قاتناشقان خېلى كۆپ كىشىلەر بۇ قوشۇمچە پائالىيەتكە قاتناشتى ۋە خىتايدىكى ئانا تىل ھەق - ھوقۇقلىرى ھەققىدە مۇلاھىزىلەردە بولدى. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى داۋاملىق ھالدا خەلقئارا مۇنبەرلەردە ئۇيغۇر تىلى مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، بۇ ئارقىلىق خەلقئارا جەمئىيەتنى ئۇيغۇر تىلى دۇچ كېلىشۋاتقان خىرىسلاردىن خەۋەردار قىلىدۇ.

- **2017 - يىلى 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى دولقۇن ئەيسا ئەپەندى ۋايمار ئىنسان ھەقلىرى مۇكاپاتى بېرىش يىغىنىغا قاتناشتى.**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى دولقۇن ئەيسا ئەپەندىم ۋە مىيۇنخېندىكى ئۇيغۇر جامائەت ۋەكىللىرى گېرمانىيەنىڭ ۋايمار شەھىرىگە بېرىپ، ئىلھام توختىغا بېرىلگەن ۋايمار ئىنسان ھەقلىرى مۇكاپاتى يىغىنىغا قاتناشتى. مىيۇنخېندىن كەلگەن 30 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر ۋەكىللەر مۇكاپات تارقىتىش مۇراسىمىغا قاتناشتى ۋە ۋايمار ھۆكۈمەت بىناسى ئالدىدا ئىنسان ھەقلىرى كۈنىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن تىنچ شەكىلدە نامايىش ئېلىپ باردى.

- **2017 - يىلى 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بارلىق يەرلىك تارماق تەشكىلاتلارغا نامايىش ۋە باشقا ئۇسۇلدىكى پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىشقا چاقىرىق قىلدى.**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى 2017 - يىلىدىكى ئىنسان ھەقلىرى كۈنىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى يەرلىك تەشكىلاتلارغا نامايىش، ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى چاقىرىش ۋە باشقا شەكىلدىكى پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىشقا چاقىرىق قىلدى.

- **2017 - يىلى 12 - ئاينىڭ 13 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئەنگلىيە پارلامېنتىدا ئورگان ئەتكەسچىلىكى ھەققىدە يۇمىلاق ئۈستەل يىغىنىغا قاتناشتى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى دولقۇن ئەيسا ئەپەندى ئەنگلىيە پارلامېنتىدا

خىتايدىكى ئورگان ئەتكەسچىلىكى ھەققىدىكى يۇمىلاق ئۇستەل يىغىنىغا قاتناشتى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن يۈرگۈزۈلۈۋاتقان ئورگان ئەتكەسچىلىكى جىنايىتىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغۇچى ئىكەنلىكى ھەققىدە مۇلاھىزىلەردە بولدى. يىغىندا ئۇيغۇرلارغا قارىتا ئېلىپ بېرىۋاتقان ئورگان ئەتكەسچىلىكىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتتى ۋە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قارىتا ئېلىپ بېرىۋاتقان ئاسسىمىلياتسىيە ۋە باستۇرۇش سىياسىتىنى يورۇتۇپ بەردى.

- **2017 - يىلى 12 - ئاينىڭ 23 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئىستانبۇلدا ئاممۋى پائالىيەت ئېلىپ باردى.**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تۈركىيەنىڭ ئىستانبۇل شەھرىدە تۈركىيەدىكى ھەرقايسى جامائەت باشلىرى، تەشكىلات باشلىرى، يازغۇچىلار، سودىگەرلەر ۋە زىيالىيلارنى بىر يەرگە يىغىپ دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ يېڭى رەھبەرلىكى ۋە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ئېلىپ بېرىۋاتقان خىزمەتلىرى ھەققىدە دوكلات بېرىش پائالىيىتى ئېلىپ باردى. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى دىر. ئەركىن ئەكرەم ئەپەندىم ۋە ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسى ئۆمەر قانات ئەپەندىم بۇ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

- **2018 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى دولقۇن ئەيسا گېرمانىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى بىلەن كۆرۈشتى.**

دولقۇن ئەيسا گېرمانىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ئاسىيا - خىتاي بۆلۈمىنىڭ دىرېكتورى پەترا سىگمۇند خانىم بىلەن كۆرۈشۈپ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئومۇمىي ۋەزىيەتنى ئاڭلاتتى ۋە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ كېلىۋاتقان قۇرۇلتىيى ھەققىدە ئۇچۇرلارنى بەردى. بۇ خانىم بىلەن بولغان سۆھبەت يەنە ئۇيغۇر مۇساپىرلىرى، پاناھلىق تىلىگۈچىلەر ۋە گېرمانىيە ھۆكۈمىتىنىڭ باشقا دۆلەتلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ ۋەتەنسىز ئۇيغۇرلارغا كۆڭۈل بۆلۈش ھەققىدىكى خىزمەتلەر ئۈستىدە بولدى.

- **2018 - يىلى 1 - ئاينىڭ 3 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئامېرىكا پرېزىدېنتى ترامپ ئەپەندىمنى خىتايغا قىلماقچى بولغان رەسمىي زىيارىتىدە ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقى مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى تەلەپ قىلدى.**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئاخبارات ئېلان قىلىپ ئامېرىكا پرېزىدېنتى دونالد ترامپنى بېيجىڭغا قىلماقچى بولغان رەسمىي سەپىرىدە خىتاي ھۆكۈمىتىدىن ئىنسان ھەقلىرىگە ھۆرمەت قىلىشنى، ئوچۇق - ئاشكارا بولۇشنى تەلەپ

قىلىشقا چاقىردى.

- **2018 - يىلى 1 - ئاينىڭ 5 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى فىرانسىيە پىرېزىدېنتى ماكروننىڭ خىتاي زىيارىتى جەريانىدا ئۇيغۇر ئىنسان ھەقلىرى مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا چاقىردى.**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى 2018 - يىلى 1 - ئاينىڭ 8 - كۈندىن 10 - كۈنىگىچە خىتايدا زىيارەتتە بولىدىغان فىرانسىيە پىرېزىدېنتى ماكروننى ئىنسان ھەقلىرى مەسىلىسىنى تىلغا ئېلىشقا، بولۇپمۇ ئۇيغۇر خەلقىگە ئېلىپ بېرىۋاتقان كۆپلىگەن زۇلۇملار ھەققىدە خىتايغا بېسىم ئىشلىتىشكە چاقىردى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى يەنە پوچتا ئارقىلىق بىر پارچە ئالدىن تەييارلانغان دوكلاتنى ئەۋەتتى.

- **2018 - يىلى 1 - ئاينىڭ 7 - كۈنى دولقۇن ئەيسا جەنۋەدە ب د ت مۇساپىرلار كومىتېتى بىلەن كۆرۈشتى.**

دولقۇن ئەيسا ئەپەندىم مىسىر ۋە تۈركىيەدىكى ئۇيغۇر مۇساپىرلىرىنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالى ھەققىدە سۆھبەتلىشىش ئۈچۈن جەنۋەدە تۇرۇشلۇق بىتد مۇساپىرلار كومىتېتىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشتى. ئۇ يەنە قاھىرە ۋە ئەنقەرەدە پاناھلىق تىلىگەن ئۇيغۇرلارنىڭ تىزىملىكىنى تاپشۇردى ۋە مىسىردىكى يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن ۋە تۈتقۇندا تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇر مۇساپىرلارنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالىنى ئاڭلاتتى.

- **دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى 2018 - يىلى 1 - ئاينىڭ 10 - كۈندىن 12 - كۈنىگىچە ياۋروپا پارلامېنتىدا**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى 2018 - يىلى 1 - ئاينىڭ 10 - كۈندىن 12 - كۈنىگىچە، ياۋروپا پارلامېنت ئەزالىرى، ياۋروپا تاشقى ئىشلار ھەرىكەت گۇرۇپپىسىنىڭ خادىملىرى ۋە ياۋروپا كومىتېتىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن كەينى كەينىدىن ئۇچرىشىش ئېلىپ بېرىپ ئۇيغۇر مۇساپىرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا ئۇيغۇر دەۋاسىنى ئاڭلاتتى. بۇ ئۇچرىششلاردىن كېيىن ياۋروپا پارلامېنتىدىن 5 نەپەر ئەزا بىرلەشمە باياناتات ئېلان قىلىپ بۇلغارىيە ھۆكۈمىتىنىڭ شۇ 5 نەپەر ئۇيغۇرلارنى قايتۇرماسلىق ھەققىدە جىددىي ئاگاھلاندۇرۇش بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى فابىئو ماسسىمو ئەپەندىمۇ ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي تاراتقۇلىرىدا ئۇيغۇرلار ھەققىدە يازما ئېلان قىلدى. ياۋروپا تاشقى ئىشلار ھەرىكەت گۇرۇپپىسى بىلەن ياۋروپا كومىتېتىنىڭ خادىملىرى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىغا ۋەدە بېرىپ، بۇلغارىيە ھۆكۈمىتى بىلەن جىددىي ئالاقە قىلىپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە ئۇلارغا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

- **دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى 2018 - يىلى 1 - ئاينىڭ 13 - 14 - كۈنلىرى تەربىيەلەش كۇرسى ئۆتكۈزدى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى 2018 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 13 ـ 14 ـ كۈنلىرى گېرمانىيەنىڭ مىيۇنخېن شەھىرىدە ئۇيغۇر ياش پائالىيەتچىلەرنى يېتىشتۈرۈش كۇرسىنى ئاچتى. بۇ كۇرستا پىكىرلەر كېلىشۋاتقان يىلدا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ پائالىيەت پىلانلىرىنى قانداق قىلغاندا ئەڭ ياخشى ئۇسۇلدا ئىلگىرىلەتكىلى بولىدۇ دېگەن نۇقتىغا مەركەزلەشتى. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئۇيغۇر پائالىيەتچىلەرنى يىغىپ 2 كۈنلۈك تەربىيەلەش كۇرسى ئاچتى. بۇ تەربىيەلەش كۇرسىدىن بۇرۇن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئۆزىنىڭ 2017 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن 12 ـ كۈنىگىچە 6 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىنى ئېچىپ يېڭىدىن ۋەزىپە ئالغان دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەھبەرلىرىنىڭ دەۋا ئۈچۈن ئەمەلىي ۋە كونكرېت بولغان نىشانلارغا مەركەزلىشىشكە تۈرتكە بولدى. تەربىيەلەش كۇرسىغا قاتناشقانلار دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى كاتىباتلىقى، سايلانغان ھەرقايسى كومىتېتلارنىڭ باشلىقى ۋە ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى تارماق تەشكىلاتلار بىلەن كېيىنكى يىللاردىكى دەۋا ئىشلىرى ئۈچۈن ئۈنۈملۈك ھەمكارلىشىش ئىپادىسىدە بولدى.

- **2018 - يىلى 1 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، ياۋروپا پارلامېنت ئەزالىرى بۇلغارىيە ھۆكۈمىتىنى ئۇيغۇرلارنى خىتايغا قايتۇرماسلىققا چاقىردى.**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بىلەن بولغان جىددىي ئۇچرىشىشلاردىن كېيىن، 6 نەپەر ياۋروپا پارلامېنت ئەزاسى بىرلەشمە باياناتى ئېلان قىلىپ بۇلغارىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنى خىتايغا قايتۇرماسلىقنى تەلەپ قىلدى. ئۇلار خېتىدە مۇنداق دېدى، «بىز ئۆزىمىزنىڭ قورقىنىڭ يېتىشىچە، بۇلغارىيە ھۆكۈمىتىدىن ھازىر تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىدا تۇرۇۋاتقان بەش ئۇيغۇرنى خىتايغا قايتۇرماسلىقنى جىددىي تەلەپ قىلىمىز. ئەگەر ئۇلارنى قوتقۇزۇش مۇمكىن بولماي خىتايغا قايتۇرۇلسا، ئۇلارنىڭ ھاياتى خەتەردە قالىدۇ. ئۇلار ئۇيغۇر بولغانلىقى ئۈچۈن يوقاپ كېتىشى، خالىغانچە تۇتقۇن قىلىنىشى ياكى قىيىن قىستاققا ئېلىنىشى ئېنىق».

- **2018 - يىلى 1 - ئاينىڭ 16 - كۈنى كۆزگە كۆرۈنگەن ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ئۆزلۈكسىز تۇتقۇن قىلىنىشى ھەققىدە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى جىددىي ئاخبارات ئېلان قىلدى.**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى جىددىي ئاخبارات ئېلان قىلىپ يوقاپ كەتكەن كۆزگە كۆرۈنگەن ئۇيغۇر پىروفېسسورى خالمۇرات غوپۇرنىڭ ئىز ـ دېرىكى ھەققىدە ئۆز ئەندىشىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. باياناتتا مۇنداق دېيىلدى: «كۆزگە كۆرۈنگەن

ئۇيغۇر پىروفېسسور خالمۇرات غوپۇر 2017 - يىلى 11 - ئايدا تۇتقۇن قىلىنغان ۋە ھۆكۈمەتكە قارشى چىققان دېگەن بوھتان بىلەن نامەلۇم بولغان ئورۇنغا ئېلىپ كېتىلگەن.»

- **2018 - يىلى 1 - ئاينىڭ 21 – كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بىريۇسسېلدىكى 5000 كىشىلىك نامايىشنى پىلانلاش ئۈچۈن ھەيئەتلەر يىغىنى چاقىردى.**

2018 - يىلى 1 - ئاينىڭ 21 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئىجرائىيە كومىتېتى يىغىنى چاقىرىپ (تېلېفون يىغىنى) 9 ياۋروپا دۆلەتلىرىدىكى ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىنى سەپەرۋەر قىلىپ، 2018 - يىلى ئاپرېلدا بىريۇسسېلدىكى ياۋروپا پارلامېنتى ئالدىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان چوڭ كۆلەملىك نامايىش ھەققىدە جىددىي سۆھبەتتە بولۇپ تەييارلىق كومىتېتى قۇرۇپ چىقتى.

- **2018 - يىلى 1 - ئايدا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى دولقۇن ئەيسا ئەپەندى ئامېرىكا ئەمەلدارلىرى بىلەن كۆرۈشتى.**

2018 - يىلى 1 - ئاينىڭ ئاخىرقى ھەپتىسىدە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى دولقۇن ئەيسا ئەپەندىم ئامېرىكا كونگرېسى ئەزالىرى ۋە بىر قىسىم ئەمەلدارلار بىلەن ئارقىمۇ ئارقا كۆرۈشۈپ، ئۇلارغا شەرقىي تۈركىستاندىكى ۋەزىيەتنىڭ يامانلىشىپ كېتىپ بارغانلىقىنى ئۇقتۇردى ۋە ئۇيغۇر خەلقىگە بولغان قوللاشنى كۈچەيتىشىنى تەلەپ قىلدى. دولقۇن ئەيسا ئەپەندىم ئامېرىكادىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلار ۋە بىر قىسىم جامائەتلەر بىلەن كۆرۈشۈپ ۋاشىنگتوندا ئېلىپ بېرىلىدىغان دىنىي ۋە مەدەنىيەت ئەركىنلىكىگە بولۇۋاتقان تەھدىتلەر يىغىنىغا تەييارلىق قىلىشقا ياردەمدە بولدى.

- **1 - ئاينىڭ 24 - كۈنى دولقۇن ئەيسا گېرمانىيە باش مىنىستىرى ئىشخانا ياردەمچىلىرى بىلەن كۆرۈشتى**

دولقۇن ئەيسا ئەپەندىم بېرلىندا گېرمانىيە باش مىنىستىرلىكىنىڭ ئاسىيە بۆلۈمىنىڭ ۋەكىلى بىتنەر ئەپەندىم بىلەن كۆرۈشتى. بىتنەر ئەپەندىم بۇلغارىيە ۋە مالايشىيادا تۇتۇلۇپ قالغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىغا كۆڭۈل بۆلگەن ئادەمتى. دولقۇن ئەيسا ئەپەندىم ئۇ دۆلەتلەردىكى تۇتقۇندا تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ دۇچ كېلىۋاتقان ئەھۋالى ۋە خىتايغا قايتۇرۇلسا يۈز بېرىدىغان پاجىئەلەر ھەققىدە چۈشەنچە بەردى.

- **2018 - يىلى 1 - ئاينىڭ 25 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تەسىر دائىرىسى زور ئۇيغۇر دىنىي ئۇستاز ۋە ئالىم مۇھەممەد سالىھ ھاجىمنىڭ يوقاپ كېتىشى ھەققىدە خىتاي ھۆكۈمىتىنى ئوچۇق - ئاشكارا جاۋاب بېرىشكە چاقىردى.**

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئۇيغۇر دىنىي لىدىر ۋە ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە تەسىر دائىرىسى كۈچلۈك دىنىي ئۆلىما مۇھەممەد سالىھ ھاجىمنىڭ تۇتقۇن قىلىنىشى ۋە يوقاپ كېتىشى ھەققىدە ئېلان قىلىنغان كۆپلىگەن دوكلاتلاردىن كېيىن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئاخبارات ئېلان قىلىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىدىن مۇھەممەد سالىھ ھاجىمنىڭ ئىز - دېرىكى ھەققىدە ئۇچۇق جاۋاب بېرىشنى تەلەپ قىلدى. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى دىنىي ئۆلىمالارنىڭ، زىيالىيلارنىڭ يوقاپ كېتىشى ۋە تۇتقۇن قىلىنىشىدىن كېيىن، مۇھەممەد سالىھ ھاجىمنىڭ خىتاي ساقچىلىرى تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنغانلىقىغا قارىتا ئۆزىنىڭ ئەنسىرەشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

- **2018 - يىلى 1 - ئاينىڭ 30 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئۇيغۇر دىنىي ئۆلىما مۇھەممەد سالىھ ھاجىمنىڭ خىتاي زىندانىدا ۋاپات بولغانلىقىدىن كۆپ قايغۇردى.**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئاخبارات ئېلان قىلىپ ئۇيغۇر دىنىي ئۆلىما مۇھەممەد سالىھ ھاجىمنىڭ خىتاينىڭ جازا لاگېرىدا ۋاپات بولغانلىقىدىن كۆپ قايغۇرغانلىقىنى ئىپادە قىلدى. مۇھەممەد سالىھ ھاجىم دىنىي ئېتىقاد بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ئۈچۈن 40 كۈن بۇرۇن تۇتقۇن قىلىنغان ۋە جازا لاگېرىغا ئەۋەتىلگەن. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى مۇھەممەد سالىھ ھاجىمنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەب بولغان جازا لاگېرىدىكى قىيناش ۋە باشقا ئۇسۇللاردىكى خورلاشلاردىن خەۋەر تاپقان ئىدى.

- **2018 - يىلى 1 - ئاينىڭ 30 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئەنگلىيە باش مىنىستىرى ماي خانىمنىڭ خىتاي زىيارىتىدە ئۇيغۇر ئىنسان ھەقلىرى مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا چاقىردى.**

ئەنگلىيە باش مىنىستىرى ماي خانىمنىڭ خىتايغا قىلىدىغان رەسمىي زىيارىتىنىڭ ئالدىدا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئاخبارات ئېلان قىلىپ، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت تاشقى سىياسىتىدىكى ئىنسان ھەقلىرى ۋە دېموكراتىيەگە ئوخشاش قىممەت قاراشلىرىدا چىڭ تۇرۇشىنى تەلەپ قىلدى.

- **1 - ئاينىڭ 29 - كۈندىن 2 - ئاينىڭ 2 - كۈنگىچە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ۋاشىنگتوندىكى يۇقىرى دەرىجىلىكلەر ئۇچرىشىشلىرى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى دولقۇن ئەيسا ۋە ئىجرائىيە كومىتېتى رەئىسى ئۆمەر قانات ۋاشىنگتوندا ئامېرىكىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى بىلەن ئۇچراشتى. ياردەمچى ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى، ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ خىتاي ۋە موڭغۇلىيە بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، شەرقىي ئاسىيا ۋە تىنچ ئوكيان ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مەسئۇل خادىملىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئامېرىكىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى

بىلەن بولغان بۇ بىر قاتار ئۇچرىشىش جەريانىدا، دولقۇن ئەيسا ۋە ئۆمەر قانات ئەپەندىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتىنى ئاڭلىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىدىن ئۇيغۇر مۇھاجىرلار مەسىلىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قاتار جىددىي مەسىلىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈشىنى ۋە ياردەمدە بولۇشىنى تەلەپ قىلدى.

دولقۇن ئەيسا ۋە ئۆمەر قانات ئەپەندىلەر يەنە ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ خەلقئارا دىنىي ئەركىنلىك ئىدارىسىدىكى زىيارىتى جەريانىدا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ دېموكراتىيە، ئىنسان ھەقلىرى ۋە ئەمگەك مەسىلىلىرى بويىچە ياردەمچى مىنىستىرى ھەمدە شەرقىي ئاسىيا ۋە تىنچ ئوكيان مەسىلىلىرى ئىدارىسىنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن ئۇچراشتى. ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ يېڭىدىن تەيىنلەنگەن خەلقئارا دىنىي ئەركىنلىك باش ئەلچىسى سامۇئېل بورۇۋېنبېك ئەپەندى بىلەن ئۇچراشقاندا، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دىنىي ئەركىنلىك ھەقلىرىنىڭ قانداق دەپسەندىچىلىككە ئۇچراۋاتقانلىقىنى بايان قىلدى.

دولقۇن ئەيسا ۋە ئۆمەر قانات ئەپەندىلەر ئامېرىكا كېڭەش پالاتاسى تاشقى مۇناسىۋەتلەر كومىتېتى ۋە ئاۋام پالاتاسى تاشقى ئىشلار كومىتېتىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك خادىملىرى بىلەن ئۇچرىشىش جەريانىدا ئۇيغۇر مەسىلىسىنى قوللاش ئۈچۈن خىتايغا قارشى ئىستراتېگىيەلىك قانۇن ۋە سىياسەتلەرنى چىقىرىش تەلىپىدە بولۇندى. بۇ جەرياندا، دولقۇن ئەيسا ۋە ئۆمەر قانات ئەپەندىلەر يەنە ئامېرىكا كونگرېسى ئەزاسى جېيمىس مەك گاۋەرن ھەمدە ئامېرىكا كونگرېسىنىڭ 115 ـ نۆۋەتلىك خىتاي ئىستراتېگىيەسى يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلىۋاتقان توم لانتوس ئىنسان ھەقلىرى كومىسسىيونىنىڭ مەسئۇلى راندى ھۇلگىتون ئەپەندىملەر بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇيغۇر مەسىلىسىنى ئاڭلاتتى ۋە ياردەم تەلەپ قىلدى.

دولقۇن ئەيسا ۋە ئۆمەر قانات ئەپەندىملەر يەنە خۇدسون ئىنستىتۇتى دىنىي ئەركىنلىك مەركىزى، پىروجېكت 2019، ئامېرىكا خەلقئارالىق دىنىي ئەركىنلىك مەركىزى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قانچە ئاقىللار ئامبىرىنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن كۆرۈشتى. يۇقىرىقى كۆرۈشۈشلەردە ئامېرىكا ھۆكۈمىتى، جۈملىدىن تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇش مەسىلىسى گەۋدىلەندۈرۈلگەن قانۇن چىقىرىش تىرىشچانلىقىنى قوللاشقا دەۋەت قىلىندى ۋە ئامېرىكا كونگرېسىدە ئۇيغۇرلارنى قوللاپ بايانات بېرىش، خەلقئارا گەۋدىلەرگە ئۇيغۇرلارنى قوللايدىغان خەتلەرنى ئەۋەتىش، خىتاي بىلەن بولغان يىغىنلاردا ئۇيغۇر مەسىلىسىنى مۇھىم ئورۇندا قويۇش تەلەپلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

www.uyghurkitap.com



- **2 - ئاينىڭ 2 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى غۇلجا قىرغىنچىلىقىنىڭ 21 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن مەتبۇئات باياناتى ئېلان قىلدى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى مەتبۇئات باياناتىنى ئېلان قىلىپ غۇلجا قىرغىنچىلىقىنىڭ 21 يىللىقىنى خاتىرىلىدى. 1997 - يىلى 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى دىنىي ئەركىنلىكلىرىنى تىنچلىق بىلەن تەلەپ قىلىپ غۇلجا كوچىسىغا تۆكۈلگەن يۈزلىگەن بىگۇناھ ئۇيغۇرلار جاللات خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ قانلىق باستۇرۇشىغا ئۇچراپ شېھىت قىلىنغان ئىدى.

- **2 - ئاينىڭ 8 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى مالايشىيا ھۆكۈمىتىدىن 11 ئۇيغۇر مۇساپىرنىڭ خىتايغا قايتۇرۇلماسلىقىنى تەلەپ قىلدى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى باياناتى ئېلان قىلىپ، مالايشىيا ھۆكۈمىتىنى خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرى ئۆلچەملىرىگە ئەمەل قىلىشقا ۋە 11 بىگۇناھ ئۇيغۇرنى خىتايغا قايتۇرۇپ ئۆلۈمگە يوللاشتىن توختاشقا چاقىردى. تاراتقۇلارنىڭ دوكلاتىدا كۆرسىتىلىشىچە، مالايشىيادا تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان 11 ئۇيغۇر مۇساپىرنىڭ خىتايغا مەجبۇرى قايتۇرۇلۇش خەۋپى زور ئىكەن. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ باياناتىدا ئەگەر ئۇ ئۇيغۇرلار خىتايغا قايتۇرۇلسا، ئۇلارنىڭ مىللىي كىملىكى سەۋەبىدىن خالىغانچە تۇتقۇن قىلىنىش، قىيىن - قىستاققا ئۇچراش، ئۇزۇن - تىنىمسىز يوق قىلىنىش ۋە ياكى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىشقا ئۇچرايدىغانلىقى ئېنىق كۆرسىتىلدى.

- **2 - ئاينىڭ 11 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئۇيغۇر دىنىي ئالىمىنىڭ ۋاپاتىغا تەزىيە بىلدۈردى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى گېرمانىيەنىڭ مىيۇنخېن شەھرىدە مەخسۇس تەزىيە بىلدۈرۈش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر پەرزەنتى، دىنى ئۇستاز مۇھەممەد سالىھ ھاجىمنى چوڭقۇر ياد ئەتتى. قۇرئان كەرىمنى تۇنجى قېتىم ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان بۇ مەشھۇر دىنى ئالىم 82 يېشىدا زالىم خىتاينىڭ جازا لاگېرىدا شېھىت قىلىنغان ئىدى.

- **2 - ئاينىڭ 16 - كۈنى دولقۇن ئەيسا تۈركىيە باش مىنىستىرى ۋە ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى بىلەن كۆرۈشتى**

گېرمانىيەنىڭ مىيۇنخېن شەھرىدە ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان «مىيۇنخېن بىخەتەرلىك كېڭىشى» جەريانىدا، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى دولقۇن ئەيسا ئەپەندى تۈركىيە باش مىنىستىرى بىنالى يىلدىرىم ۋە ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى سۇلايمان سويلۇ ئەپەندىلەر بىلەن كۆرۈشتى. دولقۇن ئەيسا ئەپەندى سۆھبەت

جەريانىدا تۈركىيەنىڭ ئۇيغۇر مۇھاجىرلىرى ئۇچۇن قۇچاق ئاچقانلىقىغا چوڭقۇر تەشەككۈرىنى ئىپادىلىدى ۋە مالايشىيادا ھاياتى خەۋپ ئاستىدا قالغان 11 ئۇيغۇر قېرىندىشىمىزنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشنى ئىلتىماس قىلدى. شەرقىي تۈركىستان ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالىنى تونۇشتۇرغان دولقۇن ئەيسا ئەپەندى ئۇلارغا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ئەڭ يېڭى دوكلاتىنى تەقدىم قىلدى.

- **2 - ئاينىڭ 21 – كۈنى خەلقئارا ئانا تىل كۈنىدە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى خىتاي ھاكىمىيىتىنى ئۇيغۇر تىلى چەكلىمىلىرىنى بىكار قىلىشقا چاقىردى.**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى خەلقئارا ئانا تىل كۈنى مۇناسىۋىتى بىلەن مەتبۇئات باياناتى ئېلان قىلىپ، خەلقئارا جەمئىيەتكە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر تىلىنى شەرقىي تۈركىستاندىكى مەكتەپلەردە ۋە جەمئىيەتتە شىددەت بىلەن چەكلەۋاتقانلىقىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ئانا تىلىدا مائارىپ كۆرۈش ھەق - ھوقۇقلىرىنى دەپسەندە قىلىۋاتقانلىقىنى، ئۇيغۇر تىلىنى پۈتۈنلەي يوق قىلىۋېتىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقانلىقىنى كۆرسەتتى.

- **2 - ئاينىڭ 23 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى 2018 - يىللىق جەنۋە ئىنسان ھەقلىرى ۋە دېموكراتىيە قۇرۇلتىيىغا ئىشتىراك قىلدى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى دولقۇن ئەيسا 2018 - يىللىق جەنۋە ئىنسان ھەقلىرى ۋە دېموكراتىيە قۇرۇلتىيىغا ئۇشبۇ پائالىيەتنىڭ بىر ساھىبخانى بولۇش سۈپىتىدە قاتناشتى. جەنۋە قۇرۇلتىيى ھەر يىللىق ب د ت ئىنسان ھەقلىرى كېڭىشى باشلىنىشتىن ئاۋۋال ئۆتكۈزۈلىدىغان بولۇپ، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئۆكتىچىلەر، ئىنسان ھەقلىرى پائالىيەتچىلىرى، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار، دىپلوماتلار، ژۇرنالىستلار ۋە ئوقۇغۇچىلار ھەرىكەتلىرىنىڭ رەھبەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يۈزلىگەن كىشىلەر مۇشۇ پۇرسەتتە بىر ئارىغا توپلىنىدۇ ۋە خەلقئارانىڭ دىققىتىنى نۆۋەتتىكى جىددىي ئىنسان ھەقلىرى ۋەزىيىتىگە بۇراشقا بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىدۇ. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى باشقا 26 خەلقئارالىق تەشكىلاتلار بىلەن بىرلىكتە بۇ قۇرۇلتايغا ساھىبخانلىق قىلدى.

- **2 - ئاينىڭ 23 – كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى دولقۇن ئەيسا ئەپەندىمنىڭ ئىسمى ئارىدىن 20 يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئىنتېرپولدىكى قىزىل رەڭلىك تۇرۇش بۇيرۇقى تىزىملىكىدىن چىقىرىۋېتىلدى**

ئادىل سوت تەشكىلاتىنىڭ ئىزچىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە، 20 يىلدىن بۇيان ئىنتېرپولدىكى قىزىل رەڭلىك تۇرۇش بۇيرۇقى تىزىملىكىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئىزچىل قەيت قىلىنغان دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى دولقۇن ئەيسا ئەپەندىمنىڭ ئىسمى ئاخىرى ئۆچۈرۈلدى. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بۇ ھەقتە باياناتى ئېلان قىلىپ تۇتۇش بۇيرۇقىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقىنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى باياناتىدا دولقۇن ئەيسا ئەپەندىمگە چىقىرىلغان بۇ تۇتۇش بۇيرۇقىنىڭ ئەسلىدە خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ساختا جىنايەتلەر بىلەن بىگۇناھ ئەيىبلەشكە ئاساسلانغانلىقىنى ۋە بۇنىڭ تۆپىلى دولقۇن ئەيسا ئەپەندىنىڭ 20 يىل قاتتىق تەكشۈرۈش ئاستىدا ياشاشقا مەجبۇرلانغانلىقىنى كۆرسەتتى ھەمدە بۇ ئارقىلىق ئىنتېرپولغا ئوخشاش خەلقئارالىق قانۇن ئورگانلىرىدا يىلتىز تارتىۋاتقان سىياسىيلىشىش ۋە ئادالەتسىز كېسىملەرنى گەۋدىلەندۈردى.

- **2 - ئاينىڭ 26 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى 20 گە يېقىن ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتى بىلەن بىرلىكتە دۆلەتلەرنى ئىنسان ھەقلىرى كېڭىشىدە خىتاينى جاۋابكارلىققا تارتىشقا چاقىردى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى 20 گە يېقىن ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتى بىلەن بىرلىكتە ب د ت ئىنسان ھەقلىرى كېڭىشىنىڭ 37 - قېتىملىق يىغىنىدىن ئىلگىرى ب د ت غا ئەزا دۆلەتلەرگە بىرلەشمە خەت يوللاپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنى مىسلىسىز ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىكى توغرىسىدا جاۋابكارلىققا تارتىشقا چاقىردى. بىرلەشمە خەتتە يېقىندا قولغا ئېلىنغان سىياسىي مەھبۇسلارنىڭ ئەھۋاللىرى گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولۇپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ب د ت دا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىنسان ھەقلىرى خىزمەتلىرىگە توسقۇنلۇق قىلىشى ۋە ھۇجۇملىرى ئاشكىلاندى.

- **2 - ئاينىڭ 26 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى دولقۇن ئەيسا ئەپەندى ئامېرىكا كونگرېسىدە ئۆتكۈزۈلگەن «ئېغىر تەقىب ئاستىدا قالغان ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە دىنىي ئەركىنلىكى» تېمىسىدىكى يىغىنغا قاتناشتى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتى (UNPO) ئۇيغۇر ئىنسان ھەقلىرى پىروجېكتى (URP) ھەمدە ئۇيغۇر ئامېرىكا بىرلەشمىسى (UAA) قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ بىرلىكتە ھەمكارلىشىشى نەتىجىسىدە «مۇھاسىرە ئاستىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئەركىنلىكى ۋە مەدەنىيەت قىممەت قاراشلىرى» دېگەن تېمىدىكى يىغىن مۇۋەپپەقىيەتلىك باشلاندى. ئامېرىكا كونگرېسىدە ئۆتكۈزۈلگەن بۇ يىغىنغا ئاكادېمىكلار، ئىنسان ھەقلىرى پائالىيەتچىلىرى ۋە مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەكىللىرى ئىشتىراك قىلدى ھەمدە شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى ۋە بۇنىڭغا قارىتا تەدبىرلەر مۇزاكىرە قىلىندى.

- **3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى ئامېرىكا كونگرېسىدىكى مەدەنىيەت**

**پائالىيىتىگە ئىشتىراك قىلدى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى دولقۇن ئەيسا ئەپەندى ئامېرىكىنىڭ پايتەختى ۋاشىنگتوندا ئۆتكۈزۈلگەن ئۇيغۇر مەدەنىيەت كۈنى پائالىيىتىدە سۆز قىلدى. ئامېرىكا ئۇيغۇر بىرلىكى ۋە تۇم لانتوس ۋەخپى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان مەزكۇر پائالىيەتتە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مول مەدەنىيەت بايلىقى تونۇشتۇرۇلدى ۋە شۇ ئارقىلىق بۇ بىباھا مەدەنىيەتنىڭ بۇشۈكى بولغان شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ئېغىر ۋەزىيىتى ئاڭلىتىلدى.

- **3 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 8 - كۈنىگىچە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ھەيئىتى ۋاشىنگتوندا يۇقىرى دەرىجىلىك ئەربابلار بىلەن كۆرۈشتى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى دولقۇن ئەيسا ۋە ئىجرائىيە كومىتېتى رەئىسى ئۆمەر قانات ئەپەندىلەر ۋاشىنگتوندا ئامېرىكىنىڭ دۆلەت ئەربابلىرىغا قارىتىلغان بىر قاتار تەشۋىقات ۋە تونۇشتۇرۇش پائالىيەتلىرىگە قاتناشتى. ھەر قايسى ئۇچرىشىشلار جەريانىدا ئۇلار ئامېرىكىنىڭ دۆلەت ئەربابلىرىغا شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى ۋە ئۇيغۇر خەلقى يولۇقۇۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق ھەققىدە ئەڭ يېڭى مەلۇماتلارنى تەقدىم قىلدى ۋە ئامېرىكىنىڭ ھەرىكەتكە ئۆتۈشىنى تەلەپ قىلدى.

3 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، دولقۇن ئەيسا ۋە ئۆمەر قانات ئەپەندىلەر ۋىل ھۇرد، مارك مەدووس ۋە گىرەي پەتىرس قاتارلىق ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئامېرىكا كونگرەسسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ۋەزىيەتنى ئوڭشاش يولىدا كۆرسىتىش ئېھتىمالى بولغان تىرىشچانلىقلار ھەققىدە پىكىر ئالماشتۇردى.

3 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، دولقۇن ئەيسا ۋە ئۆمەر قانات ئەپەندىلەر ئامېرىكىنىڭ خەلقئارا دىنىي ئەركىنلىك باش ئەلچىسى سامۇئېل بىروۋنبېك ئەپەندى بىلەن كۆرۈشتى ۋە خىتاي مۇستەملىكىسى ئاستىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دىنىي ئەركىنلىكى قانچىلىك دەرىجىدە بوغۇلۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاتتى. بىروۋنبېك ئەپەندى ئارقىدىنلا ئېلىپ بېرىلغان ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ 2017 ـ يىللىق خەلقئارا دىنىي ئەركىنلىك دوكلاتىنى ئېلان قىلىش مەتبۇئات يىغىنىغا ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئەركىنلىك ۋەزىيىتى ئۈستىدە مەخسۇس توختىلىپ باياناتت بەردى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نۆۋەتتە كونسېرى يامانلىشىپ كېتىۋاتقان دىنىي ئەركىنلىك ۋەزىيىتى ئۇشبۇ دوكلاتتا مۇھىم يەر ئالغان ئىدى.

دولقۇن ئەيسا ئەپەندى يەنە ۋاشىنگتوندىكى مىللىي مەتبۇئات كۇلۇبىدا ئۆتكۈزۈلگەن مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىغا قاتناشتى ھەمدە يەرلىك ۋە

www.uyghurkitap.com



خەلقئارالىق مەتبۇئاتلارنىڭ خەلقئارا ساقچى تەشكىلاتى يېقىندا بىكار قىلغان ئۇنىڭ ھەققىدىكى قىزىل رەڭلىك تۇتۇش بۇيرۇقى ۋە شۇنداقلا شەرقىي تۈركىستاندىكى جازا لاگېرلىرى توغرىسىدىكى سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى. ئەينى كۈندە، دولقۇن ئەيسا ۋە ئۆمەر قانات ئەپەندىلەر ئامېرىكا كونگرېسى خەلقئارا دىنىي ئەركىنلىك تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى بىلەن ئۇچرىشىپ خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇيغۇر خەلقىگە سېلىۋاتقان دىنىي زۇلۇملىرىنى ئاڭلاتتى.

3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، دولقۇن ئەيسا ۋە ئۆمەر قانات ئەپەندىلەر ئامېرىكا كونگرېسى خىتاي ئىشلىرى كومىسسىيەسىنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن ئۇچراشتى. ئوخشاش كۈندە، ئۇلار يەنە ئامېرىكا تىنچلىق ئىنستىتۇتى دىن ۋە سىغدۇرۇشچان جەمئىيەتلەر بۆلۈمىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك مەسلىھەتچىسى بىلەن كۆرۈشتى. بارلىق ئۇچرىشىشلاردا ئۇيغۇر خەلقى ئۇچراۋاتقان مىسلىسىز دىنىي زۇلۇملار ئاڭلىتىلدى ھەمدە بۇ زۇلۇملارنى توختىتىشنىڭ چارە - تەدبىرلىرى ھەققىدە مۇزاكىرىلەر ئېلىپ بېرىلدى.

- **3 - ئاينىڭ 7 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋاشىنگتوندا ئىنتېرپولنىڭ قىزىل رەڭلىك تۇتۇش بۇيرۇقىنىڭ ئەمەلدىن قىلىشى توغرىسىدا ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزدى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋە ئامېرىكادىكى ئۇيغۇر ئىنسان ھەقلىرى پىروجېكتى بىرلىكتە ۋاشىنگتوندىكى مىللىي مەتبۇئات كۇلۇبىدا ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئۇيۇشتۇردى. يىغىندا ئەنگلىيەدىكى ئادىل سوت تەشكىلاتىنىڭ جاپالىق خىزمەتلىرى نەتىجىسىدە خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ساختا پاكىتلار بىلەن ئەيىبلىشى سەۋەبىدىن ئىنتېرپولنىڭ قىزىل رەڭلىك تۇتۇش بۇيرۇقى تىزىملىكىگە چۈشۈپ قالغان د ئۇ ق رەئىسى دولقۇن ئەيسا ئەپەندىنىڭ ئاقلىنىپ، تىزىملىكتىن ئىسمىنىڭ ئۆچۈرۈلگەنلىكى مەركىزى تېما قىلىندى.

خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش تەشكىلاتىنىڭ خىتاي ئىشلىرى دىرېكتورى سوفىي رىچاردسون خانىم، ئامېرىكا دېموكراتىيەنى ئىلگىرى سۈرۈش فوندىنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى لۇئىسا گرەۋ خانىم ۋە ئەنگلىيەدە تۇرۇشلۇق ئادىل سوت تەشكىلاتىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك قانۇن ۋە سىياسەت ئەمەلدارى رەبەككا شەففەر خانىملار بۇ مەسىلە توغرىسىدا پىكىر بايان قىلدى. خىتاينىڭ سىياسىي ئۆكتىچىلەر ۋە ئىنسان ھەقلىرى پائالىيەتچىلىرىنى جىمىقتۇرۇش ۋە پۇقرا جەمئىيىتىنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئىنتېرپول ۋە باشقا خەلقئارالىق تەشكىلاتلارنى ۋاستە قىلىپ ئىشلىتىۋاتقانلىقى گەۋدىلەندۈرۈلدى.

- **دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى 2018 - يىلى 3 - ئاينىڭ 6 - كۈندىن 9 - كۈنگىچە جەنۋەدە**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى 2018 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىن 9 ـ كۈنىگىچە شۋېيتسارىيەنىڭ جەنۋە شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن ب د ت ئىنسان هەقلىرى كېڭەشمىسىنىڭ 37 ـ نۆۋەتلىك يىغىنىغا قاتناشتى. مۇتەخەسسىسلەر، ئاممىۋى تەشكىلاتلار ۋەكىللىرى ۋە دۆلەتلەرنىڭ ب د ت دا تۇرۇشلۇق دائىمىي ۋەكىللىرى بىلەن بىرلىكتە، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەممە جايلىرىدا پەۋقۇلئاددە زور كۆلەملىك جازا لاگېرلىرى قۇرغانلىقى ۋە مىليونلىغان بىگۇناھ ئۇيغۇرلارنى خالىغانچە تۇتقۇن قىلغانلىقى، ئاياللارنىڭ ئىغىر خورلۇققا ئۇچرىغانلىقى ۋە بالىلارنىڭ خىتايلاشتۇرۇش سىياسىتىنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. بۇ بىر قاتار يىغىنلار پات ئارىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان ب د ت نىڭ 2018 ـ يىللىق خىتايدىكى ئىنسان هەقلىرى ۋەزىيىتىنى ئومۇميۈزلۈك كۆزدىن كەچۈرۈش چوڭ يىغىنىغا ئالدىن تەييارلىق بولۇپ، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ خىتايدىكى ئومۇميۈزلۈك ئىنسان هەقلىرى دەپسەندىچىلىكلىرىنى، جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقى دۇچار بولۇۋاتقان خىتاينىڭ قەبىھ زۇلۇملىرىنى ئاشكارا ئەيىبلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش مەقسەت قىلىنغان.

- **3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى«بىر ئاۋاز، بىر قەدەم» پائالىيىتىگە ئاۋاز قوشتى**

خەلقئارا جامائەتچىلىكنىڭ دىققىتىنى خىتاي ھاكىمىيىتى شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزۈۋاتقان قەبىھ باستۇرۇش سىياسەتلىرىگە تارتىش ئۈچۈن، 14 دۆلەتتىكى 15 چوڭ شەھەردە بىر قانچە يۈزلىگەن ئۇيغۇرلار ئوخشاش كۈندە بىرلىكتە نامايىش ئېلىپ باردى. بۇ نامايىشلار ئامېرىكادىكى «بىر ئاۋاز، بىر قەدەم» ناملىق جەڭگىۋار ئۇيغۇر ئاياللار گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن تەشكىللىگەن بولۇپ، مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر ئاياللىرىنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈش ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستاندىكى مىسلىسىز زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن كونكرېت ھەرىكەت قىلىشىنى نىشانلىغان ئىدى. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئۆز تەركىبىدىكى تەشكىلاتلىرىغا بۇ پائالىيەتنى قىزغىن قوللاشقا چاقىرىق قىلدى ۋە ئەمەلىي ھەرىكەتلىرى بىلەن كۈچلۈك ئاۋاز قوشتى.

- **3 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى نورۋېگىيە پايتەختى ئوسلودىكى نوبېل تىنچلىق مەركىزىدە يۇملاق ئۈستەل مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزدى**

نورۋېگىيە ئۇيغۇر كومىتېتى ۋە رافتو ئىنسان ھەقلىرى ۋەخپىنىنىڭ ھەمكارلىشىشى بىلەن، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى نورۋېگىيە پايتەختى ئوسلوغا جايلاشقان نوبېل تىنچلىق مەركىزىدە «تاجاۋۇز قىلىنىۋاتقان ئۇيغۇر تىلى

ھەق - ھوقۇقى: شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر تىلى ۋە مەدەنىيەت ھەق - ھوقۇقلىرى» تېمىسىدا يۇمىلاق ئۈستەل مۇھاكىمە يىغىنى ئېلىپ باردى. ئۇيغۇر تىلى ئالىملىرى، ئىنسان ھەقلىرى پائالىيەتچىلىرى ۋە نورۋېگىيەدىكى ھەر قايسى ئىجتىمائىي گۇرۇپپىلارنىڭ ۋەكىللىرىنى بىر ئارىغا جەم قىلغان بۇ يىغىندا كۆنسېرى ناچارلىشىۋاتقان ئۇيغۇر تىلى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ ۋەزىيىتى ھەمدە خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان قەبىھ تىل - مەدەنىيەت سىياسىتى مۇھاكىمە قىلىندى.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى دولقۇن ئەيسا ئەپەندى، نورۋېگىيە ئۇيغۇر كومىتېتى رەئىسى بەختىيار ئۆمەر ئەپەندى ۋە رافتو ۋەخپىنىڭ مۇدىرى ھول كوبەلتۇۋت ئەپەندىملەر ئېچىلىش نۇتۇقلىرىنى تەقدىم قىلدى. پېتىر ئەرۋىن ئەپەندى رىياسەتچىلىك قىلغان مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ بىرىنچى بۆلۈمىدە ھول كوبەلتۇۋت ئەپەندى، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ نورۋېگىيەدىكى سىياسىي مەسلىھەتچىسى گەرالد كادور فولكلورد ئەپەندى ۋە ئۇيغۇر ئىنسان ھەقلىرى پىروجېكتى دىرېكتورى ئۆمەر قانات ئەپەندى قاتارلىقلار نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر تىل ھەق - ھوقۇقلىرىنىڭ ئەھۋالى ۋە نورۋېگىيەدىكى ئىنسان ھەقلىرى پائالىيەتچىلىرىنىڭ زىممىسىگە چۈشىدىغان رىقابەتلەر مۇھاكىمە قىلىندى. ئارقىدىن، نورۋېگىيە پارلامېنت ئەزاسى نىكولاس ۋىلكىنسون ئەپەندى بايانات ئېلان قىلىپ، نورۋېگىيەنىڭ يېقىندىن بۇيانقى ئىنسان ھەقلىرىنى قوغداشتىكى يېتەرسىزلىكلىرىگە بولغان نارازىلىقىنى ئىپادە قىلدى. نورۋېگىيە تىبەت كومىتېتىنىڭ رەئىسى سومو سىۋەنگسىن خانىم، فورستبۇرگ دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ياردەمچى پىروفېسسورى ما خەييۇن ئەپەندى ۋە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى پىروجېكت كوئوردىناتورى رىيان بەرى ئەپەندىم قاتارلىقلار مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئىككىنچى بۆلۈمىنى داۋاملاشتۇردى.

- **3 - ئاينىڭ 16 - كۈندىن 18 – كۈنگىچە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئوسلودا ئۇيغۇر ياشلىرىنى تەربىيەلەش پىروگراممىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزدى**

نورۋېگىيە ئۇيغۇر كومىتېتىنىڭ يېقىندىن ھەمكارلىشىشى ۋە ئامېرىكا دېموكراتىيەنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى بىلەن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى نورۋېگىيە پايتەختى ئوسلو شەھىرىدە يېڭى بىر نۆۋەتلىك ئۇيغۇر ياشلىرىنى ئىنسان ھەقلىرى بويىچە تەربىيەلەش كۇرسى ئېلىپ باردى. كۇرسانتلارغا ئىنسان ھەقلىرى خىزمىتىنىڭ ماھىيىتى، ئۇنىڭ شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىدىكى رولى ۋە ئەھمىيىتى قاتارلىق مەزمۇنلار نورۋېگىيەنىڭ ۋە شۇنداقلا خەلقئارانىڭ شارائىتلىرىنى چىقىش قىلىپ تۈرۈپ تونۇشتۇرۇلدى.

- **3 - ئاينىڭ 18 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ھەيئىتى نەۋرۇزنى قۇتلۇقلاش مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىگە ئىشتىراك قىلدى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ئوسلودىكى ئىنسان ھەقلىرى بويىچە تەربىيەلەش كۇرسى ۋە يۇمىلاق ئۈستەل يىغىنلىرى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋە نورۋېگىيە ئۇيغۇر كومىتېتىنىڭ ۋەكىللىرى نورۋېگىيەدىكى ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى ئورۇنلاشتۇرغان نەۋرۇزنى قۇتلۇقلاش پائالىيىتىگە قاتناشتى. نەۋرۇز مۇناسىۋىتى بىلەن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ تەركىبىدىكى باشقا تەشكىلاتلارمۇ ئۆزى تۇرۇشلۇق دۆلەتلەردە ئىستىقامەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇر مۇھاجىرلىرى بىلەن ھەر خىل مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇرغان ئىدى.

- **3 - ئاينىڭ 21 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى دولقۇن ئەيسا ئەپەندى خەلقئارا مەتبۇئاتقا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ۋەزىيىتىنى ئاڭلاتتى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى دولقۇن ئەيسا ئەپەندى ئىتالىيەنىڭ ئاسىيا خەۋەرلىرى گېزىتىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان ئىرقىي يوقىتىش سىياسىتى ئېلىپ كەلگەن تەسۋىرلىگۈسىز ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى ئاڭلاتتى.

- **3 - ئاينىڭ 23 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ھەيئىتى ب د ت ئىنسان ھەقلىرى كېڭىشىنىڭ 37 - نۆۋەتلىك يىغىنىغا قاتناشتى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىدىن تەركىب تاپقان بىر ھەيئەت شىۋېيتسارىيەنىڭ جەنۋە شەھىرىگە جايلاشقان ب د ت ئىنسان ھەقلىرى كېڭىشىنىڭ 37 - نۆۋەتلىك يىغىنىغا ئىشتىراك قىلدى. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى يىللاردىن بۇيان ئالاقىدار دۆلەتلەرنىڭ ب د ت دا مۇقىم تۇرۇشلۇق ۋەكىللىك ئورگانلىرى، ب د ت ئەمەلدارلىرى ۋە كۆپ ساندىكى ھۆكۈمەتسىز تەشكىلاتلار بىلەن زىچ ھەمكارلىشىپ، ئۇيغۇر خەلقى يولۇقۇۋاتقان مىسلىسىز زۇلۇملارنى دۇنيانىڭ مۇھىم سىياسىي سەھنىسى بولغان ب د ت دا ئاڭلىتىپ كەلمەكتە ھەمدە شەرقىي تۈركىستان ۋە ئۇيغۇر مەسىلىسىنى ھەل قىلىش يولىدا خەلقئارالىق سەھنىلەردە چارە تېپىش ئۈچۈن ئاكتىپ خىزمەت قىلىپ كەلمەكتە.

- **3 - ئاينىڭ 23 ۋە 24 - كۈنلىرى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى UNPO نىڭ رەئىسلىك يىغىنىغا قاتناشتى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى دولقۇن ئەيسا ئەپەندى ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتى (UNPO) نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇش سالاھىتى بىلەن، UNPO نىڭ بۇ يىللىق رەئىسلىك يىغىنىغا قاتناشتى ۋە UNPO نىڭ كەلگۈسى پىلان

- پىروگراممىلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى.

- **3 - ئاينىڭ 25 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەكىلى ياۋروپا پارلامېنتىدا ئۆتكۈزۈلگەن دىنىي ئەركىنلىك يىغىنىغا قاتناشتى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسى ئۆمەر قانات ئەپەندى ياۋروپا كونسېرۋاتىپلار ۋە ئىسلاھاتچىلار گۇرۇپپىسى ياۋروپا پارلامېنتىدا ساھىبخانلىق قىلغان دىنىي ئەركىنلىك تېمىسىدىكى پائالىيەتكە ئىشتىراك قىلدى. ئۆمەر قانات ئەپەندى ئۇيغۇر خەلقى ئۇچراۋاتقان پەۋقۇلئاددە ئېغىر دىنى زۇلۇملارنى ۋە خىتاينىڭ جازا لاگېرى سىياسىتىنىڭ زىيانكەشلىكىنى ئاڭلاتتى. پائالىيەتكە ئىشتىراك قىلغان تەرەپلەر، خىتاينىڭ دىنى زۇلۇمغا ئۇچراۋاتقان ھەر قايسى قەۋملەرنىڭ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، بۇ زۇلۇمنىڭ توختىشى ئۈچۈن بىرلىكتە كۈرەش قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتىنى تەكىتلىدى.

- **4 - ئاينىڭ 4 – كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنى بىرىيۇسسېلدا جازا لاگېرلىرىغا ئېتىراز بىلدۈرۈشكە چاقىردى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى باياناتى ئېلان قىلىپ، مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلارنى 4 - ئاينىڭ 27 - كۈنى بېلگىيەنىڭ پايتەختى بىرىيۇسسېلدا ئېلىپ بېرىلماقچى بولغان خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزۈۋاتقان دەھشەتلىك جازا لاگېرى سىياسىتىگە نارازىلىق بىلدۈرۈش مەقسىتىدىكى كەڭ كۆلەملىك نامايىشقا ئاۋاز قوشۇشقا چاقىردى.

- **4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ يالغان - ياۋىداق ئۇچۇر تارقىتىۋاتقانلىقىنى ئەيىبلىدى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى مەتبۇئات باياناتى ئېلان قىلىپ، خەلقئارا جامائەتچىلىكنى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ يېقىندا كۈچەپ ئېلىپ بېرىۋاتقان تېررورلۇقنى باھانە قىلىپ ئوچۇق - ئاشكارا يالغان ياۋىداق خاتا ئۇچۇر تارقىتىش قىلمىشىغا دىققەت قىلىشقا چاقىرىق قىلدى ۋە خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ بۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆز ھەق - ھوقۇقى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىۋاتقان قانۇنلۇق كۈرىشىنى خۇنۇكلەشتۈرۈش ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىش ماھىيىتىنى كۆرسىتىپ بەردى.

- **4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى خىتاينىڭ جازا لاگېرىغا ئائىت پاكىتلار بىلەن تەمىنلەشكە چاقىرىق قىلدى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى باياناتى ئېلان قىلىپ، مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىنى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى جازا لاگېرى سىياسىتىنىڭ

نەتىجىسىدە خالىغانچە تۇتقۇن قىلىنغان، غايىب بولغان ۋە ئۆلتۈرۈلگەن ئۇيغۇرلار ھەققىدە ئۇچۇر ۋە پاكىت ئىسپاتلار بىلەن تەمىنلەشكە چاقىردى. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى خىتاي تەرىپىدىن ھازىر جازا لاگېرلىرىدا تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان مىليونلىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىملىرى ۋە باشقا ئۇچۇرلىرىنى 4 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى بىرىيۇسسېلدا ئۆتكۈزۈلمەكچى بولغان چوڭ كۆلەملىك نارازىلىق نامايىشىدا ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ ئالاقىدار ئورگانلىرىغا ئىسپات سۈپىتىدە رەسمىي تاپشۇرۇپ بەرمەكچى ھەمدە ياۋروپا ئىتتىپاقىدىن جىددىي تەدبىر قوللىنىپ جازا لاگېرلىرىدا ئازاب چېكىۋاتقان بىگۇناھ شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ دەرھال قويۇپ بېرىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش تەلەپ قىلىنماقچى بولغان ئىدى.

- **4 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈندىن 25 – كۈنگىچە ب د ت دا**

4 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈندىن 25 ـ كۈنگىچە، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى دولقۇن ئەيسا ۋە ئىجرائىيە كومىتېتى رەئىسى ئۆمەر قانات ئەپەندىلەر نيۇ ـ يورك شەھىرىگە بېرىپ، ب د ت يەرلىك مىللەتلەر مەسىلىسى دائىمىي مۇنبىرىنىڭ 17 ـ نۆۋەتلىك يىغىنىغا قاتناشتى. يىغىنغا قاتنىشىش ئىلتىماسى بىر نەچچە ھەپتە ئىلگىرى تەستىقلانغان ۋە ئىجازەتنامىنىڭ تېخى ئىناۋەتلىك بولۇشىغا قارىماي، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ كۈچلۈك توسقۇنلۇق قىلىشى بىلەن دولقۇن ئەيسا ئەپەندىنىڭ بۇ مۇنبەرنىڭ كۆپ قىسىم يىغىنلىرىغا قاتنىشىشى چەكلەندى. دولقۇن ئەيسا ئەپەندى ب د ت مۇنبىرىگە قاتنىشىش ئۈچۈن نيۇ ـ يوركقا كېلىشتىن ئۈچ كۈن بۇرۇن ئېلېكتىرونلۇق خەت تاپشۇرۇۋېلىپ بىر نەچچە ھەپتە ئىلگىرى تەستىقلانغان يىغىنغا قاتنىشىش ئىجازەتنامىسىغا «بىخەتەرلىك» ئەندىشىلىرى تۈپەيلىدىن قايتا قاراپ چىقىدىغانلىقى بىلدۈرۈلدى. 4 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى دۈشەنبە، ئىسا ئەپەندىنىڭ ب د ت بىناسىغا كىرىپ مۇنبەرگە قاتنىشىشىغا ب د ت خىزمەتچىلىرى تەرىپىدىن «بىخەتەرلىك» باھانىسى بىلەن يول قويۇلمىدى.

دولقۇن ئەيسا بىلەن ئۆمەر قانات ئەپەندىلەر ئامېرىكىنىڭ ب د ت دا دائىمىي تۇرۇشلۇق ۋەكىللىك ئورگىنىنىڭ باش كاتىپ ياردەمچىسى ئاندرەۋ گىلمور ۋە گېرمانىيەنىڭ ب د ت دا دائىمىي تۇرۇشلۇق ۋەكىللىك ئورگىنىنىڭ خادىملىرى بىلەن كۆرۈشۈپ بۇ مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلدى. دولقۇن ئەيسا ئەپەندى كېيىن مۇنبەرگە قاتنىشىش ئىجازەتنامىسىنى قايتىدىن تەستىقلىتىپ ئالغان بولسىمۇ، ئەمما ئەتىسى ب د ت غا كىرمەكچى بولغاندا، ئامېرىكىنىڭ ئەكوسوك تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى كەللەي كۇرىي خانىمنىڭ ھەمراھ بولۇشىغا قارىماي دولقۇن ئەيسا ئەپەندىنىڭ ب د ت غا كىرىشى يەنە رەت قىلىنىدى. كۇرىي خانىم دولقۇن ئەيسا ئەپەندىنى تۈركىيە، ئىسرائىلىيە ۋە گېرمانىيە قاتارلىق بىر قانچە دۆلەت ۋەكىللەر ئۆمىكىگە تونۇشتۇردى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بۇ پۇرسەتتە ئۇيغۇر خەلقى دۇچار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بولۇۋاتقان ئېچىنىشلىق ۋەزىيەتنى تونۇشتۇردى. ئامېرىكا ۋە گېرمانىيەنىڭ ب د ت دا دائىمىي تۇرۇشلۇق ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەربابلىرىنىڭ بىر قوللۇق ئارىلىششى نەتىجىسىدە، باش كاتىپىنىڭ ياردىمىدە دولقۇن ئەيسا ئەپەندى ئاخىرى 4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى پەيشەنبە ب د ت غا كىردى ۋە ب د ت مۇنبىرىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دەرد ـ ئەھۋالىنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە ئاڭلاتتى. خىتاي ھۆكۈمىتى نۆۋەتتە ب د ت غا بېسىم ئىشلىتىپ دولقۇن ئەيسا ئەپەندىنىڭ يىغىنغا قاتنىشىش سالاھىيىتى ھەل قىلىپ بەرگەن گېرمانىيەدە تۇرۇشلۇق خەتەر ئاستىدىكى مىللەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ب د ت دىكى سالاھىيىتى پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئۈچۈن بار كۈچىنى ئىشقا سالماقتا. بۇ مەسىلە ب د ت ئامىمۋى تەشكىلاتلار كومىتېتىدا ئاۋازغا قويۇلۇش ئالدىدا تۇرماقتا.

- **4 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى داڭلىق ئۇيغۇر يازغۇچىسى ۋە ئالىمى ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ خىتاي ساقچىلىرى تەرىپىدىن خالىغانچە تۇتقۇن قىلىنغانلىقىنى ئەيىبلىدى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بايانات قىلىپ، كۆزگە كۆرۈنگەن ئۇيغۇر يازغۇچىسى ۋە ئالىمى ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ خىتاي ساقچىلىرى تەرىپىدىن خالىغانچە تۇتقۇن قىلىنىشىنى قاتتىق ئەيىبلىدى. خەۋەر قىلىنىشىچە، ئابدۇقادىر جالالىدىن ئەپەندى 2018 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى قولغا ئېلىنغان بولۇپ، ئەينى چاغدا خىتاي ساقچىلىرى ئۇنىڭ ئۆيىگە بېسىپ كىرىپ، بېشىغا قارا رەڭلىك خالتا كىيدۈرۈپ ئېلىپ كەتكەن. ئۇنى قولغا ئېلىشتا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق بولۇپ، گەرچە داۋاملىق تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان بولسىمۇ، تېخىچە ھېچقانداق كونكرېت جىنايەت بىلەن ئەيىبلەنمىگەن.

- **4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ قاتتىق توسقۇنلۇقىغا ئۇچرىغان دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى دولقۇن ئەيسا ئەپەندىنىڭ ب د ت يەرلىك مىللەتلەر مۇنبىرىگە كىرىشكە رۇخسەت قىلىندى**

ئىككى ھەپتىگە يېقىن توسقۇنلۇق ۋە قايتا ـ قايتا رەت قىلىشلاردىن كېيىن، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى دولقۇن ئەيسا ئەپەندىنىڭ ب د ت بىناسىغا كىرىشى ۋە 4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈندىكى يەرلىك مىللەتلەر مەسىلىسى بويىچە دائىمىي مۇنبىرىگە قاتنىشىشىغا رۇخسەت قىلىندى. مۇنبەرگە قاتنىششتىن بىر قانچە ھەپتە ئىلگىرى تەستىقلانغان ۋە تېخى بىر ھەپتە بۇرۇن ئېلېكتىرونلۇق خەت ئارقىلىق تەكرار تەستىقلانغان بولسىمۇ، دولقۇن ئەيسا ئەپەندىنىڭ ئۇدا ئىككى قېتىم ب د ت بىناسىغا كىرىپ مۇنبەرگە قاتنىششى سەۋەبسىز توسقۇنلۇققا ئۇچرىدى. ئامېرىكا ۋە گېرمانىيەنىڭ ب د ت دا تۇرۇشلۇق دائىمىي ۋەكىللىك ئورگانلىرىنىڭ جىددىي ئارىلىششى نەتىجىسىدە خىتاي ھۆكۈمىتى قەستەن

پەيدا قىلىۋاتقان بۇ مەسىلە ھەل قىلىندى.

- **4 - ئاينىڭ 25 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئىجرائىيە كومىتېتى رەئىسى ئۆمەر قانات ياۋروپا پارلامېنتىدا**

4 - ئاينىڭ 25 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئىجرائىيە كومىتېتى رەئىسى ئۆمەر قانات ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ كونسېرۋاتىپلار ۋە ئىسلاھاتچىلار گۇرۇھى ۋە ياۋروپا پارلامېنت ئەزاسى باس بەلدەر ساھىبخانلىق قىلغان خىتايدىكى دىنىي ئەركىنلىك تېمىسىدىكى پائالىيەتكە قاتناشتى. ئۆمەر قانات ئەپەندى يىغىن ئىشتىراكچىلىرىغا ئۇيغۇر خەلقى دۇچ كېلىۋاتقان خىتاينىڭ پەۋقۇلئاددە ئېغىر دىنىي باستۇرۇش سىياسىتى ۋە جازا لاگېر سىياسىتىنى ئاڭلاتتى. يىغىن قاتناشچىلىرى خىتاينىڭ دىنىي زۇلۇملىرىغا ئۇچراۋاتقان ئوخشىمىغان خەلقلەرنىڭ بىرلىكتە ئىتتىپاقلىشىپ، ئۆزگە تېگىشلىك ھەق - ھوقۇقلىرى ئۈچۈن ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

- **4 - ئاينىڭ 27 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئۆزىنىڭ ھەمكارلاشقۇچىسى ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتى (UNPO) بىلەن بىريۇسسېلدا مۇۋەپپەقىيەتلىك نامايىش ئېلىپ باردى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ ھەمكارلاشقۇچىسى ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتى (UNPO) بىلەن بىرلىكتە بېلگىيەنىڭ پايتەختى بىريۇسسېلدا چوڭ كۆلەملىك نارازىلىق نامايىشىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزدى. بۇ نامايىش خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مىليونلىغان ئۇيغۇرلارنى شەرقىي تۈركىستاندىكى جازا لاگېرلىرىغا تۇتقۇن قىلىشى شىددەت بىلەن كۈچىيىۋاتقان پەيتكە توغرا كەلدى. مۇھاجىرەتتىكى مىڭلىغان ئۇيغۇرلار «مىئوس» مەيدانىغا يىغىلىپ، ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ يۈرىكىدىن نارازىلىق يۈرۈشىنى باشلىدى ھەمدە ياۋروپا ئورگانلىرىنى ۋە خەلقئارا جامائەتچىلىكنى خىتاينىڭ جىنايەتلىرىگە سۈكۈت قىلماسلىققا چاقىردى، جازا لاگېرلىرىدا ئازاب چېكىۋاتقان مىليونلىغان ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىنىڭ دەرھال قويۇپ بېرىلىشى ئۈچۈن يادرەم تەلەپ قىلدى.

- **5 - ئاينىڭ 3 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى جەنۋەدە ب د ت مۇساپىرلار ئالىي كومىسسارلىقى بىلەن ئۇچراشتى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى دولقۇن ئەيسا ئەپەندى ب د ت مۇساپىرلار ئالىي كومىسسارلىقىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، خىتايدىن ھاكىمىيىتىنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ئۆز يۇرتىنى تاشلاپ قېچىپ چىقىشقا مەجبۇر بولغان ئۇيغۇر مۇھاجىرلىرىنىڭ ۋەزىيىتى ۋە قاتمۇقات قىيىنچىلىقلىرىنى ئاڭلاتتى. 2018 - يىلى ئۇيغۇر مۇساپىرلىرىنىڭ سانىدا جىددىي ئېشىش

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



كۆرۈلگەن بولۇپ، خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ كونسېرى ئېشىۋاتقان خەلقئارالىق نوپۇزىدىن پايدىلىنىپ، چەت ئەلگە قېچىپ چىققان، سىياسىي پاناھلىق تىلىگەن ئۇيغۇرلارغىمۇ خاتىرجەم كۈن كۆرۈش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالدۇرۇشقا تىرىشىۋاتىدۇ. دولقۇن ئەيسا ئەپەندى ب د ت مۇساپىرلار ئالىي كومىسسارلىقىدىن ئۇيغۇر مۇساپىرلار مەسىلىسىنى جىددىي كۈنتەرتىپتە قويۇشنى تەلەپ قىلدى.

- 5 - ئاينىڭ 3 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ژۇرنالىستلارغا ئېھتىرام بىلدۈردى

دۇنيا مەتبۇئات ئەركىنلىكى كۈنى مۇناسىۋىتى بىلەن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى باياناتى ئېلان قىلىپ، ئۇيغۇر مەسىلىسىنىڭ دۇنيا مىقياسىدا تونۇلۇشى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىۋاتقان ژۇرنالىستلارغا، جۈملىدىن خىتايدا جىنىنى ۋە مېلىنى ئالقانغا ئېلىپ قويۇپ خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىرقىي يوقىتىش سىياسىتىنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە ئاشكارىلاۋاتقان ژۇرنالىستلارغا بولغان چوڭقۇر ھۆرمىتىنى ئىپادىلىدى.

- 5 - ئاينىڭ 4 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى لوندوندىكى ئۇيغۇر جامائىتى بىلەن ئۇچراشتى

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى دولقۇن ئەيسا ئەپەندى ئەنگلىيەدە رەسمىي شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتى قۇرۇش قارارىدىن كېيىن لوندوندىكى ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى بىلەن ئۇچراشتى. كۆپچىلىك بۇ ئۇچرىشىشتا ئەنگلىيەدىكى ھەر قايسى ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى بىلەن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئارىسىدا مۇناسىۋەت ئورنىتىش توغرىسىدا ئەتراپلىق پىكىر ئالماشتۇردى ھەمدە كەلگۈسىدىكى پائالىيەتلەرنى بىرلىكتە ھەمكارلىشىپ ئېلىپ بېرىشقا كېلىشتى. ئەنگلىيە زىيارىتى جەريانىدا دولقۇن ئەيسا پەندىم تىبەت ئاممىۋى تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشتى ۋە كەلگۈسى پائالىيەتلەر ھەققىدە مۇزاكىرە ئېلىپ باردى.

- 5 - ئاينىڭ 5 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى خەلقئارالىق ئۇيغۇر دوپپا بايرىمىنى تەبرىكلىدى

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئۇيغۇر جامائىتى بىلەن بىرلىكتە بۇ يىللىق خەلقئارا ئۇيغۇر دوپپا بايرىمىنى قۇتلۇقلىدى. 2009 - يىلىدىكى ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقىدىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن بۇ پائالىيەت، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ سىمۋولى بولغان ئۇيغۇر دوپپىسى ئارقىلىق نەپىس ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە تونۇتۇشنى مەقسەت قىلغان ئىدى.

- 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى خىتاينىڭ رامىزان مەزگىلىدىكى دىنى باستۇرۇشلىرىنى ئەيىبلىدى

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى باياناتى ئېلان قىلىپ، دۇنيا جامائەتچىلىكىگە

خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ مۇقەددەس رامىزان مەزگىلىدە ئۇيغۇرلارغا قاراتقان دىنىي باستۇرۇشىنى كۈچەيتىۋاتقانلىقىنى كۆرسەتتى ۋە جۇملىدىن مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەھۋالىغا كۆڭۈل بۆلۈشكە چاقىردى.

- **5 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى دولقۇن ئەيسا ئەپەندى ياۋروپا پارلامېنتىدا**

5 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى دولقۇن ئەيسا ئەپەندى خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش تەشكىلاتى خىتاي ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ دىرېكتورى سوفىي رىچاردسون خانىم، خەتەر ئاستىدىكى مىللەتلەر تەشكىلاتى ئاسىيا بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى ئۇلرىخ دەلىئۇس ئەپەندى قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ ئىنسان ھەقلىرى تارماق كومىتېتىدا ئېلىپ بېرىلغان يىغىنغا قاتناشتى. ئامېرىكا پارلامېنتى توم لانتوس كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىدىن جەيمس ماكگوۋەرن ۋە راندى خۇلتگرەن ئەپەندىلەر بۇ يىغىنغا مەخسۇس ۋىدېئولۇق تەبرىك ئەۋەتكەن ئىدى. بۇ يىغىن مەخسۇس خىتايدىكى ئىنسان ھەقلىرى ۋەزىيىتى توغرىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نۆۋەتتىكى قورقۇنچلۇق ئىنسان ھەقلىرى ۋەزىيىتى توغرىسىدا نۇقتىلىق مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىلدى.

دولقۇن ئەيسا ئەپەندى ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ ئىنسان ھەقلىرى تارماق كومىتېتىغا خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزۈۋاتقان جازا لاگېرى سىياسىتى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى، مەدەنىيىتى، سۆز ئەركىنلىكى ۋە كىشىلىك ئىززەت - ھۆرمىتىگە ئېلىپ كەلگەن پاجىئەلىك زىيانكەشلىكلىرىنى دەلىل - ئىسپاتلار بىلەن ئاڭلاتتى، ھەمدە ياۋروپا ئىتتىپاقىنى ئەمەلىي ھەرىكەتلەر بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنى قۇتقۇزۇپ قىلىشقا، خىتاينىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلىرىگە سۈكۈت قىلماسلىققا ۋە بۇ جىنايەتلەرنىڭ داۋاملىشىشىنى توختىتىش ئۈچۈن خىتايغا كەسكىن تەدبىر قوللىنىشقا چاقىردى.

- **5 - ئاينىڭ 15 - كۈندىن 22 – كۈنىگىچە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى كانادا دائىرىلىرى بىلەن بىر قاتار ئۇچرىشىشلارنى ئېلىپ باردى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى مۇھاجىرلار كومىتېتىنىڭ دىرېكتورى مەمەت توختى ئەپەندى كانادا ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى بىلەن ئۇچراشتى ۋە شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كۈنسېرى ناچارلىشىۋاتقان خىتاي زۇلۇمىنى ئاڭلاتتى. مەمەت توختى ئەپەندى كانادا ھۆكۈمىتىنى ئىنسانىيەتكە قارشى بۇ كەڭ كۆلەملىك جىنايەتكە كۆز يۇمماسلىقنى ۋە ئەمەلىي تەدبىر قوللىنىپ خىتاي ھۆكۈمىتى ئېلىپ بېرىۋاتقان بۇ ئېغىر جىنايەتلەرنى توختىتىشقا چاقىردى. مەمەت توختى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئەپەندى يەنە كانادا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ خەلقئارا دىنىي ئەركىنلىك كومىتېتى ئورۇنلاشتۇرغان يىغىنغا قاتنىشىپ، شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتىنى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دەرد ئەھۋالىنى ئاڭلاتتى.

- **5 - ئاينىڭ 22 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى مېركېل خانىمنىڭ ختاي زىيارىتى جەريانىدا جازا لاگېرى سىياسىتىنى ئاشكارا ئەيىبلەشكە چاقىردى**

گېرمانىيە باش مىنىستىرى مېركېل خانىمنىڭ ختايغا قاراتقان دۆلەت ئىشلىرى رەسمىي زىيارىتىنىڭ ھارپىسىدا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى مەتبۇئات باياناتى ئېلان قىلىپ، مېركېل خانىمنى ختاي ئەمەلدارلىرى بىلەن كۆرۈشكەن ۋاقىتتا ئۇيغۇر مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىنى، جۈملىدىن ختاينىڭ جازا لاگېرى سىياسىتىنى ئاشكارا ئەيىبلەشكە چاقىرىق قىلدى.

- **5 - ئاينىڭ 29 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ختاي زىندانىدا ۋاپات بولغان يەنە بىر ئۇيغۇر دىنى ئالىمنىڭ ۋاپاتىغا تەزىيە بىلدۈردى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى خەلق سۆيگەن ئۇيغۇر دىنى ئالىمى ئابدۇلھەمىد مەخسۇمنىڭ ۋاپاتىغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈردى. 2017 - يىلى 11 - ئايدا 88 ياشقا كىرگەن بوۋاي بولۇشىغا قارىماي، زالىم ختاي ھاكىمىيىتىنى بۇ دىنىي ئالىمنى جازا لاگېرىغا تاشلىغان ئىدى.

- **6 - ئاينىڭ 4 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تيەنئەنمېن قىرغىنچىلىقىنى خاتىرىلىدى**

تيەنئەنمېن ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتى ۋە تيەنئەنمېن قىرغىنچىلىقىنىڭ 29 - يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى مەتبۇئات باياناتى ئېلان قىلىپ، ختاي ھاكىمىيىتىنىڭ زالىم ۋە قانخور ماھىيىتىنى ئەيىبلىدى.

- **6 - ئاينىڭ 4 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تيەنئەنمېن قىرغىنچىلىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتىگە ئىشتىراك قىلدى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى دولقۇن ئەيسا ۋە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى پروجېكت كوردىناتورى رىيان بەرى ئەپەندىلەر ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتىنىڭ بىريۇسسېلدىكى ئىشخانىسىدا ئېلىپ بېرىلغان تيەنئەنمېن قىرغىنچىلىقىنىڭ 29 يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتىگە قاتناشتى. دولقۇن ئەيسا ئەپەندى پائالىيەتتە سۆز قىلىپ، ختاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇيغۇر خەلقىگە ئېلىپ بېرىۋاتقان مىسلىسىز زۇلۇملىرىنى ئاڭلاتتى.

- **6 - ئاينىڭ 7 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بېرلىندا نامايىش ئېلىپ باردى**

خەتەر ئاستىدىكى خەلقلەرنى قوغداش تەشكىلاتىنىڭ ھەمكارلىشىشى

بىلەن، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بېرلىندا چوڭ نامايىش ئۆتكۈزۈپ، گېرمانىيە ھۆكۈمىتىنى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى جازا لاگېرى سىياسىتىگە كۆز يۇمماسلىققا، ئەمەلىي چارە قوللىنىپ لاگېرغا قامالغان مىليونلىغان ئۇيغۇرلارغا ياردەم قىلىشقا چاقىردى.

- **6 - ئاينىڭ 8 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى گېرمانىيە ھۆكۈمىتىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى بىلەن كۆرۈشتى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى دولقۇن ئەيسا ئەپەندى گېرمانىيە باش مىنىستىرى ئانگېلا مېركېل خانىم ئىشخانىسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، گېرمانىيە باش مىنىستىرىنىڭ خىتايغا قارىتىلغان زىيارىتى جەريانىدا جازا لاگېرى مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى ھەمدە خىتاي ھۆكۈمىتىدىن مىليونلىغان بىگۇناھ ئۇيغۇرلارنى دەرھال قويۇۋېتىشنى تەلەپ قىلىشنى سورىدى.

- **6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئۇيغۇر ئانا تىل كۈنىنى تەبرىكلىدى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى خەلقئارا ئۇيغۇر ئانا تىل كۈنى مۇناسىۋىتى بىلەن باياناتى ئېلان قىلىپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تۈۋرۈكى ھېسابلانغان ئۇيغۇر ئانا تىلىنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلىدى ۋە بۇ بىباھا مەدەنىيەت بايلىقىنى يوقىتىشقا كۆچەۋاتقان خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتىنى قاتتىق ئەيىبلىدى.

- **6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى شەرقىي تۈركىستان ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنى ئەسلىدى**

1988 - يىلى مەيدانغا كەلگەن، شەرقىي تۈركىستاننىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى مۇھىم ۋەقەلەرنىڭ بىرى ھېسابلانغان 15 - ئىيۇن شەرقىي تۈركىستان ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنىڭ 30 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى مەخسۇس باياناتى ئېلان قىلىپ، بۇ زور كۆلەملىك تارىخى ۋەقەنى ئەسلىدى.

- **6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى 1988 - يىلدىكى شەرقىي تۈركىستان ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنى خاتىرىلىدى**

1988 - يىلى شەرقىي تۈركىستاندا مەيدانغا كەلگەن، تارىخىي ئەھمىيىتى زور بىر قېتىملىق شەرقىي تۈركىستان ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنىڭ 30 - يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى خىتاينىڭ ميۇنخېندىكى كونسۇلخانىسىنىڭ ئالدىدا نارازىلىق نامايىشى ئۆتكۈزدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

- **6 - ئاينىڭ 16 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى روزا ھېيتنى قۇتلۇقلىدى**

ئۇلۇغ روزا ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى مىيۇنخېندا مەدەنىيەت پائالىيىتى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى روزا ھېيتنى قۇتلۇقلاش پائالىيىتى ئېلىپ باردى.

- **6 - ئاينىڭ 16 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى شەرقىي تۈركىستان ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتى ھەققىدە يۇمىلاق ئۈستەل يىغىنى ئۆتكۈزدى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى گېرمانىيەنىڭ مىيۇنخېن شەھىرىدە مەخسۇس يۇمىلاق ئۈستەل سۆھبىتى ئۆتكۈزۈپ، تارىخى ئەھمىيەتكە ئىگە شەرقىي تۈركىستان ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنى خاتىرىلىدى ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى ھەققىدە مۇزاكىرە ئېلىپ باردى.

- **6 – ئاينىڭ 18 – كۈنى ئىنسان ھەقلىرى كېڭەشنىڭ 38 - نۆۋەتلىك يىغىنىدا**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى 6 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 22 - كۈنىگىچە ئېلىپ بېرىلىدىغان ب د ت ئىنسان ھەقلىرى كېڭەشنىڭ 38 - نۆۋەتلىك يىغىنىغا قاتنىشىش، 8 - ئايدا ئۆتكۈزىلىدىغان ب د ت ئىرقىي كەمسىتىشنى يوقىتىش كومىتېتىنىڭ يىغىنى ۋە 11 - ئايدا ئۆتكۈزىلىدىغان خىتايدىكى ئىنسان ھەقلىرى ۋەزىيىتىنى ئومۇميۈزلۈك كۆزدىن كەچۈرۈش يىغىنلىرىغا تەييارلىق قىلىش مەقسىتىدە شىۋىتسارىيەنىڭ جەنۋە شەھىرىگە يېتىپ كەلدى.

- **6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى خەلقئارا جەمئىيەتنى ئۇيغۇر مۇساپىرلىرىغا ئىگە چىقىشقا چاقىردى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى دۇنيا مۇساپىرلار كۈنى مۇناسىۋىتى بىلەن مەتبۇئات باياناتى ئېلان قىلىپ، دۇنيا جامائەتچىلىكىنى ئۇيغۇر مۇساپىرلىرىنىڭ ئېغىر ۋەزىيىتىگە دىققەت ئېتىبارىنى ئاغدۇرۇشقا ھەمدە ئۇيغۇر مۇساپىرلىرى ۋە سىياسىي پانالىق تىلىگۈچىلىرىگە ياردەم قولىنى سۇنۇشقا چاقىردى.

- **6 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 23 - كۈنىگىچە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى دولقۇن ئەيسا ئەپەندى ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتىنىڭ بارسېلونادىكى رەئىسلىك يىغىنىغا قاتناشتى**

ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتىنىڭ (UNPO) مۇئاۋىن رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى دولقۇن ئەيسا ئەپەندى UNPO نىڭ بارسېلونادا ئېلىپ بارغان رەئىسلىك يىغىنىغا قاتناشتى. UNPO نىڭ بارلىق ۋەكىللىرى ئىشتىراك قىلغان بۇ يىغىندا، UNPO نىڭ ياۋروپا پارلامېنتى ۋە ب د ت دا نۆۋەتتە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ۋە كەلگۈسىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان خىزمەتلىرى

مۇزاكىرە قىلىندى.

مەزكۇر يىغىن جەريانىدا، «خەلقئارالىق سولچىلارنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە خەلقلەر مەركىزى» ۋە «كاتالونىيە جۇمھۇرىيەتچى سولچىلار پارتىيەسى» نىڭ ھەمكارلىقىدا، ئۇيغۇر، تىبەت، ئېفىيوپىيەدىكى ئومۇمرولار، تەيۋەنلىكلەر قاتارلىق تەقدىرداش خەلقلەر ئارىسىدا چۈشىنىشنى ۋە ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش مەركەز قىلىنغان بىر قېتىملىق خەلقئارالىق ئۇچرىشىشمۇ ئېلىپ بېرىلدى.

- **6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ياۋروپا پارلامېنتى ئۇيغۇر دوستلۇق گۇرۇپپىسىنىڭ تۇنجى قېتىملىق پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى**

ياۋروپا پارلامېنتى ئۇيغۇر دوستلۇق گۇرۇپپىسىنىڭ تۇنجى قېتىملىق پائالىيىتى ياۋروپا خەلق پارتىيەسىنىڭ ساھىبخانلىقىدا ئېلىپ بېرىلدى. «خەتەر ئاستىدىكى مەزلۇم خەلق: خىتايدىكى جازا لاگېرلىرىدا ئازاب چېكىۋاتقان ئۇيغۇرلار» تېمىسىدىكى بۇ پائالىيەتتە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا شىددەت بىلەن كېڭەيتىۋاتقان جازا لاگېرلىرى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر خەلقىگە ئېلىپ كەلگەن زىيانكەشلىكلىرى ئاڭلىتىلدى.

- **6 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ياۋروپا پارلامېنتىدا ئېلىپ بېرىلغان دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى دىنىي ئەركىنلىك ۋە سىياسىي پاناھلىق تىلىگۈچىلەرنىڭ ۋەزىيىتى تېمىسىدىكى پائالىيەتكە ئىشتىراك قىلدى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى پىروجېكت كوردىناتورى رىيان بەرى ئەپەندى چېگراسىز ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتى ۋە ياۋروپا پارلامېنت ئەزاسى زىچوۋىسكىي ئەپەندى بىرلىكتە ياۋروپا پارلامېنتىدا ئورۇنلاشتۇرغان خىتايدىكى دىنىي ئەركىنلىك ۋە خىتايدىن قېچىپ چىققان سىياسىي پاناھلىق تىلىگۈچىلەرنىڭ ۋەزىيىتى تېمىسىدىكى بىر قېتىملىق پائالىيەتكە قاتناشتى.

- **6 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 28 - كۈنگىچە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ب د ت ئىنسان ھەقلىرى كېڭىشىنىڭ 38 - نۆۋەتلىك يىغىنىغا قاتناشتى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى دولقۇن ئەيسا ۋە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى پروجېكت كوردىناتورى رىيان بەرى ئەپەندىلەر ب د ت ئىنسان ھەقلىرى كېڭىشىنىڭ 38 ـ نۆۋەتلىك يىغىنىغا قاتناشتى ۋە ئۇيغۇرلارغا ۋاكالىتەن شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمانسىز خىتاي زۇلۇمى ھەققىدە ئېغىزچە بايانات بەردى. بۇ جەرياندا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى كۆپلىگەن دۆلەتلەرنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلارغا بۇ قېتىمقى ب د ت يىغىنىدا ئۇيغۇر مەسىلىسىنى نۇقتىلىق ئوتتۇرىغا قويۇشقا دەۋەت قىلدى.

- **7 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن 5 - كۈنگىچە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ پروگراما باشقۇرغۇچىسى**

**لوندوندا ئۆتكۈزۈلگەن پائالىيەتكە قاتناشتى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ پروگراما باشقۇرغۇچىسى پېتىر ئەرۋىن ئەپەندى لوندونغا بېرىپ، ئافرىقا تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ ئادرىيان زەنز ئەپەندى ۋە راچىل هارىس خانىم بىلەن ئېلىپ بارغان مۇھاكىمە يىغىنى ھەمدە ئەنگلىيە پارلامېنتىدا ئۇيغۇر مەسىلىسى ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان يۇمىلاق ئۈستەل يىغىنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قاتار پائالىيەتلەرگە قاتناشتى.

- **7 - ئاينىڭ 3 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقىنىڭ 9 يىللىقىنى خاتىرىلىدى**

ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقىنىڭ 9 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى مەتبۇئات باياناتى ئېلان قىلىپ، زالىم خىتاي ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن قىرغىن قىلىنغان ئۇيغۇرلارنى ئەسلىدى ۋە بارلىق تەشكىلاتلارنى 5 - ئىيۇل كۈنى خىتايغا قارشى نارازىلىق نامايىشى ئېلىپ بېرىشقا چاقىرىق قىلدى.

- **7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ياۋروپا ئىتتىپاقىدا**

7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى دولقۇن ئەيسا ۋە قۇرۇلتاي پروجېكت باشقۇرغۇچىسى پېتىر ئەرۋىن ئەپەندىلەر ياۋروپا ئىتتىپاقى تاشقى ھەرىكەت ئىدارىسى چاقىرغان، 7 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن 10 - كۈنىگىچە بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلىدىغان 36 - نۆۋەتلىك ياۋروپا ئىتتىپاقى ۋە خىتاي ئارىسىدىكى ئىنسان ھەقلىرى ديالوگىغا تەييارلىق قىلىش يىغىنىغا قاتناشتى.

- **7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار 5 - يۇل ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقىنى خاتىرىلىدى**

5 - يۇل ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقىنىڭ 9 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىغا ئەزا تەشكىلاتلار ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق دۆلەتلەردىكى ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىنىڭ كۈچلۈك ئاۋاز قوشۇشى بىلەن، ئۆز دۆلەتلىرىدىكى سىياسىي ۋەزىيەتكە ئاساسەن نامايىشلار، مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنلىرىغا ئوخشاش ھەرخىل خاتىرىلەش پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈپ، ئۈرۈمچى ۋەقەسىدىكى قىرغىنچىلىقتا ھاياتىدىن ئايرىلغان، ئىز - دېرەكسىز غايىب بولغان قېرىنداشلارنى ئەسلىدى ھەمدە خىتاي ھاكىمىيىتىگە بولغان غەزەپ - نەپرەتلىرىنى ئىپادىلىدى.

- **7 - ئاينىڭ 6 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى گېرمانىيەدىكى ئۇيغۇر ۋە تۈرك جامائەتلىرى بىلەن ئۇچراشتى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى دولقۇن ئەيسا ئەپەندى گېرمانىيەنىڭ دۈيسبۇرگ شەھرىدە ئىستىقامەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇر ۋە تۈرك جامائەتلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە گېرمانىيە ۋە ياۋروپادىكى ئۇيغۇر ۋە تۈرك جامائەتلىرىنىڭ ئارىسىدىكى دوستلۇق ۋە ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش يوللىرى ئۈستىدە ئىزدەندى.

- **7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى گېرمانىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى بىلەن ئۇچراشتى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى دولقۇن ئەيسا ئەپەندى بېرلىندا گېرمانىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى ئاسىيا ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى بىلەن كۆرۈشتى ۋە ئۇلاردىن گېرمانىيە ھۆكۈمىتىنىڭ جۇملىدىن جازا لاگېرى مەسىلىسىگە جىددىي كۆڭۈل بولۇشىنى تەلەپ قىلدى. شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەڭ يېڭى ۋەزىيىتى توغرىسىدا مەلۇمات سۇنغان دولقۇن ئەيسا ئەپەندى گېرمانىيەدە ئىستىقامەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇر جامائىتى ۋە يېڭىدىن كەلگەن سىياسىي پاناھلىق تىلىگۈچىلەر يولۇققان خىلمۇخىل قىيىنچىلىقلارنى ئاڭلاتتى ۋە گېرمانىيە دۆلىتىنىڭ بۇ مەسىلىلەرنى تېزراق ھەل قىلىشىنى تەلەپ قىلدى.

- **7 - ئاينىڭ 9 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بېرلىندا خىتايغا قارشى نامايىش ئۆتكۈزدى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋە خەتەر ئاستىدىكى خەلقلەرنى قوغداش تەشكىلاتىنىڭ بىرلىكتە ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، بېرلىنغا رەسمىي دۆلەت زىيارىتى ئۈچۈن كەلگەن خىتاي باش مىنىستىرى لى كېچياڭغا قارشى چوڭ كۆلەملىك نامايىش ئېلىپ بېرىلدى. شەرقىي تۈركىستان ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نۆۋەتتىكى ئېچىنىشلىق ۋەزىيىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن لوزۇنكىلارنى كۆتۈرگەن نامايىشچىلار جاراڭلىق شوئارلارنى توۋلاپ، خىتاي ھۆكۈمىتىدىن جازا لاگېرلىرىنى تاقاشنى تەلەپ قىلدى.

- **7 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىن 15 – كۈنىگىچە ئۇيغۇر ياشلىرىنى تەربىيەلەش كۇرسى ئۆتكۈزۈلدى**

7 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تۈركىيەنىڭ ئىستانبۇل شەھرىدە، تۇردا ئىلتىماس قىلىش تەلەپلىرى تەستىقلانغان ئاكتىپ ۋە جەڭگىۋار ئۇيغۇر ياشلىرىغا دەۋانى ئاڭلىتىش ئۇسۇللىرى ۋە ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلىش ماھارەتلىرى بويىچە ئۈچ كۈنلۈك تەربىيەلەش كۇرسى ئېلىپ باردى.

- **7 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن 21 - كۈنىگىچە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى بۇداپېشتتا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارالىق يىغىنغا قاتناشتى**

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى دولقۇن ئەيسا ئەپەندى توم لانتوس ئىنستىتۇتى، مەملىكەتلىك مەمۇرىي خىزمەت ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە لوندون مېدىل سېكس ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق ئورۇنلار ھەمكارلىشىپ ۋېنگىيەرنىڭ پايتەختى بۇداپېشت شەھىرىدە ئورۇنلاشتۇرغان 5 كۈنلۈك خەلقئارالىق مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى. ئاز سانلىق خەلقلەرنىڭ ھوقۇق مەنپەئەتىنى قوغداشنى مەركىزى نۇقتا قىلغان بۇ خەلقئارالىق مۇھاكىمە يىغىنىدا، دولقۇن ئەيسا ئەپەندى شەرقىي تۈركىستان ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ خەتەرلىك ۋەزىيىتىنى ئاڭلاتتى ھەمدە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ خىزمەتلىرىنى تونۇشتۇردى.

- **7 - ئاينىڭ 19 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ياۋروپا كومىسسىيونى ۋە ياۋروپا كېڭىشىگە بىرلەشمە ئوچۇق خەت ئېلان قىلدى**

ياۋروپا ۋە خىتاي ئارىسىدىكى 2018 - يىللىق ئالىي دەرىجىلىكلەر ئۇچرىشىشى ھارپىسىدا، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى 23 خەلقئارالىق تەشكىلات بىلەن بىرلىكتە ياۋروپا كومىسسىيونىنىڭ رەئىسى يۇڭكەر ئەپەندى ۋە ياۋروپا كېڭىشىنىڭ رەئىسى تۇسك ئەپەندىلەرگە بىرلەشمە ئوچۇق خەت ئېلان قىلىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنى ئىلھام توختى قاتارلىق ئۇيغۇر سىياسىي مەھبۇسلىرىنى قويۇپ بېرىشكە چاقىرىشنى تەلەپ قىلدى.

- **7 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 26 - كۈنىگىچە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئىستانبۇلدا ئۆتكۈزۈلگەن قېرىنداشلىق ئۇچرىشىشىغا ئىشتىراك قىلدى**

قۇرۇلتاي دىنىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەئىسى تۇرغۇنجان ئالاۋۇدۇن ھاجىم ۋە قۇرۇلتاي ياۋروپا ئىشلىرى مەسئۇلى ئەسقەرجان ئەپەندىلەر دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىغا ۋاكالىتەن شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتى ئىستانبۇلدا تەشكىللىگەن 10 - نۆۋەتلىك شەرقىي تۈركىستان قېرىنداشلىق ئۇچرىشىشىغا قاتناشتى. شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى ئارىسىدا قېرىنداشلىق ۋە ھەمكارلىقنى بەرپا قىلىشنى نىشان قىلغان بۇ چوڭ ئۇچرىشىشتا، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن يىغىلغان شەرقىي تۈركىستانلىق تەشكىلات ۋەكىللىرى ۋە جامائەت ئەربابلىرى بىرلىكتە شەرقىي تۈركىستان ۋە مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر خەلقى دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەر ھەققىدە مۇزاكىرە ئېلىپ باردى.

- **7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋاشىنگتوندا خەلقئارالىق دىنىي ئەركىنلىك تېمىسىدىكى مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى دولقۇن ئەيسا ۋە ئىجرائىيە كومىتېتى رەئىسى ئۆمەر قانات ئەپەندىلەر ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مايك پومپېيو

2019 يىل 4 ئىيۇن، تيەنئەنمېن مەيدانىدا بولغان قىرغىنچىلىقىنىڭ 30 يىللىق خاتىرە كۈنى بولۇپ، بۇ كۈنى مىڭلىغان نامايىشچىلىرى دېموكراتىيە تەلەپ قىلىپ نامايىش ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن رەھىمسىزلەرچە باستۇرۇلغان ئىدى. نامايىشقا ئوقۇغۇچىلار، ئوقۇتقۇچىلار، پائالىيەتچىلەر ۋە پۇقرالار قاتناشقان. ئۇلار خىتاي ھۆكۈمىتىدىن كىشىلىك ھوقۇققا ھۆرمەت قىلىشنى تەلەپ قىلغان. بۇ نامايىشتا مىڭلارچە ئىنسانلار ئۆلتۈرۈلگەن.

- **2019 - يىلى 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى كېڭەش پالاتاسى تاشقى ئىشلار كومىتېتىنىڭ ئىسپات ئاڭلاش يىغىنىغا قاتناشتى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى كېڭەش پالاتاسى تاشقى ئىشلار كومىتېتىنىڭ «قورقۇتۇش ئارقىلىق باشقۇرۇش: 30 يىلدىن بۇيانقى تيەنئەنمېن مەيدانى» ناملىق ئىسپات ئاڭلاش يىغىنىغا قاتناشتى.

ئەيسا ئەپەندى ۋە قانات ئەپەندى ئالېخ پىنسون، قانۇن تۈزگۈزۈش ياردەمچىسى ۋە پارلامېنت ئەزاسى ھال روگېرس ۋە كېڭەش ئەزاسى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



تەشكىلاتلار بىلەن كۆرۈشتى.

- **2019 - يىلى 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى پارلامېنت ئەزالىرى ۋە باشقا ئامېرىكا ئەمەلدارلىرى بىلەن كۆرۈشتى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى دولقۇن ئەيسا ۋە ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسى ئۆمەر قانات پارلامېنت ئەزالىرى بىلەن كۆرۈشتى. ئاۋام پالاتاسى تاشقى ئىشلار كومىتېتىدىكى گېررى كونولى ۋە ئالىي قانۇن چىقىرىش ئورگىنىدىكى ئالېكىس پىنسون، پارلامېنت ئەزاسى خال روجېرسنىڭ ياردەمچىسى ۋە مەسلىھەتچىسى، ئاۋام پالاتاسىنىڭ رەت تەرتىپىنىڭ ئەزاسى، كومىتېت كېڭەش پالاتا ئەزاسى بەن ساسسېپ، NED مۇدىرىيەت ئەزاسى ئېددىئېي لىنكزېر، قانۇن چىقىرىش ياردەمچىسى كېڭەش پالاتا ئەزاسى توم پاختا بىلەن كۆرۈشتى. بۇ ئۇچرىشىشلارنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق كىرىزىسىنى يورۇتۇش بولدى.

- **2019 - يىلى 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ۋاشىنگتوندىكى HRW باش ئىشخانىسىدىكى خىزمەت يىغىنى**

6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ۋاشىنگتوندىكى ئىككى كۈنلۈك خەلقئارالىق يىغىنىدىن بىر كۈن بۇرۇن، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەكىللەر بىر نەچچە ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىدىكى ئۇيغۇرلار ۋە دك نى ئاساس قىلغان ئۇيغۇر پائالىيەتچىلىرى بىلەن بىرلىكتە كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتىنىڭ DC دىكى باش ئورگىنىدا ئۆتكۈزگەن بېيجىڭ 2022 - يىللىق قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قارشى تۇرۇش سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى. يىغىندىن كېيىن، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى پروجېكت دىرېكتورى پېتېر ئىرۋىن بىرلىكتە مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا # نورىغتىسنوگامەس2022 (#ھوقۇقىيوقمۇسابىقەيوق2022) ئىسىملىك پائالىيىتى باشلىدى.

- **2019 - يىلى 6 - 7 - ئىيۇنغىچە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن ۋاشىنگتون دك دا خىتاينىڭ پەسكەشلىكى، سەتچىلىكى تېمىسىدا خەلقئارالىق كونفېرېنس چاقىرىلدى.**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بىلەن ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق پروجېكت، ئۇيغۇر ئامېرىكا جەمئىيىتى ۋە جورج ۋاشىنگتون ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا پىروگراممىسى قاتارلىقلار بىرلىكتە، ۋاشىنگتوندا «خىتايدىكى ۋەھشىيلىككە قارشى تۇرۇش: ئۇيغۇر كىرىزىسىغا يەر شارى خاراكتېرلىك ئىنكاس» دېگەن تېمىدا يىغىن چاقىردى. يەتتە ئايرىم گۇرۇپپىدا ھەل قىلىش ئىستراتېگىيەسى مۇھاكىمە قىلىنىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر

خەلقىگە قىلغان ۋەھشىيلىكىنى قانداق قىلىپ ئۇنۇملۇك ھالدا توسۇش ھەققىدە تەدبىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ پائالىيەتنىڭ مەقسىتى قىزىقىدىغان ئوخشىمىغان دائىرىلەرنى سۆزلەشكە ۋە پىكىر قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇپ، خىتاينىڭ زۇلۇمىغا قارشى قانداق قىلىپ ئۇنۇملۇك ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش ئىدى.

• 6 - ئاينىڭ 12 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى خوڭكوڭ نامايىشچىلىرى بىلەن ئۇچراشتى

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى خوڭكوڭ خەلقى بىلەن بىرلىكتە كوچىلارغا چىقىپ خوڭكوڭ خەلقىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇ نامايىش يېقىندا يولغا قويۇلغان ئۆتكۈزۈپ بېرىش قانۇنىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىغا قارشى نامايىش ئىدى. خىتاي بۇ قانۇن ئارقىلىق يىغىلىش ئەركىنلىكىنى ۋە باشقا كىشىلىك ھوقۇق ئەركىنلىكىنى يوقىتىدۇ. بۇ قانۇن خوڭكوڭدىكى پۇقرالار جەمئىيىتىنى جىمىقتۇرۇش ۋە زۇلۇم قىلىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

• 6 - ئاينىڭ 13 - كۈنى تىبەت، ئۇيغۇر ۋە خىتاي پائالىيەتچىلىرى گوگۇلنى: «كىشىلىك ھوقۇققا ھۆرمەت قىلىش، خىتاينىڭ مەينەت خىزمىتىنى قىلماسلىق »قا چاقىردى

گوگۇل پايچىكلار يىغىنىدىن بىر قانچە كۈن بۇرۇن، تەشكىلاتلار گوگۇلنىڭ خىتاي ئۈچۈن ياساپ بەرمەكچى بولغان «ئەجدىھا»ناملىق ئىزدەش ماتورىغا قارشى تۇرۇش توغرىسىدا توردا نامايىش قىلدى. بۇ ماتوردا مەزمۇنلار چەكلەنگەن، بولۇپمۇ پەقەت خىتاي يولغا قويغان مەزمۇنلارنىلا ئىزدەشكە بولىدۇ. گوگۇل شىركىتىنىڭ خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە شېرىك بولۇش قىلمىشى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

• 2019 - يىلى 6 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىن 16 - كۈنىگىچە ئۇيغۇر ئەركىنلىك لوڭقىسى تالىشىش پۇتبول مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى.

ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ قوللىشى بىلەن گېرمانىيەنىڭ مىيونخېن شەھرىدە ئۈچ كۈنلۈك ئۇيغۇر ئەركىنلىك لوڭقىسى تالىشىش پۇتبول مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. گېرمانىيە مىيونخېندا ئۆتكۈزۈلگەن ئۇيغۇر ئەركىنلىك لوڭقىسى مۇسابىقىسىگە 7 ئۇيغۇر پۇتبول كوماندىسى مۇسابىقىگە قاتناشتى. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى يەڭگەن كوماندىلارنى ئايرىم مۇكاپاتلىدى: بىرىنچىلىككە ئېرىشكەنلەر 1000 ياۋرو، ئىككىنچىسى 700 ياۋرو، ئۈچىنچىسى 500 ياۋروغا ئېرىشتى.

• 6 - ئاينىڭ 19 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى داڭلىق ئۇيغۇر يازغۇچىسىنىڭ ئۆلۈمىدىن قاتتىق قايغۇردى

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى داڭلىق ئۇيغۇر يازغۇچىسى نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ۋاپاتىدىن قاتتىق قايغۇردى.

ئېگىلىنىشىچە، ئۇ 2018 - يىلى 11 - ئايدىن بۇ يىل مارتقىچە تۇتۇپ كېتىلگەن ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى بىر جازا لاگېرىدا تۇتۇپ تۇرۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي قازا قىلغان. دىيابېت ۋە يۈرەك كېسىلى تۈپەيلى، ئەمدىلا 70 ياشقا كىرگەن بۇ تالانتلىق يازغۇچى داۋالاشتىن مەھرۇم قىلىنغانلىقى تۈپەيلىدىن ئۆلۈپ كەتكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

- **2019 - يىلى 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى بېرلىندىكى ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇغۇچىلىرىغا ئۇيغۇر كىرىزىسى ھەققىدە سۆز قىلدى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى دولقۇن ئەيسا بېرلىندىكى ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇغۇچىلىرىغا ئۇيغۇر كىرىزىسى ھەققىدە لېكسىيە سۆزلىدى.

- **2019 - يىلى 6 - ئاينىڭ 24 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى جەنۋەدە نامايىش ئۆتكۈزدى**

ئۇيغۇر رايونىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى ئەركىن تۇنىياز (ئائىئەركەن تۇنىيازى) نىڭ سۆزىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئالدىدا 41 - قېتىملىق كىشىلىك ھوقۇق قەرەللىك يىغىنى مۇناسىۋىتى بىلەن نامايىش ئۆتكۈزدى. ياۋروپانىڭ ھەر تەرىپىدىن كەلگەن باشقا ئۇيغۇرلار بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى جەنۋە ئىشخانىسىنىڭ ئالدىغا بايراق ۋە يوقاپ كەتكەن يېقىنلىرىنىڭ رەسىمىنى قويدى. نامايىشتا بىر مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركلەرنىڭ كەڭ كۆلەمدە خالىغانچە تۇتۇپ تۇرۇلۇشى جانلىق ئاڭلىتىلدى.

- **2019 - يىلى 6 - ئاينىڭ 24 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى مۇساپىرلار مەركىزىنىڭ مۇدىرى مەمەت توختى كانادا ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى بىلەن كۆرۈشتى**

مەمەت توختى كۈچمەنلەر، مۇساپىرلار ۋە پۇقرالار مىنىستىرلىكى ئىشخانىسىنىڭ سىياسەت مەسلىھەتچىسى بىلەن كۆرۈشتى. كانادا تىرۇدو ھۆكۈمىتىدىن خەلقئارانىڭ ئىنكاسىغا ئەگىشىپ ئۇيغۇرلارنى تەربىيەلەش لاگېرلىرىغا سولانغانلىقى ئۈچۈن خىتاينى ئوچۇق - ئاشكارا ئەيىبلەشنى تەلەپ قىلدى. بۇ يىغىن كانادا ھۆكۈمىتىنىڭ تۈركىيەدىكى خەتەر ئاستىدىكى مۇساپىر ئۇيغۇرلارنى قوبۇل قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش جەريانىدىكى كۆرۈشۈشلەرنىڭ بىر قىسمى بولدى.

- **2019 - يىلى 26 - ئىيۇن UNPO، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋە باشقا ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلىرى بېلگىيەدە خىتايغا قارشى پائالىيەت ئۆتكۈزدى**

بۇ قارشى تۇرۇش پائالىيىتى شەرقىي تۈركىستاندىكى نۆۋەتتىكى كىرىزىسقا بولغان تونۇشنى كېڭەيتىش ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلدى. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى دولقۇن ئەيسا پائالىيەتتە سۆز قىلىپ، قاتناشقۇچىلارغا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇققا قارشى تۇرۇش جىنايىتى ۋە كىرىزىسقا دۇچ كەلگەن، غايەت زور ئازابلارغا ئۇچرىغان شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇيغۇر خەلقى توغرىسىدا مەلۇمات بەردى.

- **2019 – يىلى 28 – ئىيۇن دولقۇن ئەيسا بېلگىيە ئانتۋەرپىندىكى ئۇيغۇرلار بىلەن كۆرۈشتى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى بېلگىيەنىڭ ئانتۋەرپىندىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتى بىلەن كۆرۈشۈپ، قانداق قىلغاندا ئۇيغۇر مەسىلىسى ئۈستىدە ئۈنۈملۈك ئىشلەش توغرىسىدا سۆھبەتلەشتى ۋە ياۋروپا پارلامېنتىدا 1 – ئۆكتەبىردە ئۆتكۈزۈلىدىغان خىتاينىڭ 70 يىللىق تاجاۋۇزچىلىقى ۋە بېسىۋېلىشىغا قارشى نامايىش توغرىسىدا مۇزاكىرە ئېلىپ باردى.

- **6 – ئاينىڭ 27 – كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىدىن دولقۇن ئەيسا ۋە رىيان بارى كاستالدو بىلەن ياۋروپا پارلامېنتىدا كۆرۈشتى.**

6 – ئاينىڭ 27 – كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىدىن دولقۇن ئەيسا ۋە رىيان بارى كاستالدو بىلەن ياۋروپا پارلامېنتىدا كۆرۈشتى. فابىئو ماسسىمو كاستالدو ئەپەندى ئۇيغۇرلارنىڭ قوللىغۇچىسى ۋە ئۇيغۇر دوستلۇق گۇرۇپپىسىنىڭ ئالدىنقى مۇئاۋىن رەئىسى بولغان ۋە بۇ قېتىم ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ سايلانغان ئىدى. يىغىن جەريانىدا ئۇ ئۆزىنىڭ دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋە ئۇيغۇر دوستلۇق گۇرۇپپىسىغا بولغان قوللىشىنى، داۋاملىق ئۇيغۇر دوستلۇق گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇش خىيالى بارلىقىنى ئىپادىلىدى.

- **2019 – يىلى 7 – ئاينىڭ 3 – كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى دولقۇن ئەيسا ئامېرىكىنىڭ بېرلىندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى بىلەن كۆرۈشتى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى پىرېزىدېنتى ئامېرىكىنىڭ بېرلىندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى رىچارد گرەنەل بىلەن كۆرۈشتى. ئۇ ئۇيغۇر مەسىلىسى ۋە ئۇنىڭ بىر ئىنسانپەرۋەرلىك كىرىزىسى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇلار دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بىلەن بولغۇسى ھەمكارلىقى توغرىسىدا سۆھبەتلەشتى، بولۇپمۇ گېرمانىيەدە ئامېرىكىنىڭ ياردىمى بىلەن نىمىلەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش مۇمكىنلىكى ئۈستىدە توختالدى.

- **2019 – يىلى 7 – ئاينىڭ 4 – كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئامېرىكىنىڭ**

**مۇستەقىللىق كۈنىنى خاتىرىلەش پائالىيىتىگە قاتناشتى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى دولقۇن ئەيسا ۋە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ياشلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرى غەيۇر قۇربان ئامېرىكىنىڭ بېرلىندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن مۇستەقىللىق كۈنىنى خاتىرىلەش پائالىيىتىگە قاتناشتى. بۇ پائالىيەت دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش شۇنداقلا باشقا دۆلەتلەر ۋەكىلى بىلەن ئالاقە ئورنىتىشنىڭ ياخشى پۇرسىتى بولدى.

- **2019 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا نامايىش تەشكىللەپ، ئۈرۈمچى 5 ـ ئىيۇل قىرغىنچىلىقىنىڭ 10 يىللىق خاتىرە كۈنىنى خاتىرىلىدى**

2019 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى 2009 ـ يىلى 5 ـ ئىيۇن ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقىنىڭ 10 يىللىقىنى خاتىرىلىدى. ياۋروپانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئۇيغۇرلار گېرمانىيەنىڭ ميۇنخېندىكى نامايىشقا قاتناشتى. ياۋروپادىكى ئۇيغۇر ئۇيۇشما ۋەكىللىرى، ميۇنخېندىكى تۈرك جەمئىيىتى ۋەكىللىرى شۇنداقلا بەزى گېرمانىيە پارلامېنت ئەزالىرىمۇ نامايىشقا قاتناشتى.

ميۇنخېندىكى خىتاي باش كونسۇلخانىسىنىڭ ئالدىدا يىغىلىش ئۆتكۈزدى ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تەلىپى يېزىلغان بىر پارچە خەتنى خەت ساندۇقىغا قالدۇردى. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى دولقۇن ئەيسا شەرقىي تۈركىستاننىڭ ۋەزىيىتى كۈنسېرى ناچارلىشىۋاتقانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىكى نامايىش دۇنيادىكى 22 شەھەردە ۋە دۇنيادىكى 14 دۆلەتتە ئېلىپ بېرىلىپ، ئۆلتۈرۈلگەن ياكى زورلۇق بىلەن غايىب بولغان ۋە يارىلانغان مىڭلىغان ئۇيغۇر نامايىشچىلارنى ئەسلىدى.

- **5 ـ ئىيۇل ـ پاجىئەسى : 5 ئىيۇل ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقىنىڭ 10 يىللىق خاتىرە كۈنىدە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى خەلقئارا جەمئىيەتنى تارىختىكى قىرغىنچىلىققا قايتىماسلىققا دەۋەت قىلدى**

2019 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى جۈمە، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقىنىڭ 10 يىللىق خاتىرە كۈنى. 2009 ـ يىلى مىڭلىغان ئۇيغۇر نامايىشچىلىرى رەھىمسىزلەرچە ئۆلتۈرۈلگەن، مەجبۇرىي غايىب بولغان ياكى يارىلانغان، خىتاي ھۆكۈمىتى ئۈرۈمچىدىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تىنچ نامايىشىنى رەھىمسىزلەرچە قوراللىق باستۇرغان.

- **2019 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 6 ـ 7 ـ كۈنلىرى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تۆر دىرېكتورى بارسېلونادىكى ب د ت نىڭ تەربىيەلەش كۇرسىغا قاتناشتى**

پېتېر ئىرۋىن ب د ت نىڭ بارسېلونادىكى «ناسىئونال كاتالانا يىغىلىشى» تەربىيەلەش كۇرسىغا «مەشقاۋۇل» سۈپىتىدە قاتنىشىپ، ئىشتىراكچىلار بىلەن قانداق قىلغاندا قەرەللىك ھالدا باھالاش جەريانىغا قاتنىشىدىغانلىقى توغرىسىدا ھەمكارلاشتى. كاتالونىيە بىلەن تېخىمۇ قويۇق مۇناسىۋەت ئورناتتى شۇنداقلا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋە ئۇيغۇر جامائىتىنىڭ قانداق قىلالايدىغانلىقى توغرىسىدا كونكرېت تەۋسىيەلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

- **2019 - يىلى 7 - ئاينىڭ 8 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئامېرىكىنىڭ ميۇنخېندىكى كونسۇلخانىسى بىلەن كۆرۈشتى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى دولقۇن ئەيسا، شەرقىي تۈركىستان ياۋروپا بىرلىكى رەئىسى ئەسقەرجان ۋە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ياردەمچىسى شەھرىزاد غەيرەت بىلەن ئۇ.س نىڭ ميۇنخېندا تۇرۇشلۇق ئەلچىسى مەگان گرەگونىس ۋە ئۇنىڭ خىزمەتچىسى لۇ جوۋ، ھەلگا كرۇئۇگەر بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارغا شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى قىسقىچە تونۇشتۇردى ھەمدە كەلگۈسىدە ئامېرىكا كونسۇلخانىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ گېرمانىيەدە ئۇيغۇر مەسىلىسىنى تېخىمۇ كەڭرى تونۇتۇش توغرىسىدا مۇزاكىرىلەشتى.

- **2019 - يىلى 7 - ئاينىڭ 9 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ب د ت غا رەسمىي دوكلات بەردى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋە تىبەت خەلقئارا ھەرىكىتى بىرلىكتە خىتاينىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش قانۇنى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر ۋە تىبەتلەرگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى ھەققىدە ب د ت ئالاھىدە تەرتىپ شۆبىسىگە رەسمىي دوكلات بەردى. بۇنىڭ مەقسىتى ب د ت نى ئۆزىنىڭ ھەرك 42 - قېتىملىق يىغىنى مەزگىلىدە ئۇيغۇر ۋە تىبەت مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈندۇر. بۇ دوكلات ئالاھىدە كۆزەتچىلەر تەرىپىدىن ئويلىشىلىۋاتىدۇ، بەلكى بۇ ھەقتە رەسمىي ھۆججەت ئېلان قىلىنىشى مۇمكىن.

- **2019 - يىلى 7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى دولقۇن ئەيسا ۋېنگرىيەدىكى خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى بىلەن كۆرۈشتى**

7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى دولقۇن ئەيسا خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ئىشخانىسىنىڭ خىزمەتچىلىرى بىلەن كۆرۈشتى. ۋېنگرىيە سەپىرىدە ئۇلارغا شەرقىي تۈركىستاننىڭ كۈنسېرى ناچارلىشىۋاتقان ئەھۋاللارنى ئۇقتۇردى. خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ ۋېنگرىيە ھۆكۈمىتىدىن سىياسىي لاگېرلاردا ھازىرغىچە تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان ئۇيغۇرلار مەسىلىسىگە جىددىي

ھەرىكەت قوللىنىشىنى تەلەپ قىلدى.

- **2019 - يىلى 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن 13 - كۈنىگىچە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى دولقۇن ئەيسا ۋېنگرىيەنىڭ پايتەختى بۇداپىشتتىكى سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى**

7 - ئىيۇلدىن 13 - ئىيۇلغىچە، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى دولقۇن ئەيسا ۋېنگرىيەنىڭ پايتەختى بۇداپىشتتا ئۆتكۈزۈلگەن «يەرشارى ئاز سانلىق مىللەتلەر ھوقۇقى يازلىق مەكتىپى 2019» نىڭ 5 كۈنلۈك سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى. توم لانتوس ئىنستىتۇتى (تلى)، ئاممىۋى مۇلازىمەت دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتى (نۇپس) ۋە لوندون مىددلەسەخ ئۇنىۋېرسىتېتى (مۇ) بىلەن ھەمكارلىشىپ بۇ سۆھبەت يىغىنىنى ئۇيۇشتۇردى. بۇ ھازىرقى قائىدە تۈزۈملەرنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھوقۇقىنى قوغداشتىكى رولىغا ئەھمىيەت بەرگەن يىغىن ئىدى. سۆھبەت يىغىنىدا، ئەيسا ئەپەندى شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى ھەققىدە سۆز قىلىپ، ئۇيغۇرلار ۋە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ پائالىيەتلىرى ھەققىدە قىسقىچە دوكلات بەردى ھەمدە مۇشۇ مىنۇتتا سىياسىي تەربىيەلەش لاگېرلىرىدا تەخمىنەن بىر مىليوندىن ئۈچ مىليونغىچە ئۇيغۇرنىڭ قامالغانلىقىنى يىغىن ئەھلىگە ئۇقتۇردى.

- **7 - ئاينىڭ 11 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى ۋېيېننادا ئاۋستىرىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى بىلەن كۆرۈشتى**

7 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى دولقۇن ئەيسا ئاۋستىرىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق بۆلۈمىدىن ستېفان رۇتكوۋسكى بىلەن ۋېيېننادا كۆرۈشتى. بۇ سۆھبەتتە خىتايدىكى دىنىي زىيانكەشلىك ۋە پاناھلىق تىلىگۈچىلەرنىڭ خىتايدىن قېچىش مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىندى ھەمدە كەلگۈسىدىكى ئاۋستىرىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئاۋستىرىيەدىكى ئۇيغۇر مۇساپىرلىرىغا مۇناسىۋەتلىك خىزمەتلەر تەكىتلەندى.

- **2019 - يىلى 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى سىلىكون ۋاللەي نىڭ باش ئىجرائىيە ئەمەلدارلىرىغا خەت يازدى**

2019 - يىلى 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ۋاشىنگتوندا دىنىي ئەركىنلىكنى ئىلگىرى سۈرۈش بىرلەشمىسى ۋە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بىرلىكتە سىلىكون جىلغىسىدىكى كارخانىلىرىنىڭ باش ئىجرائىيە ئەمەلدارلىرىغا كىشىلىك ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلماقچى بولغان خىتايدەك بىر دۆلەتنى تېخنىكا بىلەن تەمىنلىمەسلىكى تەلەپ قىلىپ خەت يوللىدى. بۇ بىرلەشمە، يەنە <ختاي بىرلەشمىسى> دەپمۇ ئاتالغان بولۇپ، خىتايدىكى دىنىي ئەركىنلىكنى قوغداشنى

مەقسەت قىلغان كۆپ خىل ئېتىقاد تەشكىلاتلىرىدىن تەركىب تاپقان. «سىلىكون جىلغىسى ۋە خىتاي: تېخنىكا ئارقىلىق دىنىي زۇلۇمنىڭ كۈچىيىشى » دەپمۇ ئاتالغان بۇ يوللانما خىتاينىڭ ئىلغار تېخنىكا ئارقىلىق دىنىي گۇرۇپپىلارغا ۋە ئۇيغۇر، قازاق كەبى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە زەربە بېرىۋاتقانلىقىنى ئىلگىرى سۈردى.

- **2019 - يىلى 7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى كىشىلىك هوقۇق دوكلاتى سۇندى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى شۋېيتسارىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىغا كىشىلىك هوقۇق ۋە ئۇيغۇر مەسىلىسى توغرىسىدا ئەتراپلىق بىر دوكلات سۇندى. دوكلاتتىن كېيىن شۋېيتسارىيە - خىتاي سۆھبىتى كېيىنكە سۈرۈلدى.

- **2019 - يىلى 7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى خەلقئارا دىنىي ئەركىنلىكنى ئىلگىرى سۈرۈش يىغىنىغا قاتناشتى**

ئۇيغۇر هەركىتى ۋە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئامېرىكىنىڭ مىنىستىر دەرىجىلىك دىنىي ئەركىنلىكنى ئىلگىرى سۈرۈش يىغىنى جەريانىدا «ئۇيغۇرلار: تەرەققىيات يولىدىكى زۇلۇم» دېگەن تېمىدا پائالىيەت ئۆتكۈزدى. سۆھبەت يىغىنىدا جازا لاگېرىدا تۇتۇپ تۇرۇلۇپ زىيانكەشلىككە ئۇچراۋاتقان 1 - 2 مىليون ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاينىڭ بىر بەلباغ بىر يول تەشەببۇسىنىڭ كۈچى، خىتاينىڭ ب د ت نىڭ ئىچكى قىسمىدىكى كونتروللۇقى ۋە ئۇيغۇر دەۋاسىنى يەنىمۇ قوللاش ۋە ماسلاشتۇرۇش مەزمۇنلىرى سۆزلەندى.

- **2019 - يىلى 7 - ئاينىڭ 17 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى UNPO تەرىپىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان پائالىيەتتە سۆز قىلدى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى دولقۇن ئەيسا UNPO نىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىدىكى پائالىيەتتە «مۇرەسسە بوشلۇقى: ئۇن قانداق قىلىپ دىنىي ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىللىرىنىڭ كۈنسېرى خەتەرلىك جايغا ئايلىنىپ قىلىۋاتقانلىقى» هەققىدە سۆز قىلدى. فېرناندو بۇرگېس رىياسەتچىلىك قىلغان بۇ سۆھبەت يىغىنىدا ... مۇزاكىرىسىدە سۆز قىلغۇچىلار ئوخشىمىغان ئاز سانلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان.

- **2019 - يىلى 7 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن 18 - كۈنىگىچە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى مىنىستىرلار پائالىيىتىگە قاتناشتى**

دولقۇن ئەيسا ئەپەندى دىنىي ئەركىنلىكنى ئىلگىرى سۈرۈش يىغىنى جەريانىدا دوست نىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىدىكى قوشۇمچە پائالىيىتىگە قاتناشتى.

ئۇيغۇر ھەرىكىتى ۋە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ساھىبخانلىقىدىكى «ئۇيغۇرلار ختايدىكى تەرەققىيات يولىدىكى زۇلۇم» نامىدىكى بۇ پائالىيەت سكوتت بۇسكي (داس ئوف دوست) نىڭ ئېچىلىش نۇتۇقى بىلەن باشلاندى. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى دولقۇن ئەيسا، مايك برېئېن، HRW دىن سوفى ۋە جەۋھەر ئىلھاملارمۇ بۇ سۆھبەت يىغىنىدا سۆز قىلدى.

• 2019 - يىلى 7 - ئاينىڭ 17 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋاشىنگتون دك دا باشقا ئاممىۋى تەشكىلاتلار بىلەن بىرلىكتە ئۇيغۇر كرىزىسى يىغىنى ئۇيۇشتۇردى

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى، ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق پروجېكت (UHRP )، ئۇيغۇر ئامېرىكا جەمئىيىتى (UAA)، چىنائائىد ۋە دىنىي خەۋەرلىرى فوندى جەمئىيىتى بىرلىكتە خەلقئارا دىنىي ئەركىنلىك يۇمىلاق ئۈستەل يىغىنى ئۇيۇشتۇردى.

بۇ پائالىيەت ئۇيغۇر كرىزىسى، ئېتنىك - مەدەنىيەت يوقىتىشى ۋە ئۇيغۇرلارنى كەڭ كۆلەمدە جازا لاگېرلىرىدا تۇتۇپ تۇرۇشتىكى ھەققەتنى يورۇتۇپ بېرىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

• 2019 - يىلى 7 - ئاينىڭ 21 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى كوردوبا فوندى جەمئىيىتىدە نۇتۇق سۆزلىدى

لوندوندىكى كوردوبا فوندى جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان «ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ قىرغىنچىلىققا ئۇچرىشىغا قارشى تۇرۇشتا خەلقئارانىڭ تۇتقان مۇئامىلىسى ۋە ئەخلاقى مەجبۇرىيىتى» تېمىسىدىكى پائالىيەتتە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى دولقۇن ئەيسا ۋە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى دىنىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرى تۇرغۇنجان ئالاۋۇدۇن شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلار دۇچ كېلىۋاتقان دىنىي باستۇرۇش ھەققىدە سۆز قىلدى.

• 7 - ئاينىڭ 22 - كۈنى كارولا بەنناتو بىلەن

7 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەكىلى رىيان بارى ۋە UNPO ۋەكىلى لۇسىيا پارروچى، كارولا بەنناتو (پارلامېنت ئەزاسى رافائىل گلۇكسماننىڭ ياردەمچىسى) بىلەن كۆرۈشۈپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق كرىزىسى ھەققىدە مەلۇمات بەردى ۋە ياۋروپا پارلامېنتىدا كەلگۈسىدە ئېلىپ بارماقچى بولغان پائالىيەتلەر توغرىسىدا سۆھبەتلەشتى. گلۈكسمان ئەپەندى ياۋروپا پارلامېنتى دروئى (كىشىلىك ھوقۇق تارماق كومىتېتى) نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋە س&د سىياسىي گۇرۇپپىنىڭ ئەزاسى بولۇپ، ياردەمچىسى بەنناتو خانىم گلۈكسمان ئەپەندىنىڭ بۇ مەسىلىگە قىزىقىدىغانلىقىنى، باشقىلارغا

ئۇيغۇر مەسىلىسىنى بىلدۈرۈش ۋە ھەرىكەت قوللىنىش ئۈچۈن ئوخشىمىغان تەشەببۇسلار ئۈستىدە ئىزدىنىشنى خالايدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى.

- **7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى پېھل بەننىئون ۋە ياردەمچىسى سوفى سوھم بىلەن**

7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەكىلى رىيان بارري ۋە UNPO ۋەكىلى لۇسىيا پارروچى پارلامېنت ئەزاسى فىل بەننىئون ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىسى سوفى ساخىم بىلەن كۆرۈشۈپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق كىرىزىسى ھەققىدە مەلۇمات بەردى ۋە ياۋروپا پارلامېنتىدا كەلگۈسىدە ئېلىپ بارماقچى بولغان پائالىيەتلەر توغرىسىدا سۆھبەتلەشتى. بەننىئون ئەپەندىمۇ ياۋروپا پارلامېنتى دروئى (كىشىلىك ھوقۇق تارماق كومىتېتى) نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ، ياۋروپا پارلامېنتىدا ئۇيغۇر كىرىزىسىغا تېخىمۇ دىققەت قوزغاش ۋە ھەرىكەت قوللىنىشنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى مۇھىم كىشىلەرنىڭ بىرى ئىدى. بۇ يىغىندىن كېيىن، بەننىئون ئەپەندى ئۇيغۇر دوستلۇق گۇرۇپپىسىغا قاتنىششقا ۋە ئورتاق رەئىس بولۇشقا قوشۇلدى ۋە شۇنداقلا ئىلھام توختىنىڭ ياۋروپادىكى ساخاروف مۇكاپاتىغا نامزاتلىقىنى كۆرسىتىلىشىگە ياردەم بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

- **7 - ئاينىڭ 24 - كۈنى جۇلىئا ۋاگنەر بىلەن**

7 - ئاينىڭ 24 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەكىلى رىيان بارى جۇلىيا ۋاگنەر (ياۋروپا پارلامېنت ئەزاسى مورىتز كورنەر نىڭ ياردەمچىسى) بىلەن كۆرۈشۈپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق كىرىزىسى ھەققىدە مەلۇمات بەردى ۋە ياۋروپا پارلامېنتىدا كەلگۈسىدە ئېلىپ بارماقچى بولغان پائالىيەتلەر توغرىسىدا سۆھبەتلەشتى. كورنەر ئەپەندى ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بىرتەرەپ قىلىش ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى بولغاچقا، بۇ قېتىمقى يىغىندا كىشىلىك ھوقۇق، بولۇپمۇ ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق كىرىزىسىنىڭ ياۋروپا پارلامېنتى بىلەن خىتاي ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە ئالدىنقى ئورۇننى ئېلىشى نىشان قىلىندى.

- **2019 - يىلى 7 - ئاينىڭ 24 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئەنگلىيە پارلامېنتىدا دىنىي ئەركىنلىك پائالىيىتىگە قاتناشتى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى پارلامېنت پارتىيە گۇرۇھى (ئاپپگ) نىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىدىكى <شىنجاڭدىكى دىنىي ئەركىنلىك> پائالىيىتىگە قاتناشتى. بۇ پائالىيەت ئۇيغۇرلار ۋە باشقا تۈرك مىللەتلىرى بۈگۈن خىتايدا دۇچ كېلىۋاتقان دىنىي باستۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويۇشنىڭ ياخشى پۇرسىتى بولدى. پائالىيەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



جەريانىدا دولقۇن ئەيسا، چېرىس لاۋ، ياسمىن قۇرەشى، ئافزال خان قاتارلىق بىر قانچە ئەنگلىيە پارلامېنت ئەزاسى بىلەن كۆرۈشۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى ھەمدە ئۇلارغا ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە بەردى.

- **2019 - يىلى 7 - ئاينىڭ 25 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى لوندوندا مىچائەل پولاكك بىلەن كۆرۈشتى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى دولقۇن ئەيسا كىشىلىك ھوقۇق ۋە جىنايى ئىشلار ئادۋوكاتى مىچەئال پولاكك بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە خەلقئارا قانۇندىن قانداق پايدىلىنىپ لاگېرلاردا سولىنىۋاتقان بىگۇناھ ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈرك مىللەتلىرى ئۈچۈن ئادالەت ئىزدەش ھەققىدە سۆھبەتلەشتى ھەمدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بولىدىغان خەلقئارالىق ئادۋوكاتلار گۇرۇپپىسى قۇرۇشنى ۋە ئۇلار بىلەن بىرلىكتە خىزمەت قىلىش يولىدا ئىزدىنىۋاتقانلىقىنى بىلدۈردى.

- **2019 - يىلى 7 - ئاينىڭ 26 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى لوندون ئۇيغۇرلار جەمئىيىتى بىلەن سۆزلەشتى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى لوندون ئۇيغۇر جەمئىيىتى بىلەن قانداق قىلغاندا ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى بىلەن ئۇيغۇر مەسىلىلىرى توغرىلىق تېخىمۇ ياخشى ھەمكارلىق ئورنىتىش ۋە ئۈنۈملۈك تەشەببۇس قىلىش توغرىسىدا سۆھبەتلەشتى.

- **2019 - يىلى 7 - ئاينىڭ 29 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەكىلى ب د ت دا**

2019 - يىلى 7 - ئاينىڭ 29 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەكىلى ب د ت نىڭ ئالاھىدە تەرتىپ شۆبىسىگە دوكلات ھۆججىتىنى تاپشۇردى. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ب د ت نىڭ ئالاھىدە تەرتىپ شۆبىسىگە مەسچىتلەرنى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى فىزىكىلىق ۋەيران قىلىش جەھەتتە ئالاھىدە دوكلات سۇندى. بۇ دوكلات بىر گۇرۇپپا ئالاھىدە كۆزەتچىلەر تەرىپىدىن ئويلىشىۋاتىدۇ. بۇ ھەقتە رەسمىي ھۆججەت ئېلان قىلىنىشى مۇمكىن.

- **30 - ئىيۇل دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى شۆھرەت زاكىرنىڭ سۆزىدىن گۇمانلىنىشقا چاقىردى**

ئۇيغۇر رايون باشلىقى شۆھرەت زاكىر بۇگۈن ئەتىگەن بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا، رايوندىكى لاگېرلىرىدا قامالغانلارنى <ھازىر قويۇپ بېرىلدى ۋە خىزمەت ئىمزالاندى> دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى خەلقئارا جەمئىيەتنى بۇنىڭغا ئىشەنمەسلىك ۋە ئېھتىياتچانلىقنى ساقلاپ قېلىشقا چاقىردى ۋە ختاينىڭ جازا لاگېرى توغرىسىدىكى يالغان دەۋا

تارىخنىـ كـۆزدە تۇتـۇپ، بـۇ بايانلارغـا چوقـقـۇر گـۇمـان بىلـەن قاراشـنى تەشـەببۇس قىلـدى.

- **2019 - يىلى 8 - ئاينىڭ 2 - كۈندىن 4 - كۈنگىچە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەكىللەر ئۆمىكى لوندوندىكى ئىسلام جامائىتى بىلەن كۆرۈشتى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى دولقۇن ئەيسا، روشەن ئابباس، مەمەت توختى، ئابلىكىم ئىدرىس، كەرەم ھاجىم ۋە رەھىمە مەھمۇت قاتارلىق ئۇيغۇر پائالىيەتچىلىرى ۋەكىللەر ئۆمىكى جالسا سالانا دا 2019 - يىلدىكى ئەھمەدىيە مۇسۇلمانلار جامائىتىنىڭ يىغىنىغا قاتناشتى. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئەنگلىيەدىكى ۋە دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن مۇسۇلمان جامائىتىنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزۈۋاتقان ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلەرگە بولغان تونۇشىنى ئۆستۈردى ۋە ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى دۇچ كېلىۋاتقان دىنىي زىيانكەشلىكلەرنى تونۇشتۇردى. شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى كرىزىسى ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى بىلەن بىرگە، بىرقانچە مۇسۇلمان رەھبەرلەر ئۇيغۇر خەلقى دۇچ كېلىۋاتقان كرىزىسقا بولغان ئەندىشىسىنى بايان قىلدى.

- **2019 - يىلى 8 - ئاينىڭ 5 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋاشىنگتوندا مايك پېنس بىلەن كۆرۈشتى**

2019 - يىلى 8 - ئاينىڭ 5 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسى ئۆمەر قانات ئامېرىكىنىڭ مۇئاۋىن پرېزىدېنتى مايك پېنس ۋە دۆلەت بىخەتەرلىك كېڭەشىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشتى. قانات مۇئاۋىن پرېزىدېنت پېنس بىلەن كۆرۈشكەندە 1 - 3 مىليون ئۇيغۇرنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى تۈرمە، لاگېرلاردا خالىغانچە قامالغانلىقى شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ دىن، تىل، مەدەنىيەت ۋە كۈندىلىك ھاياتىدا كۆپلىگەن چەكلىمىلەرگە ئۇچراۋاتقانلىقى ھەققىدە ئالاھىدە توختالدى. قانات ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ماگنىتسكىي قانۇنى ئاساسىدا خىتايلارغا جازا يۈرگۈزۈشىنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلىدى.

- **5 - ئاۋغۇست: خىتاي چوقۇم گېرمانىيە يېشىللار پارتىيەسى ئەزالىرىنىڭ زىيارەت قىلىشىغا يول قويۇشى كېرەك**

5 - ئاۋغۇست: دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى خىتاينى گېرمانىيەنىڭ ئۇيغۇر رايونىغا تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئەۋەتىش تەلىپىگە ھۆرمەت قىلىشقا چاقىردى. يېشىللار پارتىيە ئەزاسى مارگارېتا باۋزې بۇ ئايدا بىر كومىتېت ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن

www.uyghurkitap.com



بىللە ئۇيغۇر رايونىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئەمما خىتاي مارگارېتا باۋزىي ئەگەر داۋاملىق بۇ ۋەكىللەر تىزىملىكىدە بولسا، زىيارەت قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

- **دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئۇيغۇر پاناھلىق تىلىگۈچىلەرنى قوغداشتىكى ئورتاق تىرىشچانلىقنى قەدىرلىدى**

6 ـ ئاۋغۇست ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى، ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى ۋە پائالىيەتچىلىرىنىڭ تەز خىزمەت قىلىشى نەتىجىسىدە، قاتاردىن خىتايغا سۈرگۈن قىلىنىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن ئابلىكىم يۈسۈپنىڭ ئامېرىكاغا كىرىشىگە رۇخسەت قىلدى.

- **2019 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەكىللەر ئۆمىكى ۋاشىنگتوندا ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىغا دوكلات بەردى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسى ئۆمەر قانات، ئۇيغۇر ھەرىكىتىنىڭ دىرېكتورى روشەن ئابباس ۋە تېببىي ئالىم دوكتور رىشات ئابباس دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىغا ۋاكالىتەن ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىدا <ۋەھشىيلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقى، كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى، دىنىي ئەركىنلىككە چەك قويۇش> قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا دوكلات بەردى. روشەن ئابباس توختىماي كۆزىتىش، تەربىيەلەش لاگېرلىرى، دىنىي چەكلىمىلەر شۇنداقلا دىياسپورادىكى ئۇيغۇرلار يۈزلىنىۋاتقان پاراكەندىچىلىكلەرنىڭ كۈندىلىك ھاياتىغا بولغان تەسىرىنى تەپسىلىي چۈشەندۈردى. ئۆمەر قانات ئۇيغۇر خەلقىنى قوغداش ۋە خىتاينىڭ باستۇرۇشىغا قارشى تۇرۇشقا دائىر دۆلەت يولغا قويالايدىغان تەۋسىيەلەرنى بەردى.

- **دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى تايلاندنىڭ مۇئاۋىن باش مىنىستىرى پراۋىت ۋوڭسۇۋانغا خەت ئەۋەتتى**

8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تايلاندنىڭ مۇئاۋىن باش مىنىستىرى پراۋىت ۋوڭسۇۋانغا خەت ئەۋەتتى ۋە ئۇنى تۆت يىلدىن بەرى تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان 56 ئۇيغۇر مۇساپىرنىڭ كېيىن بىخەتەر ئۈچىنچى دۆلەتكە كۆچۈشىگە يول قويۇشنى تەلەپ قىلدى.

- **8 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى خىتاينىڭ جەنۋە ئىشخانىسىدا ئوتتۇرىغا قويغان سۆزىگە بولغان ئەندىشىسىنى بىلدۈردى**

خىتاي ۋەكىللەر ئۆمىكى يېقىندا جەنۋەدە ب د ت غا ئەزا دۆلەتلەر ئارىسىدا يالغان سۆزلەرنى تارقاتتى. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى دولقۇن ئەيسانىڭ

«خىتايغا قارشى داڭلىق بۆلگۈنچى ۋە تېررورچى » ئىكەنلىكى سۆزلەپ، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى نى زوراۋانلىقنى قوللايدۇ دەپ يالغان تەشۋىق قىلدى ۋە ب د ت غا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى دولقۇن ئەيسا ۋە ئۇ ھەمكارلاشقان تەشكىلاتلار بىلەن كۆرۈشمەسلىكنى تەلەپ قىلدى.

- **2019 - يىلى 30 - ئاۋغۇست - مەجبۇرىي غايىب بولغانلارنى خاتىرىلەش كۈنى**

بۇ يىل دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى 20 دىن ئارتۇق كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى بىلەن بىرلىكتە بىرلەشمە باياناتى ئېلان قىلىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنى ھەر خىل مەجبۇرىي غايىب قىلىۋېتىشنى توختىتىشقا چاقىردى ۋە بارلىق دۆلەتلەرگە مۇراجىئەت ئېلان قىلىپ، ئۇلارنى خىتاي دۆلىتى تەرىپىدىن مەجبۇرىي غايىب بولۇپ كېتىش زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغانلارغا كاپالەتلىك قىلىشقا چاقىردى. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ئىجرائىيە رەئىسى ئۆمەر قانات شىياڭگاڭ ئەركىن ئاخبارات ئاگېنتلىقىدا 30 - ئاۋغۇست بىر ماقالە ئېلان قىلدى ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنى خىتاينىڭ ئېغىر كىشىلىك ھوقۇققا خىلاپلىق قىلمىشلىرىنى ئېتىراپ قىلىشقا چاقىردى ۋە خىتاينىڭ تېررورلۇقنى كېڭەيتىش ئىستراتېگىيەسىنى سۈيىئىستېمال ئورنىدا قوللىنىلىشلىرىنى بايان قىلدى.

- **2019 - يىلى 3 - سېنتەبىر**

2019 - يىلى 3 - سېنتەبىر د ئۇ ق گېرمانىيە باش مىنىستىرنى ئۇيغۇرلارنى كەڭ كۆلەمدە خالىغانچە تۇتۇپ تۇرۇش مەسىلىسىدە خىتايغا جەڭ ئېلان قىلىشقا چاقىردى. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى گېرمانىيە باش مىنىستىرى ئانگېلا مېركېلنى سودىنى رەت قىلىشقا ۋە كېلەر قېتىملىق زىيارەتتە خىتاي رەھبەرلىرى بىلەن 1 - 3 مىليون ئۇيغۇرنى خالىغانچە تۇتۇپ تۇرۇش مەسىلىسىنى ماھىيەتلىك ئوتتۇرىغا قويۇشقا چاقىردى.

- **2019 - يىلى 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تورىنىڭ ماسلاشتۇرغۇچىسى ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ خىتايدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى بىلەن تەپەككۇر بازىسى مۇزاكىرىسىگە قاتناشتى.**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تورىنىڭ ياردەمچىسى ريان بارري گېرمانىيە ئاقىللار ئامبىرى سۇۋپ ۋە ياش خىتاي كۆزەتكۈچىلىرى تەشكىللىگەن ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ خىتايدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى قاتناشقان، ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ماھىيىتى ۋە خىرىسلىرىنى مۇزاكىرە قىلغان پائالىيەتكە قاتناشتى. پائالىيەت ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ خىتايغا بولغان كۆز

www.uyghurkitap.com



قارىشى ۋە مەيدانى ھەققىدە مۇھىم چۈشەنچە بەردى ھەمدە ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ كەلگۈسى پائالىيەتلىرىنى خەۋەر قىلدى.

- **2019 - يىلى 9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى - ئامېرىكا كېڭەش پالاتاسى ماقۇللىغان ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇنى**

9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئامېرىكا كېڭەش پالاتاسى قانۇن لايىھەسىنى ماقۇللاپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى تۈرك مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئېغىر كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى ئەيىبلىدى، شۇنداقلا خىتاي ئىچى ۋە سىرتىدىكى جامائەتچىلىكنى خالىغانچە تۇتۇپ تۇرۇش، قىيناش ۋە پاراكەندىچىلىك سېلىشنى توختىتىشقا چاقىردى. ئامېرىكا كېڭەش پالاتا ئەزاسى ماركو رۇبىئو بۇ قانۇن ئارقىلىق ئامېرىكىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا مۇسۇلمان ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتىلغان ئېغىر كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە شۇنداقلا ئامېرىكادىكى ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان تەھدىتكە تاقابىل تۇرالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇ قانۇن لايىھەسى 2019 - يىلى 6 - ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ۋاشىنگتوندىكى خەلقئارالىق يىغىنىدىن كېيىن ماقۇللانغان بولۇپ، UHRP ۋە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ئامېرىكادىكى تەشۋىقات پائالىيەتلىرىنى مەنبە قىلدى.

- **2019 - يىلى 17 - سېنتەبىر دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى**

2019 - يىلى 17 - سېنتەبىر دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى پۇقراۋى تەشكىلاتلار بىلەن بىرلىشىپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپىنى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى خورلىغانلىقىنى ئەيىبلەشكە چاقىردى. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى 2019 - يىلى 17 - سېنتەبىر ئېلان قىلغان بىرلەشمە خېتىدە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپى ئانتونىئو گۇتېررېسنى كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى، خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق بىرلەشمىسى ۋە خەلقئارا قانۇنشۇناسلار كومىتېتى بىلەن ھەمكارلىشىپ خىتاينى ئەيىبلەشكە چاقىردى.

- **2019 - يىلى 9 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 25 - كۈنىگىچە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى دولقۇن ئەيسا ياۋروپا پارلامېنتىدا**

2019 - يىلى 9 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 25 - كۈنىگىچە، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى دولقۇن ۋە تور ماسلاشتۇرغۇچىسى ريان بارري، شۇنداقلا UNPO دىكى لۇسىيا پارروچچى، ئىلھام توختى گۇرۇپپىسىدىكى ئەنۋەرجان ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ بىر قانچە ئەزالىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارغا ئۇيغۇر كىرىزىسىنى

تونۇشتۇردى. ئۇلارنى كەلگۈسىدىكى تەشەببۇسلارنى قوللاشقا دەۋەت قىلدى. بولۇپمۇ دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئۇيغۇر دوستلۇق گۇرۇپپىسىنى قايتا قۇرۇش، ئىلھام توختىنى ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ ساخاروف مۇكاپاتىغا نامزاتلىققا كۆرسىتىش ۋە ئۇيغۇر كىرىزىسىنى جىددىي ھەل قىلىشنى مەقسەت قىلدى.

- **9 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 24 - كۈنىگىچە ئۆمەر قانات دىبت دا**

9 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 24 - كۈنىگىچە، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسى، ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق تورىنىڭ مۇدىرى ئۆمەر قانات بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئومۇمىي كېڭىشى ۋە ئامېرىكا ئولتۇرۇشتۇرغان ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالى توغرىسىدىكى قوشۇمچە پائالىيەتكە قاتناشتى. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ پائال ھەرىكەتلىرى 23 دۆلەت ئىمزا قويغان خەتنى 2019 - يىلى ئۆكتەبىردە ب د ت ئومۇمىي مەجلىسىگە سۇنۇشقا تۈرتكە بولدى. كانادا، گېرمانىيە، گوللاندىيە ۋە ئەنگلىيە بىرلىكتە ئولتۇرۇشتۇرغان يەنە بىر پائالىيەتكە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا ئەزا 30 دىن ئارتۇق دۆلەت، ياۋروپا ئىتتىپاقى ۋە 20 دىن ئارتۇق ئاممىۋى تەشكىلاتنىڭ ۋەكىللىرى شۇنداقلا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ئۇيغۇرلار قاتناشتى. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى مەسلىھەتچىسى رىشات ئابباس ب د ت پائالىيىتىدە ۋەكىللەرگە «مىليونلىغان ئۇيغۇر خەلقئارا سودا سىياسىتىنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىماقتا» دېدى.

- **2019 - يىلى 9 - ئاينىڭ 25 - 26 - كۈنلىرى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى گېرمانىيە فېدېراتسىيە پارلامېنتىدا يىغىن ئاچتى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى گېرمانىيە فېدېراتسىيە پارلامېنتىدا ئۇدىق ۋە خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق بىرلەشمىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ بىر قاتار تەشۋىقات يىغىنى ئاچتى. كىدۇ پارلامېنت ئەزاسى مىچەئىل براند، سپد پارلامېنت ئەزاسى دىرك ۋىئەسە، رۇسىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ماسلاشتۇرغۇچىسى، موفا پارلامېنت ئەزاسى مانۇئەل ساررازىن بىلەن كۆرۈشتى. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى يەنە گېرمانىيە فېدېراتسىيە پارلامېنتىدا <خەلقئارا جىنايى ئىشلار ئەدلىيەسى ۋە يەرشارى ماگنىتسكىي جازاسى> ھەققىدىكى ئىسپات ئاڭلاش يىغىنىغا قاتناشتى. ئۇلار يەنە پارلامېنت ئەزاسى فىرانك سىچۋابە، پارلامېنت ئەزاسى مانۇئەل سارارزىن رىياسەتچىلىك قىلغان «مۇستەبىت دۆلەتلەر كىشىلىك ھوقۇقنى قانداق دەپسەندە قىلىدۇ» دېگەن تېمىدىكى يىغىنغا قاتناشتى.

- **2019 - يىلى 26 - سېنتەبىر - «خىتاينىڭ 70 يىللىق باستۇرۇشى»**

2019 - يىلى 26 - سېنتەبىر دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بىرلەشمە ئاخبارات

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئېلان قىلىپ «خىتاينىڭ 70 يىللىق باستۇرۇشى يېتەرلىك، كىشىلىك ھوقۇق ۋە ئەركىنلىك!» تېمىسىدىكى تىنچلىق نامايىشى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى بېلگىيەنىڭ بىريۇسسېلدا ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىق خاتىرە كۈنىدە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى، خەلقئارا تىبەت ھەرىكىتى، ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتى، بېلگىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتى ۋە بېلگىيە تىبەتلەر جەمئىيىتى بىريۇسسېلدا بىرلەشمە نامايىش تەشكىللەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

- **2019 - يىلى 30 - سېنتەبىر خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى**

2019 - يىلى 30 - سېنتەبىر، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى ھارپىسىدا، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئاخبارات ئېلان قىلىپ، خىتايدا ئۆتكەن 70 يىلدا نۇرغۇن ئۆزگىرىش بولدى، ئەمما ئۇيغۇرلار مەقسەتلىك، سىستېمىلىق باستۇرۇلدى، كەمسىتىلدى، ئەگەر بىز دەرھال ئىنكاس قايتۇرمىساق ۋە ئادىل مۇئامىلە قىلىشقا چاقىرمىساق، كەلگۈسى 70 يىل ئوخشاشلا قاراڭغۇ بولىدۇ، دېدى.

- **2019 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى كەڭ كۆلەملىك نامايىش تەشكىللەپ، خىتاينىڭ 70 يىللىقىغا لەنەت بىلدۈردى**

10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋە ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتى، (UNPO)، خەلقئارا تىبەت ھەرىكىتى (ئىكت)، بېلگىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتى ۋە بېلگىيە تىبەت جەمئىيىتى بىريۇسسېلدا بىرلەشمە نامايىش تەشكىللەپ، خىتاينى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى ئاخىرلاشتۇرۇشقا چاقىردى. ئۇيغۇر جەمئىيىتى تىبەت ۋە خوڭكوڭ جەمئىيەتلىرى بىلەن بىرلىشىپ، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۇستەبىت ھاكىمىيىتىگە قارشى تۇردى. نامايىشچىلار ياۋروپا ئىتتىپاقىنى تېخىمۇ كونكرېت تەدبىر قوللىنىپ، خىتاينىڭ ئەشەددىي كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە خاتىمە بېرىشكە چاقىردى. نامايىش ياۋروپا پارلامېنتى ئەزالىرىنى ۋە مىڭلىغان كىشىنى جەلپ قىلدى. نامايىشچىلار نۇتۇق سۆزلەپ، خەلقئارا جەمئىيەتنى، بولۇپمۇ ياۋروپا پارلامېنتىنى خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى تېخىمۇ ئاكتىپ ئەيىبلەشكە ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشلىرىنى قوللاشقا چاقىردى. فىل بەننىئون، موللى سكوت - كاتو، مىكۇلاس پەكسا، مارتېن خورۋۇد ۋە رافائىل گلۇكسماندىن ئىبارەت ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ بەش ئەزاسى سۆز قىلدى. ئۇيغۇر ۋە تىبەت رەھبەرلىرىدىن باشقا، خوڭكوڭدىكى سابىق دېموكراتىك نامايىش رەھبىرى راي ۋوڭ ۋە بىريۇسسېل ئەركىن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئالىمى ۋانەسا فرانۋىل، بېلگىيە

پارلامېنت ئەزاسى سامۇئىل كوگولاتى، سابىق پرېزىدېنت ۋە ئەئەئاس نىڭ ئەزاسى ھەنرى مالوس قاتارلىقلارمۇ سۆز قىلدى.

- **2019 - يىلى 10 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئامېرىكا ھۆكۈمىتى 28 ئورۇننى قارا تىزىملىككە قوشۇپ ۋىزا چەكلىمىسىنى يولغا قويدى**

10 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئامېرىكا سودا مىنىستىرلىكى خىتاينىڭ 28 شىركىتى ۋە ھۆكۈمەت ئورگىنىنى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە قاتناشقانلىقى ئۈچۈن، «ئەمەلىي گەۋدە تىزىملىكى»گە قويۇش قارارىنى ئېلان قىلدى. ئەمەلىي گەۋدە تىزىملىكى سودا قارا تىزىملىكى بولۇپ، شىركەت ياكى باشقا ئورۇنلارنىڭ ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ رۇخسىتىسىز ئامېرىكا شىركەتلىرىدىن زاپچاسلارنى سېتىۋېلىشىنى چەكلەيدۇ.

- **2019 - يىلى 10 - ئاينىڭ 9 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەكىلى گېرمانىيەنىڭ ميۇنخېندىكى ئۇيغۇر كرىزىسى پائالىيىتىگە قاتناشتى**

10 - ئاينىڭ 9 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ياۋروپادىكى ۋەكىلى ئەسقەرجان باۋارىيە پىروتېستانت چېركاۋى، تەھدىتكە ئۇچرىغان خەلقلەر جەمئىيىتى ۋە ياۋروپا ئۇيغۇر جەمئىيىتى تەشكىللىگەن پائالىيەتتە شەرقىي تۈركىستاننىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالى ھەققىدە نۇتۇق سۆزلىدى. ئامېرىكىنىڭ ميۇنخېندا تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى مەغان گرەگونىس، گېرمانىيە فېدېراتسىيە پالاتاسىنىڭ ئەزاسى مارگارېتى باۋزې، ميۇنخېن شەھەرلىك كېڭەش ئەزاسى كۆمالى ناز ۋە ئۆلرىچ دەلىئۇسلار پائالىيەتكە قاتناشتى.

- **2019 - يىلى 10 - ئۆكتەبىر دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى خەلقئارا جەمئىيەتنى قاراتمىلىق جازاغا چاقىردى**

2019 - يىلى 10 - ئۆكتەبىر دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى خەلقئارا جەمئىيەتنى قاراتمىلىق جازا ۋە چەكلىمىلەرنى يولغا قويۇشقا چاقىردى. ئامېرىكا سودا مىنىستىرلىقى ۋە دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسى خىتاي شىركەتلىرى، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى ۋە شەخسلەرگە قارىتا بىر قاتار جازا ۋە چەكلىمىلەرنى ماقۇللىغاندىن كېيىن، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن قوللىنىلغان تۇنجى كونكرېت تەدبىرنى قارشى ئالدى.

- **2019 - يىلى 11 - ئۆكتەبىر خوڭكوڭ ۋەكىلى بىلەن كۆرۈشۈش**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تور ماسلاشتۇرغۇچىسى ريان بارري ۋە ياشار يالقۇن (بېلگىيە ئۇيغۇرلار جەمئىيىتى) خوڭكوڭ ئالىي مەكتەپلەر خەلقئارا ئىشلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئۆمىكىنىڭ باياناتچىسى جوئىي سىيۇ بىلەن كۆرۈشتى. ئۇلار خوڭكوڭ ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋە خوڭكوڭ يوقىرالار جەمئىيىتىنىڭ ياۋروپا ئىتتىپاقى شۇنداقلا باشقا مۇنبەرلەردە تېخىمۇ كۆپ ھەمكارلىشىش، بىر - بىرىنى قوللاش ھەققىدە مۇزاكىرە ئېلىپ باردى.

- **2019 - يىلى 10 - ئاينىڭ 11 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئامېرىكانىڭ ميۇنخېندىكى باش كونسۇلخانىسىنىڭ يىغىنغا قاتناشتى**

10 - ئاينىڭ 11 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئامېرىكانىڭ ميۇنخېندىكى باش كونسۇلخانىسىنىڭ ياشلار مەسلىھەتچىلەر كومىتېتى يىغىنىغا قاتنىشىپ، ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق كىرىزىسىنى تونۇشتۇردى. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى خىزمەتچىلىرى ئۇيغۇرلارنى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى تونۇشتۇردى. ئارقىدىن ئۇلار نۆۋەتتىكى كىرىزىسنى جۇملىدىن نازارەت قىلىش ۋە بىخەتەرلىك مەسىلىسى، تۇتۇپ تۇرۇش لاگېرلىرى ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى باشقا كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىنى تونۇشتۇردى.

- **2019 - يىلى 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى گېرمانىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ خىتايدىكى كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتى يۇمىلاق ئۈستەل يىغىنغا قاتناشتى.**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تورىنىڭ ياردەمچىسى ستېفان لامپې گېرمانىيە ھۆكۈمىتى كىشىلىك ھوقۇق كومىسسارى دوكتور باربېل كوفلېر ۋە خىتاي تاشقى ئىشلار ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى جورن بەئىبەرت رىياسەتچىلىك قىلغان يىغىنغا قاتناشتى. لامپې گېرمانىيە ئەمەلدارلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ، گېرمانىيە ھۆكۈمىتىنىڭ تېخىمۇ كۆپ تەدبىر قوللىنىشىغا تۈرتكە بولدى.

- **2019 - يىلى 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 17 - كۈنىگىچە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى پراگادىكى دېموكراتىيە بايرىمىدا سۆز قىلدى.**

10 - ئاينىڭ 15 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى دولقۇن ئەيسا پراگادا ئېچىلغان 2000 مۇنبەردە «خىتايدىكى كىشىلىك ھوقۇق تېخىمۇ ناچارلاشماقتا» تېمىسىدا سۆز قىلدى. ئۇ شەرقىي تۈركىستاندىكى جازا لاگېرلىرى مەسىلىسى ھەققىدە توختالدى. ئۇ يەنە خىتاينىڭ قانداق قىلىپ كەڭ كۆلەملىك قانۇنسىز نازارەت قىلىش ۋە ئارخىپلاشتۇرۇش تاكتىكىسىنى ئىشلىتىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنى نازارەت قىلىدىغانلىقىغا دىققەت قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈردى. مۇنبەر چارلېس ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن ئىنستىتۇتىدىكى خىتاي دېموكراتىيە ۋە كىشىلىك ھوقۇق ئۇچۇر مەركىزىنىڭ ھەمكارلىقىدا ئېچىلدى، تىبەت ۋەكىلى دوكتور لوساڭ ساڭاي، خىتاي

ھەرىكىتىنىڭ رەئىسى ياڭ جيەنلى قاتارلىقلار قاتناشتى. 10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى دېموكراتىيە كۈنىنىڭ بىر قىسمى بولغان «شەرقىي تۈركىستان كرىزىسى: دۆلەت ئىچى تەرەققىياتى ۋە خەلقئارا تەسىر» ناملىق ئوتتۇرا ئاسىيا سۇپىسى پائالىيىتىدە نۇتۇق سۆزلىدى.

- **2019 - يىلى 10 - ئاينىڭ 16 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى بىريۇسسېلدا ئېچىلغان دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى يۇمىلاق ئۈستەل يىغىنىغا قاتناشتى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تورىنىڭ ماسلاشتۇرغۇچىسى ريان بارري ۋە ياشار يالقۇن بىريۇسسېلدىكى ئاخبارات كۇلۇبىدىكى يۇمىلاق ئۈستەل يىغىنىغا قاتناشتى ۋە ئۇيغۇر كرىزىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ريان بارري رىياسەتچىلىكىدىكى يۇمىلاق ئۈستەل يىغىنىدا دىنىي ئەركىنلىك خىزمەت گۇرۇپپىسى قۇرۇش مۇمكىنچىلىكى مۇزاكىرە قىلىندى.

- **2019 - يىلى 10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى پۇقرالار جەمئىيىتى بىلەن بىرلىشىپ، ئالما شىركىتىنى خىتاينىڭ تەكشۈرۈشىنى رەت قىلىشقا چاقىردى**

10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئەركىن تىبەت ئوقۇغۇچىلار جەمئىيىتى، تىبەت ھەرىكەت تەتقىقات مەركىزى، سۇموفۇس بىلەن بىرلەشمە باياناتى ئېلان قىلىپ، ئالما شىركىتىدىن خىتاي بىلەن باستۇرۇش سىياسىتى ۋە سۆز ئەركىنلىكىنى تەكشۈرۈش ھەققىدە ھەمكارلىششىنى توختىتىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇيغۇرلار، تىبەتلەر، خىتاي، خوڭكوڭ ۋە تەيۋەنلىك كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرى سۇموفۇسنىڭ نيۇ - يوركتىكى دۇكىنىنىڭ ئالدىغا يىغىلىپ، ئالما شىركىتىنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن ھەمكارلاشقانلىقىغا ئېتىراز بىلدۈردى.

- **2019 - يىلى 18 - ئۆكتەبىر دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى پۇقراۋى تەشكىلاتلار بىلەن بىرلىشىپ، ئالما شىركىتىنى خىتاينىڭ تەكشۈرۈش سىستېمىسىنى قوللاشنى توختىتىشقا چاقىردى.**

- **2019 - يىلى 10 - ئاينىڭ 22 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بېرلىندىكى ئىش باشقارمىسىدا مۇھىم مېھمانلارنى كۈتۈۋالدى.**

10 - ئاينىڭ 22 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ بېرلىن ئىشخانىسى رەسمىي ئېچىلدى. گېرمانىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللىرى، پارلامېنت ئەزالىرى، چەت ئەل ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى، پۇقرالار جەمئىيىتى ۋە خەلقئارا تاراتقۇلارنىڭ ۋەكىللىرى كۈتۈۋېلىشقا قاتناشتى. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى دولقۇن ئەيسا مېھمانلارغا ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى قوللاشنىڭ ھالقىلىق پەيتىنى قايتا تەكىتلىدى. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ يېڭى ۋەكىللىرى

مېھمانلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. تەيۋەن ۋەكىلى، باش ئەلچى پىروفېسسور جى - ۋېي شىخە، ئامېرىكانىڭ بېرلىندىكى باش ئەلچىخانىسىدىن جېيىك نېلسون ، يېشىللار پارتىيەنىڭ ئەزاسى مارگارىتا باۋزې خانىم، كىدۇنىڭ ئەزاسى مارتېن پاتزېلت، تەھدىتكە ئۇچرىغان خەلقلەر جەمئىيىتىدىن دىرېكتور ئۇلرىچ دەلىئۇس ۋە خەلقئارا تىبەت ھەرىكىتىنىڭ ئىجرائىيە مۇدىرى كەي مۇللەر ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ۋە ئاساسىي ئەركىنلىك كۈرىشىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. لىبېراللار پارتىيەسىنىڭ پارلامېنت ئەزاسى فرانك مۇللەر - روسەنترىتمۇ دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى كۈتۈۋېلىش زىياپىتىگە مېھمان بولدى. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى يېڭى ئىشخانىدىن پايدىلىنىپ، خىتايدىكى كىشىلىك ھوقۇقتا قىزىقىدىغان بېرلىندىكى ئالاقىدار تەرەپلەر بىلەن تەشۋىقات خىزمىتىنى ماسلاشتۇرۇپ، كەلگۈسىدىكى خىرىسلارنى بىرلىكتە يېڭىپ، ھەممە جايدا ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىدىغان كەلگۈسىنى يارىتىشنى ئۈمىد قىلدى.

- **2019 - يىلى 10 - ئاينىڭ 24 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ياۋروپا پارلامېنتىدا**

2019 - يىلى 10 - ئاينىڭ 24 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ ئىلھام توختىغا ساخاروف مۇكاپاتىنى تارقىتىش قارارىنى قارشى ئالدى. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ تۈرمىدىكى ئۇيغۇر ئىقتىسادشۇناسى ئىلھام توختىغا 2019 - يىللىق ساخاروف پىكىر ئەركىنلىكى مۇكاپاتىنى بېرىش قارارىنى قارشى ئالدى. ساخاروف مۇكاپاتى پارلامېنت تەرىپىدىن بېرىلگەن ئەڭ يۇقىرى كىشىلىك ھوقۇق مۇكاپاتى بولۇپ، بۇ قارار ياۋروپانىڭ خىتاينىڭ ئېغىر كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە سۈكۈت قىلمايدىغانلىقى توغرىسىدىكى كۈچلۈك مەيدانى ھېسابلىنىدۇ.

- **2019 - يىلى 10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى لوندوندىكى ئەنگلىيە ياش ئادۋوكاتلار جەمئىيىتىنىڭ پائالىيىتىگە قاتناشتى**

10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى دولقۇن ئەيسا ئەنگلىيە ياش ئادۋوكاتلار جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان كەچلىك تاماق زىياپىتىدە كىشىلىك ھوقۇق ئادۋوكاتلىرى بىلەن كۆرۈشتى. ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىدە تەجرىبىسى مول بولغان بىر قانچە ئادۋوكات دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى بىلەن ئۇيغۇرلار ئۈچۈن خەلقئارالىق ئادۋوكاتلار قوللاش گۇرۇپپىسى قۇرۇش توغرىسىدا سۆھبەتلەشتى.

- **2019 - يىلى 10 - ئايدا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تەيۋەندە ئۇيغۇرلار جەمئىيىتى قۇرۇشقا ياردەم بەردى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ شەرقىي ئاسىيا ۋە تىنچ ئوكيان ۋەكىلى ئىلھام مەھمۇت ، خىتاي ئىشلىرى دىرېكتورى ئىلشات ھەسەن تەيۋەن شەرقىي تۈركىستان جەمئىيىتىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى. بۇ تەشكىلات ئۇيغۇرلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش خىزمىتىنى قانات يايدۇردۇ.

- **2019 - يىلى 30 - ئۆكتەبىر دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ب د ت غا ئەزا دۆلەتلەرگە**

2019 - يىلى 30 - ئۆكتەبىر دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ب د ت غا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ ئۇيغۇرلارنى تۇتۇپ تۇرۇشنى توختىتىش ۋە كىشىلىك ھوقۇققا ھۆرمەت قىلىش ھەققىدىكى يېڭى چاقىرىقنى قوللىدى. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ب د ت غا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ خىتايىنى ئۇيغۇر ۋە باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىشقا ۋە كەڭ كۆلەملىك تۇتۇپ تۇرۇشنى توختىتىشقا چاقىرغانلىقىنى ماختىدى. گەرچە خەلقئارا جەمئىيەت بۇ مەسىلىگە بارغانسېرى دىققەت قىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى سىستېمىسىنىڭ ئىنكاسى يېتەرلىك ئەمەس.

- **2019 - يىلى 11 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن 5 - كۈنىگىچە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى دارامسالادا تىبەتنى قوللاش گۇرۇپپىسى يىغىنىغا قاتناشتى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ تۇر ياردەمچىسى زۇمرەتئاي ئەركىن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىغا ۋاكالىتەن 3 - نويابىردىن 5 - نويابىرغىچە دارامسالادا ئۆتكۈزۈلگەن تىبەتنى قوللاش گۇرۇپپىسىنىڭ 8 - نۆۋەتلىك خەلقئارالىق يىغىنىغا قاتناشتى. ئۇ سۆزىدە ئىككى گۇرۇپپا ئوتتۇرىسىدىكى كۈچلۈك ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەپ، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بىلەن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئوخشىمىغان تىبەت ئاممىۋى تەشكىلاتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھەمكارلىق تۈرلىرىنىڭ تەپسىلاتلىرىنى تونۇشتۇردى. ئۇ دالاي لاما ۋە تىبەت پىرېزىدېنتى لوبساڭ سېڭ بىلەن كۆرۈشتى. زۇمرەتئاي خانىمنىڭ ئىشتىراك قىلىشى تىبەت جەمئىيىتى بىلەن بولغان ئالاقە ۋە ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا ياردەم بەردى. تىبەت جەمئىيىتى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ئايال ۋەكىل ئەۋەتكەنلىكىدىن ئالاھىدە خۇشال بولدى. زۇمرەتئاي تىبەت ئاممىۋى تەشكىلاتلىرى بىلەن بىر قىسىم ھەمكارلىق تۈرلىرىنى ئىلگىرى سۈردى. ئۇنىڭ سۆزىدىن كېيىن، يىغىنغا قاتناشقۇچىلار ئۆز دۆلىتىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيەتلىرىگە قىزىقىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. نورۋېگىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتى، نورۋېگىيە تىبەت جەمئىيىتى ۋە نورۋېگىيە خوڭكوڭ جەمئىيىتى نورۋېگىيەدىكى گۈر مەلبى (نورۋېگىيە لىبېراللار پارتىيەسىدىن) بىلەن كۆرۈشۈپ، تۈرلۈك كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى ھەققىدە مۇنازىرە ئېلىپ بار. بۇنىڭدىن باشقا، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ھازىر نۇرغۇن تىبەت تەشكىلاتلىرى بىلەن ئالما

www.uyghurkitap.com



شىركىتىگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنى باشلىدى. زومرەتئاي يەنە تىبەت ۋە روھىڭياغا مۇناسىۋەتلىك ھەر خىل يىغىنلاردا ئۇيغۇر كرىزىسى ۋە تەشۋىقات خىزمىتى ھەققىدە سۆز قىلىشقا تەكلىپ قىلىندى.

- **2019 - يىلى 11 - ئاينىڭ 4 - كۈنى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى تەبرىكلەندى**

2019 - يىلى 11 - ئاينىڭ 4 - كۈنى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە دېموكراتىيە بايرىمى ئۆتكۈزۈلدى. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئاخبارات ئېلان قىلىپ كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتتى.

- **2019 - يىلى 11 - ئاينىڭ 6 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى بىريۇسسېلدا ئۆتكۈزۈلگەن UNPO پائالىيىتىگە قاتناشتى**

11 - ئاينىڭ 6 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تورىنىڭ ياردەمچىسى شەھرىزاد غەيرەت ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ ئەزاسى ئىسابېل سانتوس ساھىبخانلىق قىلغان «مۇرەسسە بوشلۇقى: ياۋروپا ئىتتىپاقى ب د ت نىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلارنى بوزەك قىلىش، توسۇش ۋە ئۆچ ئېلىشنى قانداق بىر تەرەپ قىلىدۇ؟» دېگەن تېمىدىكى پائالىيىتىگە قاتناشتى. كومىتېت ئىچىدىكى س&د گۇرۇپپىسىدىن گېللارت خانىم خىتاينىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا ئەزالىق ئورنىدىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلىۋاتقانلىقىنى ھەمدە بۇنى توختىتىش ھەققىدە سۆزلىدى.

- **2019 - يىلى 11 - ئاينىڭ 6 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى مالايشىيانىڭ بېرلىندىكى باش ئەلچىخانىسىدا زىيارەتتە بولدى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ بېرلىندىكى ۋەكىللىرى مالايشىيانىڭ بېرلىندىكى باش ئەلچىخانىسىنىڭ مىنىستىر مەسلىھەتچىسى كامال نورفارىد كامارۇدىن بىلەن چۈشلۈك تاماقتا بىللە بولدى ۋە ئۇنىڭغا شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى چۈشەندۈردى.

- **2019 - يىلى 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئۇيغۇر پائالىيەتچىسى ۋارىس ئابابەكرىنىڭ ۋاپاتىغا قايغۇردى. رەئىسى دولقۇن ئەيسانىڭ ئىلگىرىكى ساۋاقدىشى ۋارىس ئابابەكرى ئۈرۈمچىدە ئالەمدىن ئۆتتى. ۋارىس ئابابەكرى ئۇيغۇر مەدەنىيەت چەمبىرىكىدىكى مۇھىم شەخس بولۇپ، ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە سەنئىتىنى بېيىتىشقا كۈچ چىقارغان.**

- **2019 - يىلى 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تىبەت پائالىيەتچىسى ڭاۋاڭ قۇپەئىنىڭ ۋاپاتىغا قايغۇردى. تىبەت پائالىيەتچىسى ڭاۋاڭ قۇپەئى جەنۋەدە ئالەمدىن ئۆتكەندىن**

**كېيىن، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئائىلىسىدىكىلەر ۋە دوستلىرىغا تەزىيە بىلدۈردى. ئۇۋاڭ قۇپەئى تىبەتلەر جەمئىيىتىدىكى مۇھىم شەخس بولۇپ، ياۋروپا ۋە باشقا جايلاردىكى ئۇيغۇر جەمئىيەتلىرى بىلەن ئۇزۇن يىل ھەمكارلاشقان.**

- **2019 - يىلى 11 - ئاينىڭ 8 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ب د ت مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنى تۇتۇپ تۇرۇش لاگېرلىرى توغرىسىدىكى ئاساسلىق ئەندىشىلىرىگە دىققەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئاخبارات ئېلان قىلىپ، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى تۇتۇپ تۇرۇش لاگېرلىرىدا كەڭ كۆلەمدە خالىغانچە تۇتۇپ تۇرۇلۇشىدىن ماھىيەتلىك گۇمانلىنىش ئۈچۈن كۆرسەتكەن ئەڭ يېڭى تىرىشچانلىقنى گەۋدىلەندۈردى. ب د ت مۇتەخەسسىسلىرى گۇرۇپپىسى خىتاي ھۆكۈمىتىگە خەت ئەۋەتتى.**

- **2019 - يىلى 11 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ميۇنخېندا ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە دېموكراتىيە بايرىمى ئۆتكۈزۈلدى**

11 - ئاينىڭ 9 - كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 1 دىن كەچ سائەت 5 گىچە، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى 1933 - ۋە 1944 - يىللىرى قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى خاتىرىلەندى. پائالىيەتكە يەرلىك ئاممىمۇ قاتناشتى. پائالىيەت ميۇنخېن شەھىرىدىكى كۆچمەنلەر ۋە كۇلتۇر رېفاراتىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. پائالىيەتتە مەدەنىيەت ۋە سەنئەت نومۇرلىرىنى ئورۇنلاندى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى دولقۇن ئەيسا ۋە يېشىللار پارتىيەسىنىڭ پارلامېنتتىكى ئەزاسى مارگارېتا باۋزې شۇنداقلا ياۋروپانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرى، ميۇنخېن ئاممىسى بۇنىڭغا ئىشتىراك قىلدى.

* 2019 - يىلى 11 - ئاينىڭ 9 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بېرلىن ئىشخانىسىنىڭ مەسئۇلى «بىز خوشكوك بىلەن بىر سەپتە» پائالىيىتىدە سۆز قىلدى.

11 - ئاينىڭ 9 - كۈنى غەيۇر قۇربان دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىغا ۋاكالىتەن بېرلىن تېمى يىقىلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى تەبرىكلىدى. غەيۇر قۇربان بېرلىن تەمىنىڭ يەقىلىشى بىلەن 21 - ئەسىردىكى خىتاي كوممۇنىزمى ئېلىپ كەلگەن تەھدىت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى كۆرسەتتى.

- **2019 - يىلى 11 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى تىبەت جەمئىيىتىنىڭ جەنۋە مۇنبىرىگە قاتناشتى**

11 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى دولقۇن ئەيسا تىبەت جەمئىيىتىنىڭ جەنۋە مۇنبىرىگە قاتناشتى. بۇ يىلقى مۇنبەردە خىتاينىڭ يۇقىرى تېخنىكىلىق ۋاستىلەر بىلەن باستۇرۇشلىرى

ۋە ئۇنىڭ دىنىي گۇرۇپپىلارنى نىشان قىلغان ئۇسۇللىرى مۇزاكىرە قىلىندى. دولقۇن ئەيسا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا ئورۇنلاشتۇرغان قاتتىق نازارەت قىلىش تېخنىكىسى ۋە ئۇسكۈنىلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلدى، بۇ ئۇسكۈنىلەرنىڭ خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنى مەدەنىيەت ۋە ئىدىيەۋى جەھەتتە ئاسسىمىلياتسىيە قىلىشىغا ياردەم بېرىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى.

- **2019 - يىلى 22 - نويابىردىن 24 - نويابىرغىچە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى 2019 - يىللىق خالىفاكس بىخەتەرلىك مۇنبىرىدە بەزى ئەمەلدارلار بىلەن كۆرۈشتى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى دولقۇن ئەيسا 22 - نويابىردىن 24 - نويابىرغىچە كانادانىڭ خالىفاكس شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن 2019 - يىللىق خەلقئارا بىخەتەرلىك مۇنبىرىگە قاتناشتى. بۇ مۇنبەر ھەر خىل تەھدىتلەرگە ئۇچرىغان شەخسلەرنى ۋە خەلقئارا بىخەتەرلىك ئۈچۈن مۇھىم تەدبىرلەرنى قوللانغان قارار چىقارغۇچىلارنى بىر يەرگە توپلاشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تۇنجى قېتىم مۇنبەرگە تەكلىپ قىلىنىشى ھېسابلىنىدۇ. ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىك مەسلىھەتچىسى روبېرت ئوبرىئېن خەلقئارا جەمئىيەتنى خىتاينىڭ 1 مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇرنى تۇتۇپ تۇرۇش لاگېرىغا سولاپ قويغانلىقىغا دىققەت قىلىشقا چاقىردى. دولقۇن ئەيسا ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسىنىڭ باياناتچىسى مورگان ئورتاگۇس، ئامېرىكا دېڭىز قىرغىقى مۇھاپىزەت ئەترىتىدىن ئادمىرال لائۇسان ساگەر، ئۇكرائىنا پروشېنكو نېفىت شىركىتىنىڭ سابىق رەئىسى كارل شۇلتىز، BBC رادىيوسى ۋە دۇنيا مۇلازىمەت شىركىتىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك رىياسەتچىسى جامېس كوماراسامى قاتارلىق بىر قاتار يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار بىلەن كۆرۈشتى. دولقۇن ئەيسا خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش جەھەتتىكى تەجرىبىلىرى شۇنداقلا بۇ جەھەتتىكى خىرىسلارنى سۆزلىدى، ئۇ يەنە كىشىلەرنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا داۋاملىشىۋاتقان كرىزىسقا بولغان تونۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇردى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تۇتۇپ تۇرۇش لاگېرلىرىنى ئىسپاتلايدىغان ھۆججەتلەرنى ئاشكارىلىدى.

- **2019 - يىلى 28 - نويابىر شۋېيتسارىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ ئەمەلدارلىرى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسىنى قوبۇل قىلدى**

11 - ئاينىڭ 28 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى دولقۇن ئەيسا ۋە شۋېيتسارىيە تەھدىتكە ئۇچرىغان دۆلەتلەر جەمئىيىتى ۋەكىللەر ئۆمىكى بىرنەدا شۋېيتسارىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ ۋەكىللىرى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىندى. دولقۇن ئەيسا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا پائالىيەت قىلىۋاتقان شۋېيتسارىيە شىركەتلىرىنىڭ دەرھال تەدبىر قوللىنىپ،

كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە قاتناشماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشىنى تەلەپ قىلدى. شۋېيتسارىيە ھۆكۈمىتىنى خىتاي بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋىتىنى قايتىدىن ئويلىنىشقا چاقىردى. ئۇ خىتاينىڭ ئۇيغۇر رايونىدا نازارەت قىلىش سىستېمىسىنى يولغا قويۇشىغا يېقىندىن قاتناشقان نازارەت قىلىش ئۈسكۈنىلىرى شىركىتى ھىكۋىسىئون، شەرقىي تۈركىستاندا پەمىدۇر مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋالىدىغان نەستلە شىركىتىنى ئالاھىدە تىلغا ئالدى.

- **2019 - يىلى 28 - نويابىر دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى لوندوندا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا روھشۇيا ياشلار يىغىنىغا قاتناشتى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تورىنىڭ ياردەمچىسى زۇمرەتئاي ئەركىن لوندوندا ئۆتكۈزۈلگەن تۇنجى خەلقئارالىق روھشۇيا ياشلار يىغىنىغا قاتناشتى. ئۇلار پىكىر ۋە ئىستراتېگىيەلەرنى ئورتاقلاشتى. ئىككى جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت كۈچەيتىلدى. بۇ پۇرسەتتە ئۇ ئەركىن تىبەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئاساسىي قاتلام مۇدىرى بېيما دوما بىلەن كۆرۈشتى. ئۇلار يېقىن كەلگۈسىدە مۇمكىن بولىدىغان تۈرلەر توغرىسىدا پىكىر ئالماشتۇردى.

- **2019 - يىلى 28 - نويابىر دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى شەرقىي تۈركىستاندا**

2019 - يىلى 28 - نويابىر دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى شەرقىي تۈركىستاندا سودا قىلىۋاتقان شۋېيتسارىيە شىركەتلىرىگە دىققەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى چەت ئەل مەبلىغىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدا كونسېرى كۈچىيىۋاتقان رولى ۋە كەڭ كۆلەملىك كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىدىكى شېرىكلىك ئەندىشىسى ھەققىدە ئاخبارات ئېلان قىلىپ، شۋېيتسارىيەدىكى بىر قىسىم داڭلىق شىركەتلەردىن شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەرىكەتلىرىنى قاتتىق تەكشۈرۈشنى، سودا ۋە كىشىلىك ھوقۇققا ئائىت خەلقئارالىق ئۆلچەملەرگە ھۆرمەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

- **11 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەكىلى ب د ت دا**

11 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەكىلى زۇمرەتئاي ئەركىننى شۋېيتسارىيەنىڭ جەنۋەدە ئۆتكۈزۈلگەن ب د ت ئاز سانلىقلار مۇنبىرىگە قاتنىششقا ئەۋەتتى. بۇ مۇنبەر ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشۈش ۋە يىغىن جەريانىدا بايانات ئېلان قىلىش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلىدى. زۇمرەتئاي «ئانا تىل مائارىپى ۋە تىل» دېگەن تېمىدا نۇتۇق سۆزلىدى. 11 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تورىنىڭ ياردەمچىسى زۇمرەتئاي ئەركىن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئاز سانلىقلار مەسىلىسى

www.uyghurkitap.com



مۇنبەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل مائارىپى يىغىنىدا نۇتۇق سۆزلىدى

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى خىتايدىن «بالىلارنىڭ ئانا تىلىنى ئىشلىتىشىنى پۈتۈنلەي چەكلەش سىياسىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش» نى تەلەپ قىلدى. 26 - نويابىردىن 27 - نويابىرغىچە رەئىس دولقۇن ئەيسا ۋە تۇر دىرېكتورى پېتېر ئىرۋىن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى سودا ۋە كىشىلىك ھوقۇق مۇنبىرىگە قاتنىشىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇرىي ئەمگەك ۋە جاۋابكارلىققا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلدى. دولقۇن ئەيسا بايانات ئېلان قىلىپ، دۆلەتلەر سودىنى كىشىلىك ھوقۇقتىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويىدى، دېدى. چەت ئەل مەبلىغىنىڭ ئۇيغۇر رايونىدا كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان رولى ۋە كەڭ كۆلەمدە كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە چېتىشلىق ئەندىشىسىنى كۆزدە تۇتۇپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇققا كاپالەتلىك قىلىشقا چاقىردى. ئۇ خەلقئارا سودا جەمئىيىتىنى سودا پائالىيىتىنىڭ ئۆزىنىڭ سودا ۋە كىشىلىك ھوقۇق پرىنسىپىغا ئەمەل قىلغان - قىلمىغانلىقىنى تەكشۈرۈشكە، ئەگەر كىشىلىك ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلغان بولسا، دەرھال تۈزىتىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىشقا دەۋەت قىلدى.

- **2019 - يىلى 12 - ئاينىڭ 3 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بېرلىندا ئۆتكۈزۈلگەن «شىنجاڭدا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار بىلەن سۆھبەت» پائالىيىتىگە قاتناشتى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەكىلى ستېفان ئۆلگە بېرلىندىكى ئىختىيارى مۇخبىر بەن مائۇك ساھىبخانلىق قىلغان پائالىيەتكە قاتناشتى، ئۇ خىتاينىڭ تۇتۇپ تۇرۇش لاگېرىدا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان، ھازىر قازاقىستاندا تۇرۇۋاتقان قىسمەن شەخسلەر بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى.

- **2019 - يىلى 12 - ئاينىڭ 4 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى 2019 - يىللىق ئۇيغۇر قانۇنىنىڭ ماقۇللانغانلىقىنى قارشى ئالدى.**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئاخبارات ئېلان قىلىپ، بۇ ھەپتە ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسىنىڭ 2019 - يىللىق ئۇيغۇر قانۇنىنىڭ ماقۇللانغانلىقىغا مىننەتدارلىقىنى بىلدۈردى، خەلقئارا جەمئىيەتنى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، بۇ مەسىلىگە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىشكە، قانۇن لايىھەسىنى نازارەت قىلىشقا مەسئۇل ۋەكىللەرنى تەيىنلەشكە چاقىردى ھەمدە بارلىق مۇنبەرلەردە بۇ مەسىلىنى كۈچلۈك ئوتتۇرىغا قويۇشنى مۇراجىئەت قىلدى.

- **2019 - يىلى 12 - ئاينىڭ 5 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى مىيۇنخېندىكى**

**ئامېرىكا كونسۇلخانىسىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن چۈشلۈك تاماقتا بىللە بولدى.**

5 - دېكابىر دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى ئۇيغۇر رېستورانى تەكلىماكاندا ئامېرىكا كونسۇلخانىسىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن چۈشلۈك تاماقتا بىرگە بولدى. ۋەكىللەر ئامېرىكا كونسۇلخانىسىنىڭ خىزمەتچىلىرىگە ئۇيغۇر يېمەكلىكلىرىنى تونۇشتۇردى، بۇ ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىشكە ياردەم بەردى.

- **2019 - يىلى 12 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن 9 - كۈنىگىچە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بىريۇسسېلدا ئىجرائىيە كومىتېتى يىغىنى ئاچتى.**

12 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن 9 - كۈنىگىچە، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بېلگىيەنىڭ بىريۇسسېلدا ئىجرائىيە كومىتېتى يىغىنى ئېچىپ ، ئۆتكەن ئالتە ئايدىكى پائالىيەت ۋە مالىيە دوكلاتىنى مۇزاكىرە قىلدى. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەھبەرلىك قاتلىمى يەنە كەلگۈسى ئالتە ئايدىكى پىلانلانغان پائالىيەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى. يىغىلىش مۇراسىمىدا، شەخسلەر، ئاممىۋى تەشكىلاتلار، جەمئىيەتلەر ۋە رەھبەرلەرنىڭ تىرىشچانلىقى مۇكاپاتلاندى.

- **12 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن 10 - كۈنىگىچە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ياشلارنى تەربىيەلەش كۇرسى ئۆتكۈزدى**

12 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن 10 - كۈنىگىچە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى، ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتى (UNPO) بېلگىيەنىڭ بىريۇسسېلدا ئۇيغۇر پائالىيەتچىلىرى ئۈچۈن ئاخبارات تەربىيەلەش كۇرسى ئاچتى. دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئۇيغۇر پائالىيەتچىلىرى 7 - دېكابىردىن 9 - دېكابىرغىچە ئۈچ كۈنلۈك ئاخبارات مەشىقىگە قاتناشتى، ئۇيغۇر كرىزىسىنى ھەل قىلىش جەريانىدا تاراتقۇلار بىلەن قانداق قىلغاندا ئۈنۈملۈك ۋە مەسئۇلىيەتچان ئالاقە قىلىشنى ئۆگەندى. سۆھبەت يىغىنى ياش ئۇيغۇر پائالىيەتچىلىرىنى ماھارەت، بىلىم ۋە ئارقا كۆرۈنۈش بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلارنىڭ ئۈنۈملۈك، مەسئۇلىيەتچان ۋە مۇۋاپىق ئۇسۇلدا ئوخشىمىغان شەكىلدىكى ئاخبارات ۋاسىتىلىرى بىلەن ئالاقىلىشىشىغا ياردەم بەردى. داڭلىق مۇخبىرلار، كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرى، تەشۋىقات مۇتەخەسسىسلىرى ۋە ئۇيغۇر ئاخبارات مۇتەخەسسىسلىرى تەربىيەلەش جەريانىدا نۇتۇق سۆزلەپ، قاتناشقۇچىلارنى تاراتقۇلار بىلەن قانداق قىلىپ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئالاقە قىلىش توغرىسىدا ھەر خىل كۆز قاراش ۋە چۈشەنچىلەر بىلەن تەمىنلىدى. سۆھبەت يىغىنىدا پۇرسەت، خىرىس، ۋاسىتە، ئالاقە قاتارلىق مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىندى .

- **2019 - يىلى 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەكىلى ئاخبارات ئېلان**

www.uyghurkitap.com



قىلىش يىغىنىدا سۆز قىلدى

12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تور ياردەمچىسى زۇمرەتئاي ئەركىن ئالما شىركىتىنىڭ پائالىيەتلىرىنىڭ بىر قىسمى بولغان ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىغا قاتناشتى. بۇ ھەرىكەتكە خەلقئارا تىبەت تورى، سومۇفوس، ئەركىن تىبەت ئوقۇغۇچىلىرى، تىبەت ھەرىكەت ئىنستىتۇتى، ئەركىن تىبەت ۋە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى قاتناشتى. تىبەتلەر، ئۇيغۇرلار، خوڭكوڭ پائالىيەتچىلىرى ۋە رەقەملىك تېخنىكا مۇتەخەسسىسلىرى توردا ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىغا قاتنىشىپ، ئالما شىركىتىنىڭ خىتاينىڭ زۇلۇمىنى تەكشۈرۈش قانۇنىغا ئەمەل قىلغانلىقى شۇنداقلا بېيجىڭنىڭ بۇ شىركەتكە بولغان بىۋاسىتە تەلىپىنىڭ ئېغىر كىشىلىك ھوقۇق ئاقىۋىتى پەيدا قىلغانلىقىنى مۇزاكىرە قىلدى. زۇمرەتئاي خانىم خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى ۋە ئىدېئولوگىيەسىنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىشتا قوللانغان نازارەت قىلىش تېخنىكىسىنى چۈشەندۈردى. ئۇ يەنە خىتاينىڭ ئالما يانفون ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنى نازارەت قىلغانلىقىنى گەۋدىلەندۈردى. ئۇ ھازىر تەخمىنەن 1 - 3 مىليون ئۇيغۇرنىڭ تۇتۇپ تۇرۇش لاگېرلىرىدا تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى ئەسكەرتتى. دوكلات بېرىش يىغىنى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى، توردا 20 مىڭ قېتىمغا يېقىن كۆرۈلدى. بۇ گۇرۇپپىلار پائالىيەتنىڭ كېيىنكى باسقۇچلىرىنى بىرلىكتە مۇزاكىرە قىلماقتا.

- **2019 - يىلى 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەكىلى بېرلىن كىشىلىك ھوقۇق كۈنى يىغىلىشىدا سۆز قىلدى**

12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى كىشىلىك ھوقۇق كۈنىدە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەكىلى ستېفان لامپې گېرمانىيەنىڭ بېرلىنىدا رېيمن - مائاس بېرۇفسكوللېگ ئۇيۇشتۇرغان نامايىشتا نۇتۇق سۆزلىدى. ئۇ شەرقىي تۈركىستاندىكى كىرىزىسنى تەكىتلەپ، كىشىلەرنى خىتاي ئەلچىخانىسى ئالدىدا تېخىمۇ كۆپ ھەرىكەت قوللىنىشقا چاقىردى. نۇتۇقتا گېرمانىيە ۋە ياۋروپانىڭ تەدبىر بەلگىلىگۈچىلىرىنى خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق خىرىسىغا تاقابىل تۇرۇشقا چاقىرىلدى.

- **2019 - يىلى 12 - ئاينىڭ 11 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئامېرىكانىڭ بېرلىندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى بىلەن كۆرۈشتى**

2019 - يىلى 12 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بېرلىن ئىشخانىسىنىڭ باشلىقى غەيۇر قۇربان ئامېرىكا ئەلچىخانىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا ئامېرىكانىڭ گېرمانىيەدىكى باش ئەلچىسى بىلەن كۆرۈشتى. قۇربان ئەپەندى ئۇيغۇر خەلقىنى ئامېرىكا پارلامېنتىنىڭ ئۇيغۇرلار قانۇنى ئارقىلىق قوللىغانلىقىغا مىننەتدارلىقىنى بىلدۈردى.

- **2019 - يىلى 12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بېرلىن يىغىنىغا قاتناشتى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ستېفان لامپې ۋە ئېۋزا ستوكېر «خىتايدىكى كارخانىلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئۆلچىمى توغرىسىدىكى مۇنازىرە» يىغىنىغا قاتناشتى. مارىن لېيفكېرنىڭ نۇتۇقىنىڭ خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش مەسلىسىدە ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى.

- **2019 - يىلى 12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بېرلىن جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى پۇقرالار جەمئىيىتى بىلەن كۆرۈشتى**

2019 - يىلى 12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بېرلىن ئىشخانىسىنىڭ باشلىقى غەيۇر قۇربان گېرمانىيە پايتەختىدىكى پۇقراۋى تەشكىلاتلارنىڭ قوللىغۇچىلىرى ۋە ئوقۇغۇچىلار بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى دەخلى - تەرۇزغا ئۇچرىغاندا ئۆزىنى قوغداش ئېڭىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇش ئۈچۈن كەلگۈسىدىكى پائالىيەتلەرنى قانداق ماسلاشتۇرۇشنى مۇزاكىرە قىلدى

- **2019 - يىلى 12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى د ئۇ ق ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ**

2019 - يىلى 12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ ئىلھام توختىغا ساخاروف مۇكاپاتىنى تارقىتىش قارارىنى ماختىدى. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئاخبارات ئېلان قىلىپ، ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ تۈرمىدىكى ئۇيغۇر ئىقتىسادشۇناسى ئىلھام توختىغا 2019 - يىللىق ساخاروف پىكىر ئەركىنلىكى مۇكاپاتىنى بېرىش قارارىنى ماختىدى. ساخاروف مۇكاپاتى پارلامېنت بەرگەن ئەڭ يۇقىرى كىشىلىك ھوقۇق مۇكاپاتى بولۇپ، ئىلھام توختىنى بۇ يىل مۇكاپاتلاش قارارى ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنى قوللىغانلىقىنىڭ سىمۋوللۇق تەدبىرى.

- **2019 - يىلى 19 - دېكابىر دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ ئۇيغۇر كرىزىسىغا قارىتا كۈچلۈك قارار ماقۇللىغانلىقىنى ماختىدى.**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئاخبارات ئېلان قىلىپ، ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقىنىڭ ماقۇللىغان ئۇيغۇر كرىزىسىغا قارىتا كۈچلۈك قارار ماقۇللىغانلىقىنى ماختىدى. بۇ قارار ئۇيغۇر پىروفېسسورى ئىلھام توختى خىزمىتى ئۈچۈن ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ داڭلىق ساخاروف مۇكاپاتىغا ئېرىشكەندىن كېيىنكى ئىككىنچى كۈنى ماقۇللاندى. بۇ قارارنى ماقۇللاش ۋە ئىلھام توختىغا ساخاروف مۇكاپاتىنى بېرىش خىتاي ھۆكۈمىتىگە بېرىلگەن ئېنىق سىگنال

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ھېسابلىنىدۇ، ياۋروپا ئىتتىپاقى كونكرېت تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، جازا لاگېرلىرىنى تاقاش ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر شۇنداقلا باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتىلغان جىنايى قىلمىشلارنى توختىتىشنى خالايدىغانلىقىنى ئىپادە قىلدى.

- **2019 - يىلى 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەكىللەر ئۆمىكى بېرلىندىكى ئىلھام توختى گۇرۇپپىسىنىڭ مۇزاكىرىسىگە قاتناشتى**

2019 - يىلى 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى دولقۇن ئەيسا، بېرلىن ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى غەيۇر قۇربان ۋە ئۇيغۇر ۋەكىللىرى بىلەن ياۋروپا پارلامېنتى ماسلاشتۇرۇش ئىشخانىسى گېرمانىيەنىڭ بېرلىندا ئۇيۇشتۇرغان ساخاروف مۇكاپاتى ساھىبى ئىلھام توختى ھەققىدىكى سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى. ۋەكىللەر پىروفېسسور ئىلھام توختىنىڭ قىزى جەۋھەر ئىلھامنىڭ مۇھىم سۆزىدىن كېيىن، ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ ئەزاسى رېينخارد بۈتىكوفېر ، فرىېدرىخ - ئالېكساندېر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى كاترىن كىنزېلباخ بىلەن سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى.

- **2019 - يىلى 23 - دېكابىر دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئىگولستادتا ئۆتكۈزۈلگەن نامايىشقا قاتناشتى**

12 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى دىنىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرى تۇرغۇنجان ئالاۋۇدۇن ئىگولستادتىكى مۇسۇلمانلار جەمئىيىتى تەشكىللىگەن نامايىشقا قاتناشتى.

- **2019 - يىلى 27 - دېكابىر دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى خىتاينىڭ بېرلىندىكى باش ئەلچىخانىسى ئالدىدا يىغىلىش تەشكىللىدى**

12 - ئاينىڭ 27 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بېرلىندىكى پۇقراۋى تەشكىلاتلارنىڭ قوللىشى بىلەن يىغىلىش ئۇيۇشتۇردى، يىغىلىشقا 1000 دىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى، كىشىلەرنىڭ خىتاي ئەلچىخانىسى ئالدىدا ئۇيغۇرلارنىڭ كەڭ كۆلەملىك ۋە سىستېمىلىق كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە ئۇچراۋاتقانلىقى ھەققىدىكى تونۇشى چوڭقۇرلاشتى. بېرلىن ئىشخانىسىنىڭ باشلىقى غەيۇر قۇربان يىغىلىشقا رىياسەتچىلىك قىلدى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى دولقۇن ئەيسا نۇتۇق سۆزلىدى.

- **2020 - يىلى 1 - ئاينىڭ 13 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تەھدىتلىرىنى ئەيىبلىدى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىغا قىلغان

تەھدىت، پوپوزا ۋە تۆھمەتلىرىنى ئەيىبلىدى. 2019 – يىلى دېكابىرنىڭ بېشىدا، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ خەلقئارا جەمئىيەتنى ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق كىرىزىسىغا تاقابىل تۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلىش جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن كېيىن، خىتاي ھۆكۈمىتى شىنخۇا ئاگېنتلىقى ۋە ئۆزىنىڭ ئورگان تور بەتلىرىدە ئىككى پارچە ماقالە ئېلان قىلىپ، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنى ئەيىبلىدى ۋە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ئوبرازىنى خۇنۈكلەشتۈرۈش ئۈچۈن مەزكۇر تەشكىلات ھەققىدە يالغان – ياۋىداق ئۇچۇرلارنى تارقاتتى. 2020 – يىلى 1 – ئاينىڭ 12 – كۈنى، گېرمانىيەنىڭ مىيونخېن شەھىرىدە يۈز بەرگەن ۋەقە بۇ ھەقتىكى ئەندىشىلەرنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى، ئەينى چاغدا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى دولقۇن ئەيسا بىر تەزىيە مۇراسىمىدا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى»نىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىرنىڭ ئۇرۇق – تۇغقانلىرىنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىغانىدى. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بۇنىڭدىن قورقۇپ قالمايدىغانلىقىنى ۋە شەرقىي تۈركىستاندا ئازاب – ئوقۇبەت چېكىۋاتقان بارلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ھوقۇقى ۋە بەخت – سائادىتىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن داۋاملىق ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلدى.

- **2020 – يىلى 1 – ئاينىڭ 14 – كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى پىرىزدېنت سەي يىڭۋېننىڭ قايتا سايلانغانلىقىنى تەبرىكلىدى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بىر پارچە ئاخبارات باياناتىدا سەي يىڭۋېننىڭ تەيۋەننىڭ پىرېزىدېنتلىقىغا قايتا سايلانغانلىقىنى تەبرىكلىدى. تەيۋەننىڭ بېيجىڭنىڭ بېسىملىرىدىن قورقۇپ قالمايدىغانلىقىنى نامايان قىلغان بۇ غەلىبە زور ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. گەرچە خىتاي تەيۋەن سايلىمىنىڭ نەتىجىسىگە تەسىر كۆرسىتىشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تەيۋەن پۇقرالىرىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇق پۈتۈنلۈكىنى قوغداشقا تىرىشقانلىقىدىن ئىلھاملاندى. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تەيۋەن خەلقىنى ۋە ئۇلارنىڭ ھۆكۈمىتىنى قەتئىي قوللايدۇ، شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە تەيۋەن خەلقىنىڭ دېموكراتىيەسى، ئەركىنلىكى ئۈچۈن بىرلىكتە كۈرەش قىلىشنى ئۈمىد قىلىدۇ.

- **2020 – يىلى 1 – ئاينىڭ 14 – كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بىرلەشمە نامايىش ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋە گېرمانىيەدىكى خوڭكوڭلۇقلارغا كۆڭۈل بۆلۈش تەشكىلاتى (ھىككگگ) 1 – ئاينىڭ 19 – كۈنى بېرلىندا بىرلەشمە نامايىش ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. «قورقۇنچتىن ئەمىن بولۇش ئەركىنلىكى» دەپ ئىسىم قويۇلغان مەزكۇر نامايىش، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى خىتاي

www.uyghurkitap.com



مۇستەبىتلىكىگە جازا يۈرگۈزۈشنى مەقسەت قىلغانىدى. بېرلىندىن باشقا، خوڭكوڭ، ئامېرىكا، كانادا، يېڭى زېلاندىيە ، بېلگىيە ۋە ئەنگلىيەدىمۇ بىرلا ۋاقىتتا نامايىش ئۆتكۈزۈلدى. بۇ مەركىزى ئىككى تەشكىلاتنىڭ تۇنجى ئورتاق تەشەببۇسىدۇر.

- **2020 - يىلى 1 - ئاينىڭ 18 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ تۇر ماسلاشتۇرغۇچىسى بېرلىندىكى ياۋروپا ياشلار جەمئىيىتىدە سۆز قىلدى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بېرلىن ئىشخانىسىنىڭ مەسئۇلى غەيۇر ئەپەندى ياۋروپا ياشلار جەمئىيىتى بېرلىن شۆبىسىنىڭ يىغىنىدا سۆز قىلدى. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك هوقۇق كىرىزىسىنى تەكىتلىدى ۋە بېرلىندىكى ئاكتىپ ياشلار بىلەن ئالاقە ئورناتتى.

- **2020 - يىلى 1 - ئاينىڭ 21 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى ميۇنخېندا گېرمانىيە فېدېرال پارلامېنتىنىڭ ئەزاسى بىلەن كۆرۈشتى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى دولقۇن ئەيسا ميۇنخېندا گېرمانىيە فېدېرال پارلامېنتىنىڭ ئەزاسى ئۇلرىچ لېچتې (ئۇلرىچ لېچتې ) بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇيغۇر رايونىدىكى ئەڭ يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى مۇزاكىرە قىلدى ۋە گېرمانىيە فېدېرال پارلامېنتىدىن تېخىمۇ كۆپ ياردەم تەلەپ قىلدى.

- **2020 - يىلى 1 - ئاينىڭ 27 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى سيۇرىختىكى سودا ۋە كىشىلىك هوقۇق يۇمىلاق ئۈستەل يىغىنىغا قاتناشتى**

1 - ئاينىڭ 27 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى دولقۇن ئەيسا پۇقراۋى جەمئىيەتلەر ۋە خۇسۇسىي تارماقلار بىلەن سيۇرىختا ئۆتكۈزۈلگەن سودا ۋە كىشىلىك هوقۇق تېمىسىدىكى يۇمىلاق ئۈستەل يىغىنىغا قاتناشتى. بۇ دىيالوگ خىتاينىڭ مۇستەبىت هاكىمىيىتىگە ۋاستىلىك بويسۇنغان ئۈبس ۋە نەستلە قاتارلىق شۋېيتسارىيە شىركەتلىرىگە قارىتىلغانىدى.

- **2020 - يىلى 1 - ئاينىڭ 27 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى لوندوندا ئۆتكۈزۈلگەن 75 - قېتىملىق خەلقئارالىق يەهۇدىي قىرغىنچىلىقىنى خاتىرىلەش مۇراسىمىغا قاتناشتى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى دولقۇن ئەيسا ۋە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى لوندون ئىشخانىسىنىڭ مەسئۇلى رەهىمە مەهمۇت لوندوندا ئۆتكۈزۈلگەن 75 - نۆۋەتلىك خەلقئارالىق يەهۇدىي قىرغىنچىلىقىنى خاتىرىلەش مۇراسىمىغا قاتناشتى. مۇراسىمدىن ئىلگىرى، ئەنگلىيە يەهۇدىي ۋەكىللەر كومىتېتى يۇمىلاق ئۈستەل يىغىنى ئاچتى. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى

دولقۇن ئەيسا ۋە رەھىمە مەھمۇت يەھۇدىي تەشكىلاتلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، مىليونلىغان ئۇيغۇرلارنىڭ خالىغانچە تۇتقۇن قىلىنىپ، جازا لاگېرلىرىدا تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى تەكىتلىدى. بۇ دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بىلەن ياۋروپا يەھۇدىي تەشكىلاتلىرىنىڭ قويۇق ھەمكارلىقىغا تۈرتكە بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن، لوندوندىكى «رەنە كاسسىن» (رەنە كاسسىن) تەشكىلاتى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بىلەن ھەر خىل پائالىيەتلەردە يېقىندىن ھەمكارلاشتى. لوندوندىكى ئاممىۋى تەشكىلاتلار ۋە يەھۇدىي چېركاۋلىرى رامىزان ئېيىدا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى ۋە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى لوندون ئىشخانىسىنىڭ ۋەكىللىرىگە بىرلەشمە ئىپتار زىياپىتى بەردى. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بۇ ھەمكارلىقلار ئارقىلىق ياۋروپادىكى مۇھىم ياشلار تەشكىلاتى بولغان ياۋروپا يەھۇدىي ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى بىلەن ئالاقە ئورنىتىشقا مۇۋەپپەق بولدى. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئۇيغۇر - يەھۇدىي بىرلەشمە ھەرىكىتى بولغان «ھازىردىن باشلاپ قايتا تەكرارلانمىسۇن» ھەرىكىتىنى باشلاپ، خىتاينى ئۇيغۇرلارغا قاراتقان مەدەنىيەت ئىرقىي قىرغىنچىلىققا خاتىمە بېرىشكە چاقىردى. مەزكۇر تەشكىلات دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق كېڭەشىنىڭ 43 - قېتىملىق يىغىنىغا قاتنىششىغا ھوقۇق بەردى ۋە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى شۇ ئارقىلىق ئىككى ۋەكىلىنى ئاغزاكى بايانات ئېلان قىلىش ئۈچۈن جەنۋەگە ئەۋەتتى.

- **2020 - يىلى 1 - ئاينىڭ 27 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى خىتايىنى تاجىسمان ۋىرۇس ۋاباسى مەزگىلىدە لاگېرلاردىكى مىليونلىغان مەھبۇسلارنى قويۇپ بېرىشكە چاقىردى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى خىتاي ھۆكۈمىتىنى تاجىسىمان ۋىرۇس ۋاباسى توغرىسىدىكى ئۇچۇرلارنى يوشۇرماسلىققا ۋە شەرقىي تۈركىستانغا، بولۇپمۇ ۋۇخەنگە باردىغان بارلىق ئۇچۇش ۋە زۆرۈر بولمىغان ترانسپورت ئىشلىرىنى توختىتىپ، ۋىرۇسنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا تارقىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا چاقىردى. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى يەنە خىتاي ھۆكۈمىتىدىن ۋىرۇس يامراپ كېتىشى مۇمكىن بولغان جازا لاگېرلىرىغا قامالغان بارلىق ئۇيغۇرلارنى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

- **2020 - يىلى 1 - ئاينىڭ 29 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ تور ماسلاشتۇرغۇچىسى بېرلىن تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا سۆز قىلدى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ تور ماسلاشتۇرغۇچىسى غەيۇر قۇربان بېرلىن ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى تەرىپىدىن بېرلىن تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا لېكسىيە سۆزلەشكە تەكلىپ قىلىندى. ئۇ ئۆز نۇتۇقىدا شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق كرىزىسى ھەققىدە توختىلىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى 1.8

مىليوندىن ئۈچ مىليونغىچە ئۇيغۇرنىڭ سەۋەبسىز تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلىدى. بۇنىڭدىن سىرت، ئۇ يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ۋە كۇلتۇرى ھەققىدە سۆز قىلدى. بۇ پائالىيەتكە ئەللىكتىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچى قاتناشتى.

- **2020 - يىلى 2 - ئاينىڭ 3 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ خىزمەتچىلىرى ئېستونىيەنىڭ بېرلىندىكى باش ئەلچىخانىسىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشتى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى ئېستونىيەنىڭ بېرلىندىكى باش ئەلچىخانىسىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى نۆۋەتتىكى كىشىلىك ھوقۇق كىرىزىسىنى مۇزاكىرە قىلدى. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئېستونىيە ۋەكىللىرىدىن بۇ مەسىلىنى خىتاي بىلەن بولغان قوش تەرەپلىك ئۇچرىشىشتا ۋە ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىدە ئوتتۇرىغا قويۇشنى تەلەپ قىلدى. ئېستونىيە بۇ مەسىلىنى، بولۇپمۇ لاگېردىكى ۋىرۇس تەھدىتىنى رەسمىي يوللار ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

- **2020 - يىلى 2 - ئاينىڭ 4 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى بېرلىندا گېرمانىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى خىتاي بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى بىلەن كۆرۈشتى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى دولقۇن ئەيسا ۋە تور ياردەمچىسى ئېۋا ستوكېر (ئېۋا ستوككېر ) گېرمانىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ خىتاي بۆلۈمىدىكى سىمون پرەكەر (سىمون پرەككەر) بىلەن كۆرۈشۈپ، نۆۋەتتىكى خىتاي - گېرمانىيە دىپلوماتىك مۇناسىۋىتى، گېرمانىيەنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىكى رولى ۋە دولقۇن ئەيسانىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ سىرلىق ئۆلۈمى توغرىسىدا سۆھبەتلەشتى.

- **2020 - يىلى 2 - ئاينىڭ 4 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى غۇلجا قىرغىنچىلىقىنىڭ 23 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن مەزكۇر قىرغىنچىلىقتا قازا قىلغانلارنى خاتىرىلىدى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى غۇلجا قىرغىنچىلىقىنىڭ 23 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن، مەزكۇر قىرغىنچىلىقتا قازا قىلغانلارنى خاتىرىلىدى. مەزكۇر قىرغىنچىلىقتا خىتاي بىخەتەرلىك قىسىملىرى تىنچ نامايىش قىلغان ئۇيغۇرلارنى زورلۇق بىلەن باستۇرۇپ، يۈزلىگەن كىشىنى ئۆلتۈرگەن ، قولغا ئالغان ياكى يارىلاندۇرغانىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ شۇنىڭدىن كېيىنكى نامايىشلىرىمۇ ئوخشاشلا ئېغىر ۋە زوراۋان شەكىلدە بىر تەرەپ قىلىنىدى. خىتاي ھۆكۈمىتى ھەرقانداق ئېتىرازنى ئۈزلۈكسىز باستۇرۇپ كەلدى. بۇ پۇرسەتتە، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى يەنە خەلقئارا جەمئىيەتنى لاگېرنى تاقاش ۋە كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان

بۇ باستۇرۇشنى ئاخىرلاشتۇرۇش ئۈچۈن دەرھال ھەرىكەتكە ئۆتۈشكە ئۈندىدى.

- **2020 - يىلى 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى لوندوندىكى پادىشاھلىق ئىنىستىتۇتىدا سۆز قىلدى**

رەھىمە مەھمۇت لوندون پادىشاھلىق ئىنىستىتۇتىدا «ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى چۈشىنىش» تېمىسىدىكى سۆھبەت يىغىنىدا سۆز قىلدى. ئۇ شۇ كۈنى يەنە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا زىيانكەشلىك قىلىشىغا قارشى نامايىشتا سۆز قىلدى.

- **2020 - يىلى 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى غۇلجا قىرغىنچىلىقىنىڭ 23 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن بىرلەشمە نامايىش تەشكىللىدى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى غۇلجا قىرغىنچىلىقىنىڭ 23 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن مەزكۇر قىرغىنچىلىقتا قازا قىلغانلارنى خاتىرىلىدى. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ياۋروپادىكى شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى بىلەن بىرلىكتە خىتاينىڭ مىيۇنخېندىكى باش ئەلچىخانىسى ئالدىدا بىرلەشمە نامايىش ئۆتكۈزۈپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىگە مەدەت بەردى.

- **2020 - يىلى 2 - ئاينىڭ 6 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ تۇر ماسلاشتۇرغۇچىسى رىيان بارى (رىيان بارري) برىيۇسسېلدا دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى تېمىسىدىكى يۇمىلاق ئۈستەل يىغىنىغا قاتناشتى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ تۇر ماسلاشتۇرغۇچىسى رىيان بارى برىيۇسسېلدا ئۆتكۈزۈلگەن دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى تېمىسىدىكى يۇمىلاق ئۈستەل يىغىنىغا قاتناشتى. ئۇلار تاجىسمان ۋىرۇس ۋاباسىنىڭ تارقىلىشى ۋە دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى مۇزاكىرە قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق كرىزىسى توغرىسىدا ئالاھىدە توختالدى. بۇ يىغىن ئۆز نۆۋىتىدە يەنە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان باشقا توپلار بىلەن تېخىمۇ يېقىندىن ھەمكارلىشىپ، ئورتاق نىشانغا يېتىش ئۈچۈن كۆرەسكەن تىرىشچانلىقىنىڭ بىر قىسمىدۇر.

- **2020 - يىلى 2 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن 9 - كۈنىگىچە، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى ئىستراسبۇرگدىكى 6 - نۆۋەتلىك ياۋروپا تىبەت ياشلار سۇپىسىغا قاتناشتى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ تۇر ۋە تەشۋىقات بۆلۈمى 6 - نۆۋەتلىك ياۋروپا تىبەت ياشلار سۇپىسىغا قاتناشتى. زۇمرەتئاي ئەركىن خانىم سۆزىدە ئۇيغۇر ھەرىكىتى ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى نۆۋەتتىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى ھەققىدە توختالدى. ئۇلار تىبەت ياشلىرى ۋە خوڭكوڭ ۋەكىللىرى بىلەن بىرلىكتە تۈرلۈك

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ھەمكارلىق ئۇسۇللىرىنى ۋە ياشلار ھەرىكىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا قويۇق ھەمكارلىشىشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى مۇزاكىرە قىلدى.

- **2 - ئاينىڭ 10 - كۈندىن 14 - كۈنگىچە جەنۋەدە**

جەنۋەدىكى 43 - نۆۋەتلىك كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشى يىغىنىنىڭ ئالدىدا، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى ۋە خىزمەتچىلىرى 2 - ئاينىڭ 10 - كۈندىن 14 - كۈنگىچە جەنۋەدە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا تۇرۇشلۇق 23 دائىملىق ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن كۆرۈشۈپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى نۆۋەتتىكى كىشىلىك ھوقۇق كىرىزىسىنى مۇزاكىرە قىلدى ۋە ئۇلارنى ب د ت 43 - نۆۋەتلىك كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىدە بۇ مەسىلىنى تىلغا ئېلىشقا چاقىردى. بۇلار شىۋېيتسارىيە، لىچتەنشتەين، چېخىيە ، ئىرېلاندىيە ، بىرازىلىيە، ياپونىيە، ئامېرىكا، زامبىيە، ئاۋستىرىيە، گېرمانىيە، ئاۋستىرالىيە، مېكسىكا ، ئەنگلىيە، نورۋېگىيە، شىۋېتسىيە، فىنلاندىيە، دانىيە، ئىسلاندىيە، لىتۋا، ئېستونىيە ، لاتۋىيە، ماكېدونىيە ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقى ۋەكىللەر ئۆمىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

- **2020 - يىلى 2 - ئاينىڭ 18 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ لوندوندىكى ۋەكىلى لىيچېستېر ئۇنىۋېرسىتېتىدا سۆز قىلدى**

رەھىمە مەھمۇت لىيچېستېر ئۇنىۋېرسىتېتى ئىسلام جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان لېكسىيەدە شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارغا قىلىنىۋاتقان سىستېمىلىق زۇلۇم توغرىسىدا سۆز قىلدى. بۇ دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ئەنگلىيە مۇسۇلمان تەشكىلاتلىرى بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىش جەھەتتىكى ئۇرۇنۇشلىرىدىن بىرىدۇر.

- **2020 - يىلى 2 - ئاينىڭ 18 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى «باستۇرۇلدى، تۇتۇلدى ۋە غايىب بولدى: ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق كىرىزىسى» تېمىسىدىكى كۆرگەزمە پائالىيىتى ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى 2 - ئاينىڭ 24 - كۈندىن 28 - كۈنگىچە، جەنۋەدىكى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى بىناسىنىڭ ئالدىدا «باستۇرۇلدى، قولغا ئېلىندى ۋە غايىب بولدى: ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق كىرىزىسى» تېمىسىدىكى بىر ھەپتە داۋاملىشىدىغان رەسىم كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. مەزكۇر پائالىيەت خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قىلغان ۋەھشىي جىنايەتلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈشنى مەقسەت قىلغان. مەزكۇر رەسىم كۆرگەزمىسىدە كىشىلەرنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مەۋجۇت كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىنى ھەس قىلىشىغا ۋە بۇ خۇسۇستا ھەرىكەتكە ئۆتۈشىگە تۈرتكە بولىدىغان كۆرۈنۈشلۈك

ھېكايىلەر بايان قىلىنىدۇ. لاگېرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلايدىغان سۈرەتلەر ۋە ھۆججەتلىك فىلىملەر كۆرسىتىلىدۇ.

- **2020 - يىلى 2 - ئاينىڭ 19 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى خوڭكوڭ تەشكىلاتلىرى بىلەن بىرلەشمە نامايىش ئۆتكۈزدى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى خوڭكوڭ تەشكىلاتلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ بېرلىن ۋە لوندوندا بىرلەشمە نامايىش ئۆتكۈزدى. بېرلىن ۋە لوندوندىن باشقا، خوڭكوڭ، ئامېرىكا، كانادا، يېڭى زېلاندىيە ، بېلگىيە ۋە ئەنگلىيەنىڭ بەزى جايلىرىدىمۇ بىرلا ۋاقىتتا ماس قەدەملىك نامايىش ئۆتكۈزدى.

- **2020 - يىلى 2 - ئاينىڭ 20 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى ياۋروپا بىخەتەرلىك ۋە ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ قوشۇمچە پائالىيەتلىرىگە قاتناشتى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى دولقۇن ئەيسا ياۋروپا بىخەتەرلىك ۋە ھەمكارلىق تەشكىلاتىدا ئۆتكۈزۈلگەن، «ئوچۇق دىيالوگ فوندى» تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان «ياۋروپا بىخەتەرلىك ۋە ھەمكارلىق تەشكىلاتى رايونىدا ئېتىرازلارنى باستۇرۇشنىڭ كونا ۋە يېڭى ئۇسۇللىرى: سىياسىي مۇساپىرلارنى قانۇن ۋە تېخنىكا ئارقىلىق تەھدىت سېلىنىشتىن قوغداش» تېمىسىدىكى پائالىيەتكە قاتناشتى. دولقۇن ئەيسا ئەپەندى ئۇيغۇر مۇساپىرلىرى ۋە پاناھلىق تىلىگۈچىلەر دۇچ كەلگەن خەتەرلەر؛ شۇنداقلا ئۇيغۇر دىياسپورانىڭ بېشىغا كەلگەن پاراكەندىچىلىك ۋە تەھدىتلەر توغرىسىدا سۆز قىلدى

- **2020 - يىلى 2 - ئاينىڭ 21 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ لوندوندىكى ۋەكىلى لوندون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شەرق ۋە ئافرىقا تەتقىقاتى ئىنستىتۇتى (سوئاس)دا سۆز قىلدى ۋە نومۇر ئورۇندىدى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ لوندوندىكى ۋەكىلى رەھىمە مەھمۇت لوندون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شەرق ۋە ئافرىقا تەتقىقاتى ئىنستىتۇتى (سوئاس)دا ئۇيغۇرلارنى تونۇتۇش ۋە ئۇيغۇرلار ئۈچۈن مەبلەغ توپلاش مەقسىتىدە ئۆتكۈزۈلگەن مەدەنىي پائالىيەتلەردە سۆز قىلدى ۋە نومۇر ئورۇندىدى.

- **2020 - يىلى 2 - ئاينىڭ 21 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ خادىملىرى بېرلىندا شىمالىي ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن كۆرۈشتى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ خادىملىرى بېرلىندا نورۋېگىيە، شىۋېتسىيە ، فىنلاندىيە، دانىيە ۋە ئىسلاندىيە قاتارلىق شىمالىي ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاپەت خاراكتېرلىك كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتى، ئەمگەك كۈچلىرىنى مەجبۇرىي يۆتكەش ۋە رايوندىكى تاجىسىمان ۋىرۇس ۋاباسى توغرىسىدا مۇزاكىرىلەشتى. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ۋىرۇسنىڭ لاگېرلارغا تارقىلىشىدىن قاتتىق تەشۋىشلىنىۋاتقانلىقىنى بىلدۈردى. بۇ ئۇچرىشىش شىمالىي ياۋروپا دۆلەتلىرىدىن شەرقىي تۈركىستاندىكى تاجىسىمان ۋىرۇس كرىزىسىنى دىپلوماتىك يوللار ئارقىلىق ھەل قىلىشنى ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا ئۆزلىرىگە داۋاملىق ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلىدىغان ياخشى پۇرسەت بولدى.

- **2020 - يىلى 2 - ئاينىڭ 23 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ لوندوندىكى ۋەكىلى لوندوندا ئۆتكۈزۈلگەن 2020 - يىللىق ئەنگلىيە ئىسلام يىغىنىدا سۆز قىلدى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى لوندون ئىشخانىسىنىڭ مەسئۇلى رەھىمە مەھمۇت ئەنگلىيە مۇسۇلمانلىرى بىر يەرگە جەم بولغان 2020 - يىللىق ئەنگلىيە ئىسلام يىغىنىدا نۇتۇق سۆزلىدى. رەھىمە مەھمۇت خانىم مۇسۇلمانلار دۇنياسىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى قوغداش جەھەتتىكى قوللىشىنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلىدى. بۇ ئەنگلىيەدىكى مۇسۇلمان جامائەتچىلىكىنىڭ دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ لوندون ئىشخانىسى بىلەن تېخىمۇ قويۇق ئالاقىلىشىشىغا تۆرتكە بولدى.

- **2 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 26 - كۈنىگىچە جەنۋەدە**

2 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 26 - كۈنىگىچە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى خىزمەتچىلىرىدىن زۇمرەتئاي ئەركىن ۋە ئېۋا ستوكېر خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق مۇلازىمىتى (ئىشر) تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان ب د ت تەشۋىقات سۆھبەت يىغىنىغا قاتنىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. بۇ سۆھبەت يىغىنىنىڭ مەقسىتى ب د ت نىڭ ئوخشىمىغان مېخانىزملىرى ۋە ئوخشىمىغان ئورگانلار بىلەن قانداق قىلغاندا ئۈنۈملۈك ئالاقىلىشىش توغرىسىدا تېخىمۇ كۆپ بىلىم ئېلىش ئىدى. بۇ تۆت كۈنلۈك سۆھبەت يىغىنىدا، ئۇلار ب د ت نىڭ ئوخشىمىغان ھوقۇقدارلىرى بىلەن كۆرۈشتى. ئۇلار مائارىپ ھوقۇقى ئالاھىدە دوكلاتچىسى، جەمئىيەت ۋە ئۇيۇشۇش ئەركىنلىكى ئالاھىدە دوكلاتچىسى، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش جەريانىدا كىشىلىك ھوقۇق ۋە ئاساسىي ئەركىنلىكنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە قوغداش توغرىسىدا ئالاھىدە دوكلات بەرگۈچى ۋە دىن ياكى ئېتىقاد ئەركىنلىكى ئالاھىدە دوكلاتچىسى، ئاز سانلىق مىللەتلەر مەسىلىسىدىكى ئالاھىدە دوكلاتچى، مەجبۇرىي ياكى ئىختىيارسىز يوقاپ كېتىش خىزمەت گۇرۇپپىسى ۋە UHCHR كاتىباتى باشقارمىسى خادىملىرى بىلەن كۆرۈشتى.

- **2 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن 28 - كۈنىگىچە جەنۋەدە رەسىم كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈلدى**

2 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن 28 - كۈنىگىچە، يەنى كىشىلىك ھوقۇق

كېڭىشىنىڭ بىرىنچى ھەپتىسىدە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى جەنۋەدىكى سۈنئىي ئورۇندۇق مەيدانىدا «باستۇرۇلغان، تۇتۇلغان ۋە غايىب بولغانلار: ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق كىرىزىسى» ناملىق رەسىم كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزدى. مەقسەت جەنۋەدە مىڭلىغان دىپلومات قاتناشقان كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنىڭ بىرىنچى ۋە ئەڭ مۇھىم ھەپتىسىدە، شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بەرگەن كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى يورۇتۇش ئىدى.

- **2020 - يىلى 2 - ئاينىڭ 27 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىينىڭ رەئىسى دولقۇن ئەيسا خاننوۋېردا ئۆتكۈزۈلگەن سودا ۋە كىشىلىك ھوقۇق ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىغا قاتناشتى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى دولقۇن ئەيسا گېرمانىيەنىڭ خاننوۋېر شەھىرىدە «تەھدىتكە ئۇچرىغان خەلقلەر جەمئىيىتى» تەرىپىدىن گېرمانىيە شىركەتلىرى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق كىرىزىسى توغرىسىدا ئۇيۇشتۇرۇلغان ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىغا قاتناشتى. ئۇ شەرقىي تۈركىستاندا سودا قىلىۋاتقان ۋولكىسۋاگەن قاتارلىق شىركەتلەرنىڭ ئۆزىنىڭ تەمىنلەش زەنجىرىگە قاراپ چىقىپ، ئۇنى خەلقئارا ئۆلچەمگە يەتكۈزۈش ۋە كىشىلىك ھوقۇق جەھەتتىكى ۋەدىسىنى ئورۇنداش جەھەتتىكى مەسئۇلىيىتى ۋە كۆرسىتىشكە تېگىشلىك تىرىشچانلىقى توغرىسىدا توختالدى. دولقۇن ئەيسا ئەپەندى يەنە كوۋىد ـ 19 نىڭ ئۇيغۇرلارغا، بولۇپمۇ تۇتۇپ تۇرۇش لاگېرلىرىدىكى ئۇيغۇرلارغا بولغان تەھدىتىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ گېرمانىيە تاراتقۇلىرىنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەك مەسىلىسىگە بولغان دىققىتىنى قوزغىدى. شۇ يىغىندىن كېيىن، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى نۇرغۇن زىيارەت تەلەپلىرىنى تاپشۇرۇۋالدى.

- **2 - ئاينىڭ 28 - كۈنى جەنۋەدە**

2 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تور ۋە تەشۋىقات دىرېكتورى زۇمرەتئاي ئەركىن يېڭى كىشىلىك ھوقۇق باش كاتىپى ئىلزە براندس كەھرىس ۋە باشقا ئاممىۋى تەشكىلاتلار بىلەن كۆرۈشۈپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىچىدىكى پۇقراۋى جەمئىيەت ئەزالىرى دۇچ كەلگەن ئۆچ ئېلىنىش ئەھۋالىنى مۇزاكىرە قىلدى. ئۇ بىر نەچچە قېتىم ب د ت دىن قوغلاپ چىقىرىلغان دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى دولقۇن ئەيسا دۇچ كەلگەن ئۆچ ئېلىشنى ۋە خىتاينىڭ ب د ت دە ئۇنى جىمىقتۇرۇشقا ئۇرۇنغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

يېڭى ئاسگ بىلەن بولغان بۇ مۇزاكىرە جەريانىدا، پۇقراۋى جەمئىيەتلەرمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئەندىشىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ھەر ئىككى تەرەپ، ئۆچ ئېلىش ھادىسىسى يۈز بەرگەندە ب د ت نىڭ ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرۇشىنىڭ ئورنىغا، ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىشى كېرەكلىكىگە قوشۇلدى. زۇمرەتئاي يەنە ب د ت

www.uyghurkitap.com

ئورگانلىرىدىن كەلگەن ئاشكارا باياناتلارنىڭ بۇ خىل ئۆچ ئېلىشنى ئەيىبلەش ۋە ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق مۇلازىمىتى دولقۇن ئەيسادىن ئۆچ ئېلىنىش دېلوسىنى يىللىق خۇلاسىگە قوشقان.

- **2020 - يىلى 2 - ئاينىڭ 29 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى دولقۇن ئەيسا نيۇ - يوركتىكى رايونلۇق تىبەت ياشلار قۇرۇلتىيىغا قاتناشتى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى دولقۇن ئەيسا نيۇ - يوركتا ئېچىلغان رايونلۇق تىبەت ياشلار قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىپ، خىتاينىڭ دۇنيا دېموكراتىيەسى ۋە كىشىلىك ھوقۇققا بولغان تەھدىتى ۋە ئۆزىنىڭ شەخسىي كەچۈرمىشلىرى توغرىسىدا توختالدى. ئۇنىڭدىن باشقا، يىغىن ئىشتىراكچىلىرى يەنە خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ تاكتىكىلىرىغا قارشى ئەركىنلىك، دېموكراتىيە ۋە كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش ئىستراتېگىيەسى ۋە تەشكىلاتلار ئارا ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش ۋەدىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇزۇن مۇددەتلىك لايىھەنى مۇزاكىرە قىلدى.

- **3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى دولقۇن ئەيسا كانادادا**

3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى دولقۇن ئەيسا مونترېئالدىكى كونكوردىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا مۇسۇلمانلار جەمئىيىتى ساھىبخانلىق قىلغان ئۇيغۇر مۇساپىرلىرى ئۈچۈن ئىئانە توپلاش پائالىيىتىگە قاتناشتى. بۇ مەبلەغ كانادانىڭ يېڭى ئۇيغۇر تەشەببۇس پىروگراممىسى «ئىسلامىي ياردەم» نى يولغا قويۇشقا ياردەم بېرىدۇ. دولقۇن ئەيسا ئەپەندى سۆزىدە دۇنيادىكى ئۇيغۇر مۇساپىرلىرىنىڭ ئېغىر ۋەزىيىتىنى تىلغا ئالدى.

- **2020 - يىلى 3 - ئاينىڭ 2 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى دولقۇن ئەيسا مونترېئال ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە كىشىلىك ھوقۇق تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا ئۆتكۈزۈلگەن يىغىنغا قاتناشتى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى دولقۇن ئەيسا مونترېئال ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە كىشىلىك ھوقۇق تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا ئۇيغۇرلار دۇچ كەلگەن زىيانكەشلىك ۋە كوۋىد - 19 نىڭ خەۋپى توغرىسىدا سۆز قىلدى. دولقۇن ئەيسا ئەپەندى كوۋىد - 19 ۋىرۇسىنىڭ لاگېرلارغا تارقالغان تەقدىردە، مىليونلىغان كىشىنىڭ ھاياتىنى خەۋپكە ئۇچرىتىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇ شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي دائىرىلىرىنىڭ كارانتىن تەدبىرلىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاشلىق يېتىشمەسلىك ۋە ئاچارچىلىق كرىزىسىغا بولغان ئەندىشىسىنى ئىپادىلىدى. بۇ دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ئاكادېمىك ئورگانلار

بىلەن بولغان بولۇپمۇ ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش جەھەتتە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش ئۇرۇنۇشلىرىدىن بىرى بولۇپ، بۇ مۇناسىۋەت يېقىن كەلگۈسىدە پايدىسىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن.

- **3 - ئاينىڭ 3 - كۈنى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تور ۋە تەشۋىقات دىرېكتورى زۇمرەتئاي ئەركىن تىبەت ھەرىكىتى بىرلەشمىسى بىلەن بىرلىكتە تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش جەريانىدا كىشىلىك ھوقۇق ۋە ئاساسىي ئەركىنلىكنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە قوغداش توغرىسىدا ئالاھىدە دوكلات بەرگۈچى بىلەن كۆرۈشتى. يىغىن جەريانىدا، «ئاشقۇنلۇقنى يوقىتىشنىڭ كىشىلىك ھوقۇقنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى رولى» توغرىسىدا ئېلان قىلىنغان قارار لايىھەسى ھەققىدە بىۋاسىتە سۆز قىلدى. ئالاھىدە دوكلاتچى يەنە يات ئاردا ئۇيغۇر رايونىدىكى بىيولوگىيەلىك سانلىق مەلۇماتلارنى توپلاشقا ئائىت ئۇچۇرلارنى تەلەپ قىلدى. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا بۇ توغرىلىق دوكلات بەردى.

- **2020 - يىلى 3 - ئاينىڭ 4 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى 2020 - يىللىق خەلقئارالىق جاسارەتلىك ئاياللارنى مۇكاپاتلاش مۇراسىمىغا قاتناشتى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسى ساھىبخانلىق قىلغان 2020 - يىللىق خەلقئارالىق جاسارەتلىك ئاياللارنى مۇكاپاتلاش مۇراسىمىغا قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلىندى. بۇ مۇراسىم بۇ يىلقى ئەڭ جەسۇر ئاياللارنى تەقدىرلەشنى مەقسەت قىلغان بولۇپ، مۇكاپاتقا ئېرىشكۈچىلەرنىڭ بىرى سايراگۈل ساۋۇتباي خانىم ئىدى. سايراگۈل 2017 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 2018 - يىلى 3 - ئايغىچە، خىتاي كومپارتىيەسى تەرىپىدىن تۇتۇپ تۇرۇش لاگېرلىرىدىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرگە خىتاي تىلى ئۆگىتىشكە مەجبۇرلانغانىدى. بۇ مۇكاپاتنى دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى مايك پومپېيو ۋە ئامېرىكا پرېزىدېنتىنىڭ ئايالى مېلانىيا ترامپ تەقدىم قىلدى.

- **2020 - يىلى 3 - ئاينىڭ 4 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋاشىنگتوندىكى ئىشخانىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا مۇھىم مېھمانلارنى كۈتۈۋالدى**

3 - ئاينىڭ 4 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ يېڭى ئىشخانىسى ۋاشىنگتوندا رەسمىي ئېچىلدى، سىياسەت، ئاخبارات ساھەسىدىكىلەر ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ ۋەكىللىرى كۈتۈۋېلىش يىغىنىغا قاتناشتى. مەزكۇر يېڭى ئىشخانا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ئامېرىكادىكى تەشۋىقات پائالىيەتلىرىنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇشىغا، شۇنداقلا جازا لاگېرلىرىنى تاقاش، ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



هوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش جەھەتلەردە پائالىيەتچىلەر، ئاقىللار ئامبىرى ۋە ئەمەلدارلار بىلەن تېخىمۇ ياخشى ماسلىشىشقا تۈرتكە بولىدۇ.

كۆتۈۋېلىش يىغىنىدا سۆز قىلغانلار تۆۋەندىكىچە: دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى دولقۇن ئەيسا؛ 2020 ـ يىللىق جاسارەتلىك ئاياللار مۇكاپاتىنىڭ ساھىبى سايراگۇل ساۋۇتباي؛ «ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قۇرۇلۇشى»نىڭ دىرېكتورى ئۆمەر قانات؛ ئامېرىكا ئۇيغۇر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى قۇززات ئالتاي؛ «ھەممىگە ئادالەت» (جۇستىكە فور ئالل) تەشكىلاتىنىڭ مەسئۇلى خەنا زۇبەرى (ھەنا زۇبەرى)؛ «ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قۇرۇلۇشى»نىڭ يەرشارى تەشۋىقات دىرېكتورى لۇيىسا گرەۋ (لوئۇئىسا گرەۋە) ۋە كېڭەش پالاتا ئەزاسى پائۇل ئىسترائۇس (پائۇل سترائۇسس).

- **3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ب د ت دا**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى پىروگرامما ۋە تەشۋىقات دىرېكتورى زۇمرەتئاي ب د ت دا مەدەنىيەت ھوقۇقى ساھەسىدىكى ئالاھىدە دوكلاتچى بىلەن ئىشخانىسىدا كۆرۈشۈپ، ئۇلارنىڭ ئىشخانىسى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان ئالاقىنى مۇزاكىرە قىلدى. ئىشخانا ئۇنىڭغا ئۇيغۇر رايونىغا مۇناسىۋەتلىك ئالاقىنىڭ تەييارلىنىۋاتقانلىقىنى ئۇقتۇردى. ئۇلار يەنە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئىشلەۋاتقان ئۇيغۇر مەدەنىيەت ھوقۇقىنى قوغدىغۇچىلار ھەققىدە تېخىمۇ كۆپ ئۇچۇر تەلەپ قىلدى.

- **3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ب د ت دا**

زۇمرەتئاي ئەركىن دىن ۋە ئېتىقاد ئەركىنلىكى ئالاھىدە دوكلاتچىسى بىلەن كۆرۈشۈپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى دىنىي ئەركىنلىك ئەھۋالىنى مۇزاكىرە قىلدى ھەمدە ئۇنىڭغا ۋە ئىشخانىسىغا ئاشكارىلانغان ئەڭ يېڭى ھۆججەت «قاراقاش تىزىملىكى» توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە بېرىپ، ئۇنىڭدىكى نىيەت ئىسلام ۋە ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنى زەربە بېرىش ئىكەنلىكىنى ئاگاھلاتتى. ئۇلارنىڭ ئىشخانىسى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ئوتتۇرا ئافرىقىدىكى دۆلەتلەرنى نىشانلاش ۋە مۇسۇلمانلار كۆپ ساندا بولغان دۆلەتلەرنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ تېخىمۇ كۆپ قوللىشىغا ئېرىشىش قاتارلىق يېڭى پۇرسەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

- **2020 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى ۋاشىنگتوندا ئامېرىكا ئەمەلدارلىرى بىلەن كۆرۈشتى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى دولقۇن ئەيسا ۋە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسى ئۆمەر قانات ئامېرىكا دېموكراتىيە، كىشىلىك هوقۇق ۋە ئەمگەك مىنىستىرلىقىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىر ياردەمچىسى سكوت

بازىبى (سكوتت بوسبى) بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالىدىن خەۋەر بەردى. دولقۇن ئەيسا ئەپەندى بىلەن ئۆمەر قانات ئەپەندى يەنە 3 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسى شەرقىي ئاسىيا ۋە تىنچ ئوكيان ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ ياردەمچى سېكرېتارى دەيۋىد ستىلۋەل (داۋىد ر. ستىلۋەلل) بىلەن كۆرۈشۈپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى تۇتۇپ تۇرۇش لاگېرلىرىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە كوۋىد - 19 ۋاباسى توغرىسىدا مۇزاكىرىلەشتى. يىغىندا، دولقۇن ئەيسا ئەپەندى ھەر ئىككىسى نامەلۇم ئەھۋال ئاستىدا ئۆلۈپ كەتكەن ئاتا - ئانىسىنىڭ ئەھۋالىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ستىلۋەل ئەپەندى خىتاي بىلەن بولغان قوش تەرەپلىك ئۇچرىشىشتا بۇ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا قوشۇلدى.

- **2020 - يىلى 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ لوندوندىكى ۋەكىلى لوندوندىكى «ئۇيغۇر خەلقى ئۇچۇن ئەركىنلىك» نامايىشىدا سۆز قىلدى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى لوندون ئىشخانىسىنىڭ مەسئۇلى رەھىمە مەھمۇت دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بىلەن لوندوندىكى «ئۇيغۇر ئىتتىپاقلىق ھەرىكىتى» بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان «ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن ئەركىنلىك» نامايىشىدا سۆز قىلدى. بۇ ئايلىق بىرلەشمە نامايىشنىڭ تېمىسى «ئۇيغۇرلارنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىشى ۋە خەلقئارالىق شىركەتلەرنىڭ بۇنىڭغا ئىشتىراك قىلىشى» بولدى. نامايىشتا ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى، يەھۇدىيلار جەمئىيىتى ۋە ئوخشىمىغان ئېتىقاد گۇرۇپپىلىرىنىڭ ۋەكىللىرى سۆز قىلدى.

- **2020 - يىلى 3 - ئاينىڭ 6 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ لوندوندىكى ۋەكىلى لوندوندىكى دۇنيا ئاياللار فېستىۋالىدا سۆز قىلدى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى لوندون ئىشخانىسىنىڭ مەسئۇلى رەھىمە مەھمۇت لوندوندىكى خان جەمەتى فېستىۋال زالىدا دۇنيا ئاياللار فېستىۋالىدا سۆز قىلىشقا تەكلىپ قىلىندى. رەھىمە مەھمۇت خانىم «خىتاينىڭ ئۇيغۇر ئاياللىرىغا قىلغان ھۇجۇملىرى ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتتۇر» ماۋزۇلۇق نۇتۇق سۆزلىدى. رەھىمە مەھمۇت خانىم خىتاينىڭ ئۇيغۇر ئاياللىرىغا قارىتىلغان ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسەتلىرىگە قارشى ئەمەلىي ھەرىكەت قوللىنىش چاقىرىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ بۇ پائالىيەتتە يەنە داڭلىق ئايال يازغۇچىلار ۋە ئاخباراتچىلار بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارنى ئۇيغۇر كرىزىسى ھەققىدە قەلەم تەۋرىتىشكە ئۈندىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ كەلگەنلەر ئىدى.

- **2020 - يىلى 3 - ئاينىڭ 6 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ بېرلىندىكى ۋەكىلى پىراگادا**

www.uyghurkitap.com



**چېخىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشتى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ بېرلىندىكى ۋەكىلى غەيۇر قۇربان چېخىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ تەتقىقاتچىلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، خىتاينىڭ ئۇيغۇر خەلقىگە قاراتقان ئۆتمۈشتىكى ۋە ھازىرقى سىياسەتلىرىنى مۇزاكىرە قىلدى ۋە بۇ جەھەتلەردىكى ئىلمىي ئەسەرلەردە ھەمكارلىشىش پۇرسىتى ئىزدىدى.

- **2020 - يىلى 3 - ئاينىڭ 6 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ بېرلىندىكى ۋەكىلى پىراگادا ئۆتكۈزۈلگەن 2020 - يىللىق «بىر دۇنيا كىنو فېستىۋالى»غا قاتناشتى**

3 - ئاينىڭ 6 - كۈنى غەيۇر قۇربان يەنە 2020 - يىلى پىراگادا ئۆتكۈزۈلگەن «بىر دۇنيا كىنو فېستىۋالى»دا چوڭغىدۇر ۋوكسپوت (ۋوخپوت) تەرىپىدىن ئىشلىگەن، تۇتۇپ تۇرۇش لاگېرلىرى تېما قىلىنغان يېڭى ھۆججەتلىك فىلىمنىڭ قويۇلۇشىدىن كېيىنكى گۇرۇپپا مۇزاكىرىسىگە قاتناشتى. بۇ دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقنى ئاساس قىلغان مەدەنىيەت ۋە سەنئەت كۆرۈنۈشلىرى ئارقىلىق يېڭى تاماشىبىنلار بىلەن ئۇچرىشىشىغا ئىمكانىيەت ياراتتى.

- **3 - ئاينىڭ 6 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى ۋاشىنگتوندا دۆلەتلىك دېموكراتىيە فوندى جەمئىيىتىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشتى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى دولقۇن ئەيسا ۋە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسى ئۆمەر قانات دۆلەتلىك دېموكراتىيە فوندىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ئۆتمۈشتىكى پائالىيەتلىرىنى باھالىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە پات ئارىدا ئوتتۇرىغا قويۇلۇش ئالدىدا تۇرغان تەكلىپلەرنىمۇ مۇزاكىرە قىلدى.

- **2020 - يىلى 3 - ئاينىڭ 6 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى ۋاشىنگتوندا ئەركىن ئاسىيا رادىيوسىنىڭ مەسئۇلى بىلەن كۆرۈشتى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى دولقۇن ئەيسا ۋە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسى ئۆمەر قانات ۋاشىنگتوندا ئەركىن ئاسىيا رادىيوسىنىڭ مۇدىرى بەي فاڭ (باي فاڭ) بىلەن كۆرۈشتى ۋە ئەركىن ئاسىيا رادىيو گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ مۇھىم خىزمەتلىرىگە رەھمەت ئېيتتى. شۇنداقلا فاڭ خانىم دولقۇن ئەيسا ئەپەندى ۋە ئۆمەر قانات ئەپەندى بىلەن ئەركىن ئاسىيا رادىيوسىدا ئۇيغۇرچە مەزمۇنلارنى كۆپەيتىش ئۇسۇللىرى توغرىسىدا مۇزاكىرىلەشتى.

- **2020 - يىلى 3 - ئاينىڭ 6 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ لوندوندىكى ۋەكىلى لوندون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شەرق ۋە ئافرىقا تەتقىقاتى ئىنستىتۇتىدا سۆز قىلدى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى لوندون ئىشخانىسىنىڭ مەسئۇلى رەھىمە مەھمۇت لوندون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شەرق ۋە ئافرىقا تەتقىقاتى ئىنستىتۇتىدا ئۆتكۈزۈلگەن «مۇسۇلمان ئاز سانلىق مىللەتلەرنى باستۇرۇش ۋە نازارەت قىلىش: شىنجاڭ ۋە باشقا رايونلار» تېمىسىدىكى يىغىندا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى رەقەملىك نازارەتچىلىكى ھەققىدە سۆز قىلدى. رەھىمە مەھمۇت خانىم بۇ يەردە «مەخپىيەتلىك: خىتاينىڭ رەقەملىك گۇلاگى ئىچىدە» ناملىق ھۆججەتلىك فىلىمنىڭ مەسلىھەتچىسى ۋە تەرجىمانى بولۇپ ئىشلەش جەريانىدا ئىگىلىگەن بىلىملىرىنى ھەمبەھىرلىدى.

- **3 - ئاينىڭ 7 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ بېرلىندىكى ۋەكىلى بېرلىندا ئامېرىكانىڭ باش ئەلچىخانىسىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشتى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بېرلىن ئىشخانىسىنىڭ مەسئۇلى غەيۇر قۇربان ئامېرىكانىڭ پىراگادا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىنىڭ كۇلتۇرەل ئىشلاردىكى مەخسۇس خادىمى بىلەن كۆرۈشۈپ، چېخىيە قاتارلىق شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرىدە ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش پائالىيەتلىرىنى جانلاندۇرۇش توغرىسىدا سۆھبەتلەشتى.

- **2020 - يىلى 3 - ئاينىڭ 9 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى لوندوندىكى مۇسۇلمان تەشكىلاتلار ئۇيۇشتۇرغان يىغىندا سۆز قىلدى**

3 - ئاينىڭ 9 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى دولقۇن ئەيسا ۋە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى لوندون ئىشخانىسىنىڭ مەسئۇلى رەھىمە مەھمۇت لوندوندىكى «ئەنگلىيەدە ئىسلام دەۋىتى» (دەۋەتۇل ئىسلام ئۇك) ۋە «ئەيىر» (ئەئىرە) تەشكىلاتلىرى ساھىبخانلىق قىلغان «مۇسۇلمانلار ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنى قوغداش ئۈچۈن نېمە قىلالايدۇ؟» تېمىلىق پائالىيەتتە سۆز قىلىشقا تەكلىپ قىلىندى. بۇ پائالىيەتكە نۇرغۇنلىغان تەسىردار مۇسۇلمان رەھبەرلەرمۇ قاتناشتى. بۇ، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئۈچۈن مۇسۇلمان دۇنياسى بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ياخشى پۇرسىتى بولدى.

- **2020 - يىلى 3 - ئاينىڭ 9 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ بېرلىندىكى ۋەكىلى بېرلىندا يېڭى زېلاندىيە ئەمەلدارلىرى بىلەن كۆرۈشتى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بېرلىن ئىشخانىسىنىڭ مەسئۇلى غەيۇر قۇربان بېرلىندا يېڭى زېلاندىيەنىڭ مۇئاۋىن باش ئەلچىسى ئالېكساندرا سىمىسمان (ئالەخاندرا سىمىتھىمان) خانىم بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق كىرىزىسى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات بەردى ۋە يېڭى زېلاندىيەنى خىتايدىكى

ئۇنىۋېرسال كىشىلىك ھوقۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ كۈچ چىقىرىشقا چاقىردى.

- **2020 - يىلى 3 - ئاينىڭ 9 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى لوزان تەنتەربىيە كېسىم سوتىغا ئىلتىماسى ئەۋەتتى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتىنىڭ 2022 ـ يىللىق قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈش قارارىغا قارىتا لوزان تەنتەربىيە كېسىم سوتىغا (كاس) كېسىم ئىلتىماسى سۇندى. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بۇ قارارنىڭ ئولىمپىك نىزامنامىسىدا بايان قىلىنغان قىممەت قاراش ۋە پرىنسىپلارغا شۇنداقلا ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ روھىغا زىت ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. خىتاي ھۆكۈمىتى نۆۋەتتە ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت سادىر قىلماقتا، شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ، تىبەتلەرنىڭ، خوڭكوڭلۇقلارنىڭ، خىتاي كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرىنىڭ ۋە باشقا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقلىرىنى ئېغىر ۋە سىستېمىلىق ھالدا دەپسەندە قىلماقتا. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتىنىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ دۇرۇسلۇقىغا كاپالەتلىك قىلىشىنى تەلەپ قىلدى؛ ھەمدە خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتىنى خىتايدىن ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايىتىنى توختىتىشىنى، تۇتۇپ تۇرۇش لاگېرلىرىنى تاقاشنى، 2022 ـ يىلدىكى ئولىمپىك مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزۈش سالاھىيىتىنىڭ تەقەززاسى بولغان كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىنى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاشنى قەتئىي تەلەپ قىلىشقا ئۈندىدى. تاجىسمان ۋىرۇس ۋاباسى بارلىق پائالىيەتلەرنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتكەنلىكى سەۋەبلىك، بىز ھېلىھەم مەزكۇر سوتنىڭ جاۋابىنى تاپشۇرۇۋالمىدۇق. ھالبۇكى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بۇ مەسىلىدە كېسىم سوتىغا يېقىندىن دىققەت قىلىۋاتىدۇ.

- **3 - ئاينىڭ 10 - كۈنى رىيان باررىمۇ ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىدە**

3 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تور ماسلاشتۇرغۇچىسى رىيان باررىمۇ ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىدە، 4 ـ مادداا توغرىسىدىكى ئومۇمىي مۇنازىرىدە ياۋروپا يەھۇدىي ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىگە ۋاكالىتەن يەنە سۆز قىلدى. ئۇ باياناتىدا خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق كىرىزىسىغا قايتۇرغان ئىنكاسىدىن ئۈمىدسىزلەنگەنلىكىنى بىلدۈردى. ئۇ يەنە خىتاينىڭ ب د ت دىكى كىشىلىك ھوقۇققا دەخلى ـ تەرۇز قىلىۋاتقانلىقىنى ۋە شەرقىي تۈركىستان كىرىزىسىنىڭ ئۇيغۇر خەلقىگىلا ئەمەس، پۈتكۈل خەلقئارا جەمئىيەتكە مۇھىم تەسىر كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى تەكىتلىدى.

- **2020 - يىلى 3 - ئاينىڭ 10 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تىبەت قوزغىلىڭىنىڭ 61**

**يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن تىبەتلەرگە مەدەت بەردى**

تىبەت قوزغىلىڭىنىڭ 61 يىللىقىدا، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تىبەتلەرگە مەدەت بېرىش نامايىشلىرى ئۆتكۈزۈلدى. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى ئوخشىمىغان شەھەرلەردىكى يىغىلىش ۋە پائالىيەتلەردە سۆز قىلىپ، ئىككى مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى قوللاش ۋە ئىتتىپاقلىقنى نامايان قىلدى. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى دولقۇن ئەيسا ۋە لوندوندىكى ئىشخانىسىنىڭ مەسئۇلى رەھىمە مەھمۇت لوندوندىكى پائالىيەتكە قاتناشتى. دولقۇن ئەيسا ئەپەندى ئۇيغۇرلار بىلەن تىبەتلەرنى ھەمكارلىق ۋە ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىشكە چاقىردى. بۇنىڭدىن سىرت، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرىدىن غەيۇر قۇربان، زۇمرەتئاي ئەركىن ۋە مەمەت توختى ئايرىم - ئايرىم ھالدا بېرلىن، كوپېنھاگېن ۋە تورونتودىكى يىغىلىشلاردا سۆز قىلدى.

- **2020 - يىلى 3 - ئاينىڭ 11 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىدا سۆز قىلدى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى دولقۇن ئەيسا ۋە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى لوندون ئىشخانىسىنىڭ مەسئۇلى رەھىمە مەھمۇت ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئوكسفورد بىرلەشمىسى ئۇيۇشتۇرغان «ئۇيغۇر خەلقى: ئۇنتۇلغانلارنىڭ نىداسى» تېمىسىدىكى سۆھبەت يىغىنىدا سۆز قىلدى. بۇنىڭدىن سىرت، تىيەنئەنمېن ھەرىكىتىنىڭ رەھبىرى ۋە ئۇيغۇر پائالىيەتچى ئۆركەش ھەمدە ئۇيغۇر پائالىيەتچى نۇرى تۈركەلمۇ سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى. ئۇلار شەرقىي تۈركىستاننىڭ كۈنسېرى ناچارلىشىۋاتقان ۋەزىيىتى ۋە كوۋىد - 19 نىڭ خەۋپىنى مۇزاكىرە قىلدى ھەمدە خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن سادىر قىلىنغان ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلەرنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغانلار ئۈچۈن گەپ قىلدى.

- **2020 - يىلى 3 - ئاينىڭ 11 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلار بىرلەشمىسى نورۋېگىيە نېفت فوندىنى ھىكۋىسىئون ۋە داخۇئادىن مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈشكە چاقىردى.**

سېكرېتارى ۋە ئىدارە باشلىقى ۋاڭ مىنشەن ۋە بۇ نازارەتنىڭ سابىق سېكرېتارى خۇ لىجۇن قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

- **7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى خەلقئارالىق جۇمھۇرىيەت ئىنستىتۇتى ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشتى**

خەلقئارالىق جۇمھۇرىيەت ئىنستىتۇتى ئۇيغۇر مەسىلىسىنى دۇنيانىڭ باشقا رايونلىرىدا، بولۇپمۇ مۇسۇلمان كۆپ بولغان دۆلەتلەردە قىزىق نۇقتىغا ئايلاندۇرۇشنى مۇھاكىمە قىلىش ئۈچۈن، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بىلەن ئالاقىلەشتى. بۇ ئىككى تەشكىلات مەزكۇر دۆلەتلەردە ئوتتۇرىغا قويۇلىدىغان پىكىرلەرنى مۇھاكىمە قىلدى ۋە ھىندونېزىيە قاتارلىق جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرىنى نىشان قىلدى.

- **7 - ئاينىڭ 14 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ بېرلىندىكى ۋەكىلى خىتاي ئېتىقادلىقلار گۇرۇپپىسىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشتى**

گېرمانىيەدىكى خىتاي خرىستىيان گۇرۇپپىسىدىن «ھسىئا» چېركاۋىدىن تەشكىللىگەن بىر ھەيئەت دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ بېرلىندىكى ئىشخانىسىنى زىيارەت قىلدى. خىتاي ياشلىرىنىڭ قانداق قىلغاندا ئۇيغۇر مەسىلىسىگە ئاكتىپ ياردەم بېرىدىغانلىقى، ئۇيغۇر دەۋاسىنى قانداق قوللىيالايدىغانلىقى ھەققىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى.

- **7 - ئاينىڭ 14 - كۈنى خىتاي دائىرىلىرى ئامېرىكالىق ئەمەلدارلارغا خالىغانچە جازا يۈرگۈزىدىغانلىقىنى بايان قىلدى**

ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇنىنىڭ ماقۇللىنىشى ۋە ئۇيغۇرغا قارىتىلغان كىشىلىك ھوقۇق ۋەھشىيلىكلىرىگە چېتىشلىق دەپ قارالغان ئىدارە ۋە كىشىلەرگە قارشى جازا يۈرگۈزىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغانلىقىغا قارشى خىتاي ھۆكۈمىتىمۇ ئامېرىكا ئەمەلدارلىرىغا جازا يۈرگۈزىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ جازا ئۇيغۇلاش نىشانى ئۇيغۇر مەسىلىسىنىڭ ئاۋازى بولغان ۋە ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى توختىتىش ئۈچۈن كونكرېت پائالىيەت ئېلىپ بارغانلار بولغان. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ۋە سىياسىيونلارغا، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىققا قارشى چىققانلارنى جىمىقتۇرۇش ۋە ئەمەلىي تەدبىر ئېلىشقا توسقۇنچىلىق قىلىشىغا يول قويماسلىققا چاقىرىق قىلدى. ئۇيغۇر خەلقى ناھايىتى ئېغىر خەتەر ئاستىدا تۇرۇۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ قايغۇسىنى ۋە ئازاب ئوقۇبەتلىرىنى توختىتىش ئۈچۈن خەلقئارا جەمئىيەت دەرھال ھەرىكەتكە ئۆتۈشى كېرەك.

- **7 - ئاينىڭ 17 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بېرلىن ۋەكىلى يەزىدى ڭو بىلەن كۆرۈشتى**

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



ئىلگىرى بېرلىندىكى ئىشخانا مۇدىرى غەيۇر قۇربان يەزدى ۋە تەرىپىدىن ئۇيغۇر كىرىزىسى توغرىسىدا زىيارەت قىلىنغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ «مەكتەپ پاراڭلىرى» ناملىق پىروگراممىسىدا ئېلىپ بېرىلغان بۇ زىيارەت گېرمانىيەدىكى ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا مۇسۇلمانلار ئۇچراۋاتقان زۇلۇمغا دىققەت تارتىش مەقسەت قىلىنغانىدى.

- **7 - ئاينىڭ 18 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ بېرلىندىكى ۋەكىلى توردا ئىستراتېگىيەلىك تەتقىقاتلار ۋە مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى**

بېرلىندىكى ئىشخانا مۇدىرى ئۇيغۇر تەتقىقات ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن تەشكىللەنگەن ۋە مەۋجۇت گېئو - جۇغراپىيەلىك ئىلگىرىلەشلەرنى تەكشۈرۈش ۋە ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن كىشىلىك ھوقۇق ۋە دېموكراتىيە ئۈچۈن خەلقئارالىق ھەرىكەتنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىستراتېگىيەلەر بارلىققا كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان تور مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى.

- **7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ماجىد ناۋازغا ئۇيغۇرلار تەرىپىدە تۇرغانلىقى ئۈچۈن رەھمەت ئېيتتى**

7 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىن باشلاپ، ئەنگىلىز يازغۇچى، پائالىيەتچى ۋە ئاشقۇنلۇققا قارشى تۇرۇش تەشكىلاتىنىڭ (قۇئىللىئام ئىنتەرناتىئونال) قۇرغۇچىلىرىدىن ماجىد ناۋاز شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرلارغا قارشى يۈرگۈزۈلۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىققا دىققەت قوزغاش ئۈچۈن ئاچلىق ئېلان قىلغانلىقىنى جاكارلىدى. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ماجىد ناۋازغا ئۇيغۇر خەلقىنى دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ مۇداپىئە قىلغانلىقى ئۈچۈن رەھمەت ئېيتتى. پۈتۈن جەمئىيەتنى ھەرىكەتكە كەلتۈرگەن بۇ پىداكارلىقىغا مىننەتدارلىق بىلدۈردى.

- **7 - ئاينىڭ 22 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ئەنگلىيەدىكى ۋەكىلى ئەنگلىيە كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى يىغىنىدا سۆز قىلدى**

7 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، ئەنگلىيە بار كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى ۋە ۋالەس گۇرۇپپىسى «ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ئۇيغۇرلار ۋە باشقا مۇسۇلمانلارغا قارىتا خەلقئارالىق قانۇندىكى مەسئۇلىيىتى» نامىلىق دوكلاتنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، لوندوندىكى پائالىيەتچى ۋە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەكىلى رەھىمە مەخمۇت ئەنگلىيە بار كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى ۋە ۋالەس گۇرۇپپىسى تەشكىللىگەن يىغىندا «ئا ۋاي فورۋارد؟ فىندىڭ جۇستىكە فور ئۇيغۇرس ئىن شىنجياڭ ، چاينا» «تېمىسىدا سۆزلىدى. بۇ يىغىنغا ئالىستائىر كارمىچائەل رىياسەتچىلىك قىلدى. ئەنگلىيە بار كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى ۋە ۋالەس گۇرۇپپىسى رەئىسى سچونا جوللىي ھوقۇق ئىجراچىسى ۋە مۇدىر نىكولا ماكبەئان

ۋە تەتقىقاتچى دوكتور ئادرىئان زەنز قاتارلىقلارمۇ بۇ يىغىنغا ئىشتىراك قىلدى.

- **7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇرىي ئەمگەكنى توختىتىش بىرلەشمىسىگە قاتناشتى**

7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى 72 ئۇيغۇر تەشكىلاتى، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى 200 دىن ئارتۇق ئاممىۋىي تەشكىلات ۋە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا ئۇيغۇر رايونىدا مەجبۇرىي ئەمگەكنى توختىتىش بىرلەشمىسىگە قاتنىششىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۆپ كۈچ چىقاردى. بۇ گۇرۇپپىلار بىر يىل ئىچىدە مەجبۇرىي ئەمگەككە مۇناسىۋەتلىك بولغان مال تەمىنلىگۈچىلەرنىڭ بارلىق ئالاقىسىنى ئۈزۈش ۋە ئۇيغۇر رايونىدا پاختىدىن ئىشلىگەن كىيىملەرگىچە بارلىق تەمىنلەشنى ئاخىرلاشتۇرۇش ئۈچۈن ماركا كاپالەتنامىلىرىنى ئىمزەيدىغان نامايىش چاقىرىقى ئېلان قىلدى.

بۇ بىرلەشمە ماركا ۋە مال تەمىنلىگۈچىلەرنىڭ تەمىنات زەنجىرىنىڭ ھەر دەرىجىلىك پاختىدىن تەييار مەھسۇلاتلارغىچە شەرقىي تۈركىستاندىن چېكىنىپ چىقىشىنى، ئۇيغۇر ۋە باشقا گۇرۇپپىلارنىڭ باشقا ئەسلىھەلەردە مەجبۇرىي ئىشلىتىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى ۋە مەجبۇرىي ئەمگەك سىستېمىسىنى قوللايدىغان مال تەمىنلىگۈچىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئاخىرلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. ماركا ۋە مال تەمىنلىگۈچىلەر بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ سودا ۋە كىشىلىك ھوقۇق يېتەكچى پرىنسىپى قاتارلىق خەلقئارالىق پرىنسىپلاردا بېكىتىلگەن كىشىلىك ھوقۇققا ھۆرمەت قىلىشتىكى مەسئۇلىيەت مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن، بۇ باسقۇچلارنىڭ ھەممىسىنى بېسىپ ئۆتۈش كېرەك.

- **7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەكىلى ئاج+ فىرانچائىس دا نەقمەيدان تارقىتىشقا قاتناشتى**

7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى پىروگرامما ۋە تەشۋىقات مۇدىرى زۇمرەتئاي ئەركىن ئاج+ فىرانچائىس دا، شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇرىي قىسىرلاشتۇرۇش ۋە مەجبۇرىي ئەمگەكنىڭ كېڭىيىشىگە دائىر يېڭى ئىسپاتلار ھەققىدە سۆزلىدى. شۇنداقلا يېقىندىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان «ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنى توختىتىش» بىرلەشمىسىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. بۇ قېتىملىق يىغىن فىرانسۇز تىلى ئىشلىتىدىغان دۆلەتلەردە ئۇيغۇر مەسىلىسىگە دىققەت تارتىشتا رول ئوينىغان بولۇپ، نۇرغۇنلىغان فىرانسۇز مېدىيالىرى يېقىندىن بۇيان ئۇيغۇر كرىزىسىنى تېخىمۇ ئاكتىپ ھالدا تىلغا ئالماقتا ۋە خەلق ۋەكىللىرىدەك يۇقىرى قاتلامدىكى كىشىلەرگە يەتكۈزۈلدى. يەنە ئوخشاش ئايدا، 30 فىرانسۇز پارلامېنت ئەزاسى بىرلىكتە فىرانسىيە پرېزىدېنتى ماكرونغا ئۇيغۇر

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنى تىلغا ئېلىش ۋە بۇ ھەقتە ئەمەلىي قەدەم ئېلىش ئۈچۈن مەكتۇپ ئەۋەتتى. سېنتەبىردە ماكرون ئۇيغۇر مەسىلىسىنى تىلغا ئالغان بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن بۇيانقى تۇنجى قېتىملىق ئۇيغۇر مەسىلىسىنى تىلغا ئېلىشى ھېسابلىنىدۇ.

- **7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەكىلى جەۋش نەۋس پانەل دا سۆزلىدى**

7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ لوندوندىكى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى رەھىمە مەخمۇت «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالى ۋە نېمىشقا ھەربىكەتكە ئۆتۈشىمىز كېرەك؟» دېگەن تېمىدا بىر يىغىنغا قاتناشتى. بۇ يىغىنغا يەنە رەنەئە كاسسىن نىڭ مۇدىرى مىئا ھانسەنسون - گروسس، يازغۇچى ۋە پائالىيەتچى ماجىد ناۋاز قاتارلىقلارمۇ قاتناشتى.

- **7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى كىيىم - كېچەك ماركىلىرىنىڭ ئۇيغۇر مەجبۇرى ئەمگەككە چېتىشلىق جىنايەتكە شېرىك بولۇپ قالماسلىقنى تەلەپ قىلغان 180دىن كۆپ ئەزاسى بولغان ھەربىكەتكە قېتىلدى**

7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى 100دىن كۆپ تەشكىلات ۋە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ كىيىم ماركىلىرىغا شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇري ئەمگەككە چېتىشلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى توختىتىش ۋە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىدىكى قىلمىشلىرىغا شېرىك بولماسلىق چاقىرىقىغا 72 ئۇيغۇر تەشكىلاتلارمۇ قېتىلدى. بۇ گۇرۇپپا مەجبۇرى ئەمگەكنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىشلەپچىقارغۇچىلارغا 12 ئاي ئىچىدە بارلىق ئالاقىسىنى كېسىشنى نە ئۇيغۇر رايونىدا ئىشلەپچىقىرىلغان پاختا ئىشلىتىلگەن كىيىم - كېچەكلەرگىچە بارلىق پائالىيەتلىرىنى توختىتىش توغرىسىدا ۋەدە بېرىشكە چاقىردى.

- **7 - ئاينىڭ 27 - كۈنى مېيۇنخېندىكى سىئېمېنس مەركىزى ئالدىدا نامايىش ئېلىپ بېرىلدى**

7 - ئاينىڭ 27 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تەھدىت ئىچىدىكى خەلقلەر تەشكىلاتى ۋە ئۇيغۇر خەلقى سىئېمېنس ۋە ئۇنىڭ لىدىرى جوئە كائەسەر نى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارغا قارىتا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەنچىلىكىگە يانتاياق بولۇۋاتقانلىقى توغرىسىدا جاۋاب بېرىشكە چاقىرىق قىلىش ئۈچۈن مېيۇنخېندا نامايىش ئېلىپ باردى. سىئېمېنس شىركىتى «خىتاي ئېلېكترونلۇق تېخنىكا گۇرۇپپىسى» بىلەن ھەمكارلىشىۋاتقان بولۇپ، مەزكۇر خىتاي شىركىتى 1000 دىن ئارتۇق يىغىۋېلىش لاگېرىدىكى ئۇيغۇرلارنى ۋە باشقىلارنى كۆزىتىدىغان ئەپ ئىشلەپ چىقارغان.

- **7 - ئاينىڭ 28 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى يەكەن قىرغىنچىلىقىنىڭ قۇربانلىرىنى خاتىرىلىدى**

يەكەن قىرغىنچىلىقىنىڭ 6 - يىلى مۇناسىۋىتى بىلەن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى خىتايلار تەرىپىدىن قىرغىن قىلىنغان بارلىق قۇربانلارنى خاتىرىلىدى. خىتاي قوراللىق قىسىملىرىنىڭ يەكەندە نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىگە سەۋەب بولغان تىنچلىق بىلەن ئېلىپ بېرىلغان بىر نارازىلىق بىلدۈرۈش ھەرىكىتىنى قانلىق باستۇرغىنىغا ئالتە يىل بولدى. ئۇ ۋاقىتتىن بۇيان تەخمىنەن بىر مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇرنىڭ خالىغانچە تۇتقۇن قىلىنىپ سىياسىي مېڭە يۇيۇش لاگېرلىرىدا ئۇيچە قىسىرلاشتۇرۇش، مەجبۇرى ئەمگەككە سېلىش ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئېلىپ بارغان دۆلەت سىياسىتىگە شاھىت بولدۇق.

- **7 - ئاينىڭ 30 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى، خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتىغا خىتاينىڭ 2022 - يىللىق قىشلىق ئولىمپىك مۇسابىقىسىگە ساھىبخانلىق قىلىشنى قايتىدىن ئويلىشىشى توغرىسىدا چاقىرىقتا بولۇندى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى، خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتىغا خىتاينىڭ 2022 - يىللىق قىشلىق ئولىمپىك مۇسابىقىسىگە ساھىبخانلىق قىلىشقا رۇخسەت بېرىشنى يېڭىدىن كۆزدىن كەچۈرۈشىنى ۋە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئوچۇق ئاشكارا ئۇيغۇرلارغا قارشى ئىرقىي قىرغىنچىلىقى، ئىنسانلىققا قارشى ئىشلەۋاتقان جىنايەتلىرى ۋە باشقا زۇلۇملىرىنى كۆزدە تۇتۇپ دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋە باشقا ئورگانلار تەرىپىدىن سۆزى قىلىنىۋاتقان ئەندىشىلەرنى جىددىي كۆرۈشۈشكە چاقىردى. بۇ قارار ئولىمپىك تەنھەرىكىتىنىڭ شەرتلىرىگە، قىممەت قاراشلىرىغا ۋە ئولىمپىك تەنھەرىكىتىنىڭ روھىغا خىلاپ.

- **8 - ئاينىڭ 9 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تەتقىقات گۇرۇپپىلىرى دىنى رەھبەرلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان ۋەھشىيلىك جىنايىتىنى توختىتىش ھەرىكىتىنىڭ چاقىرىقىنى قارشى ئالدى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى توختىتىش، ئىرقىي قىرغىنچىلىققا تاقابىل تۇرۇش بىرلەشمىسى كىسۋ ۋە ئەنگلىيە يەھۇدىيلار ۋەكىللەر ئۇيۇشمىسىگە قاتنىشىپ، ئېتىقاد ۋە ئېتىقاد جەمئىيىتى رەھبەرلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان ۋەھشىيلىك جىنايى قىلمىشلىرىنى توختىتىش ئۈچۈن ھەرىكەتكە چاقىرغان چاقىرىقىنى قارشى ئالدى. كانتېربۇرىنىڭ سابىق باش پوپى روۋان ۋىللىئامس، بىرما ۋە ھىندونېزىيەنىڭ كاردىناللىرى، لوندون باش پوپى ئېپىسكوپى ئاگائەلوس، ئەنگلىيەنىڭ بىر قىسىم پېشقەدەم رابىبلارى، مۇسۇلمان دىنى رەھبەرلىرى، ئەنگلىيە بۇددا دىنى جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، دالاي لامانىڭ ۋەكىلى، ياۋروپا ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك جەمئىيىتىنىڭ ئەنگلىيە ئىجرائىيە مۇدىرى بولغان ئىلان قىلىنغان باياناتقا ئىمزا قويغان 76 كىشى ئىچىدە بولۇپ، «چوڭ قىرغىنچىلىق»تىن بۇيانقى ئەڭ قەبىھ ئىنسانىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



پاجىئەلەردىن بىرى ئۇيغۇرلار ۋە خىتايدىكى باشقا مۇسۇلمانلارغا قارشى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى توختىتىشقا چاقىردى.

- **8 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتىنىڭ دا 2022 ـ يىللىق قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزۈشنى قايتا قاراپ چىقىشنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ئەخلاق كومىتېتىغا يازما ئەرز سۇندى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى، چېركاۋ سوت مەھكىمىسى پالاتاسىدىكى خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق ئادۋوكاتى مايكېل پولاك ۋە ئۇيغۇر ھوقۇقى ئادۋوكاتلىرىنىڭ باشچىلىقىغا، ئەخلاق ۋە ماسلىشىش ئىشخانىسى ئارقىلىق خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتى ئەخلاق كومىتېتىغا رەسمىي ئەرز تەييارلاشقا بۇيرىدى.

خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتى چوقۇم جاۋاب قايتۇرۇشى كېرەك بولغان بۇ ئەرزدە خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتى ئىجرائىيە ھەيئىتى ۋە خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتى رەئىسى توماس باچنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلەرنىڭ دەلىللىرى ئىسپاتلانغاندىن كېيىنمۇ 2022 ـ يىللىق قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلۈشىنى قايتا ئويلاشماي ئولىمپىك نىزامنامىسىدا خىلاپلىق قىلغانلىقى بىلدۈرۈلدى.

- **8 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتىغا رەسمىي ئەرز سۇندى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتىغا رەسمىي ئەرزنامە تەييارلاش ئۈچۈن چېركاۋ مەھكىمىسى ئىشخانىسىدىن كىشىلىك ھوقۇق ئادۋوكاتى ۋە ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق ئادۋوكاتلىرى باشلىقى مايېكل پولاك بىلەن ھەمكارلاشتى. ئەرز ـ شىكايەتلەر بىلەن بىللە سۇنۇلغان ھەر خىل مەنبەلەردىكى ئىسپاتلار مەجبۇرىي قىسىرلاشتۇرۇش، خالىغانچە ئادەم تۇتۇش، زۇلۇم، باستۇرۇش شەكلىدىكى بىخەتەرلىك ۋە مەجبۇرىي ئەمگەك، كۆزىتىش، قۇللاشتۇرۇش قاتارلىق بىر قاتار كىشىلىك ھوقۇققا زىت جىنايەتلەر ئىشلىنىۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلىماقتا.

دوكلاتتا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: ئولىمپىكنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈش ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈرك مۇسۇلمانلىرى تارتقان چېكىدىن ئاشقان باستۇرۇشنى قوللىغانلىق بولۇپلا قالماي، بەلكى خىتايدىكى تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ، بولۇپمۇ توقۇمىچىلىق ۋە تېخنىكا ساھەسىدە ئوچۇق ـ ئاشكارىلىقىنى كۆزدە تۇتىدىغان بولساق، خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈرك مۇسۇلمان خەلقىگە قىلىنغان خەلقئارالىق جىنايەتلەرگە بىۋاستە قاتناشقان بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى كەڭ كۆلەمدە ھۆججەتكە ئېلىنغان ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈرك مۇسۇلمانلىرىنى قۇل

ئەمگەكچى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىشى ، مەجبۇرىي يۆتكىلىپ ئىشلىتىلىشى خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتىنىڭ ئولىمپىك مۇسابىقىلىرىدە قوللىنىلغان تېخنىكىنىڭ ۋە ئولىمپىك تاۋارلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان توقۇمىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ كاپالەتكە ئىگە قىلىنىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

- **8 - ئاينىڭ 17 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى ئامېرىكا تارماق كومىتېتىدا**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى ئامېرىكا تارماق كومىتېتى بىلەن ئۇيغۇر كىرىزىسى توغرىسىدا بىرلەشمە دوكلات يىغىنىغا قاتناشتى. 8 - ئاينىڭ 17 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى دولقۇن ئەيسا ئامېرىكا پارلامېنتىدا تارماق كومىتېتلار ئۆتكۈزگەن بىرلەشمەدە دوكلات بېرىش يىغىنىغا قاتناشتى. ئىسا ئەپەندى قاتناشقۇچىلارغا ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن كېرەكلىك ھەرىكەتلەر توغرىسىدا سۆز قىلدى ۋە ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنى باشقا تەۋسىيەلەر بىلەن بىللە ئۇيغۇر مەجبۇرى ئەمگىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنىنى ماقۇللاشقا چاقىردى.

- **8 - ئاينىڭ 18 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى 70 تەشكىلات بىلەن بىرگە كانادا ۋە ئەنگلىيەنى يەرشارى ماگنىتسكي جازاسىغا قايتىشقا چاقىردى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى، باشقا 70 تەشكىلات بىلەن بىرلىشىپ كانادا ۋە ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنى خىتاينىڭ ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈرك مۇسۇلمانلارنى ئاساس قىلغان باشقا خەلقلەرگە قارىتىلغان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىدە مەسئۇلىيىتى بار بولغان خىتاينىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىنى ۋە ئىدارىلىرىنى جازالاشقا قاتنىشىشقا چاقىردى.

- **8 - ئاينىڭ 19 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى مىيۇنخېندا مەجبۇرىي ئەمگەككە قارشى نامايىش ئۆتكۈزدى**

19 - ئاۋغۇستتا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى مىيۇنخېندا ئادىداس، نىك قاتارلىق خەلقئارالىق چوڭ شىركەتلەرنىڭ تارماقلىرى ئالدىدا ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنى توختىتىش ھەققىدە نامايىش قىلدى.

- **8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ بېرلىندىكى ۋەكىلى ئۇيغۇر مەسىلىسى ھەققىدىكى يۇمىلاق ئۈستەل مۇزاكىرىسىگە قاتناشتى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بېرلىندىكى ئىشخانىنىڭ مۇدىرى «ھاپپي سىكىئەنكە گېرمانىي» تەرىپىدىن ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىنى مۇزاكىرە قىلىدىغان يۇمىلاق ئۈستەل مۇزاكىرىسىگە تەكلىپ قىلىندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



8 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ياۋروپا پارلامېنت ئەزاسى ئەڭگىن ئەروگلۇ بىلەن كۆرۈشتى.

ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ ئەزاسى ئەڭگىن ئەروگلۇ دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ئىشخانا مۇدىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇيغۇر كرىزىسىنى مۇزاكىرە قىلدى ۋە ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ مۇمكىنچىلىكى بولغان ئىنكاس ۋە ھەرىكەتلىرى ھەققىدە سۆھبەتلەشتى.

8 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى گېرمانىيەنى خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرى بىلەن كۆرۈشكەندە ئۇيغۇر مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا چاقىردى.

9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرىنىڭ زىيارىتى ئالدىدا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى باياناتى ئېلان قىلىپ، گېرمانىيە ھۆكۈمىتىنىڭ يىغىن جەريانىدا ئۇيغۇر خەلقىگە قارىتىلغان ئىرقىي قىرغىنچىلىق مەسىلىسىنى ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويۇشقا چاقىردى. ئۇندىن باشقا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى گېرمانىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ھېيكو مائاسقا خەت يازغان بولۇپ، بۇ خەت ئاۋاز ئارقىلىق ئۇنىڭغا يەتكۈزۈلگەن. خەتتە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئۇيغۇر مەسىلىسىنىڭ قارشى تەرەپكە ئۇقتۇرۇلۇشىنى تەلەپ قىلغان. بۇ خەت خىتاي ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن كۆرۈشكەندە تاپشۇرۇپ ئېلىندى ۋە تارقىتىلدى.

ئۇندىن باشقا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋاڭيى رەسمىي زىيارەتتە بولغان گوللاندىيە، فىرانسىيە، نورۋېگىيە، ئىتالىيە، گېرمانىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىكى مۇناسىۋەتلىك تەشكىلاتلارنى سەپەرۋەر قىلدى. ئۇ زىيارەت قىلغان ھەر بىر دۆلەتتە دېگۈدەك ئۇيغۇر، شىياڭگاڭ، شىزاڭ ۋە باشقا جەمئىيەتلەردىن كەلگەن نامايىشچىلارنىڭ كەڭ كۆلەملىك نامايىشقا ئۇچرىدى، ئۇلار خىتاي ئىتتىپاقى (IPAK) پارلامېنت ئەزالىرى بىلەن بىرلىكتە ۋاڭيى بىلەن كۆرۈشكەندە دۆلەت ئەمەلدارلىرىنى ئىنسان ھەقلىرى ئەھۋالىنى ياخشىلاشقا كۆڭۈل بۆلۈشكە چاقىردى.

- **8 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى گېرمانىيە ھۆكۈمىتىنى ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىغا قارشى ئاۋاز بېرىشكە چاقىردى**

سېنتەبىرنىڭ 1 ـ كۈنى خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرىنىڭ بېرلىندىكى زىيارىتى مۇناسىۋىتى بىلەن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى گېرمانىيە ھۆكۈمىتىنى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇيغۇر كرىزىسىنى ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويۇش ۋە خىتاينى ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقى سەۋەبلىك جاۋابكارلىققا تارتىشنى تەلەپ قىلدى. گېرمانىيەنىڭ ياۋروپا ئىتتىپاقى كېڭىشىنىڭ

رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان بۇ مەزگىلدە ھائىكو مائاسنىڭ بۇ پۇرسەتنى ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى توختىتىش ئۈچۈن ئۈنۈملۈك قوللىنىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈردى.

- **8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى مەجبۇرى يوقاپ كەتكۈچىلەرنىڭ خەلقئارا كۈننى گەۋدىلەندۈردى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى دۇنيادىكى زالىم ھاكىمىيەتلەر، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋەتلىك ساقچىلىرى، ھەربىيلىرى ياكى بۇنى باستۇرۇش قۇرالى سۈپىتىدە تەتبىقلىغان ھەرقانداق پارتىيەلەرنىڭ قولىدا مەجبۇرى غايىب قىلىۋېتىلگەن بارلىق كىشىلەرنى خاتىرلىدى.

بۇ كۈن ئەركىنلىك ۋە باشقا ئەڭ ئاساسلىق ھوقۇقتىن مەھرۇم قىلىنغانلارنى خاتىرلەش ۋە ئۇلارغا ۋاكالىتەن ئادالەتنى تەشەببۇس قىلىش ۋە جىنايەتچىلەرنىڭ جازاسىز قېلىشىغا قارشى چىقىش ئۈچۈن مۇھىم بىر كۈن. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى خىتايغا مەجبۇرى قايتۇرۇۋېتىلگەن ئۇيغۇر مۇساپىرلىرى ۋە پانالىق تىلىگۈچىلەرنىڭ غايىب بولغانلىقىدىن تۇيغان ئەندىشىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ياخشىراق بىر تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈن زۇلۇمدىن قاچماقچى بولغانلارنى جىمىقتۇرۇش خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تەكرارلانغان بىر رىئاللىقتۇر.

- **8 - ئاينىڭ 31 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئامېرىكانىڭ ئىقتىسادىي ۋە چېگرا قوغداش ئورنىغا ئىلتىماس سۇندى**

8 - ئاينىڭ 31 - كۈنى «مۇھاپىزەتچىلەر گېزىتى» ئىككى پارچە ئەرزىيەت خېتىنىڭ ئامېرىكا كۆستوم ۋە چېگرا قوغداش ئورنىغا يەتكۈزگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى، بۇنىڭ بىرى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تەرىپىدىن باشلامچى بولۇپ، ئامېرىكا دائىرىلىرىنى ئۇيغۇر رايونىدىن پاختا ئىمپورت قىلىشنى چەكلەشكە چاقىردى. بۇنداق بايقوت قىلىشنىڭ ئىقتىسادىي تەسىرى خىتاينىڭ ئۇيغۇر خەلقىگە قاراتقان سىياسىتىنى قايتىدىن ئويلىنىشقا ئىتتىرىدۇ.

- **ئاخباراتلار نىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىش**

7 - ئاينىڭ 2 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى گېرمانىيە پارلامېنتىدا گېرمانىيە دۆلەتلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى نىدر / زدف نىڭ تۇ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ گېرمانىيە پارلامېنتىدىكى تەشۋىقات ئىرىشچانلىقى توغرىسىدا توختالدى.

- **7 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ھوپە نوت ھاتە زىيارىتىنى قوبۇل قىلدى**

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



7 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ لوندوندىكى ۋەكىلى رەھىمە مەخمۇت ۋە كولورادو ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئىنسانشۇناس داررەن بيلەر شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق توغرىسىدا هوپە نوت هاتە نىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلدى. هوپە نوت هاتە ئەنگلىيەدىكى ئەڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان سىياسىي ھەرىكەت گۇرۇپپىسىنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ ئۆچمەنلىك سىياسىتىنى ئاكتىپ زەھەر قايتۇرۇش دورىسى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

- **7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەكىلى ئەئۇرونەۋس دا نەقمەيدان سۆھبەتتە بولدى**

7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى پىروگرامما ۋە تەشۋىقات دىرېكتورى زۇمرەتئاي ئەركىن ئەئۇرونەۋس گېزىتىدە يېقىندا شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق جىنايەتلىرىنىڭ كۈنسېرى كۈچىيىشى توغرىسىدا سۆز قىلدى. زۇمرەتئاي ئەركىن خەلقئارا جەمئىيەتنى ب د ت ئومۇمىي مەجلىسىنىڭ قارار چىقىرىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قىلغان ئېغىر كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن مۇستەقىل مۇتەخەسسىس ئەۋەتىشكە چاقىردى.

- **7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەكىلى Sky News دا نەقمەيدان سۆھبەتتە بولدى**

7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، يەنى ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگەكنى ئاخىرلاشتۇرۇش بىرلەشمىسىنىڭ يولغا قويۇلغان كۈنى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ پىروگرامما ۋە تەشۋىقات دىرېكتورى زۇمرەتئاي ئەركىن Sky News دا نەقمەيدان زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مەجبۇرىي ئەمگىكى ھەققىدە ۋە بىرلەشمىنىڭ نېمىنى مەقسەت قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا توختالدى.

- **7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەكىلى تىھە سۈن زىيارىتىنى قوبۇل قىلدى**

7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ لوندوندىكى ۋەكىلى رەھىمە مەخمۇت ئەنگلىيە تاراتقۇسى تىھە سۈن نىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ پەۋقۇلئاددە كەچمىشى ۋە شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بېرىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق مەسىلىسى ھەققىدە توختالدى.

- **7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەكىلى Sky News زىيارىتىنى قوبۇل قىلدى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەكىلى رەھىمە مەخمۇت 23 - ئىيۇل ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكى توغرىسىدا Sky News نىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلدى. رەھىمە خانىم زىيارەتتە سۈرگۈندە ياشايدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ھاقارەت ۋە ئازابلىرى ھەققىدە سۆز

قىلدى، چۈنكى ئۇلار ئىشلىتىۋاتقان تاۋارلارنىڭمۇ تۈرمىگە سولانغان ۋە مەجبۇرىي ئەمگەك زاۋۇتلىرىدا ئىشلەشكە زورلانغان ئۇيغۇر خەلقىدىن كەلگەن بولۇشىدىن ئەنسىرەيتتى.

- **7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەكىلى گوئود مورنىڭ برىتائىن دە ئالاھىدە سۆھبەتتە بولدى**

7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ لوندوندىكى ۋەكىلى رەھىمە مەخمۇت ۋە ئەنگلىيەنىڭ پارلامېنت ئەزاسى نۇس غانى شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بېرىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق توغرىسىدا گوئود مورنىڭ برىتائىننىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلدى. رەھىمە مەخمۇت ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ خىتاي تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئېغىر كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى توغرىسىدىكى شەخسىي ھېكايىسىنى سۆزلەپ بەردى. نۇس غانى ۋە رەھىمە مەخمۇت خەلقئارا جەمئىيەتنى خىتاي ھۆكۈمىتىگە بېسىم ئىشلىتىپ، ئۇيغۇرلار ۋە باشقا تۈرك مۇسۇلمان خەلقلەرگە قارىتىلغان قەبىھ جىنايەتلەرنى ئاخىرلاشتۇرۇشقا چاقىردى.

- **7 - ئاينىڭ 24 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەكىلى BBC ئاسىئان نەتۋورك دا سۆز قىلدى**

7 - ئاينىڭ 24 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ لوندوندا تۇرۇشلۇق ئەنگلىيە ۋەكىلى رەھىمە مەخمۇت BBC ئاسىئان نەتۋورك بىلەن ئۇنىڭ پائالىيىتى توغرىسىدا سۆھبەتلەشتى. ئاكتىپ پائالىيەت قىلىۋاتقانلىقى سەۋەبىدىن ئۇ 20 يىلدىن بۇيان شەرقىي تۈركىستانغا قايتىپ كېتەلمىگەن ۋە ئۈچ يىلدىن بۇيان ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن پاراڭلىشالمىغان. رەھىمە مەخمۇت ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن پاراڭلاشقاندا، چوڭ ئاكىسى ئۇنىڭغا: «بىزنى ئاللاھقا تاپشۇرغىن، بىزمۇ سېنى ئاللاھقا تاپشۇرىمىز» دېگەن.

- **7 - ئاينىڭ 24 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەكىلى ۋوركىڭ لىفە پودكاست دا سۆھبەتتە بولدى**

7 - ئاينىڭ 24 - كۈنى جوناتان تاسىنى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ئەنگلىيە ۋەكىلى رەھىمە مەھمۇت ۋە ئافىل - چىئو خەلقئارا بولۇمى يەرشارى ئىشچىلار ھوقۇقى ماسلاشتۇرغۇچىسى برىئان فىننەگاننى ئۆزىنىڭ ۋوركىڭ لىفە دېگەن رادىيو پىروگراممىسىغا تەكلىپ قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەككە يۆتكىلىشى ۋە مۇناسىۋەتلىك دۇنياۋى داڭلىق ماركىلار ھەققىدە سۆھبەتلەشتى.

- **8 - ئاينىڭ 2 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەكىلى لىبك دا لاگېردىكى ھايات قالغۇچىلارنىڭ**

**گۈۋاھلىقنى ئوقۇدى**

8 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ئەنگلىيە دىرېكتورى رەھىمە مەخمۇت ماجىد ناۋاز ساھىبخانلىق قىلغان لەئادىڭ برىتائىنس كونۋەرساتىئون (لىبك) دا لاگېردا ھايات قالغان سايراگۇل ساۋۇتبايىنىڭ كىشىنى چۆچۈتىدىغان گۈۋاھلىقىنى ئوقۇدى. ناۋاز ئەپەندى شەخسىي گۈۋاھلىق توپلاشنىڭ نە قەدەر مۇھىم ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى، چۈنكى مۇستەبىت ھاكىمىيەت ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. ماجىد ناۋاز ئالدىنقى ئايدا ئۇيغۇرلارنى قوللاپ ئاچلىق ئېلان قىلغان. ئۇنىڭ ئاچلىق ئېلان قىلىشى ئەنگلىيە پارلامېنتىدا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتىنى يولغا قويۇشىغا ياردەم بەرگەن شەخسلەرگە «ماگنىتسكىي قانۇنى» ئۇسلۇبىدىكى قانۇن ئارقىلىق جازا يۈرگۈزۈش توغرىسىدا مۇنازىرە ئېلىپ بېرىشنى مەقسەت قىلغان. ئۇيغۇر مەسىلىسى ئەنگلىيە پارلامېنتىدا مۇنازىرە قىلىندى.

- **8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ئەنگلىيە تۈر دىرېكتورى سكايپېدا ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىنى گەۋدىلەندۈردى**

8 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى سكايپېدا رەھىمە مەخمۇت بىلەن بولغان زىيارىتىنى ئېلان قىلدى، سۆھبەتتە شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالى، خىتاينىڭ ئۇيغۇر خەلقىگە زىيانكەشلىك قىلىشىنىڭ 2016 ـ يىلدىن باشلاپ قانداق تەرەققىي قىلغانلىقى ۋە خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ بۇ ۋەھشىيلىككە قانداق ئىنكاس قايتۇرغانلىقى ھەققىدە سۆز قىلىندى.

- **8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى گېرمانىيە دۆلەتلىك رادىيوسىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلدى**

8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ردد، گېرمانىيە دۆلەتلىك رادىيو ئىستانسىسى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ بىرلىن دىرېكتورى غەيۇر قۇربان ۋە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى پىروگرامما دىرېكتورى زۇمرەتئاي ئەركىننىڭ زىيارىتىنى ئېلان قىلدى. زىيارەت مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي بايرىمى بولغان قۇربان ھېيت كۈنى ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇيغۇرلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا دۇچ كەلگەن دىنىي زىيانكەشلىكلىرى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. ئۇ يەنە مەدەنىيەت باستۇرۇشلىرى ۋە دىياسپورادىكى ئۇيغۇرلارغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئائىلىنى ئايرىش سىياسىتى ۋە ئۇلارنىڭ ۋەتەن سىرتىدا ئۇيغۇر كىملىكىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن قانداق تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى تەكىتلىدى.

بەشىنچى بۆلۈم

# د ئۇ ق نىڭ 7 – نۆۋەتلىك دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ھەققىدە ئېلان قىلغان باياناتلىرى

## 1. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ 7 ـ نۆۋەتلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنى چاقىرىش ھەققىدە باياناتى

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئاخباراتى ھۆججەت نومۇرى: د ئۇ ق 7 ـ 001

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ 7 ـ نۆۋەتلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى 2021 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىن 14 ـ كۈنىگىچە چېخىيەنىڭ پايتەختى پىراگادا ئۆتكۈزۈلىدۇ.

قۇرۇلتاي نىزامنامىسى بويىچە، ھەر ئۈچ يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان ۋە ئەسلىدە 2020 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئۆتكۈزۈش قارار قىلىنغان 7 ـ نۆۋەتلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى، كورونا ۋاباسى سەۋەبىدىن كېچىكتۈرۈلگەن ئىدى.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى، بۇ يىل 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئېچىلغان دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ يىغىنى ۋە 7 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئېچىلغان د ئۇ ق تەركىبىدىكى تەشكىلات رەھبەرلىرى يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق، 7 ـ نۆۋەتلىكى ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنى 2021 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىن 14 ـ كۈنىگىچە چېخىيەنىڭ پايتەختى پىراگادا ئۆتكۈزۈش قارارىنى ئالدى.

يۇقىرىقى يىغىنىدا يەنە «7 ـ نۆۋەتلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىغا تەييارلىق قىلىش كومىتېتى» قۇرۇپ چىقىلدى. تەييارلىق كومىتېتى قارمىقىدا «ۋەكىللەر كومىسسىيونى »، «نامزاتلار كومىسسىيونى »، «مالىيە كومىسسىيونى »، «ئارقا سەپ كومىسسىيونى » ۋە «كاتىباتلىق» قاتارلىق بەش خىزمەت كومىسسىيونى تەسىس قىلىندى.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ 7 ـ قۇرۇلتىيى، خىتاي ھاكىمىيىتى شەرقىي

www.uyghurkitap.com



تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى داۋام قىلدۇرۇۋاتقان، دۇنيادىكى دېموكراتىك ئەللەر خىتاينىڭ بۇ جىنايىتىنى كۈچلۈك ئەيىبلەۋاتقان ۋە سوراققا تارتىۋاتقان، شۇ جۈملىدىن دۇنيا دۆلەتلىرى ب د ت دە ئۇيغۇر مەسىلىسىدە خىتايغا قارشى تۇرۇش ياكى قوللاش بويىچە ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنگەن، شۇنداقلا، دۇنيانىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە زور بۇرۇلۇش يۈز بېرىۋاتقان پەۋقۇلئاددە بىر پەيتكە توغرا كەلدى. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاي، دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە بىر قېتىملىق قۇرۇلتاي بولغۇسى.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى، نۆۋەتتە خەلقئارادىكى شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىغا ۋەكىللىك قىلىۋاتقان مەركىزى تەشكىلات بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇنىڭ مىللىي ھەرىكىتىمىزدىكى مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيىتى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىن تېخىمۇ ئېشىپ بارماقتا. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، 7 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتاينىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىلىشى ۋەتەن سىرتىدا ئېلىپ بېرىۋاتقان مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىمىزنىڭ بۈندىن كېيىن ھەم ئىزچىل، سىستېمىلىق ۋە ئۈتۈقلۇق داۋام قىلىشىدا زور ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر.

بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاي، ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ دېموكراتىك ئۇسۇل بىلەن سايلاپ چىققان قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى، كۆزەتكۈچىلەر ۋە تەكلىپ قىلىنغان ئالاھىدە مېھمانلارنىڭ ئىشتىراك قىلىشى بىلەن ئۆتكۈزۈلىدۇ. قۇرۇلتايدا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ئۆتكەن تۆت يىللىق خىزمەت دوكلاتى، مالىيە دوكلاتى تەقدىم قىلىنىدۇ، شۇنداقلا مىللىي ھەرىكىتىمىزنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرۈشنىڭ چارە - تەدبىرلىرى، ئىستراتېگىيەلىرى ھەققىدە مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىلىدۇ ۋە مۇھىم قارارلار قوبۇل قىلىنىدۇ.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەھبەرلىك ھەيئىتىدە يېڭى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىدۇ. يەنى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ئىجابىي ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش بىلەن بىرگە، بۈگۈنكى دۇنيا يۈزلىنىشىگە ماس خىزمەت قىلالايدىغان ياش، قابىلىيەتلىك ۋە جەڭگىۋار يېڭى رەھبەرلىك قوشۇنى دېموكراتىك شەكىلدە سايلاپ چىقىلىدۇ.

7 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتاي، خەلقىمىزنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق ئارزۇسى ۋە سىياسىي غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تېخىمۇ ئۈنۈملۈك بولغان تەدبىرلەرنى ئىزدەيدىغان، مىللىتىمىزنىڭ كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىدى ۋە كۈرەش ئىرادىسىنى كۈچەيتىدىغان قۇرۇلتاي بولىدۇ. بۇ قۇرۇلتاي يەنە، دۇنيادىكى بىزنى قوللاۋاتقان ھەرقايسى دۆلەتلەر، سىياسىي پارتىيەلەر، خەلقئارا تەشكىلاتلار ۋە شەرقىي تۈركىستان دوستلىرىغا ئۆزىمىزنىڭ كەلگۈسىدە يەتمەكچى بولغان بۈيۈك نىشانىمىز

ھەققىدە مەلۇمات بېرىدىغان بىر قۇرۇلتايدۇر. شۇ جۈملىدىن، قۇرۇلتايدا، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىقىغا ئېرىشىشتىن ئىبارەت ئاداققى غايىسى ۋە سىياسىي نىشانى دۇنياغا يەنە بىر قېتىم جاكارلىنىدۇ.

بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاي، مىللىي دەۋا ئىشلىرىمىزغا پايدىلىق بولغان ھەرخىل پىكىر ئېقىملىرى ۋە كۆز قاراشلارنىڭ ئەركىن ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ئۈچۈن كەڭرى سورۇن ھازىرلاپ بېرىدۇ، شۇنىڭدەك، بۇگۈنگىچە، ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن مىللىي ھەرىكىتىمىز، جۈملىدىن د ئۇ ق نىڭ سىرتىدا قالغان ياش، قابىلىيەتلىك زىيالىيلىرىمىز ۋە پائالىيەتچىلىرىمىزگە كەڭ قۇچاق ئاچىدۇ.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى خەلقىمىزنىڭ قۇرۇلتىيىدۇر!

بىز، ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى تەشكىلاتلار، ۋەتەنپەرۋەرلەر، جۈملىدىن بارچە ۋەتەنداشلىرىمىزنى نويابىردا ئۆتكۈزۈلىدىغان 7 ـ قۇرۇلتىيىمىز ئۈچۈن ھازىردىن باشلاپ جىددىي سەپەرۋەرلىككە كېلىشكە، بۇنىڭ ئۈچۈن، جايلاردا ئېلىپ بېرىلىدىغان قۇرۇلتاي ۋەكىللىك سايلىمىدىن تارتىپ، ئاخىرقى قۇرۇلتاي رەھبەرلىك سايلىمىغىچە، قۇرۇلتايدىكى ئەركىن مۇزاكىرىلەردىن تارتىپ، ئىستراتېگىيەلىك قارارلارنى ئېلىشقىچە بولغان پۈتۈن جەريانلارغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇشقا، بۇ قۇرۇلتاينىڭ، خەلقىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ھەقىقىي ئارزۇ ـ ئىستەكلىرى ۋە تەلەپلىرىگە جاۋاب بېرەلەيدىغان، خەلقئارا سەۋىيەدىكى غەلىبىلىك بىر قۇرۇلتاي بولۇپ ئۆتۈشىگە ئۆز ھەسسىلىرىنى قوشۇشقا چاقىرىمىز.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى
2021 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى

## 2. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىينىڭ 7 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيغا ۋەكىل نامزاتلىرى ھەققىدە بايانات

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئاخباراتى ھۆججەت نومۇرى: د ئۇ ق 7 ـ 002

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ 7 ـ نۆۋەتلىكى ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنى 2021 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىن 14 ـ كۈنىگىچە چېخىيەنىڭ پايتەختى پىراگادا ئۆتكۈزۈش قارار قىلىنغاندىن كېيىن، ھەرقايسى تەشكىلاتلارنىڭ مەسئۇللىرى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



جامائەت ئەربابلىرى ۋە قۇرۇلتاينىڭ خىزمەتچى خادىملىرىدىن بولۇپ 40 تىن ئارتۇق كىشىدىن تەركىب تاپقان قۇرۇلتاي تەييارلىق كومىتېتى، 5 خىزمەت كومىسسىيونىغا بۆلۈنۈپ ئۆزىنىڭ خىزمەتلىرىنى رەسمىي يوسۇندا باشلىدى.

بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايدا، بۆسۈش خاراكتېرلىك بىر ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، يۇكسەك دەرىجىدە دېموكراتىيە جارى قىلدۇرۇلۇپ، قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى خەلقىمىزنىڭ ئالىي مەنپەئەتى ۋە مىللىي ئىرادىسىگە ھەقىقىي ۋەكىللىك قىلىدىغان، پىداكار، قابىلىيەتلىك قېرىنداشلىرىمىز ئىچىدىن ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ ئاۋاز بېرىشى ئارقىلىق سايلاپ چىقىلىدۇ.

بۇ قارارنىڭ ئىجرا قىلىنىشى ئۈچۈن ھەرقايسى ئەللەردە مەخسۇس 7 - نۆۋەتلىك دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىغا ۋەكىل سايلاش كومىتېتلىرى تەسىس قىلىندى، 7 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتايغا ۋەكىل سايلاش خىزمەتلىرى 8 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر تاماملىنىپ بولىدۇ ۋە ئۇيغۇرلار كۆپ ئولتۇراقلاشقان دۆلەتلەردە 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى يەكشەنبە ئوخشاش كۈندە بىر تۇتاش ھالدا ۋەكىل سايلىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ.

7 - نۆۋەتلىك دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىككە نامزات بولغۇچىلارغا قويۇلىدىغان تۆۋەندىكى شەرتلەرنى ھازىرلىغان ھەرقانداق بىر شەرقىي تۈركىستانلىق، قۇرۇلتاي ۋەكىل نامزاتلىقىغا ئۆزىنى كۆرسىتىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇپ، ھەرقايسى ئەللەردىكى ۋەكىل سايلاش كومىتېتلىرى بۇ بەلگىلىمىنىڭ پۈتۈن ماددىلىرىغا قاتتىق ئەمەل قىلغان ئاساستا ۋەكىل نامزاتلىرىنى تاللاپ چىقىشى لازىم:

1. قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى ھەرقايسى دۆلەتلەردە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان قۇرۇلتاي تەركىبىدىكى تەشكىلاتلار ۋە قۇرۇلتاينى ھىمايە قىلىۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىقلار تەرىپىدىن دېموكراتىك ئۇسۇلدا سايلاپ چىقىلىدۇ؛

2. ھەر بىر دۆلەتلەردە سايلاپ چىقىلىدىغان ۋەكىللەرنىڭ ئەڭ ئاز 3 تەن 1 قىسمى ياشلاردىن ۋە خانىم - قىزلىرىمىزدىن تەركىب تاپقان بولۇشى؛

3. ۋەكىل نامزاتى جەزمەن 18 ياشنى تولدۇرغان شەرقىي تۈركىستانلىق بولۇشى؛

4. ئۆزىنىڭ ئانا تىلىنى راۋان سۆزلىيەلەيدىغان بولۇشى ۋە ئەڭ ئاز بىر چەت ئەل تىلىنى بىلگەن بولۇشى؛

5. ۋەتەن، مىللەت سۆيگۈسى كۈچلۈك، مىللىي دەۋا سېپىمىزدە مىننەتسىز پىداكارلىق كۆرسىتىش روھىغا ئىگە بولۇشى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنى قىزغىن

ھىمايە قىلىدىغان، قوللايدىغان كىشى بولۇشى، قۇرۇلتاي تاپشۇرغان ۋەزىپىلەرنى ئاكتىپلىق بىلەن ئورۇنلايدىغان بولۇشى؛

6. ئۆزى تۇرۇشلۇق دۆلەتلەردىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىدا خىزمەت قىلغان بولۇشى، ياكى مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تەشكىلاتلاردا ۋەزىپە ئالمىغان بولسىمۇ ئۆز ئالدىغا مىللىي دەۋايىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقان بولۇشى؛

7. ئۆزى، چەت ئەلدىكى ئائىلە ئەزالىرى خىتاينىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى خىتايغا باغلىنىشلىق بولغان سىياسىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىي ۋە تىجارىي ئورۇنلار بىلەن ھەرقانداق شەكىلدىكى ئالاقىدە بولمىغان بولۇشى؛

8. چوقۇم كۆچلۈك مەسئۇلىيەتچانلىق، جاۋابكارلىق تۇيغۇسى بولۇشى، ئىلتىماس قىلغان ۋەزىپىگە سايلانغان ياكى تەيىنلەنگەن تەقدىردە، ۋەزىپە ئالغان مۇددەت ئىچىدە ئۆزى مەسئۇل ساھە ھەققىدە تەپسىلىي پىلان - پىروگرام تۈزۈپ چىقالايدىغان ۋە ئۇنى جانلىق شەكىلدە ئىجرا قىلالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە بولۇشى لازىم.

9. قۇرۇلتاي ئىچىلغىچە بولغان مۇددەتتىن ئەڭ ئاز 3 يىل ئىلگىرىگىچە ۋە قۇرۇلتاينىڭ ۋەكىلى بولۇپ خىزمەت قىلغان مۇددەت ئىچىدە، شۇنداقلا ۋەكىللىك مۇددىتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىنكى بىر يىل ئىچىدە شەرقىي تۈركىستان، خىتاي ۋە خىتاي مۇستەملىكىسى ئاستىدىكى رايونلارغا بارمىغان ۋە بارمايدىغان بولۇشى؛

10. سىياسىي جەھەتتىن بەلگىلىك ئالاڭ ۋە تەجرىبىگە ئىگە بولۇشى، خەلقئارا سىياسەت، خىتاي ۋە شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتى ھەققىدە بەلگىلىك چۈشەنچە ۋە مەلۇماتقا ئىگە بولغان بولۇشى؛

11. ئۇيغۇرلۇق بەدىلىنى ياكى ئۆزى ئەزا بولغان تەشكىلاتنىڭ ئەزالىق بەدىلىنى ئىزچىل تۈردە تۆلەپ كەلگەن بولۇشى، مەلۇم سەۋەب تۈپەيلىدىن ھازىرغىچە قۇرۇلتاي تەرىپىدىن 40 ئايدىن بۇيان يولغا قويۇلۇۋاتقان ئۇيغۇرلۇق بەدىلىنى پەقەت تۆلىمىگەنلەر ياكى بىر قىسمىنى تۆلەپ بىر قىسمىنى تۆلىمىگەنلەر 40 ئايلىق بەدەل پۇلىنى ۋەكىل نامزاتلىقىغا ئىلتىماس قىلىشتىن بۇرۇن تۆلىۋېتىشى شەرت؛

12. ۋەكىل نامزاتى چوقۇم 7 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتايغا بىۋاسىتە ياكى تور ئارقىلىق قاتنىشالايدىغان بولۇشى شەرت؛

13. يۇقىرىقى شەرتلەرنى ھازىرلىغان شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلىرىمىز ئۆزىنى 7 - ئاينىڭ 31 - كۈنىدىن بۇرۇن ۋەكىل نامزاتلىقىغا كۆرسىتىپ بولۇشى لازىم.

www.uyghurkitap.com



14. ۋەكىل نامزاتلىرى قۇرۇلتاي تەرىپىدىن تەييارلانغان ۋەكىللىككە ئىلتىماس قىلىش جەدۋىلىنى تولدۇرۇپ، ئۆزى تۇرۇشلۇق دۆلەتتىكى سايلام كومىتېتىغا بەلگىلىگەن مۇددەت ئىچىدە تاپشۇرۇشى كېرەك. بۇ جەدۋەل ئىنتېرنېت ئارقىلىق ئېلېكترونلۇق شەكىلدە ياكى قەغەز يۈزىدە يازما شەكىلدە تولدۇرۇلىدۇ. بۇ جەدۋەل ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى سايلام كومىتېتى تەرىپىدىن تەمىنلىنىدۇ.

بىز، ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى تەشكىلاتلار، ۋەتەنپەرۋەرلەر، جۈملىدىن بارچە ۋەتەنداشلىرىمىزنى 7 - قۇرۇلتىيىمىز ئۈچۈن ھازىردىن باشلاپ جىددىي سەپەرۋەرلىككە كېلىشكە، بۇنىڭ ئۈچۈن، جايلاردا ئېلىپ بېرىلىدىغان قۇرۇلتاي ۋەكىللىك سايلىمىدىن تارتىپ، ئاخىرقى قۇرۇلتاي رەھبەرلىك سايلىمىغىچە، قۇرۇلتايدىكى ئەركىن مۇزاكىرىلەردىن تارتىپ، ئىستراتېگىيەلىك قارارلارنى ئېلىشقىچە بولغان پۈتۈن جەريانلارغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇشقا، بۇ قۇرۇلتاينىڭ، خەلقىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ھەقىقىي ئارزۇ - ئىستەكلىرى ۋە تەلەپلىرىگە جاۋاب بېرەلەيدىغان، خەلقئارا سەۋىيەدىكى غەلىبىلىك بىر قۇرۇلتاي بولۇپ ئۆتۈشىگە ئۆز ھەسسىلىرىنى قوشۇشقا چاقىرىمىز.

ھۆرمەت ۋە ئېھتىرام بىلەن:
7 - نۆۋەتلىك دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تەييارلىق كومىتېتى
2021 - يىلى 7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى

## 3 .7 - نۆۋەتلىك دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەھبەرلىك ئورگانلىرى، سايلىنىدىغان ئورۇن - ۋەزىپىلەر ۋە نامزاتلىق شەرتلىرى

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئاخباراتى ھۆججەت نومۇرى: دۇق 7 - 003

مۆھتەرەم ۋەكىللەر،

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى 7 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىغا ۋەكىللەرنى سايلاش ۋە بېكىتىش خىزمەتلىرى ئۇتۇقلۇق تامام بولدى. نۆۋەتتىكى كۈنتەرتىپىمىزدە قىلىنىدىغان ئىش بولسا، 7 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىمىزدا سايلاپ چىقىلىدىغان يېڭى بىر نۆۋەتلىك دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەھبەرلىك ھەيئىتىدە ۋەزىپە ئېلىشقا ئۆزىنى كۆرسىتىدىغان نامزاتلارنى تەييارلاشتىن ئىبارەت. ئالدىنقى

ئىككى ھەپتىدە ئىچىدە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئىجرائىيە كومىتېتى ئەزالىرى ۋە 7 - قۇرۇلتاي تەييارلىق كومىتېتى نامزاتلىق كومىسسىيونى بىرلىكتە مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەھبەرلىك ھەيئىتىگە بۇ قېتىمقى قۇرۇلتىيىمىزدا سايلىنىدىغان ئورۇن - ۋەزىپىلەرنى بېكىتىپ چىقتۇق. نۆۋەتتىكى دەۋر ۋەزىيىتىنىڭ ئېھتىياجىغا كۆرە بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدىغان بەزى تەڭشەشلەر ئېلىپ بېرىلدى. شۇنىڭدەك، د ئۇ ق رەھبەرلىك ھەيئىتىگە ئۆزىنى كۆرسىتىدىغانلارغا قويۇلىدىغان نامزاتلىق شەرتلىرى تۈزۈپ چىقىلدى.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى نىزامنامىسىدىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە، بۇ قېتىم ۋەكىللىككە تاللانغان 207 نەپەر رەسمىي ۋەكىلنىڭ ھەممىسىنىڭ 7 - قۇرۇلتايدا ھەم سايلىنىش ۋە سايلاش ھوقۇقى بولىدۇ. شۇڭا، ۋەكىللىرىمىزنى دادىللىق ۋە تەشەببۇسكارلىق بىلەن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەھبەرلىك ھەيئىتىدىكى ھەرقايسى ئورۇن - ۋەزىپىلەرگە ئۆزلىرىنى نامزاتلىققا كۆرسىتىشكە چاقىرىق قىلىمىز.

ئۆزىنى نامزاتلىققا كۆرسىتىش مۇددىتى ئۇشبۇ ئۇقتۇرۇش ئېلان قىلىنغان كۈن (بۈگۈن 6 - سېنتەبىر) دىن باشلاپ 10 - ئۆكتەبىرگە 35 كۈن بولىدۇ. نامزاتلىققا ئىلتىماس قىلىش جەدۋىلى ۋە باشقا قوشۇمچە مەلۇماتلار كېيىنكى بىر قانچە كۈن ئىچىدە نۆۋەت بىلەن ئېلان قىلىنىدۇ.

7 - نۆۋەتلىك دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەھبەرلىك ئورگانلىرى ۋە سايلىنىدىغان ئورۇن - ۋەزىپىلەر:

2021 - يىلى 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 14 - كۈنىگىچە چېخىيەنىڭ پايتەختى پىراگادا ئۆتكۈزۈلىدىغان 7 - نۆۋەتلىك دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىدا، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى قارمىقىدىكى تۆۋەندىكى ئورگانلارنىڭ مەسئۇللىرى قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى تەرىپىدىن، ئۆزىنى ئالدىن نامزاتلىققا كۆرسەتكەن رەسمىي ۋەكىللەر ئىچىدىن دېموكراتىك ئۇسۇلدا، ئاۋاز بېرىش ئارقىلىق سايلاپ چىقىلىدۇ.

- دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى: 1 نەپەر
- دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى مۇئاۋىن رەئىسلىرى: 3 نەپەر
- دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسى: 1 نەپەر
- دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى: 4 نەپەر
- دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى باش تەپتىشى: 1 نەپەر
- دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى مۇئاۋىن باش تەپتىشلىرى: 4 نەپەر

- دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى فوندىنىڭ رەئىسى: 1 نەپەر
- دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى فوندىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: 2 نەپەر

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئىجرائىيە كومىتېتى تەركىبىدىكى ئورگانلار:

- دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ياشلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: 1 نەپەر
- دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئاياللار كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: 1 نەپەر
- دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئىچكى ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: 1 نەپەر
- دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى دىنىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: 1 نەپەر
- دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى مائارىپ كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: 1 نەپەر
- دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى مەدەنىيەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: 1 نەپەر
- دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى سەھىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: 1 نەپەر
- دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئېكولوگىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: 1 نەپەر
- دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى خىتاي ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: 1 نەپەر
- دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: 1 نەپەر
- دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى قانۇن كومىتېتى مۇدىرى: 1 نەپەر
- دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى مۇھاجىرلار مەركىزى مۇدىرى: 1 نەپەر
- دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تەشۋىقات - ئۇچۇر مەركىزىنىڭ مۇدىرى: 1 نەپەر
- دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تەتقىقات مەركىزى مۇدىرى: 1 نەپەر
- دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى نەشرىيات مەركىزىنىڭ مۇدىرى: 1 نەپەر

- رەسمىي ئاۋازغا قويۇپ سايلىنىدىغان رەھبەرلەر جەمئىي 32 نەپەر

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، مەسلىھەتچىلەر، قۇرۇلتاينىڭ كاتىپى، ئارخىپ مۇدىرى، باياناتچىلار، (ئۈچ نەپەر) قۇرۇلتاينىڭ ھەرقايسى ئەللەردىكى ۋاكالەتچىلىرى ۋە قۇرۇلتاينىڭ ھەرقايسى دۆلەتلەردە تەسىس قىلىغان ئىشخانىلىرىنىڭ دىرېكتورلىرى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسىنىڭ، قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى ئىچىدىن ياكى سىرتتىن بىۋاسىتە تەكلىپ قىلىپ كۆرسىتىشى ۋە ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ ماقۇللۇقى بىلەن ۋەزىپىگە قويۇلىدۇ.

### دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەھبەرلىكىگە نامزات بولىدىغانلارغا قويۇلىدىغان شەرتلەر:

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسلىكىگە نامزات بولىدىغانلارغا قويۇلىدىغان شەرتلەر:

1) دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى 7 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتاي ۋەكىللىكىگە قويۇلغان 13 ماددىلىق شەرتلەرنى تولۇق ئورۇندىغان بولۇشى كېرەك.
2) ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدا سىياسىي، ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرى بىلەن تونۇلۇپ، ئېتىراپ قىلىنغان بولۇشى، دەۋا ئىشلىرىدا كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتقان ۋە يېتەرلىك تەجرىبە ھاسىل قىلغان بولۇشى كېرەك.
3) خەلقئارادا بەلگىلىك تەسىر ۋە ئابرۇيغا ئىگە بولغان بولۇشى كېرەك.
4) دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەھبەرلىك ھەيئىتىدە ئەڭ كەم دېگەندە 7 يىل رەھبەرلىك خىزمىتىدە بولغان بولۇشى كېرەك.
5) 2009 - يىلدىن كېيىن شەرقىي تۈركىستان، ختاي ۋە ختاي مۇستەملىكىسى ئاستىدىكى رايونلارغا بارمىغان ۋە ۋەزىپىسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن 10 يىلغىچە بارمايدىغان بولۇشى كېرەك.

**دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە نامزات بولىدىغانلارغا قويۇلىدىغان شەرتلەر:**

1) 7 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتاي ۋەكىللىكىگە قويۇلغان 13 ماددىلىق شەرتلەرنى تولۇق ئورۇندىغان بولۇشى كېرەك.
2) مىللىي دەۋا ساھەسىدە يېتەرلىك خىزمەت تەجرىبىسىگە ئىگە بولغان بولۇشى كېرەك.
3) دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەھبەرلىك ھەيئىتىدە ۋە ياكى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تەركىبىدىكى تەشكىلاتلاردا ئەڭ ئاز بولغاندا 5 يىل خىزمەت قىلغان بولۇشى كېرەك.
4) 2009 - يىلدىن كېيىن شەرقىي تۈركىستان، ختاي ۋە ختاي مۇستەملىكىسى ئاستىدىكى رايونلارغا بارمىغان ۋە ۋەزىپىسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن 10 يىلغىچە بارمايدىغان بولۇشى كېرەك.

**دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئىجرائىيە كومىتېتى رەئىسلىكىگە نامزات بولىدىغانلارغا قويۇلىدىغان شەرتلەر:**

1) دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى 7 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتاي ۋەكىللىكىگە قويۇلغان 13 ماددىلىق شەرتلەرنى تولۇق ئورۇندىغان بولۇشى كېرەك
2) دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەھبەرلىك ھەيئىتىدە كەم دېگەندە 5 يىل خىزمەت قىلغان بولۇشى كېرەك.
3) 2009 - يىلدىن كېيىن شەرقىي تۈركىستان، ختاي ۋە ختاي مۇستەملىكىسى ئاستىدىكى رايونلارغا بارمىغان ۋە ۋەزىپىسىدىن ئايرىلغاندىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


كېيىن 6 يىلغىچە بارمايدىغان بولۇشى كېرەك.

**دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئىجرائىيە كومىتېتى مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە نامزات بولىدىغانلارغا قويۇلىدىغان شەرتلەر:**

1) 7 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتاي ۋەكىللىكىگە قويۇلغان 13 ماددىلىق شەرتلەرنى تولۇق ئورۇندىغان بولۇشى كېرەك.
2) دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەھبەرلىك ھەيئىتىدە ۋە ياكى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى قارمىقىدىكى يەرلىك تەشكىلاتلاردا كەم دېگەندە ئۈچ يىل خىزمەت قىلغان بولۇشى كېرەك.
3) 2009 ـ يىلىدىن كېيىن شەرقىي تۈركىستان، خىتاي ۋە خىتاي مۇستەملىكىسى ئاستىدىكى رايونلارغا بارمىغان ۋە ۋەزىپىسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن 6 يىلغىچە بارمايدىغان بولۇشى كېرەك.

**دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى فوندى، تەپتىشلىك، ھەرقايسى كومىتېتلار ۋە مەركەزلەرگە نامزات بولىدىغانلارغا قويۇلىدىغان شەرتلەر:**

1) 7 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتاي ۋەكىللىكىگە قويۇلغان 13 ماددىلىق شەرتلەرنى تولۇق ئورۇندىغان بولۇشى كېرەك.
2) مىللىي دەۋا ساھەسىدە بەلگىلىك خىزمەت تەجرىبىسىگە ئىگە بولغان بولۇشى كېرەك.
3) دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەھبەرلىك ھەيئىتىدە ياكى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بىلەن ھەمكارلىشىۋاتقان يەرلىك تەشكىلاتلاردا ئەڭ ئاز 3 يىل خىزمەت قىلغان بولۇشى كېرەك.
4) ۋەزىپىگە سايلىنىشتىن بۇرۇن 5 يىل ۋە ۋەزىپىسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىنكى ئۈچ يىلدا ۋەتەنگە بارمىغان ۋە بارمايدىغان بولۇشى كېرەك.

**ئەسكەرتىش: دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى 7 ـ قۇرۇلتاي ۋەكىللىك شەرتلىرى:**

قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى ھەرقايسى دۆلەتلەردە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان قۇرۇلتاي تەركىبىدىكى تەشكىلاتلار ۋە قۇرۇلتاينى ھىمايە قىلىۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىقلار تەرىپىدىن دېموكراتىك ئۇسۇلدا سايلاپ چىقىلىدۇ؛

ھەر بىر دۆلەتتە سايلاپ چىقىلىدىغان ۋەكىللەرنىڭ ئەڭ ئاز 3 دىن 1 قىسمى ياشلاردىن ۋە خانىم ـ قىزلىرىمىزدىن تەركىب تاپقان بولۇشى؛

ۋەكىل نامزاتى جەزمەن 18 ياشنى تولدۇرغان شەرقىي تۈركىستانلىق بولۇشى، ئەڭ ئاز بىر چەت ئەل تىلىنى بىلگەن بولۇشى؛

ۋەتەن، مىللەت سۆيگۈسى كۈچلۈك، مىللىي دەۋا سېپىمىزدە مىننەتسىز پىداكارلىق كۆرسەتتىش روھىغا ئىگە بولۇشى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنى قىزغىن ھىمايە قىلىدىغان، قوللايدىغان كىشى بولۇشى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ ئوبرازىغا زىيان يەتكۈزىدىغان سۆز - ھەرىكەتلەردە بولمىغان ۋە بۇندىن كېيىنمۇ دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى مەنپەئەتىنى جان - دىل بىلەن قوغدايدىغان، تاپشۇرغان ۋەزىپىلەرنى ئاكتىپلىق بىلەن ئورۇنلايدىغان بولۇشى؛

ئۆزى تۇرۇشلۇق دۆلەتلەردىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىدا خىزمەت قىلغان بولۇشى، ياكى مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تەشكىلاتلاردا ۋەزىپە ئالمىغان بولسىمۇ ئۆز ئالدىغا مىللىي دەۋايىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقان بولۇشى؛

ئۆزى، چەت ئەلدىكى ئائىلە ئەزالىرى خىتاينىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى خىتايغا باغلىنىشلىق بولغان سىياسىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىي ۋە تىجارىي ئورۇنلار بىلەن ھەرقانداق شەكىلدىكى ئالاقىدە بولمىغان بولۇشى؛

چوقۇم كۈچلۈك مەسئۇلىيەتچانلىق، جاۋابكارلىق تۇيغۇسى بولۇشى، ئىلتىماس قىلغان ۋەزىپىگە سايلانغان ياكى تەيىنلەنگەن تەقدىردە، ۋەزىپە ئالغان مۇددەت ئىچىدە ئۆزى مەسئۇل ساھە ھەققىدە تەپسىلىي پىلان - پىروگرام تۈزۈپ چىقالايدىغان ۋە ئۇنى جانلىق شەكىلدە ئىجرا قىلالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە بولۇشى لازىم.

قۇرۇلتاي ئېچىلغىچە بولغان مۇددەتتىن ئەڭ ئاز 3 يىل ئىلگىرىكىچە ۋە قۇرۇلتاينىڭ ۋەكىلى بولۇپ خىزمەت قىلغان مۇددەت ئىچىدە، شۇنداقلا ۋەكىللىك مۇددىتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىنكى بىر يىل ئىچىدە شەرقىي تۈركىستان، خىتاي ۋە خىتاي مۇستەملىكىسى ئاستىدىكى رايونلارغا بارمىغان ۋە بارمايدىغان بولۇشى؛

سىياسىي جەھەتتىن بەلگىلىك ئاڭ ۋە تەجرىبىگە ئىگە بولۇشى، خەلقئارا سىياسەت، خىتاي ۋە شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتى ھەققىدە بەلگىلىك چۈشەنچە ۋە مەلۇماتقا ئىگە بولغان بولۇشى؛

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تەرىپىدىن يولغا قويۇلغان ئۇيغۇرلۇق بەدىلىنى ئىزچىل تۆلەپ كەلگەن بولۇشى، مەلۇم سەۋەب تۈپەيلىدىن ھازىرغىچە تۆلىمىگەنلەر 36 ئايلىق بەدەل پۇلىنى ۋەكىل نامزاتلىقىغا ئىلتىماس قىلىشتىن بۇرۇن تۆلىۋېتىشى شەرت (ئۇيغۇرلۇق بەدەل پۇلى: ياۋروپا، ئامېرىكا، ئاسىيا - تىنچ ئوكيان رايونىدىكى دۆلەتلەر ئۈچۈن ئايدا 5 دوللار؛ تۈركىيە ۋە ئوتتۇرا شەرق

دۆلەتلىرى ئۈچۈن ئايدا 3 دوللار؛ ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى ئۈچۈن ئايدا 1 دوللار)؛

ۋەكىل نامزاتى چوقۇم 7 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتايغا بىۋاسىتە ياكى تور ئارقىلىق قاتنىشالايدىغان بولۇشى شەرت؛

يۇقىرىقى شەرتلەرنى هازىرلىغان شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلىرىمىز ئۆزىنى 7 - ئاينىڭ 31 - كۈنىدىن بۇرۇن ۋەكىل نامزاتلىقىغا كۆرسىتىپ بولۇشى لازىم.

13. ۋەكىل نامزاتلىرى قۇرۇلتاي تەرىپىدىن تەييارلانغان ۋەكىللىككە ئىلتىماس قىلىش جەدۋىلىنى تولدۇرۇپ، ئۆزى تۇرۇشلۇق دۆلەتتىكى سايلام كومىتېتىغا بەلگىلەنگەن مۇددەت ئىچىدە تاپشۇرۇشى كېرەك. بۇ جەدۋەل ئىنتېرنېت ئارقىلىق ئېلېكترونلۇق شەكىلدە ياكى قەغەز يۈزىدە يازما شەكىلدە تولدۇرۇلىدۇ. بۇ جەدۋەل ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى سايلام كومىتېتى تەرىپىدىن تەمىنلىنىدۇ.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى
7 - قۇرۇلتاي تەييارلىق كومىتېتى، نامزاتلار كومىسسىيونى
2021 - يىل، 4 - سېنتەبىر